ا

آبَ يَؤُوبُ أَوْبًا وَمَآبًا: قايتتى، ياندى، قايتىپ كەلدى.

آبَ إِلَى اللّٰهِ: ئاللاھقا تەۋبە قىلدى.

آب: ئاۋغۇست.

«سَوْفَ يُعْقَدُالْإِجْتِمَاعُ فِي آبِالْقَادِمِ»: يىغىن ئالدىمىزدىكى ئاۋغۇستتا ئېچىلىدۇ.

آبِدٌ: ياۋايى، كۆندۈرۈلمىگەن، ۋەھشىي، ياۋۇز.

آبِدَةٌ ج آوَابِدُ: تۇرغۇن قۇشلار، قىش - ياز بىر جايدا ياشايدىغان قۇش؛ ياۋايى ھايۋان؛ كىشىنى چۆچۈتىدىغان چوڭ ئىش، مەڭگۈ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ ۋەقە؛ چەتتىن كىرگەن سۆز؛ مەڭگۈلۈك نەرسە، قەدىمكى قەبرە بۇيۇمى.

أَوَابِدُ الشِّعْرِ: ئوخشىشى يوق قالتىس شېئىر.

أَوَابِدُ الْكَلَامِ: ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەر.

آبٍ ج آبُوْنَ و أُبَاةٌ أُبَّاءُ: باش تارتقۇچى، رەت قىلغۇچى، نارازى بولغۇچى.

آبِقٌ ج أُبَّاقٌ و أُبَّقٌ: قاچقۇچى قۇل، قاچقۇن قۇل؛ قاچقۇچى، قاچقۇن.

آتَى يُؤْتِي إِيْتَاءً: بەردى، ئاتا قىلدى.

آتَى الزَّكَاةَ: زاكاتنى بەردى، زاكاتنى ئادا قىلدى.

«وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ» «قرآن»: ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ... پۇل - مال ياردەم بەردى.

«فَآتُواهُنَّ أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةً» «قرآن»: ئۇلارغا بېكىتىلگەن مەھرلىرىنى بېرىڭلار.

«قَالَ لِفَتَاهُ آتِنَاغَدَاءَنَا» «قرآن»: مۇسا ياش خادىمىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى.

«لَمْ تُؤْتِ الثَّمَرَةُ أُكُلَهَا»: مېۋە بولمىدى، ھوسۇل بەرمىدى.

«آتَى الشَّيْءُ لَهُ»: ئۇ ئوڭۇشلۇق بولدى، قولايلىق بولدى.

آتَتْهُ الْفُرْصَةُ: پۇرسەت كەلدى.

آتَى يُؤَاتِي مُؤَاتَاةً عَلَى الْأَمْرِ: قوشۇلدى، ماقۇل كۆردى، ئۇنىدى.

آتٍ: كەلگۈچى، يېتىپ كەلگۈچى؛ كېلەركى.

اَلشَّهْرُ الْآتِي: كېلەركى ئاي، كېلەر ئاي.

اَلْآتِي ذِكْرُهُ: ئۇ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ.

اَلْآتِي بَيَانُهُ: تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈلىدۇ.

كَمَا هُوَالْآتِي: تۆۋەندىكىدەك، تۆۋەندىكىچە.

اَلْأَجْيَالُ الْآتِيَةُ: ئۇرۇق - ئەۋلاد، كەلگۈسى ئەۋلادلار.

عَلَى وَجْهِ الْآتِيَةِ: تۆۋەندىكىدەك.

فِي الْأُسْبُوعِ الْآتِي: كېلەر ھەپتە.

اَلْأَشْخَاصُ الْآتِيَةُ أَسْمَاؤُهُمْ: ئىسمى بايان قىلىنىدىغان كىشىلەر.

آثَرَ يُؤْثِرُ إِيْثَارًا عَلَى كَذَا: تاللىدى، خالىدى، ئارتۇق بىلدى.

«وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْكَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ» «قرآن»: ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتىدىن) ئەلا بىلىدۇ.

«إِنْ هُوَ إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ» «قرآن»: بۇ پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر.

«بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا» «قرآن»: سىلەر دۇنيادىكى تىرىكچىلىكنى ئارتۇق كۆرىسىلەر.

«آثَرَ أَنْ يُوَاصِلَ دِرَاسَتَهُ الْعَالِيَةَفِي الْخَارِجِ»: ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى چەت ئەلدە داۋاملاشتۇرۇشنى ئارتۇق بىلدى.

آثَارٌ: ئەسەر، ئىز، ئاسار - ئەتىقە؛ داغ.

أَزَالَ آثَارَ الْعُدْوَانِ: تاجاۋۇزچىلىق قالدۇقلىرىنى تۈگەتتى.

«إِنَّا نَحْنُ نُحْيِ الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَاقَدَّمُوا وَ آثَارَهُمْ» ‹قرآن›: شۈبھىسىزكى بىز ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز.

اَلْآثَارُ الْمَادِّيَّةُ: ماددىي دەلىل ـ ئىسپات، ماددىي پاكىت.

عِلْمُ الْآثَارِ الْقَدِيْمَةِ: ئارخېئولوگىيە.

آثَارُ الْمُؤَلِّفِ: ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى، ئاپتورنىڭ قىلغان ئىشلىرى.

دَارُ الْآثَارِ: مۇزېي.

تَخْرِيْبُ الْآثَارِ الْقَدِيْمَةِ: قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلىش.

أَثَمَ يُؤْثِمُ إِيْثَامًا فُلَانًا: گۇناھقا باشلىدى، گۇناھقا يېتەكلىدى.

آثِمٌ ج أَثَمَةٌ: گۇناھكار، جىنايەتچى، ياۋۇز، قولاق كەستى.

«وَلَاتُطِعْ مِنْهُمْ آثِمًا أَوْكَفُورًا» ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن.

آجَرَ يُؤْجِرُ إِيْجَارًا: ئىجارىگە بەردى؛ مۇكاپاتلىدى.

«آجَرَهُ الدَّارَ وَنَحْوَهَا»: قورۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىجارىگە بەردى.

«آجَرَ الدَّارَ مِنَ الشَّرِكَةِ»: ئۇ شىركەتتىن قورۇنى ئىجارىگە ئالدى.

آجَرَ يُؤَاجِرُ مُؤَاجَرَةً الرَّجُلَ: ياللىدى، ياللاپ ئىشلەتتى.

آجِرٌ: خوجايىن، ياللىغۇچى.

آجُرَّةٌ ج آجُرٌّ: خىش، پىششىق خىش، كېسەك.

آجُرُّومِيَّةٌ: گراماتىكا، گراماتىكا قائىدىلىرى.

اَلْآجِلُ. اَلْآجِلَةُ: ئاخىرەت، قىيامەت كۈنى، ئۇ دۇنيا.

آجِلًا أَوْ عَاجِلًا: ئاخىر بىر كۈنى، ھامان بىر كۈنى، بەرىبىر، قاچانلا بولمىسۇن.

مَاءٌ آجِنٌ: توختام سۇ، سېسىق سۇ.

آحٌ: تۇخۇم ئېقى؛ سۆس ھاۋارەك.

آحَادٌ: تاق سانلار، بىرلەر خانىسى، بىرىنچى خانە.

آحَادُ النَّاسِ: ئادەتتىكى ئادەملەر، پۇقرا.

خَبَرُ حَدِيْثِ الْآحَادِ: بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

مَرْتَبَةُ الْآحَادِ ‹فِي الْحِسَابِ›: بىرىنچى خانە، بىرلەر خانىسى.

آخْ: ئاھ ـ ۋاھ، ۋوي خۇدايىمەي، ۋاي خۇدايىم.

آخَذَ يُؤَاخِذُ مُؤَاخَذَةً: كايىدى، ئەيىبلىدى، جازالىدى.

لَا تُؤَاخِذْنِي: كەچۈرۈڭ، خاپا بولماڭ.

«لَاتُؤَاخِذْنِي بِمَانَسِيْتُ وَلَاتُرْهِقْنِي مِن أَمْرِي عُسْرًا» ‹قرآن›: ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما.

«وَلَوْيُؤَاخِذُ اللّٰهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِمْ مَاتَرَكَ عَلَيْهَا مِنْ دَابَّةٍ» ‹قرآن›: ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچ بىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى.

«آخَذَ الْكَاتِبَ عَلَى عَدَدٍ مِنَ الْهَفَوَاتِ»: ئۇ يازغۇچىنى بىر قىسىم خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىدى.

آخِرٌ ج أَوَاخِرُ: ئاخىرقى، ئىككىنچىسى؛ چېكى، ئاخىرى.

آخِرُ الْأَمْرِ: ئاخىرقى ھېسابتا، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا.

«أَمَّا صَدِيْقِي فَكَانَ هُوَ الْآخِرُ يُخَالِفُنِي»: مېنىڭ دوستۇم ماڭا مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

«وَاجْعَلْ لِي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ» ‹قرآن›: كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن.

«هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ» ‹قران›: ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر.

«كَانَ وَاقِفًا فِي آخِرِ الصَّفِّ»: ئۇ سەپنىڭ

ئاخىرىدا تۇرغانىدى.

«جَاءُوا عَنْ آخِرِهِمْ» : ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

«مِنْ أَوَّلِهِ إِلَى آخِرِهِ» : باشتىن ـ ئاخىرغىچە.

اَلْآخِرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «مەڭگۈ»، «باقى» دېگەن مەنىلەردە.

اَلْآخِرَةُ: ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

جُمَادَى الْآخِرَةُ: ھىجرىيە ھېسابىدا 6 ـ ئاي.

آخَرُ ج آخَرُونَ م أُخْرَى ج أُخْرَيَاتٌ وَأُخَرُ: باشقا، باشقىلار، باشقا بىرى، يەنە بىرسى.

مِنْ يَوْمٍ لِآخَرَ: بىر كۈندىن ئىككىنچى كۈنگىچە.

مِنْ وَقْتٍ إِلَى آخَرَ: بىر ۋاقىتتىن ئىككىنچى ۋاقىتقىچە.

«أَمَّا أَحَدُكُمَا فَيَسْقِي رَبَّهُ خَمْرًا وَأَمَّا الْآخَرُ فَيُصْلَبُ» «قرآن» : سىلەرنىڭ بىرىڭلار خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ.

رَجُلٌ آخَرُ: ئىككىنچى بىر ئادەم، باشقا بىر كىشى.

«ثُمَّ أَنْشَأْنَاهُ خَلْقًا آخَرَ» «قرآن» : ئاندىن ئۇنى باشقا مەخلۇقتا ئايلاندۇردۇق.

«هَذَا الْكِتَابُ مُفِيدٌ أَمَّا الْآخَرُ فَلَا يَنْفَعُ كَثِيرًا» : بۇ كىتاب پايدىلىق، ئىككىنچى كىتاب بولسا كۆپ پايدىلىق ئەمەس.

آخَى يُؤَاخِي إِخَاءً وَمُؤَاخَاةً وَإِخَاوَةً: دوستلاشتى، قېرىنداش بولۇشتى.

آخَى بَيْنَهُمَا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورناتتى ، ئۇ ئىككىسىنى قېرىنداش قىلىپ قويدى.

«آخَى الرَّسُولُ عَلَيْهِ السَّلَامُ بَيْنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ» : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورناتتى.

آخِيَّةٌ ج أَوَاخِيُّ وَأَوَاخٍ: چىغىرىق.

صَدَاقَةٌ مَتِينَةُ الْأَوَاخِي: مۇستەھكەم دوستلۇق.

آدَ يَؤُودُ أَوْدًا الْعُودَ: ياغاچنى ئەگدى، ئەگرى قىلدى.

آدَ يَؤُودُ أَوْدًا وَأُوُودًا الْحِمْلُ: يۈك ئېغىرلاپ كەتتى، بېسىپ كەتتى.

آدَ الشَّيْءُ: ئەگرى بولدى.

آدَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلدى.

آدَبَ يُؤْدِبُ إِيدَابًا: زىياپەت بەردى، مېھمان قىلدى.

آدِبٌ ج آدِبَةٌ: ساھىبخان، خوجايىن، مېھمان ئىگىسى.

آدَرُ: پورداق؛ پورىقى چىقىپ قالغان.

آدَمُ: ئادەم ، ئادەم ئاتا.

بَنُو آدَمَ: ئادەم بالىلىرى، ئىنسانلار.

اِبْنُ آدَمَ: ئىنسان، ئادەم بالىسى.

تُفَّاحَةُ آدَمَ: بوغدىيەك.

آدَمِيٌّ: ئىنسانىي، ئادەملىك، ئادىمىي ، كىشىلىك.

آدَمِيَّةٌ: كىشىلىك خاراكتېر؛ ئىنسانپەرۋەرلىك.

آذَنَ يُؤْذِنُ إِيذَانًا فُلَانًا: ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، خەۋەر قىلدى.

آذَنَ الْحُكْمُ بِالسُّقُوطِ: ھاكىمىيەت يىمىرىلىشكە باشلىدى، ھاكىمىيەت لىڭشىپ قالدى.

«آذَنْتُكُمْ عَلَى سَوَاءٍ» «قرآن» : مەن سىلەرگە ئوخشاش ئۇقتۇردۇم.

«آذَنَ الْمُؤَذِّنُ بِالصَّلَاةِ» : مۇئەززىن نامازغا ئەزان توۋلىدى.

آذَنَهُ الْأَمْرَ وَبِهِ: ئىشقا سالدى، ئىش قىلدۇردى.

آذَى يُؤْذِي إِيذَاءً: زىيان يەتكۈزدى، ئەزىيەت يەتكۈزدى، پاراكەندە قىلدى.

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ آذَوْا مُوسَى» «قرآن» : ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەردەك بولماڭلار.

آلْآذِيُّ ج أَوَاذِيُّ: دولقۇن، دېڭىز دولقۇنى، ئۆركەش.

آرَقَ يُؤْرِقُ إِيرَاقًا: ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، بىدار قىلدى.

آرِقٌ: ئۇيقۇسى قاچقان، كېچىنى بىدار ئۆتكۈزگۈچى.

آزَرَ يُؤْزِرُ إِيزَارًاهُ: ياردەملەشتى، قوللىدى، مەدەت بەردى.

آزَقَ يُؤْزِقُ إِيْزَاقًا الْأَمْرَ: ئالدىراتتى.

آزِقٌ: يېقىنلاشتۇرغۇچى.

اَلْآزِفَةُ: قىيامەت.

آزَى يُؤَازِي مُؤَازَاةً وإِيْزَاءً الرَّجُلَ: ماسلاشتى، مادارا قىلدى.

آسٌ: خۇشبۇي، ئاق گۈللۈك، دائىم يېشىل تۇردىغان نوتا ئۆسۈملۈك.

آسِرٌ: ئەسىر ئالغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى.

مَنْطِقٌ آسِرٌ: كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان سۆز.

جَمَالٌ آسِرٌ: كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەللىك.

آسَفَ يُؤْسِفُ إِيْسَافًا: رەنجىتتى، كۆڭلىنى يېرىم قىلدى، ئېچىندۇردى، بىئارام قىلدى.

آسَفَ الشَّخْصَ: غەزەپلەندۇردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى، خاپا قىلدى.

«يُؤْسِفُنِي أَلاَّ أَسْتَطِيْعَ تَلْبِيَةَ دَعْوَتِكَ»: سىنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

آسِفٌ: ئەپسۇسلانغۇچى، ئېچىنغۇچى، ھەسرەت چەككۈچى.

«ظَهَرَ غَيْرَ آسِفٍ عَلَى الْوَظِيفَةِ الَّتِي فَقَدَهَا»: ئۇ قولدىن كەتكەن ۋەزىپىگە پۇشايمان قىلمىغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

«أَنَا آسِفٌ كُلَّ الْأَسَفِ لِمَا بَدَرَ مِنِّي»: مەندىن سادىر بولغان ئىشقا ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن.

آسِنٌ: تەمى ئۆزگەرگەن، رەڭگى ئۆزگەرگەن.

مَاءٌ آسِنٌ: تەمى ئۆزگەرگەن سۇ، رەڭگى ئۆزگەرگەن سۇ.

«طَالَبَ السُّكَّانُ بِإِزَالَةِ الْمِيَاهِ الْآسِنَةِ مِنَ الْأَحْيَاءِ الشَّعْبِيَّةِ»: ئاھالىلەر ئاھالىلەر رايونىدىن سېسىق سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

آسَى يُؤَاسِي مُؤَاسَاةً: ياردەم بەردى، كۆڭلىنى يوپۇتتى، تەسەللى بەردى.

آسَى صَدِيقَهُ: ئۇ دوستىنىڭ كۆڭلىنى يوپۇتتى.

آسَى فُلاَنًا بِمَالِهِ: ئۇنى مېلىغا شېرىك قىلدى.

«إِنَّ أَخَاكَ مَنْ آسَاكَ»: كۆڭلۈڭنى يوپۇتقان ئادەم سېنىڭ قېرىندىشىڭ ھېسابلىنىدۇ.

آسٍ ج أُسَاةٌ وَآسَاءٌ م آسِيَةٌ ج آسِيَاتٌ وأَوَاسٍ: تېۋىپ، دوختۇر؛ غەم-قايغۇدا بىللە بولغۇچى.

آسٍ ج أَسْيَانُونَ م أَسْيَانَةٌ وآسِيَةٌ ج أَسْيَانَاتٌ وَأَسَايَا: قايغۇرغۇچى، دەرد - ئەلەملىك.

آسِيَا: ئاسىيا قىتئەسى.

آسِيَاالْوُسْطَى: ئوتتۇرا ئاسىيا.

آسِيَوِيٌّ: ئاسىيالىق، ئاسىياغا خاس، ئاسىيادىن چىققان.

آصِرَةٌ ج أَوَاصِرُ: دوستلۇق، مۇناسىۋەت، تۇغقانچىلىق، يېقىنچىلىق.

أَوَاصِرُ الصَّدَاقَةِ: دوستلۇق مۇناسىۋىتى.

«إِنَّ مَابَيْنَنَا مِنْ أَوَاصِرِ الصَّدَاقَةِ ،الْقَرَابَةِ، لاَيُفْسِدُهُ اخْتِلاَفُ الرَّأْيِ»: بىزنىڭ ئارىمىزدا پىكىر ئىختىلاپى بۇزالمايدىغان دوستلۇق ئالاقىسى بار.

آضَ يَئِيضُ أَيْضًا: تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

آضَ إِلَيْهِ: ئايلاندى، ئەسلىگە قايتتى، ئۆزرۈلدى.

آفَةٌ ج آفَاتٌ: ئاپەت، ۋابا، كېسەللىك.

آفَةٌ زِرَاعِيَّةٌ: زىرائەتلەرگە چۈشىدىغان كېسەللىك.

آفِلٌ ج أُفَّلٌ وَأُفُلٌ: ئۆچكۈچى، ئولتۇرغۇچى، (تۆۋەنلىگۈچى).

نَجْمَةٌ آفِلٌ: تەلەيسىز، ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەن تەلىيى قاچقان.

آقَ يَؤُوقُ أَوْقًا عَلَيْهِ: شۇملۇق ئەكەلدى.

آكَدَ يُؤَاكِدُ مُؤَاكَدَةً: تەكىتلىدى، چىڭىتتى، پۇختىلىدى.

آكَلَ يُؤَاكِلُ مُؤَاكَلَةً: بىللە تاماق يېدى، ھەمداستىخان بولدى.

آكِلٌ ج أَكَلَةٌوآكِلُونَ: يېگۈچى، غىزالانغۇچى.

آكِلُ الْحَشَرَاتِ: ھاشاراتخور.

آكِلُ اللُّحُومِ: گۆشخور.

آكِلُ الْعُشْبِ: ئوتخور.

آكِلُ لُحُومِ الْبَشَرِ: ئادەم گۆشىنى يېگۈچى.

آكِلُ النَّمْلِ: چۈمۈلەخور.

آكِلَةٌ: چاقا ، يارا ، جاراھەت.

آلَ يَؤُولُ أَوْلاً: ياندى، قايتتى، ئېلىپ باردى.

«**إِنَّ تَغَيُّبَ الطَّالِبِ عَنِ الْمَدْرَسَةِ قَدْ يَؤُولُ إِلَى فَشَلِهِ**» : ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە كەلمەسلىكى ئۇنى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىككە ئېلىپ كېلىدۇ.

آلَ الْأَمْرُ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا قايتتى، ئۇنىڭغا يېتىپ باردى.

آلٌ: ئېزىتقۇ، سەراب؛ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلار (مەشھۇر كىشىلەرگىلا ئېيتىلىدۇ.)

آلُ مُحَمَّدٍ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى ئەۋلادى، مۇسۇلمانلار ئاممىسى.

آلَاتِيٌّ ج آلَاتِيَّةٌ: مۇزىكانت، سازچى.

آلَةٌ ج آلَاتٌ وآلٌ: قورال، سايمان، ئەسۋاب؛ ئەزا (ئادەم، ھايۋانلارنىڭ ئورگانىزمى).

آلَةُ الْحِسِّ: سەزگۈ ئەزالار.

آلَةُ الْعُودِ: بەرباب (چالغۇ ئەسۋابى).

آلَةُ الطَّرَبِ: چالغۇ ئەسۋابى.

اَلْآلَةُ الْكَاتِبَةُ: ماشىنكا.

اَلْآلَةُ الْحَاسِبَةُ: ھېسابلاش ماشىنىسى.

آلَةٌ حَاسِبَةٌ: كومپيۇتېر.

آلَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ: ئېلېكتر سايمىنى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى.

آلَةُ الْعَيْشِ: تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى.

«**آلَةُ الْعَيْشِ صِحَّةٌ وَشَبَابٌ**» : ساغلاملىق ۋە ياشلىق تۇرمۇش ۋاسىتىسىدۇر.

آلَةُ ضَغْطِ الْهَوَاءِ: ھاۋا كومپرېسسورى، ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ.

آلَةٌ مُوسِيقِيَّةٌ: چالغۇ ئەسۋابى.

آلَةٌ مُكَبِّرَةٌ لِلصَّوْتِ: مىكروفون، ئاۋاز ياڭراتقۇ.

آلَةُ التَّنْبِيهِ: سىگنال، سىگنال ئاپپاراتى.

آلَةٌ بُخَارِيَّةٌ: پار ماشىنىسى.

آلَةُ التَّحْرِيكِ. آلَةٌ مُحَرِّكَةٌ: ماتور.

آلَةُ التَّصْوِيرِ: رەسىم ئاپپاراتى، فوتو ئاپپارات.

آلَةُ الْجَرِّ: تراكتور.

آلَةٌ حَصَّادَةٌ: كومبايىن، ئوروش ماشىنىسى.

آلَةُ التَّنْقِيبِ: بۇرغىلاش ماشىنىسى.

آلَةُ الْإِسْتِقْبَالِ: تېلېگراف ئاپپاراتى.

آلَةُ الْخِيَاطَةِ: تىكىش ماشىنىسى.

آلَةٌ حَرْبِيَّةٌ: قورال ـ ياراغ، ھەربىي ئەسلىھە.

آلَةٌ رَافِعَةٌ: كىران.

آلَةُ الْجَرْفِ: توپا ئۇسۇش ماشىنىسى.

آلَةٌ جَهَنَّمِيَّةٌ: بومبا.

آلَةُ التَّكْبِيرِ: يەنچىش ماشىنىسى، ئۇششاقلاش ماشىنىسى.

آلَةٌ حَدْبَاءُ: تاۋۇت.

«**هُوَ آلَةٌ فِي أَيْدِيهِمْ**» : ئۇ ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورچاق.

آلَاتُ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى.

آلَاتُ الْإِسْتِشْفَاءِ: داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى.

آلَفَ يُؤْلِفُ إِيلَافًا: دوست بولدى، مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئىناق بولدى.

آلَفَ الشَّيْءَ: كۆنۈپ قالدى.

آلَفَ مِنْ: ... دىن تېخىمۇ يېقىن، ... دىنمۇ يېقىن.

آلَمَ يُؤْلِمُ إِيلَامًا: ئاغرىتتى، دەرد قىلدى.

«**يُؤْلِمُ الْمُوَاطِنَ أَنْ يَرَى الْفَسَادَ طَاغِيًا فِي الْبِلَادِ**» : مەملىكەتتە پىتنە ـ پاساتنىڭ ئەۋج ئېلىشى پۇقرانى ئازابلايدۇ.

آلَى يُؤْلِي إِيلَاءً الرَّجُلُ: قەسەم قىلدى.

«**آلَى عَلَى نَفْسِهِ أَنْ يَقُومَ بِوَاجِبِهِ**» : ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قەسەم قىلدى.

آلِيٌّ: مېخانىزىم، ماشىنا.

إِنْسَانٌ آلِيٌّ: ماشىنا ئادەم.

آلِيَّةٌ: ماشىنىلىق، مېخانىزملىق.

حَرَكَةٌ آلِيَّةٌ: ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت.

قُوَّةٌ آلِيَّةٌ: ماشىنىلاشقان قىسىم.

آمَ يَؤُومُ أُومًا: تەشنا بولدى، ئۇسساپ كەتتى.

آمَ يَئِيمُ أَيْمَةً و أُيُومًا و أَيْمًا الرَّجُلُ مِنْ زَوْجَتِهِ: ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، ئەر تول قالدى.

أَيِمَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ زَوْجِهَا: ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئايال تول قالدى.

آمَرَ يُؤَامِرُ مُؤَامَرَةً: مەسلىھەتلەشتى، كېڭەشتى.

آمَرَ الْقَوْمُ: مەسلىھەتلەشتى، كېڭەششتى.

آمِرٌ: قوماندانلىق قىلغۇچى، كوماندىر.

آمِرُ لِوَاءٍ: بىرىگادا (ھەربىيدە).

اَلْآمِرُ النَّاهِي: ھوقۇقى چەكسىز ئادەم، چەكسىز سەلتەنەتكە ئىگە ئادەم، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئادەم.

آمِرُ الْحَرْسِ: مۇھاپىزەت ئەترىتى باشلىقى.

آمِرَةٌ ج أَوَامِرُ: بۇيرۇق، ۋەزىپە.

آمِلٌ: ئۈمىد قىلغۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى، ئۈمىدۋار بولغۇچى.

آمَنَ يُؤْمِنُ إِيْمَانًا بِهِ: ئىشەندى، ئىمان ئېيتتى، ئېتىقاد قىلدى.

آمَنَ الشَّخْصُ: ئېتىقاد قىلدى، ئىمان ئېيتتى.

«كَانَتِ السَّلْوَةُ الْكُبْرَى لِلنَّاسِ فِي جِبْلِنَادِيْنَهُمْ فَكَانُوا يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ»: بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ دىنى ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئەمەك بولدى، ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان بولدى.

«لاَ يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيْهِ مَايُحِبُّ لِنَفْسِهِ» «حديث»: سىلەردىن بىرىڭلار نېمىنى ياخشى كۆرسە قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

آمِنٌ: ئىشەنچ قىلغۇچى، ئامان بولغۇچى، ئەمىن بولغۇچى، خاتىرجەم، تىنچ، ساق ـ سالامەت.

اَلْمَوَاطِنُ الْآمِنُ: تىنچ ئاھالە.

آمِينَ: ئى ئاللاھ! ئىجابەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! قوبۇل قىلغىن.

آنَ يَئِينُ أَيْنًا: توشتى (ۋاقىت).

آنَ الْأَوَانُ: دەل ۋاقتى بولدى.

آنَ الْمَوْعِدُ: پەيت كەلدى، ۋەدىلەشكەن ۋاقىت بولدى.

آنٌ: ۋاقىت، مەزگىل.

آنًا بَعْدَ آخَرَ: پات ـ پات، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

فِي آنٍ وَاحِدٍ: بىرلا ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتا.

مِنْ آنٍ لِآخَرَ: پات ـ پات، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

بَيْنَ آنٍ وَآخَرَ: پات ـ پات، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

إِلَى الْآنَ: ھازىرغىچە.

حَتَّى الْآنَ: ھازىرغىچە.

مِنَ الْآنَ فَصَاعِدًا: ھازىردىن باشلاپ، بۇندىن ئېتىبارەن.

حَتَّى الْآنَ. لِلْآنَ: ھازىرغىچە، ھازىرغا قەدەر.

اَلْآنَ: ھازىر، ئەمدى، نۆۋەتتە.

آنَئِذٍ: بۇ چاغدا، ئەينى ۋاقىتتا، شۇ چاغدا.

آنَذَاكَ: شۇ ۋاقىتتا، ئەينى چاغدا، شۇ پەيتتە.

آنَسَ يُؤْنِسُ إِيْنَاسًا و آنَسَ يُؤَانِسُ مُؤَانَسَةً: تەسەللى بەردى، كۆڭلىنى ياسىدى.

آنَسَ الرُّشْدَ مِنْهُ: بىلدى، بايقىدى.

آنَسَهُ: كۆردى.

آنَسَ الشَّيْءَ: ھېس قىلدى.

«آنَسْتُ فِيهِ الْكَفَاءَةَ»: ئۇنىڭدا لاياقەتنى بايقىدىم.

آنِسَةٌ ج آنِسَاتٌ وأَوَانِسُ: قىز، خېنىم، خانقىز (توي قىلمىغان قىزلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ)

آنِفًا: بايا، ھېلى.

آنِفُ الذِّكْرِ: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

آنِفُ الْبَيَانِ: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

آنِفَةٌ: ئەۋۋەلكى، دەسلەپكى.

آنِفَةُ الشَّبَابِ: ياشلىق، ياشلىق باھارى.

«قَضَتْ آنِفَةُ الشَّبَابِ»: ياشلىق باھارى ئۆتۈپ كەتتى.

آنَقَ يُؤْنِقُ إِيْنَاقًا وَ نِيقًا الشَّيْءُ فُلاَنًا: خۇشال قىلدى، شادلاندۇردى، مەمنۇن قىلدى.

مَالَهُ حَانَّةٌ وَلاَآنَّةٌ: تۆگىسىمۇ يوق، قويىمۇ يوق.

آنِيٌّ: ھازىرقى ۋاقىتتا، ھازىرغا مەنسۇپ، دەرھال.

تَرْجَمَةٌ آنِيَّةٌ: دەرھال تەرجىمە، ئۇدۇللۇق تەرجىمە.

آهَ يَؤُوهُ أَوْهًا: ئاھ ئۇردى، خورسىندى.

آهْ: ۋايجان، ۋاييەي، ئاھ، ئۇھ.

آهْ مِنْ دُعَاةِ التَّفْرِقَةِ: ئىتتىپاقسىزلىق تەرەپدار-لىرىغا ۋاي.

آهَةٌ ج آهَاتٌ: ئۇھ تارتقان ئاۋاز، ئاھ ئۇرغان ئاۋاز.

آهَلَ يُؤْهِلُ إِيْهَالاً: ئۆي ئوچاقلىق قىلدى، تۇرمۇشلۇق قىلىپ قويدى.

آهِلٌ: ئاۋات، كۆجۈم، ئادەم ئولتۇراقلاشقان (جاي).

أَمَاكِنُ آهِلَةٌ بِالسُّكَّانِ: زىچ ئاھالىلىق رايون، ئاھالىسى زىچ رايون.

آوِنَةٌ. مُفْرَدُهُ الْأَوَانُ: ۋاقىت، سائەت، زامان، چاغ.

آوَى يُؤْوِي إِيْوَاءً: ھىمايە قىلدى، ھىمايىگە ئالدى، قوغدىدى، قانات ئاستىغا ئالدى.

آوَى اللاَّجِئَ: ئۇ مۇساپىرنى قوينىغا ئالدى.

آيَةٌ ج آيٌ و آيَاتٌ: ئالامەت، نىشان، سىمۋول، بەلگە، مۆجىزە، ئاجايىبات، ئىبرەت، دەلىل.

آيَاتُ الشُّكْرِ وَالْوِلاَءِ: تەشەككۇر ۋە ساداقەت ئالامەتلىرى.

آيَسَ يُؤْيِسُ إِيْئَاسًا: ئۈمىدسىزلەندۈردى.

آيَسَ عَلَيْهِ أَوْ عَنْهُ: قارامىلىق قىلدى، تەۋەككۇل قىلدى.

آيِلٌ إِلَى الزَّوَالِ: زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، يوقۇلۇش-قا يۈز تۇتقان.

آيِبٌ: قايتقۇچى، يانغۇچى.

إِئْتَثَرَ يَأْتَثِرُ إِئْتِثَارًا بِكَذَا: تەسىرگە ئۇچرىدى.

إِئْتَجَرَ يَأْتَجِرُ إِئْتِجَارًا: ھەق تەلەپ قىلدى.

إِئْتَدَمَ يَأْتَدِمُ إِئْتِدَامًا الْعُودُ: دەرەخكە سۇ يۈگۈردى.

إِئْتَدَمَ فُلاَنٌ: ناننى تەم تەڭشىگۈچكە قوشۇپ يېدى.

إِئْتَزَرَ يَأْتَزِرُ اِئْتِزَارًا الرَّجُلُ: تون كىيدى؛ تامبال كىيدى.

إِئْتَسَى يَأْتَسِي اِئْتِسَاءً: ئۈلگە قىلدى، نەمۇنە قىلدى.

إِئْتَكَلَ يَأْتَكِلُ إِئْتِكَالاً النَّارُ: ئوت چاراسلاپ ياندى.

إِئْتِلاَفٌ: ئىناق، بىرلىك.

دُوَلُ الْإِئْتِلاَفِ: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، ئائىتانتا دۆلەتلەر.

إِئْتِلاَفِيٌّ: بىرلەشمە.

حُكُومَةٌ إِئْتِلاَفِيَّةٌ: بىرلەشمە ھۆكۈمەت (بىرقانچە تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەت).

إِئْتَلَقَ يَأْتَلِقُ إِئْتِلاَقًا النَّاسُ: كىشىلەر بىرلىك-كە كەلدى، بىرلەشتى.

إِئْتَلَقَ يَأْتَلِقُ إِئْتِلاَقًا الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى، چاقماق يورىدى.

إِئْتَلَى يَأْتَلِي إِئْتِلاَءً: قەسەم قىلدى، قەسەمياد قىلدى.

إِئْتِمَارٌ: مۇھاكىمە، مۇلاھىزە.

إِئْتِمَانٌ: ئېتىقاد؛ ئىشەنچ؛ ئىناۋەت.

إِئْتِمَانِيٌّ: ئامانەت ـ قەرزگە مەنسۇپ.

«قَدَّمَ لَهُ الْمَصْرَفُ تَسْهِيْلاَتٍ إِئْتِمَانِيَّةً»: بانكا ئۇنىڭغا ئامانەت قەرز ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇ-رۇپ بەردى.

إِئْتَمَرَ يَأْتَمِرُ إِئْتِمَارًا: مەسلىھەتلەشتى، كېڭەشتى.

«وَائْتَمِرُوا بَيْنَكُمْ بِمَعْرُوفٍ» ‹قرآن›: ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار.

«قَالَ يَامُوسَىإِنَّ الْمَلَأَ يَأْتَمِرُونَ بِكَلِيَقْتُلُوكَ» ‹قرآن›: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاپىرلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋا-تىدۇ. . . » دېدى.

إِئْتَمَرَ الرَّجُلُ: بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈردى، بۇيرۇقنى ئورۇندىدى.

إِئْتَمَرَ بِأَمْرِهِ: ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى.

«أَمَرْتُهُ فَائْتَمَرَ»: ئۇنى بۇيرىغانىدىم، ئۇ بۇيرۇقىمنى ئورۇندىدى.

إِئْتَمَرَ بِهِ: ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلىدى.

إِئْتَمَّ يَأْتَمُّ إِئْتِمَامًا: ئەگەشتى، ئىقتىدا قىلدى، دورىدى، تەقلىد قىلدى.

إِئْتَمَّ بِالشَّخْصِ: ئەگەشتى.

«يَأْتَمُّ الْمُؤْمِنُ بِالسَّلَفِ الصَّالِحِ»: مۆمىن ئادەم سەلەف سالىھلارغا ئەگىشىدۇ.

إِئْتَمَنَ يَأْتَمِنُ إِئْتِمَانًا عَلَى كَذَا: ھاۋالە قىلدى، تاپشۇردى.

«فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُمْ بَعْضًا فَلْيُؤَدِّ الَّذِي اؤْتُمِنَ أَمَانَتَهُ» (قرآن): ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن.

إِئْتَمَنَ الشَّخْصَ: ئىشەنچلىك قىلىۋالدى، ئىشەنچلىك ھېسابلىدى.

إِئْتَنَقَ يَأْتَنِقُ إِئْتِنَاقًا: بېكىدىن باشلىدى.

أَبٌ ج آبَاءٌ: ئاتا، دادا؛ ئەجدادلار، ئاتا - بوۋا.

«وَجَاءُوا أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُونَ» (قرآن): ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى.

«إِنَّهُمْ أَلْفَوْا آبَاءَهُمْ ضَالِّينَ» (قرآن): ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىنى گۇمراھ بىلدى.

«فَلَيْتَ لِأَبْنَائِنَا الصِّغَارِ تَجَارِبَ الْآبَاءِ الْكِبَارِ»: كاشكى بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىزنىڭ چوڭ ئاتىلىرىمىزنىڭكىگە ئوخشاش تەجرىبىلىرى بولسىچۇ!

يَا أَبَتِ: ئى، ئاتا، ھەي، دادا.

«قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ» (قرآن): ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن».

بِأَبِي أَنْتَ: ساڭا ئاتام بىلەن پىدا بولاي.

«مَنْ أَشْبَهَ أَبَاهُ فَمَا ظَلَمَ» (مثل): دادىسىنى دورىغان ئادەم جايىدا ئىش قىلغان بولىدۇ.

أَبًا عَنْ جَدٍّ: ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ، نەسلە-دىن نەسىلگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا.

لَا أَبَا لَكَ. لَا أَبَ لَكَ: (مەدھىيە ياكى ھەجۋىدە ئېيتىلىدىغان سۆز) ئاتاڭغا رەھمەت؛ ئاتاڭغا لەنەت.

أَبَا يَأْبُو إِبَاوَةً و أُبُوَّةً وَ أُبُوًّا الْوَلَدَ: بالا بېقىۋالدى، بالا ئاسىرىۋالدى.

أَبَاءَ يُبِيئُ إِبَاءَةً: ئورۇنلاشتۇردى.

أَبَابِيلُ: توپ - توپ.

«وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ» (قرآن): پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.

أَبَاتَ يُبِيتُ إِبَاتَةً: قوندۇرۇۋالدى.

أَبَاحَ يُبِيحُ إِبَاحَةً السِّرَّ: مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويدى.

أَبَاحَ الْأَمْرَ: رۇخسەت قىلدى، قويۇۋەتتى.

إِسْتَبَاحَ يَسْتَبِيحُ إِسْتِبَاحَةً الْعَمَلَ: ئەمەلنى قانۇنلۇق دەپ ساندى، ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

إِبَاحَةٌ: ئىجازەت، رۇخسەت (فىقھە ئىلمىدە قىلىش - قىلماسلىق ئىختىيارىغا قويۇلغان ھۆكۈم).

إِبَاحَةُ السِّرِّ: مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويماق.

إِبَاحِيٌّ: ئەخلاق جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن بولۇپ، ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەنمەيدىغان كىشى.

إِبَاحِيٌّ ج إِبَاحِيَّةٌ: ئەخلاق-قانۇن چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتىش (چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل ئېقىم، يەنى نىگىلىزىم).

أَبَادَ يُبِيدُ إِبَادَةً: يوقاتتى، ھالاك قىلدى.

أَبَادَهُ: ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى.

«يُحَاوِلُ الْعِلْمُ الْقَضَاءَ عَلَى الْأَوْبِئَةِ الَّتِي أَبَادَتْ آلَافَ النَّاسِ»: ئىلىم - پەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى يوقىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

إِبَادَةٌ: يوقاتماق، ھالاك قىلماق، تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتماق، گۇمران قىلماق.

آبَادِيدُ: ئايرىلغان، تارقاق، چېچىلىپ كەتكەن.

إِبَارٌ: چاڭلاشماق.

أَبَاشَةٌ: لوكچەك، قولاقكەستى، ساياق.

إِبَاضَةٌ: تورموز.

أَبَاطِيلُ: بىھۇدە ئىشلار، يالغان - ياۋىداق ئىشلار، ساختا ئىشلار، ئاساسسىز ئىشلار.

أَبَاعَ يُبِيعُ إِبَاعَةً الشَّيْءَ: كۆرگەزمىگە قويدى.

أَبَالَ يُبِيلُ إِبَالَةً: سىيگۈزدى، توستى.

إِبَالَةٌ: باغ، باغلام، تېڭىق، تاكىتىكا، ئىستراتېگىيە، چارە - تەدبىر؛ ھوقۇق.

أَبَانَ يُبِينُ إِبَانَةً: ئاشكارىلىدى، چۈشەندۈردى، ئىزاھلىدى، روشەنلەشتۈردى.

أَبَانَ الشَّخْصَ: كۆڭۈلدىكىنى دېدى، كۆڭۈلدىكىنى تولۇق دېدى.

أَبَانَهُ: ئۇنى چۈشەندۈردى، ئۇنى ئىزاھلىدى، ئۇنى روشەنلەشتۈردى.

أَبَّ يَؤُبُّ أَبًّا وَ أَبَابًا وَ أَبَابَةً إِلَيْهِ: سېغىندى، ئەسلىدى، ياد ئەتتى.

أَبٌّ ج أَوُبٌ: ئوت، ئوت - چۆپ.

«**وَفَاكِهَةً وَأَبًّا**» «قرآن»: تۈرلۈك مېۋىلەرنى ۋە ئوت - چۆپلەرنى...

أَبَّارٌ: يىڭنە ياسىغۇچى؛ يىڭنە ساتقۇچى، يىڭنىچى.

أَبَّارَةٌ: يىڭنە قۇتىسى.

إِبَّالَةٌ: بوپا، تېڭىق، يۈك - تاق، بولاق.

«**ضِغْثٌ عَلَى إِبَّالَةٍ**» «مثل»: بالا كەلسە قوشلاپ كېتىۋ، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك.

إِبَّانٌ: ۋاقىت، مەزگىل، چاغ.

إِبَّانُ الثَّوْرَةِ: ئىنقىلاب مەزگىلى.

إِبَّانُ الشَّيْءِ: مەزگىل، پەيتى.

إِبَّانُ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ بېشى.

«**تُوُفِّيَ وَهُوَ فِي إِبَّانِ شَبَابِهِ**»: ئۇ ياشلىق مەزگىلىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتتى.

أَبَّرَ يُؤَبِّرُ تَأْبِيرًا الزَّرْعَ: زىرائەتنى چاڭلاشتۇردى.

أَبَّدَ يُؤَبِّدُ تَأْبِيدًا: ئەبەدىيلەشتۈردى، ئۆلمەس قىلىپ قالدۇردى، ئۆچمەس قىلىپ قالدۇردى.

أَبَّنَ يُؤَبِّنُ تَأْبِينًا: تەزىيە بىلدۈردى.

أُبَّهَةٌ: ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، ئۇلۇغۋارلىق، ئۇلۇغلۇق.

«**تَبْدُو عَلَيْهِ أُبَّهَةُ السُّلْطَانِ**»: ئۇنىڭ چىرايىدىن پادىشاھنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

إِبْتَأَرَ يَبْتَئِرُ إِبْتِئَارًا: قۇدۇق كولىدى.

إِبْتَأَسَ يَبْتَئِسُ إِبْتِئَاسًا: قايغۇردى، غەم قىلدى.

إِبْتَاعَ يَبْتَاعُ إِبْتِيَاعًا صَفْقَةً وَاحِدَةً: دۆلەت سېتىۋالدى، ھەممىنى سېتىۋالدى.

إِبْتَاعَ الشَّيْءَ: سېتىۋالدى.

إِبْتَدَأَ يَبْتَدِئُ إِبْتِدَاءً: باشلىدى.

إِبْتِدَاءٌ: دەسلەپكى، باشلىنىش نۇقتىسى، چىقىش نۇقتىسى، ئىپتىداسى؛ باشلىماق، ئىپتىدا قىلماق.

إِبْتِدَائِيٌّ: باشلانغان، دەسلەپكى، باشتىكى، باشلانغۇچ دەرىجىدىكى، ئاساسلىقى.

مَدْرَسَةٌ إِبْتِدَائِيَّةٌ: باشلانغۇچ مەكتەپ.

إِبْتِدَاعٌ: ئىجاد قىلماق.

إِبْتَدَرَ يَبْتَدِرُ إِبْتِدَارًا إِلَى كَذَا: بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشنى تالاشتى، ئالدىرىدى.

إِبْتَدَعَ يَبْتَدِعُ إِبْتِدَاعًا الشَّيْءَ: كەشىپ قىلدى، ياراتتى، ئىجاد قىلدى، پەيدا قىلدى.

«**وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَامَاكَتَبْنَاهَاعَلَيْهِمْ**» «قرآن»: رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق.

إِبْتَدَهَ يَبْتَدِهُ إِبْتِدَاهًا الْخُطْبَةَ: ئويلانماستىنلا نۇتۇق سۆزلىدى.

إِبْتَذَلَ يَبْتَذِلُ إِبْتِذَالًا الشَّيْءَ: سەل قارىدى، كۆزگە ئىلمىدى، مەنسىتمىدى.

أَبْتَرُ م بَتْرَاءُ ج بُتْرٌ: قۇيرۇقسىز، قۇيرۇقى كېسىلگەن، نەسلى ئۈزۈلگەن، پەرزەنتسىز، خار، ئەرزىمەس، كەمتۈك.

«**إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ**» «قرآن»: ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام - نىشانى قالمايدۇ.

إِبْتَرَدَ يَبْتَرِدُ إِبْتِرَادًا الشَّخْصُ: سوغۇق سۇدا يۇيۇندى، سالقىنلاش ئۈچۈن سوغۇق سۇ ئىچتى، سالقىنلىدى.

إِبْتَرَدَتْ حَمَاسَتُهُ: قىزغىنلىقى سوۋۇپ كەتتى.

إِبْتَرَى يَبْتَرِي إِبْتِرَاءً الْقَلَمَ: قەلەمنى ئۇچلىدى.

إِبْتَزَّ يَبْتَزُّ إِبْتِزَازًا: تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى.

إِبْتِسَامٌ: كۈلۈمسىرىمەك، تەبەسسۇم قىلماق.

إِبْتَسَرَ يَبْتَسِرُ إِبْتِسَارًا بِالشَّيْءِ: ھەممىدىن بۇرۇن باشلىدى.

إِبْتَسَرَ الْحَاجَةَ: ۋاقىتسىز ئىلتىماس قىلدى.

إِبْتَسَرَ الرَّأْيَ: پىشمىغان پىكىرنى بايان قىلدى.

إِبْتَسَمَ يَبْتَسِمُ إِبْتِسَامًا: تەبەسسۇم قىلدى، كۈلۈمسىرىدى.

أَبْتَعُ م بَتْعَاءُ ج بُتْعٌ: ھەممە، پۈتۈنلەي، بارلىق.

إِبْتَعَثَ يَبْتَعِثُ إِبْتِعَاثًا: ئەۋەتتى.

إِبْتَعَدَ يَبْتَعِدُ إِبْتِعَادًا: يىراق بولدى، يىراقلاشتى.

«مِنَ الْحِكْمَةِأَنْ يَبْتَعِدَالْمَرْءُعَمَّايُسِيئُ عَلَيْهِ»: ئادەم ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىگە يولىماسلىقى دانالىقتۇر.

إِبْتِغَاءٌ: تەلەپ قىلماق، ئۈمىد قىلماق.

إِبْتَغَى يَبْتَغِي إِبْتِغَاءً: ئۈمىد قىلدى.

«وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُالدَّارَالْآخِرَةَ» ‹قرآن›: ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن.

إِبْتَكَرَ يَبْتَكِرُ إِبْتِكَارًا: ئىجاد قىلدى، كەشىپ قىلدى.

إِبْتَكَرَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭ يېنىغا ئەتىگەندە كەلدى.

إِبْتَكَرَ الْمَعْنَى: يېڭى مەنا چىقاردى.

إِبْتَكَرَ الْفَاكِهَةَ: مېۋىنىڭ دەسلەپ پىشقىنىنى ئۈزدى.

إِبْتَلَجَ يَبْتَلِجُ إِبْتِلَاجًا الصُّبْحُ: تاڭ يورىدى.

إِبْتَلَعَ يَبْتَلِعُ إِبْتِلَاعًا: يۇتتى، چاينىماي يۇتتى.

إِبْتَلَّ يَبْتَلُّ إِبْتِلَالًا الشَّخْصُ: نەملەشتى، نەم بولدى، ھۆل بولدى.

إِبْتَلَى يَبْتَلِي إِبْتِلَاءً: سىنىدى.

«فَأَمَّا الْإِنْسَانُ إِذَامَا ابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ»: پەرۋەردىگارى ئىنسانى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ.

إِبْتِهَاجٌ: خۇشال بولماق، شادلانماق.

إِبْتِهَالٌ ج إِبْتِهَالَاتٌ: دۇئا قىلماق، تەزەررۇ قىلماق، ئىلتىجا قىلماق.

إِبْتَهَجَ يَبْتَهِجُ ابْتِهَاجًا: شادلاندى، خۇرسەن بولدى.

«يَبْتَهِجُونَ بِرُؤْيَةِ الضَّيْفِ»: ئۇلار مېھماننى كۆرۈش بىلەن شادلىنىدۇ.

إِبْتَهَلَ يَبْتَهِلُ ابْتِهَالًا: ئىلتىجا قىلدى، تىلىدى.

إِبْتَهَلَ إِلَى اللَّهِ: ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى.

إِبْتِيَاعٌ: سېتىش؛ سېتىۋالماق.

أَبَثَّ يُبِثُّ إِبْثَاثًا السِّرَّ: مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى، مەخپىيەتلىكتىن خەۋەردار قىلدى.

أَبْجَدِيٌّ: ئېلىپبە، ئېلىپبە تەرتىپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرپ تەرتىپىگە ئاساسلىنىش، ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەرپلىك.

أَبْجَدِيٌّ: ئەرەب تىلىدا ئېلىپبە ھەرپلىرى جەملەنگەن سۆزلەرنىڭ بېشى، بۇ سۆزلەر.

«أَبْجَدْ، هَوَّزْ، حُطِّي، كَلَمَنْ، سَعَفَصْ، قَرَشَتْ، ثَخَذْ، ضَظَغْ»: بۇ سۆزلەردىكى ھەربىر ھەرپ تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك مەلۇم سانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ:

ا	1	ح	8	س	60	ت	400
ب	2	ط	9	ع	70	ث	500
ج	3	ي	10	ف	80	خ	600
د	4	ك	20	ص	90	ذ	700
ه	5	ل	30	ق	100	ض	800
و	6	م	40	ر	200	ظ	900
ز	7	ن	50	ش	300	غ	1000

اَلْحُرُوفُ الْأَبْجَدِيَّةُ: ئېلىپبە، ھەرپ جەدۋىلى.

أَبْجَرُ م بَجْرَاءُ ج بُجْرٌ: بادىڭ قورساق.

أَبَحَّ يُبِحُّ إِبْحَاحًا: بوغدى، سىقتى.

أَبَحُّ م بَحَّآءُ ج بُحٌّ: ئاۋازى پۈتۈپ قالغان ئادەم.

أَبْحَرَ يُبْحِرُ إِبْحَارًا الشَّخْصُ: دېڭىزدا سەپەر قىلدى.

أَبْحَرَيُبْحِرُإِبْحَارًاالْمَاءَ: سۇنى پارغا ئايلاندۇردى.

أَبْخَقَ يُبْخِقُ إِبْخَاقًا عَيْنَهُ: بىر كۆزىنى قۇيـ-ۋەتتى، يەكچەشمە قىلىپ قويدى.

أَبَدَ يَأْبِدُ و يَأْبُدُ أُبُودًا: ئولتۇراقلاشتى، تۇردى، تۇرۇپ قالدى، ماكانلاشتى.

أَبَدٌ: مەڭگۈ، مەڭگۈگە، ئەبەدىي، ئەبەدىلئەبەد، ھەمىشە، دائىم.

«**خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا**» ‹قرآن›: ئۇلار جەننەتـ-لەردە مەڭگۈ قالىدۇ.

إِلَى الْأَبَدِ: دائىم، مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك.

إِلَى أَبَدِ الْآبِدِيْنَ: ئۆمۈرۋايەت، مەڭگۈگە، مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەد.

أَبَدًا: ھەرگىز، ئەسلا.

«**لاَ أَفْعَلُهُ أَبَدًا**»: ئۇنى ھەرگىز قىلمايمەن.

أَبِدَيأْبَدُأَبَدًاالْحَيَوَانُ: ۋەھشىلەشتى، غەزەپلەندى.

إِبْدَاءٌ: ئاشكارىلىماق، بىلدۈرمەك، كۆرسەتمەك، ئىپادىلىمەك.

إِبْدَاعٌ: ئىجاد قىلماق، يېڭىلىق ياراتماق، ئوبدان ئورۇنلىماق.

إِبْدَالٌ: ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك.

أَبْدَعَ يُبْدِعُ إِبْدَاعًا: ياراتتى، ئىجاد قىلدى، ئوبدان ئورۇنلىدى.

أَبْدَلَ يُبْدِلُ إِبْدَالاً: ئۆزگەرتتى، ئالماشتۇردى.

أَبْدَى يُبْدِى إِبْدَاءً: ئاشكارىلىدى، ئوچۇق قىلدى.

«**إِنْ تُبْدُوا الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّاهِيَ**» ‹قرآن›: سەدىـ-قىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر.

أَبَدِيٌّ: دائىم، دائىملىق، ئەبەدىي، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك، ئەزەلدىن.

أَبَدِيَّةٌ: ئەبەدىيلىك، چەكسىزلىك، ئەزەلدىن، مەڭگۈگە.

أَبَرَ يَأْبُرُ وَيَأْبِرُ أَبْرًا و إِبَارًا الْعَقْرَبُ: گىيزەندە (چايانغا ئوخشاشلار) چېقىۋالدى.

أَبَرَ فُلاَنًا: تۆھمەت چاپلىدى، قارا چاپلىدى، غەيۋەت قىلدى، گەپ توشۇدى.

أَبَرَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى ئۇلىدى، چاڭلاشتۇردى.

إِبْرَةٌ ج إِبَرٌ و إِبَارٌ و إِبْرَاتٌ: يىڭنە، ئۇچلۇق، ئۇچى ئۇچلۇق نەرسە.

اَلْعِلاَجُ بِالْإِبَرِ: يىڭنە بىلەن داۋالاش.

إِبْرَةُ الرَّاعِي: قوغۇنگۈل.

إِبْرَةُ الْعَجُوزِ: پىلەك ئۆزىتىمدىغان قوغۇنگۈل.

إِبْرَةُ الْمِدْفَعِ: زەمبىرەكنىڭ پىستان چاقىقۇچىـ-سى.

وَخْزُ الْإِبَرِ: نەشتەر سانجىش، يوشۇرۇن زىيان-زەخمەت.

إِبْرَةُ الْمِحْقَنِ: ئوكۇل يىڭنىسى.

«**حَقَنَهُ الطَّبِيبُ إِبْرَةً**»: دوختۇر ئۇنىڭغا ئوكۇل سالدى.

إِبْرَةُ النَّبَاتِ: ئاتىلىق (ئۆسۈملۈكنىڭ).

إِبْرَةٌ مَغْنَاطِيسِيَّةٌ: ماگنىتلىق يىڭنە، ماگنىتـ-لىق ئىستىرىلكا.

إِبَرَةُ الْمَلاَّحِيْنَ: كومپاس.

بَيْتُ الْإِبْرَةِ: كومپاس.

شُغْلُ الْإِبْرَةِ: تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، يىڭنە ئىشى.

إِبْرَةُ الْفُونُغِرَافِ: فاتىفون يىڭنىسى.

«**لاَبُدَّ دُونَ الشَّهْدِمِنْإِبَرِالنَّحْلِ**» ‹مثل›: قىزىل گۈلنىڭ تىكىنى بار (جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس).

أَخَذَ الْمَرِيْضُ إِبْرَتَيْنِ: كېسەلگە ئىككى ئوكۇل سېلىندى.

أَبْرَأَ يُبْرِئُ إِبْرَاءً اللّٰهُ الْمَرِيْضَ: ئاللاھ كېسەلـ-نى ساقايتتى، ئاللاھ كېسەلگە شىپالىق بەردى.

إِبْرَاءٌ: كەچۈرۈم قىلىش، گۇناھىدىن ساقىت قىلىش.

إِبْرَازٌ: ئىپادىلىمەك، ئاشكارىلىماق، گەۋدىلەنـ-دۈرمەك.

اَلْإِبْرَامُ: تەستىقلىماق.

قَرَارَاتُ الْإِبْرَامِ: تەستىقلانغان قارار.

مَحْكَمَةُالنَّقْضِوَالْإِبْرَامِ: ئالىي سوت مەھكىمىسى.

أَبْرَدَ يُبْرِدُ إِبْرَادًا: پوچتىدىن ئەۋەتتى.

أَبْرَدَالْمَاءَ: سۇنى سوۋۇتتى.

أَبْرَدَ السَّمَاءُ: مۆلدۈر ياغدى.

أَبْرَدُ ج أَبَارِدُ م أَبْرَدَةٌ: قاپلان، يىلپىز.

أَبْرَزَ يُبْرِزُ إِبْرَازًا: ئىپادىلىدى، كۆرسەتتى، ئوتتۇرىغا قويدى، ئاشكارىلىدى.

أَبْرَشُ م بَرْشَاءُ ج بُرْشٌ: ئالا ـ بۇلا، ئالابالداق، ئالا ـ تاغىل.

أَبْرَصُ م بَرْصَاءُ ج بُرْصٌ: ئاق كېسەل ئادەم، بەرەس.

أَبْرَقَ يُبْرِقُ إِبْرَاقًا: گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى؛ تېلېگراممىا ئەۋەتتى.

أَبْرَمَ يُبْرِمُ إِبْرَامًا الْحَبْلَ: ئارغامچىنى تولغىدى، ئارغامچىنى ئەشتى.

أَبْرَمَ الْأَمْرَ: ئىشنى كۈچەيتتى، پۇختىلىدى.

«أَمْ أَبْرَمُوا أَمْرًا فَإِنَّامُبْرِمُونَ» «قرآن» : ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلمىشتا) بىر ئىشنى قارار قىلغان بولسا، بىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ياردەم بېرىشتە بىر ئىشنى قارار قىلىمىز.

إِبْرِيزٌ: ساپ ئالتۇن.

تِمْثَالٌ مَصْنُوعٌ مِنَ الذَّهَبِ الْإِبْرِيزِ: ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ھەيكەل.

إِبْرِيسَمٌ: يىپەك، مەشۇت، ئەۋرىشىم.

إِبْرِيقٌ ج أَبَارِيقُ: چۆگۈن، چەينەك، ئىۋرىق، ئاپتۇۋا.

«وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ بِأَكْوَابٍوَّأَبَارِيْقَ وَكَأْسٍ مِنْ مَّعِيْنٍ» «قرآن» : (قىبرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ.

إِبْرِيْقُ الشَّايِ: چەينەك، چۆگۈن.

إِبْرِيقُ الْقَهْوَةِ: قەھۋە چەينىكى.

إِبْرِيقُ الزَّيْتِ: ماي كوزىسى.

أَبْرِيلُ: ئاپرىل، 4 ـ ئاي.

أَبْزَى م بَزْوَاءُ: توخۇ كۆكرەكلىك؛ پاختەك تۆش ، دەم كۆتە.

إِبْزِيمٌ ج أَبَازِيمُ: تۆگمە، ئىلگەك، ئىلمەك، ئىزمە.

أَبْسَطُ الْمَعَارِفِ: ئاددىي ساۋات.

إِبْسِيطٌ ج أَبَاسِيطُ: چاق ئۆلتىگى.

أَبَشَ يَأْبُشُ أَبْشًا الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى .

أَبْشَرَ يُبْشِرُ إِبْشَارًا بِهِ أَوْ لَهُ: خۇشاللاندى. . . ئۈچۈن شادلاندى.

أَبْشَرَتِ الْأَرْضُ: زېمىن ئۆسۈملۈكنى ئۈندۈردى.

أَبْشَرَهُ: خۇشال قىلدى.

«أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ» «قرآن» : قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار.

أَبْشَرَ الْأَدِيمُ: يەر يۈزى يېرىلدى.

أَبْشَرَ الْأَمْرُ وَجْهَهُ: يۈزىنى گۈزەللەشتۈردى، چىرايىنى ئېچىۋەتتى.

أَبْصَارِيٌّ: كۆرۈش سېزىمى.

أَبْصَرَ يُبْصِرُ إِبْصَارًا: قارىدى، كۆردى، ئەقىل كۆزى بىلەن قارىدى، كۆرۈپ توغرا يول تاپتى.

«وَأَبْصِرْهُمْ فَسَوْفَ يُبْصِرُونَ» «قرآن» : ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن، ئۇلارمۇ ئۆزۈڭغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ.

أَبْصَرَ الطَّرِيقَ: يولنى روشەن كۆردى.

«أَبْصَرْتُ النُّجُومَ تَلْمَعُ بَيْنَ السَّحَابِ» : يۇلتۇزلارنىڭ بۇلۇت ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

أَبْضٌ ج آبَاضٌ: تىقىم، تىزنىڭ كەينى.

إِبْطٌ ج آبَاطٌ: قولتۇق.

أَبْطَأَ يُبْطِئُ إِبْطَاءً الرَّجُلُ: كېچىكتى، ئارقىغا سوزدى.

أَبْطَحُ ج أَبَاطِحُ: ساي، تۈزلەڭلىك.

أَبْطَرَ يُبْطِرُ إِبْطَارًا ــ هُ الْغِنَى: بايلىق ئۇنى

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

أَبْطَلَ يُبْطِلُ إِبْطَالاً: ئەمەلدىن قالدۇردى، بىكار قىلدى.

«يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَتُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُمْ بِالْمَنِّ وَالْأَذَى» «قرآن»: ئى مۆمىنلەر! بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

أَبْطَنَ يُبْطِنُ إِبْطَانًا الشَّيْءَ: يوشۇردى، مەخپىي قىلدى.

إِبْطِيٌّ: قولتۇقتا ئائىت، قولتۇقتا خاس.

أَبَظَّ يُبِظُّ إِبْظَاظًاالرَّجُلُ: سەمرىدى، سەمرىپ كەتتى.

أَبْعَادِيَّةٌ ج أَبْعَادِيَّاتٌ: دېھقانچىلىق مەيدانى، ئېكىنزارلىق، يەر - مۈلۈك، باغ - ۋاران.

أَبْعَدَ يُبْعِدُ إِبْعَادًا: يىراقلاشتۇردى، ئايرىۋەتتى، ئاجراتتى.

أَبْعَدَهُ عَنْ: ئۇنى ھەيدىۋەتتى، ئۇنى چىقىرىۋەتتى.

أَبْعَدَهُ فِي: سۈرگۈن قىلدى، پالىدى.

أَبْعَدَ فِي الشَّيْءِ: چېكىدىن ئېشىپ كەتتى.

أَبْعَدَهُ: چەتكە قاقتى، يەكلىدى.

أَبْعَدَهُ اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنى يىراق قىلسۇن.

أَبْعَدُ ج أَبْعَدُونَ وَأَبَاعِدُ: ئەڭ يىراق، تېخىمۇ يىراق.

أَبْغَضَ يُبْغِضُ إِبْغَاضًا الشَّيْءَ: ئۆچ كۆرسەتتى.

أَبْغَى يُبْغِي إِبْغَاءً الرَّجُلَ الشَّيْءَ: تەلىپىگە ياردەم قىلدى، ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى، ياردەم قىلدى.

أَبِقَ يَأْبُقُ وَ يَأْبِقُ وَأَبَقَ يَأْبَقُ إِبَاقًا وَ أَبْقًا: قاچتى، قېچىپ كەتتى.

أَبَقٌ: زىغىر.

إِبْقَاءٌ: قالدۇرماق، ساقلىماق.

إِبْقْرَاطُ: بۇقرات (يۇنانلىق مەشھۇر ھۆكۈما، ئاتاقلىق تېۋىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 468 – 359 يىللىرى ئۆتكەن).

أَبْقَلَ يُبْقِلُ إِبْقَالاً النَّبْتُ: ئۆسۈملۈك بىخ سۈردى، ئۆسۈملۈك بىخ چىقاردى.

أَبْقَى يُبْقِي إِبْقَاءً: قالدۇردى؛ داۋام قىلدۇردى.

أَبْقَى عَلَى الشَّيْءِ: ساقلىدى.

«وَمَاأَدْرٰىكَ مَاسَقَرُ لاَتُبْقِي وَلاَتَذَرُ» «قرآن»: سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچنەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ).

أَبْقَى فِي مَالِهِ: مېلىنىڭ بەزىسىنى زاپاس ساقلىدى.

أَبْقَاكَ اللّٰهُ: ئاللاھ سېنى ساقلىسۇن، ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن.

أَبْقَى الضَّيْفَ: مېھماننى تۇتۇۋالدى، مېھماننى قالدۇرماقچى بولدى.

أَبْقَى فِي الشَّيْءِ: بەزىنى قالدۇردى.

أَبْكَرَ يُبْكِرُ إِبْكَارًا: ئەتىگەن تۇردى، بالدۇر كەلدى، ئىشنى بالدۇر باشلىدى.

أَبْكَمَ يُبْكِمُ إِبْكَامًا: ئۇن چىقارغۇزمىدى، لام - جىم دېگۈزمىدى، ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

أَبْكَمُ م بَكْمَاءُ ج بُكْمٌ: گاچا، تىلسىز، زۇۋانسىز.

أَبْكَى يُبْكِي إِبْكَاءً: يىغلاتتى.

إِبِلٌ ج آبَالٌ: تۆگە، تۆگە توپى.

«أَفَلاَيَنْظُرُونَ إِلَى الْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ» «قرآن»: ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى.

إِبْلاَقَّ يَبْلاَقُّ إِبْلِيقَاقًا: داغ چۈشتى، ئالىچىپار بولۇپ قالدى.

أَبْلَجَ يُبْلِجُ إِبْلاَجًا الصُّبْحُ: تاڭ يورىدى.

أَبْلَجَ الْحَقُّ: ھەقىقەت نامايەن بولدى.

أَبْلَجَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئېچىپ بەردى، ئىزاھلىدى.

أَبْلَجُ م بَلْجَاءُ ج بُلْجٌ: پارلاق، روشەن، شانلىق، خۇشخۇي.

أَبْلَعَ يُبْلِعُ إِبْلاَعًا: يۇتقۇزدى (تائام ياكى سۇنى).

أَبْلَعَهُ الدَّوَاءَ: ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزدى.

أَبْلَغَ يُبْلِغُ إِبْلاَغًا: يەتكۈزدى، خەۋەر قىلدى.

«فَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَاقَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالَةَ رَبِّي» «قرآن»: ئۇ (ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن) ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلدى ۋە «ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگا-

رىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۇم. . . » دېدى.

أَبْلَقَ يُبْلِقُ إِبْلاَقًا: ئالىچىپار بولۇپ قالدى.

أَبْلَقُ م بَلْقَاءُ ج بُلْقٌ: ئالىچىپار، ئالىبۇلماچ؛ چىپار ئات.

إِبْلَقَّ يَبْلَقُّ إِبْلِقَاقًا: داغ چۈشتى، ئالىچىپار بولۇپ قالدى.

أَبَلَّ يُبِلُّ إِبْلاَلاً الْمَرِيضُ: كېسەل ساقايدى.

أَبْلَهُ م بَلْهَاءُ ج بُلْهٌ: گالۋاڭ، مەتۇ، ھاڭۋاقتى، دەلدۈش، دۆت، دەلتە.

إِبْلَوْلَقَ يَبْلَوْلِقُ إِبْلِيقَاقًا: داغ چۈشتى، ئالىچىپار بولۇپ قالدى.

أَبْلَى يُبْلِي إِبْلاَءً الثَّوْبَ: كىيىمنى كونىرىتەۋەتتى.

أَبْلَى فِي الْأَمْرِ: تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

إِبْلِيزٌ: لاي، لاتقا.

إِبْلِيسُ ج أَبَالِسَةٌ: شەيتان، ئىبلىس، ئازازۇل.

«وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ» «قرآن» : ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى.

إِبْلِيسُ اللَّعِينُ: لەنەتكەردى ئىبلىس، قاغىشتەگكۈر شەيتان.

إِبْلِيسِيٌّ: شەيتانى، شەيتانغا خاس.

إِبْنٌ ج بَنُونٌ وَأَبْنَاءٌ: ئوغۇل، ئوغۇل بالا.

إِبْنٌ بِالتَّبَنِّي: بېقىۋالغان بالا، ئاسىراندى بالا.

هُو ابْنُ أَبِيهِ: ئۇ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ.

إِبْنُ الْبَلَدِ: يەرلىك ئادەم، مۇشۇ يەرلىك كىشى.

إِبْنُ الْبِنْتِ: قىزنىڭ ئوغلى، نەۋرە ئوغۇل.

إِبْنُ الْجِنْسِ: قېرىنداش، يۇرتداش، بىر يۇرتلۇق.

إِبْنُ أَكَابِرَ: ئېسىل نەسەبلىك، نەسەبى ئۇلۇغ.

إِبْنُ سَاعَتِهِ: ۋاقىتلىق، ئۆزۈنغا بارمايدىغان.

إِبْنُ الْعِرْسِ ج بَنَاتُ الْعِرْسِ: ئاغمىخان.

إِبْنُ الْآخِرَةِ: زاھىد، تەقۋادار.

إِبْنُ آوى: چىلبۆرە.

إِبْنُ الْأَخِ: ئەر بىر تۇغقاننىڭ ئوغلى، جىيەن، جىيەن ئوغۇل.

إِبْنُ الْأُخْتِ: ئايال بىر تۇغقاننىڭ ئوغلى، جىيەن ئوغۇل.

إِبْنُ الْخَالِ: بىر نەۋرە ئاكا ياكى ئىنە (ئانا تەرەپ تاغىسىنىڭ ئوغلى).

إِبْنُ الْخَالَةِ: بىر نەۋرە ئاكا ياكى ئىنى (ئانا تەرەپ ھاممىسىنىڭ ئوغلى).

إِبْنُ الدِّينِ: دىنداش، دىنىي قېرىنداش.

إِبْنُ الزَّوْجِ: ئاۋۋالقى خوتۇندىن بولغان ئوغۇل، ئانىغا ئۆگەي ئوغۇل.

إِبْنُ الزَّوْجَةِ: ئاۋۋالقى ئەردىن بولغان ئوغۇل، ئاتىغا ئۆگەي ئوغۇل.

إِبْنُ الْعَمِّ: بىر نەۋرە ئاكا ياكى ئىنى (ئاتا تەرەپ تاغىسىنىڭ ئوغلى).

إِبْنُ قَوْمِهِ: ۋەتەنداشلىرى، مىللەتداشلىرى.

إِبْنُ اللُّغَةِ: ئانا تىلدا سۆزلىگۈچى.

إِبْنُ اللَّيْلِ: ئوغرى.

إِبْنُ السَّبِيلِ: مۇساپىر، يولۇچى، ماكانسىز.

«وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ» «قرآن» : ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە ياردەم بېرىش. . .

إِبْنٌ وَحِيدٌ: يالغۇز ئوغۇل.

إِبْنُ الشَّرْقِ: شەرقلىق، شەرق ئوغلى.

إِبْنُ الْعَرَبِ: ئەرەب، ئەرەب ئوغلى.

إِبْنُ يَوْمِهِ: بىغەم، بىپەرۋا، ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان.

إِبْنُ غَيْرُشَرْعِيٍّ: نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا، ھارامدىن بولغان بالا.

إِبْنُ الْمَدِينَةِ: شەھەرلىك.

إِبْنُ النَّاسِ: ئېسىل نەسەبلىك.

إِبْنُ الْيَوْمِ فِي. . .: يېڭىباچە.

«هُوَابْنُ أَبِيهِ» : ئۇ دادىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ دادىسىنىڭ بالىسى.

أَبْنَاءُ الضَّادِ: ئەرەبلەر.

أَبْنَاءُ جِلْدَتِهِ: ئىرقداش.

أَبْنَاءُ الشَّعْبِ: ۋەتەنداشلار.

أَبْنَاءُ الْبِلَادِ: ۋەتەنداشلار.

أَبْنَاءُ الْوَطَنِ: ۋەتەنداشلار.

اِبْنَةٌ ج بَنَاتٌ: قىز بالا، قىز.

اِبْنَةُ الْأَخِ: ئەر بىر تۇغقاننىڭ قىزى، جىيەن قىز.

اِبْنَةُ الْأُخْتِ: ئايال بىر تۇغقاننىڭ قىزى، جىيەن قىز.

اِبْنَةُ الْعَمِّ: بىر نەۋرە ئاچا ياكى سىڭىل (ئاتا تەرەپ تاغىسىنىڭ قىزى).

اِبْنَةُ الْخَالِ: بىر نەۋرە ئاچا ياكى سىڭىل (ئانا تەرەپ تاغىسىنىڭ قىزى).

اِبْنَةُ الْخَالَةِ: بىر نەۋرە ئاچا ياكى سىڭىل (ئانا تەرەپ ھاممىسىنىڭ قىزى).

اِبْنَةُ الزَّوْجِ: ئاۋۋالقى ئايالدىن بولغان قىز (ئاتىغا ئۆگەي قىز).

اِبْنَةُ الزَّوْجَةِ: ئاۋۋالقى ئەردىن بولغان قىز (ئاتىغا ئۆگەي قىز).

أُبْنَةٌ ج أُبَنٌ: قاداق (ياغاچنىڭ)، چوماق، ئۆچمەنلىك؛ كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، ئېيىپ.

«لَيْسَ فِي حَسَبِهِ أُبْنَةٌ»: ئۇنىڭ ئېسىللىكىدە ئېيىپ يوق.

اِبْنِيٌّ: ئوغۇلنىڭ، ئوغۇل بالىغا خاس.

أَبَهَ يَأْبَهُ أَبْهًا: بايقىدى، سەزدى، كۆردى.

يُؤْبَهُ لَهُ: دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك.

لَا يُؤْبَهُ: ئىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئەرزىمەيدىغان.

لَا يُؤْبَهُ لَهُ أَوْ بِهِ: پەرۋا قىلىنمايدۇ، پەرۋايىم پەلەك دەپ قارىلىدۇ، مەنسىتمەيدۇ.

إِبْهَامٌ ج أَبَاهِمُ: تۇتۇق، مۇجمەل؛ بارماق قول.

إِبْهَامُ الْيَدِ: باش بارماق.

إِبْهَامُ الرِّجْلِ: پۇتنىڭ باش بارمىقى.

أَبْهَجَ يُبْهِجُ إِبْهَاجًا الشَّخْصَ: خۇشال قىلدى، خۇش قىلدى، خۇرسەن قىلدى.

أَبْهَرُ: ئانا تومۇر.

اَلْأَبْهَرَانِ: يۈرەككە قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىككى قان تومۇرنىڭ نامى.

أَبْهَمَ يُبْهِمُ إِبْهَامًا الْأَمْرَ: ئىش يوشۇرۇن بولدى، تۇتۇق بولدى، مۇجمەل بولدى، قىيىن بولدى.

أَبْهَمَ الْكَلَامَ: سۆزنى مۇجمەل قىلدى، سۆزنى مۇجمەللەشتۈردى.

أَبُو الْبَيْتِ: ئۆي ئىگىسى.

أَبُو الْكَرَمِ: سېخىي.

أَبُو الْبَشَرِ: ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ئادەم ئەلەيھىسسالام.

أَبُو الْمَسْرَحِ: تىياتىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ياكى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم شەخس.

أَبُو الْهَوْلِ: (ئەبۇلھەۋل) مىسىردىكى شىرتەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل.

لِلّٰهِ أَبُوكَ: قالتىس قىلدىڭ، ئاجايىپ چوڭ ئىش قىلدىڭ، يارايسەن، ئاتاڭغا رەھمەت.

أَبَوَانِ: ئاتا ـ ئانا.

«وَوَرِثَهُ أَبَوَاهُ» «قرآن»: ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلدى.

أَبُونَ: ئاتا، دادا.

أُبُوَّةٌ: ئاتىلىق سۆيەت، ئاتىلىق ھوقۇق.

رَابِطَةُ الْأُبُوَّةِ: ئاتىلىق مۇناسىۋەت.

أَبَوِيٌّ: ئاتىلىق، ئاتىلارچە.

شَمَلَهُ بِعَطْفِهِ الْأَبَوِيِّ: ئۇنىڭغا ئۇ ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى.

أَبَوِيَّةٌ: قانداش بىر جامائەنىڭ ئائىلە تۈزۈلۈمى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېشى چوڭ ھېسابلانغان كىشى؛ بويسۇنۇلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم.

أَبَى يَأْبَى إِبَاءً و إِبَاءَةً: باش تارتتى، رەت قىلدى؛ ئۇنىمىدى؛ تاشلىدى.

«فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ» «قرآن»: ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى.

«أَبَى إِلَّا أَنْ يَفْعَلَ كَذَا»: ئۇ قىلىمەن دەپ چىڭ تۇردى.

أَبَى الشَّخْصُ: باش تارتتى.

شَاءَ أَمْ أَبَى: مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن.

«سَأُسَافِرُ شِئْتَ أَمْ أَبَيْتَ»: مەيلى ئۇنا، مەيلى ئۇنىما، سەپەرگە چىقىۋېرىمەن.

أَبَيْتَ اللَّعْنَ: ئەيىبلىنىدىغان ئىشنى قىلمايسەن، ناچار ئىشقا يولىمايسەن.

أَبْيَضُ م بَيْضَاءُ: ئاپئاق.

«وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ» «قۇرئان»: تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار.

أَبْيَضُ الْبَشَرَةِ: ئاق تەنلىك.

أَبْيَضُ نَاصِعٌ: قاردەك، ئاپئاق.

اَلْإِرْهَابُ الْأَبْيَضُ: ئاق تېررورلۇق.

لَا يَمْلِكُ أَبْيَضَ وَلَا أَسْوَدَ: ھېچنېمىسى يوق.

أَبْيَضُ الْقَلْبِ: دىلى پاك، پاكدىل.

سِلَاحٌ أَبْيَضُ: پاك ئەمەلدار؛ ئاق قىلىچ.

مَوْتٌ أَبْيَضُ: ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم.

نَهَارُكَ أَبْيَضُ: (سالام قىلغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز بولۇپ كۈنلىرىڭىز بەختلىك بولسۇن دېگەن مەنىدە).

اَلْأَبْيَضَانِ: سۇ بىلەن سۈت؛ سۇ بىلەن نان.

أَبْيَضَانِيٌّ: ئاق تەنلىك.

اِبْيَضَّ يَبْيَضُّ اِبْيِضَاضًا الشَّعْرُ: چاچ ئاقاردى.

«وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللَّهِ» «قۇرئان»: يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ.

لِلَّهِ دَرُّ أَبِيكَ: ئاتاڭغا رەھمەت.

أَبِيلٌ ج آبَالٌ و أُبُلٌ: راھىب.

أَبِيلَةٌ: مۇناخ، راھىبە.

أَبِينَاءُ: پاساھەتلىك، تىلى راۋان.

أَبِيٌّ ج أَبِيُّونَ: ئالىيجاناب، ۋىجدانلىق.

لَهُ نَفْسٌ أَبِيَّةٌ: ئۇ ئالىيجاناب.

أَتَاحَ يُتِيحُ إِتَاحَةً لَهُ: ئۇنىڭغا تەييارلاپ بەردى، ئۇنىڭغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

«أَتَاحَتْ لَهُ الرِّحْلَاتُ التَّعَرُّفَ عَلَى كَثِيرٍ مِنَ النَّاسِ»: ئۇنىڭ قىلغان ساياھەتلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

أَتَانٌ ج أُتُنٌ: مادا ئېشەك.

أَتَاهَ يَتِيهُ إِتَاهَةً: تەڭلىكتە قالدۇردى؛ تويۇق يولغا باشلىدى.

إِتَاوَةٌ ج أَتَاوَى: باج، سېلىق؛ پارا.

أَتْأَمَ يُتْئِمُ إِتْآمًا ـــ تِ الْمَرْأَةُ: ئايال قوشكېزەك تۇغدى.

إِتْبَاعٌ: ئەگەشتۈرمەك؛ ئۇلىماق؛ بويسۇندۇرماق.

أَتْبَعَ يُتْبِعُ إِتْبَاعًا: ئەگەشتۈردى، كەينىگە سېلىۋالدى.

«إِلَّا مَنِ اسْتَرَقَ السَّمْعَ فَأَتْبَعَهُ شِهَابٌ مُبِينٌ» «قۇرئان»: لېكىن ئوغرىلىقچە قولاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇ.

«أَلَمْ نُهْلِكِ الْأَوَّلِينَ ثُمَّ نُتْبِعُهُمُ الْآخِرِينَ» «قۇرئان»: (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟ ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق.

أَتْبَعَ الْمَرْءُ فِي كَلَامِهِ «فى البلاغة»: بىر ۋەزىندىكى (ۋەزن ئوخشاش ئىككى سۆز ئىشلىتىلگەندە، ئۇلاردىن بىرىنىڭ مەنىسى بولۇپ، يەنە بىرىنىڭ مەنىسى بولمايدۇ... «حَسَنٌ بَسَنٌ» غا ئوخشاش).

أَتْبَعَ الشَّخْصَ بِهِ: ئەگەشتۈردى.

اِتَّأَدَ يَتَّئِدُ اِتِّئَادًا فِي مَشْيَتِهِ: ئالدىرىماي ماڭدى، تەمكىن ماڭدى، ۋەزمىن ماڭدى.

اِتَّأَدَ فِي الْأَمْرِ: ئىشتا تەمكىن بولدى، ئىشتا ۋەزمىن بولدى.

اِتَّأَسَ يَتَّئِسُ اِتِّئَاسًا فِيهِ: ئۈمىد ئۈزدى، ئۈمىدسىزلەندى.

اِتِّبَاعًا لَهُ: ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن، ئاساسەن.

«أَصْدَرَ أَمْرًا بِمَنْعِ السَّفَرِ اِتِّبَاعًا لِلتَّعْلِيمَاتِ الْجَدِيدَةِ» : يېڭى يوليورۇققا ئاساسەن سەپەرنى چەكلەش بۇيرۇقى چىقاردى.

اِتَّبَسَ يَتَّبِسُ اِتِّبَاسًا الشَّيْءُ: قۇرىدى، قۇرۇپ قالدى.

اِتَّبَعَ يَتَّبِعُ اِتِّبَاعًا: ئەگەشتى، كەينىگە كىردى، ئەمەل قىلدى.

«وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ» ‹قرآن› : ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن.

اِتَّبَعَ الْقُرْآنَ وَالْحَدِيثَ: قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلدى.

اِتَّبَعَ فِي الْأَمْرِ: بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلدى.

اِتِّجَاهٌ ج اِتِّجَاهَاتٌ: يۆنىلىش، تەرەپ؛ يۈزلىنىش، مەلۇم تەرەپكە يۈزلىنىش.

طَرِيقٌ ذُو اِتِّجَاهٍ وَاحِدٍ: بىر يۆنىلىشلىك يول.

اِتِّجَاهٌ سِيَاسِيٌّ مُعْتَدِلٌ: نورمال سىياسىي يۆنىلىش.

اِتِّجَاهٌ فِكْرِيٌّ: ئىدىيىۋى يۆنىلىش.

اِتِّجَاهٌ مُضَادٌّ: قارىمۇ قارشى يۆنىلىش.

«غَيَّرَتِ السَّيَّارَةُ اِتِّجَاهَهَا بِسُرْعَةٍ» : ماشىنا تېزلىك بىلەن بۇرالدى.

اَلْاِتِّجَاهَاتُ الْمُتَطَرِّفَةُ: چېكىدىن ئاشقان يۆنىلىشلەر.

اِتَّجَرَ يَتَّجِرُ اِتِّجَارًا: سودا قىلدى، تىجارەت قىلدى.

اِتَّجَهَ يَتَّجِهُ اِتِّجَاهًا إِلَى: ماڭدى، كەتتى، يۈرۈپ كەتتى، ئاتلاندى، يۈزلەندى.

اِتَّجَهَ لَهُ رَأْيٌ: ئويلىدى، خىيالىغا كەلدى، كاللىسىغا كەلدى، ئېسىگە كەلدى.

«اِتَّجَهَ السَّائِحُ نَحْوَ الْجَنُوبِ» : ساياھەتچى جەنۇب تەرەپكە يۈزلەندى.

اِتِّحَادٌ: بىرلەشمەك، بىرلىككە كەلمەك، ئۇيۇشماق، ھەمكارلاشماق؛ جەمئىيەت، ئىتتىپاق، بىرلەشمە، ئىتتىپاقداش، فېدېراتسىيە، قوشما.

اِتِّحَادٌ: بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، بىرلەشمەك؛ بىرلەشمە، ئىتتىپاق.

اِتِّحَادُ الْآرَاءِ: بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە، پىكىر بىرلىكى.

اِتِّحَادُ الشَّبَابِ الدُّوَلِيُّ الْعَالَمِيُّ: دۇنيا دېموكراتىك ياشلار بىرلەشمىسى.

اَلْاِتِّحَادُ الدُّوَلِيُّ لِلْعِلْمِ الْفَلَكِيِّ: خەلقئارا ئاسترونومىيە جەمئىيىتى.

اِتِّحَادُ الصَّحَفِيِّينَ الدُّوَلِيُّ: خەلقئارا ئاخباراتچىلار بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ النِّقَابَاتِ الدُّوَلِيُّ: دۇنيا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى.

اِتِّحَادُ الْجُمْهُورِيَّاتِ الْاِشْتِرَاكِيَّةِ السُّوفِيَّاتِ: سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى.

اِتِّحَادُ الْكُتَّابِ الْعَرَبِ: ئەرەب يازغۇچىلار بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ أَطِبَّاءِ الْأَسْنَانِ وَجَرَاحِي الْأَسْنَانِ الْعَرَبِ: ئەرەب چىش بۆلۈمى ۋە چىش تاشقى بۆلۈمى دوختۇرلىرى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الصَّحَفِيِّينَ الْعَرَبِ: ئەرەب ئاخبارات خىزمەتچىلىرى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ وَكَالَاتِ الْأَنْبَاءِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب ئاگېنتلىقلىرى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْبِيُولُوجِيِّينَ الْعَرَبِ: ئەرەب بىئولوگلىرى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْأَطِبَّاءِ النَّفْسِيِّينَ الْعَرَبِ: ئەرەب پسىخىك دوختۇرلىرى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الصَّيَادِلَةِ الْعَرَبِ: ئەرەب دورىگەرلىرى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْمُحَامِينَ الْعَرَبِ: ئەرەب ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْمُهَنْدِسِينَ الزِّرَاعِيِّينَ الْعَرَبِ: ئەرەب يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرى بىرلەشمىسى.

اَلْاِتِّحَادُ الْعَامُّ لِلْغُرَفِ التِّجَارِيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب سودا جەمئىيىتى باش بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْغُرَفِ التِّجَارِيَّةِ وَالصِّنَاعِيَّةِ وَالزِّرَاعِيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب سودا ـ سانائەت يېزا ئىگىلىكى بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ مَجَالِسِ الْبَحْثِ الْعِلْمِيِّ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى مۇدىرىيىتى بىرلەشمىسى.

اَلْاِتِّحَادُ النِّسَائِيُّ الْعَرَبِيُّ: ئەرەب ئاياللار بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُالْحُقُوقِيِّينَ الْعَرَبِ: ئەرەب قانۇن خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى.

اَلْاِتِّحَادُالْعَرَبِيُّ لِلْأَمْنِ الصِّنَاعِيِّ: ئەرەب سانائەت بىخەتەرلىكى ئىتتىپاقى.

اَلْاِتِّحَادُ الدُّوَلِيُّ لِنِقَابَاتِ الْعُمَّالِ الْعَرَبِ: ئەرەب ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلقئارالىق بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُالْخُطُوطِ الْجَوِّيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ الْعَالَمِيَّةِ: ئەرەب خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئىتتىپاقى.

اِتِّحَادُالْجَامِعَاتِالْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېت ئىتتىپاقى.

اَلْاِتِّحَادُ الْعَرَبِيُّ لِلْمُوَاصَلَاتِ السِّلْكِيَّةِ وَاللَّاسِلْكِيَّةِ: ئەرەب تېلېگراف ئىتتىپاقى.

اِتِّحَادُ دُوَلِ جَنُوبِ شَرْقِ آسِيَا (الْآسِيَان): شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى - ASEAN.

اِتِّحَادُالْبَرِيْدِ الْآسِيَوِيِّ الْأُوقْيَانُوسِيِّ: ئاسىيا - ئوكيانىيە پوچتا ئىتتىپاقى.

اِتِّحَادُ الْإِذَاعَاتِ الْعَرَبِيِّ: ئەرەب رادىئو ئىتتىپاقى.

اَلْاِتِّحَادُ الدُّوَلِيُّ لِكُرَةِ الطَّاوِلَةِ: خەلقئارا تىكتاك توپ بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْبَرِيْدِ الدُّوَلِيِّ: خەلقئارا پوچتا ئىتتىپاقى.

اَلْاِتِّحَادُ النِّسَائِيُّ لِلدُّوَلِ الْأَفْرِوَاسِيَوِيَّةِ: ئاسىيا - ئافرىقا ئاياللار بىرلەشمىسى.

اِتِّحَادُ الْكُتَّابِ الْأَفْرِوَاسِيَوِيِّيْنَ: ئاسىيا - ئافرىقا يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى.

اِتِّحَادُالطَّيْرَانِ الدُّوَلِيُّ: خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى.

اِتِّحَادُ الْقَانُونِيِّينَ الدِّيْمُقْرَاطِيِّينَ الدُّوَلِيُّ: خەلقئارا دېموكراتىك قانۇن خىزمەتچىلىرى ئۇيۇشمىسى.

اَلْاِتِّحَادُ الدُّوَلِيُّ لِلنَّقْلِ الْجَوِّيِّ: خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى ئۇيۇشمىسى.

اِتِّحَادُ الْبَرِيْدِ الْعَالَمِيِّ: دۇنيا پوچتا ئىتتىپاقى-UPU.

اَلْاِتِّحَادُ الدُّوَلِيُّ لِلْمُوَاصَلَاتِ السِّلْكِيَّةِ وَاللَّاسِلْكِيَّةِ: خەلقئارا تېلېگراف ئىتتىپاقى - ITU.

اِتِّحَادُ الطَّلَبَةِ الدُّوَلِيُّ: خەلقئارا ئوقۇغۇچىلار كومىتېتى.

اِتِّحَادُ النِّسَاءِ الدِّيْمُقْرَاطِيِّ الْعَالَمِيُّ: خەلقئارا دېموكراتىك ئاياللار كومىتېتى.

بِالْاِتِّحَادِ: ئورتاق، بىللە، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ.

اِتِّحَادِيٌّ: بىرلەشمىلىك، ئىتتىپاقلىق، فېدېراتسىيىلىك، ئۇيۇشمىلىك.

حُكُومَةٌ اِتِّحَادِيَّةٌ: بىرلەشمە ھۆكۈمەت.

اَلْحُكُومَةُ الْاِتِّحَادِيَّةُ لِلْوِلَايَاتِ الْمُتَّحِدَةِ الْأَمْرِيكِيَّةِ: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى.

اِتَّحَدَ يَتَّحِدُ اِتِّحَادًا الْأَشْيَاءُ: شەيئىلەر بىرلىككە كەلدى، شەيئىلەر بىرلەشتى، شەيئىلەر بىر بولدى؛ شەيئىلەر تەركىب تاپتى، شەيئىلەر قوشۇلدى.

اِتَّحَدَ الْقَوْمُ: ئىتتىپاقلاشتى، بىرلىككە كەلدى.

اِتَّحَدَ الْقَوْمُ: ئىتتىپاقلاشتى، بىرلەشتى.

اِتَّحَدَ الشَّيْئَانِ: ئىككىسى بىرلەشتى.

اِتِّخَاذُ إِجْرَاءَاتٍ طَارِئَةٍ: جىددىي تەدبىر قوللىنىش.

اِتَّخَذَ يَتَّخِذُ اِتِّخَاذًا: پايدىلاندى، قوللاندى، ئىشلەتتى.

اِتَّخَذَ قَرَارًا: قارار ماقۇللىدى.

«اِتَّخَذَ اللّٰهُ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلًا» (قرآن): ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى.

«اَلَّذِيْنَ اتَّخَذُوا دِيْنَهُمْ لَهْوًا وَلَعِبًا» (قرآن): كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى.

«اِتَّخَذَتِ الْحُكُومَةُ التَّدَابِيْرَ أَوِالْإِجْرَاءَاتِ الضَّرُورِيَّةَ»: ھۆكۈمەت زۆرۈر تەدبىر - چارىلەرنى قوللاندى.

إتَّخَمَ يَتَّخِمُ إتِّخَامًا: تويدى، قورساق بەك تويۇپ كەتتى.

إتَّخَمَهُ الطَّعَامُ: تاماق ئۇنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ قويدى.

إتَّرَكَ يَتَّرِكُ إتِّرَاكًا: ئېتىبارسىز قالدۇردى، نەزەرگە ئالمىدى، كۆز يۇمدى.

إتِّزَانٌ: بالانس، تەڭپۇڭلۇق، مۇۋازىنەت تەكشىلىك، تەڭ، باراۋەر، ئوخشاش.

إتِّزَانُ الْعَقْلِ: خاتىرجەم، ئەركىن، تەمكىن، سالماق، تىنچ.

إتَّزَرَ يَتَّزِرُ اتِّزَارًا بِكَذَا: پەرتۇق تارتتى، پەرتۇق كىيدى.

إتَّزَرَالشَّخْصُ: گۇناھ قىلدى، جىنايەت ئۆتكۈزدى، ئىشتان كىيدى.

إتَّزَنَ يَتَّزِنُ إتِّزَانًا: تەڭپۇڭ بولدى، ئوخشاش بولدى، باراۋەر بولدى، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىدى، ئېغىر - بېسىق بولدى، سالماق بولدى، تەمكىن بولدى، ئۆزىنى باستى.

إتَّزَنَ الشَّيْءَ: جەڭلىدى، جىڭغا سېلىپ باقتى، تارتىپ باقتى.

إتَّزَنَ الْعِدْلُ: تەڭپۇڭ بولدى.

إتَّزَنَ الشَّيْئَانِ: ئېغىرلىقتا ئوخشاش بولدى.

إتَّزَنَ الشَّخْصُ: تەمكىن بولدى.

إتِّسَاعٌ: كېڭەيمەك؛ كەڭ، زور، سىغىمچانلىق.

إتَّسَخَ يَتَّسِخُ إتِّسَاخًا الشَّيْءُ: كىر بولۇپ كەتتى، مەينەتلىشىپ كەتتى.

إتَّسَعَ يَتَّسِعُ إتِّسَاعًا الشَّيْءُ: كېڭەيدى، كەڭ بولدى.

«**إتَّسَعَ صَدْرُهُ لِمُخْتَلِفِ الْآرَاءِالْمَعْرُوضَةِ فِي الْإِجْتِمَاعِ**»: يىغىندا قويۇلغان تۈرلۈك پىكىرلەرگە كەڭ قورساق بولدى.

إتَّسَقَ يَتَّسِقُ إتِّسَاقًا الشَّيْءُ: تەرتىپلىك بولدى؛ يىغىلدى، توپلاندى.

إتَّسَقَ الْقَمَرُ: ئاي تولدى.

«**وَالْقَمَرِ إِذَا اتَّسَقَ**» «قۇرئان»: نۇرى كامالەتكە يەتكەن ئاي (يەنى تولۇن ئاي) بىلەن قەسەمكى.

إتَّسَقَتِ الْأَشْجَارُ: دەرەخلەر بوك - باراقسان بولدى.

إتَّسَقَتِ الْعِبَارَاتُ: سۆز - ئىبارىلەر رەتلىك بولدى.

إتَّسَمَ يَتَّسِمُ إتِّسَامًا: تامغا بېسىلدى، ئەن سېلىندى، بەلگە قويۇلدى.

إتَّشَحَ يَتَّشِحُ إتِّشَاحًا الشَّخْصُ: گالىستۇك تاقىدى.

إتَّشَحَ بِسَيْفِهِ: قىلىچ ئېسىۋالدى.

إتِّصَالٌ: تۇتاشماق، ئۇلاشماق، باغلانماق، مۇناسىۋەتلەشمەك؛ داۋاملاشماق.

«**أَقَامَ هَذَانِ الْمَعْهَدَانِ لِلْأَبْحَاثِ إتِّصَالاَتٍ فِيمَا بَيْنَهُمَا مُنْذُ ثَلاَثِ سَنَوَاتٍ**»: بۇ ئىككى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورناتتى.

قَطْعُ الْإِتِّصَالاَتِ: كەلدى - باردىنى ئۈزمەك.

إتَّصَفَ يَتَّصِفُ إتِّصَافًا بِكَذَا: سۈپەتلەندى، تەسۋىرلەندى، خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولدى.

إتَّصَفَ الشَّيْءُ: سۈپەتلىككە بولدى، خاراكتېرلەندى.

إتَّصَفَتْ بِالْكَرَمِ: سېخىيلىق بىلەن ئاتىلىپ چىقتى.

إتَّصَلَ يَتَّصِلُ إتِّصَالاً بِالشَّيْءِ: ئۇلاشتى، تۇتاشتى، باغلاندى، مۇناسىۋەتلەشتى.

إتَّصَلَ بِالْوَزِيرِ: مىنىستىر بىلەن ئالاقىلەشتى.

إتَّصَلَ بِهِ الْخَبَرُ: خەۋەر تاپتى، ۋاقىپ بولدى.

إتَّصَلَ بِهِ: تۇتاشتى، چېگرىداش بولدى، ئۇچراشتى؛ كۆرۈشتى.

إتَّصَلَ الْعَمَلُ: خىزمەت داۋاملاشتى.

إتَّصَلَ إلَى: يەتتى، يېتىپ باردى، يېتىپ كەلدى.

إتِّضَاعٌ: كىچىك پېئىل بولماق، كەمتەر بولماق.

إتَّضَحَ يَتَّضِحُ إتِّضَاحًا الْأَمْرُ: ئىش ئاشكارا بولدى، ئايدىڭلاشتى.

إتَّضَحَ الطَّرِيقُ: يول روشەن بولدى.

يَتَّضِحُ مِنْ كَلاَمِهِ أَنَّهُ صَادِقٌ: ئۇنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ راستچىللىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

إتَّضَعَ يَتَّضِعُ إتِّضَاعًا الرَّجُلُ: كەمتەر بولدى، كىچىك پېئىل بولدى؛ پەسكەش بولدى.

إِتَّطَنَ يَتَّطِنُ إِتِّطَانًا الْمَكَانَ: ماكانلاشتى، ئولتۇراقلاشتى، ماكان تۇتتى.

إِتَّعَدَ يَتَّعِدُ إِتِّعَادًا الْقَوْمُ: ۋەدىلەشتى، ۋەدە قىلىشتى، توختاملاشتى.

إِتَّعَدَهُ: قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

إِتَّعَدَ الشَّخْصُ: ۋەدىگە ئىشەندى.

إِتَّعَظَ يَتَّعِظُ إِتِّعَاظًا الرَّجُلُ: ۋەز - نەسىھەت ئالدى، ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلدى.

إِتَّعَظَ بِكَذَا: ساۋاق ئالدى.

إِتِّفَاقٌ: بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، مۇۋاپىقلىق، ماس كەلمەك.

إِتِّفَاقًا: ئويلىمىغان يەردىن، تاسادىپىي.

إِتِّفَاقٌ. إِتِّفَاقِيَّةٌ ج إِتِّفَاقِيَّاتٌ: كېلىشىم، شەرتنامە، مۇئاھىدە.

إِتِّفَاقٌ تِجَارِيٌّ: سودا توختىمى.

إِتِّفَاقٌ سِيَاسِيٌّ: سىياسىي سۆلھى.

«لَقَدْ تَمَّ التَّوَصُّلُ إِلَى اتِّفَاقٍ»: كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

«إِتَّفَقَ عَلَى شِرَاءِ الْبَضَائِعِ»: مال زاكاس قىلدى.

إِتَّفَقَ يَتَّفِقُ اِتِّفَاقًا الشَّخْصَانِ: ئىتتىپاقلاشتى، بىرلىككە كەلدى، سۆھبەتلەشتى.

إِتَّفَقَ الْأَمْرُ: تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالدى.

إِتَّفَقَ عَلَى: قوشۇلدى، ماقۇل بولۇشتى، بىرلىككە كېلىشتى.

كَيْفَمَا اتَّفَقَ: بولۇشىچە، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداقلا بولمىسۇن.

إِتَّقَى يَتَّقِي إِتِّقَاءً: ساقلاندى، ئېھتىيات قىلدى، ھەزەر ئەيلىدى، قورقتى، تەقۋادارلىق قىلدى.

إِتَّقَى بِالشَّيْءِ: قالقان قىلىۋالدى، پاناھلاندى، مۇداپىئەلەندى.

«وَاتَّقُوا اللّٰهَ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللّٰهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ»

«قۇرئان»: ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

«وَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ» «قۇرئان»: كۇففارلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار.

إِتَّقَى اللّٰهَ: ئاللاھدىن قورقتى، تەقۋادار بولدى، پەرھىزكار بولدى.

إِتَّقَى بِالشَّجَرَةِ: دەرەخنى دالدا قىلدى.

إِتَّقَدَ يَتَّقِدُ إِتِّقَادًا اللَّهَبُ: يالقۇنجىدى.

إِتَّقَدَتِ النَّارُ: ئوت ياندى.

إِتَّقَدَتِ الْكَوْكَبُ: يۇلتۇز پارلىدى.

إِتَّقَدَ فُلَانٌ حَمَاسًا: تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقتا چۆمدى.

إِتَّقَدَ غَضَبًا: دەرغەزەپ بولدى، زەردىسى قاينىدى.

إِتِّكَاءٌ: يۆلەنمەك، تايانماق.

إِتَّكَأَ يَتَّكِئُ إِتِّكَاءً عَلَى الشَّيْءِ: يۆلەندى، تاياندى.

إِتَّكَأَ عَلَى السَّرِيرِ: يۆلىنىپ ياتتى.

إِتَّكَلَ يَتَّكِلُ إِتِّكَالًا: يۆلەندى، تاياندى، يۆلىنىۋالدى.

إِتَّكَلَ عَلَى اللّٰهِ: ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدى.

إِتِّهَامٌ: شىكايەت قىلماق، ئەرز قىلماق، تۆھمەت قىلماق، قارا چاپلىماق.

وَرَقَةُ إِتِّهَامِ الْقَرَارِ: ئەرزنامە.

قَرَارُ الْإِتِّهَامِ: قارىلاش ئاساسى، قارىلاش قارارى.

إِتِّهَامٌ كَاذِبٌ: تۆھمەت.

إِتِّهَامِيٌّ: ئەرزنىڭ، ئەرز قىلغۇچى.

هَيْئَةُ الْمُحَلَّفِينَ الْإِتِّهَامِيَّةُ: زاسېداتىللار ھەيئىتى.

إِتَّهَبَ يَتَّهِبُ إِتِّهَابًا: سوۋغات ئالدى، سوۋغات قوبۇل قىلدى.

إِتَّهَمَ يَتَّهِمُ إِتِّهَامًا هُ بِكَذَا: ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى، تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى.

إِتَّهَمَ الرَّجُلَ: گۇمانلاندى، شۈبھىلەندى.

أَتُّونٌ ج أَتَاتِينُ وَأُتُنٌ: ئوچاق، مەش، تونۇر.

أَتُّونُ صَهْرٍ: دومنا مەش، ئۆرە مەش.

أَتُّونُ الْحَمَّامِ: مۇنچا ئوچىقى.

أَتُّونُ الْمَعْرِكَةِ: ئۇرۇشنىڭ ئوچىقى.

أَتْحَفَ يُتْحِفُ إِتْحَافًا: تەقدىم قىلدى، ھەدىيە

قىلدى.

أَتْحَفَ صَدِيقَهُ: دوستىغا سوۋغا بەردى.

«أَتْحَفَهُ بِهَدِيَةٍ ثَمِينَةٍ»: ئۇ ئۇنىڭغا قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلدى.

أَثْخَمَ يُثْخِمُ إِتْخَامًا الطَّعَامُ: قورساقنى ئېسىدۋەتتى، چىڭقالدى.

أَتْرَبَ يُتْرِبُ إِتْرَابًا الشَّيْءَ: چاڭ - توزانغا كۆمۈۋەتتى.

أَتْرَبَ الشَّخْصُ: مالدار بولدى، بېيىدى.

أَتْرُجٌّ تُرُنْجَةٌ ج تُرُنْجَاتٌ: تۇرۇنج لىمونىنىڭ بىر تۈرى.

أَتْرَحَ يُتْرِحُ إِتْرَاحًا: غەم - قايغۇغا قالدى.

أَتَرَّ يُتِرُّ إِتْرَارًا: سۈرگۈن قىلماق، پالىدى.

أَتْرَزَ يُتْرِزُ إِتْرَازًا: چىڭىتتى.

أَتْرَصَ يُتْرِصُ إِتْرَاصًا الْمِيزَانَ: تارازىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى.

أَتْرَعَ يُتْرِعُ إِتْرَاعًا: تولدۇردى.

أَتْرَفَ يُتْرِفُ إِتْرَافًا: زۇلۇم قىلىشتا چېكىدىن ئاشتى؛ نازۇ نېمەتكە چۆمدۈردى.

«وَأَتْرَفْنَاهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا» «قرآن»: بۇ دۇنيادا ئۇلار بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان . . .

أَتْرَفَ الْأَبُ وَلَدَهُ: دادا بالىسىغا دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ ئەركىلەتتى.

أَتْعَابٌ: تاپان ھەققى، مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان ئازغىنە ھەق.

أَتْعَابُ الْمُحَامِي: ئادۋوكاتلىق ھەققى.

أَتْعَابُ الطَّبِيبِ: دوختۇرنىڭ ئىش ھەققى.

أَتْعَبَ يُتْعِبُ إِتْعَابًا: ھارغۇزۇۋەتتى، تويغۇزۇۋەتتى، چارچىتىۋەتتى.

أَتْعَبَ الْعَامِلَ: ئىشچىنى چارچىتىۋەتتى، ھالسىرىتىۋەتتى.

أَتْعَبَ النَّاسَ: كىشىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى.

«كَانَ يُتْعِبُ النَّاسَ بِأَسْئِلَتِهِ»: ئۇ سوئال سوراۋېرىپ ئادەملەرنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى.

أَتْعَسَ يُتْعِسُ إِتْعَاسًا: بەختسىز قىلدى، ئازابلىدى.

أَتَغَّ يُتِغُّ إِتْغَاغًا: پۇت- قولى بوشاپ كەتتى، ھالسىزلاندى.

أَتْفَرَ يُتْفِرُ إِتْفَارًا الشَّجَرُ: دەرەخ بىخ سۈردى، ئۈندى.

أَتْفَلَ يُتْفِلُ إِتْفَالًا: ئۇسۇردى.

أَتْفَهَ يُتْفِهُ إِتْفَاهًا فِي الْعِطَاءِ: سوۋغىنى ئازايتىۋەتتى، سوۋغىنى ئاز بەردى.

إِتْقَانٌ: پۇختا ئورۇندىماق، كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئىشلىمەك.

«أَكْمَلَ عَمَلَهُ بِبَرَاعَةٍ وَإِتْقَانٍ»: ئىشىنى ماھارەت ۋە پۇختىلىق بىلەن تاماملىدى.

فِي غَايَةِ الْإِتْقَانِ: ناھايىتى پۇختا ئاساستا، مۇكەممەل ئاساستا.

أَتْقَنَ يُتْقِنُ إِتْقَانًا: مۇكەممەل قىلدى، تولۇق قىلدى، پۇختا قىلدى، كەم -كۈتسىز قىلدى.

«لَا بُدَّ لِلْمُتَرْجِمِ النَّاجِحِ أَنْ يُتْقِنَ عَدَدًا مِنَ اللُّغَاتِ»: مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەرجىمان بىرقانچە تىلنى پۇختا بىلىشى زۆرۈر.

أَتْلَجَ يُتْلِجُ إِتْلَاجًا: كىرگۈزدى، سانجىدى.

أَتْلَخَ: بوينى ئۇزۇن.

أَتْلَفَ يُتْلِفُ إِتْلَافًا: بۇزۇپ چاچتى، بىكار قىلىۋەتتى.

أَتْلَفَ الْمَالَ: مالنى ئىسراپ قىلىۋەتتى، بۇزۇپ چېچىۋەتتى.

إِتْمَامٌ: تاماملىماق، تۈگەتمەك، پۈتتۈرمەك.

أَتَمَ يَأْتُمُ أَتْمًا بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، ئولتۇراقلاشتى.

«بَذَلَ أَقْصَى جُهُودِهِ لِإِتْمَامِ الْمُهِمَّةِ قَبْلَ الْمَوْعِدِ الْمُحَدَّدِ»: ۋەزىپىنى ئالدىن ئورۇنلاشقا كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشتى.

أَتَمَّ يُتِمُّ إِتْمَامًا: ئاخىرلاشتۇردى، تۈگەتتى، تولۇقلىدى، قوشۇمچە قىلدى.

«اَلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي» «قرآن»: بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم.

أَتَمَّتِ الْحَامِلُ: تۇغۇتى يېقىنلاشتى، ئاي كۈنى يېقىنلاشتى.

أَتَمَّ دِرَاسَتَهُ: ئوقۇشىنى تاماملىدى.

أَتَمَّ وَاجِبَهُ: مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

«أَتَمَّتْ دَوْرَةَ تَدْرِيبِ اللُّغَةِ الْأَجْنَبِيَّةِ الدَّوْرَةَ الْأُولَى» : ئۇ بىرىنچى قارارلىق چەت ئەل تىلى كۇرسىنى تۈگەتتى.

أَتْهَمَ يُتْهِمُ إِتْهَامًا بِكَذَا: ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى؛ تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى.

أَتَى يَأْتِي إِتْيَانًا وَأَتْيًا وَإِتْيَانَةً وَمَأْتَاةً: كەلدى، يېتىپ كەلدى، كەلتۈردى.

«مَا تَذَرُ مِنْ شَيْءٍ أَتَتْ عَلَيْهِ إِلَّا جَعَلَتْهُ كَالرَّمِيمِ» «قرآن» : ئۇ (يەنى بوران) ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك ئىتىما - تالاڭ قىلىۋېتەتتى.

«أَتَى أَمْرُاللّٰهِ فَلَاتَسْتَعْجِلُوهُ» «قرآن» : ئاللاھنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار.

أَتَى الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلدى.

أَتَى عَلَى الْأَمْرِ: پۈتتۈردى، ئورۇنلىدى.

أَتَى الْأَمْرَ: ئىشنى قىلدى.

أَتَى عَلَيْهِ الدَّهْرُ: ئۇنىڭغا كېلىشمەسلىك بولدى، ئۇنى ۋەيران قىلدى.

أَتَى الْجُرْمَ: جىنايەت ئۆتكۈزدى، گۇناھ قىلدى.

أَتَى عَلَى الْأَخْضَرِ وَالْيَابِسِ: ھەممىنى تۈگەت- ۋەتتى.

أَتَى بِهِ: ئۇنى ئېلىپ كەلدى، ھازىر قىلدى، ئېلىپ بەردى.

أَتَى الْجَوُّ أَوِالثَّوْبُ فُلَانًا: ھاۋا ياكى كىيىم مۇۋاپىق كەلدى.

أَتَى الْمَكَانَ: كەلدى.

«حَتَّى إِذَا أَتَوْا عَلَى وَادِالنَّمْلِ» «قرآن» : ئۇلار چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە.

أَتَى عَلَى الْمَكَانِ: مەلۇم جايغا چىقتى.

أَتَى الْجَيْشُ: قوشۇن بېسىپ كەلدى.

أَتَى عَلَى آخِرِهِ: تاماملىدى، ئاياغلاشتۇردى.

أَتَى عَلَيْهِ: ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتى.

«أَتَانِي بَعْدَ غِيَابٍ طَوِيلٍ» : ئۇ ئۇزۇن غايىب بولغاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.

«إِنَّهُ لَمْ يَأْتِ حَتَّى الْآنَ وَ مِنَ الْمُحْتَمَلِ أَلَّا يَأْتِيَ» : ئۇ ھازىرغىچە كەلمىدى، كەلمەسلىكى مۇمكىن.

«مِنْ مَأْمَنِهِ يُؤْتَى الْحَذِرُ» : كېلىشمەسلىك ئويلىمىغان يەردىن كېلىدۇ، بالا - قازا پۇت - قولنى ساڭگىلىتىپ كەلمەيدۇ.

كَمَا سَيَأْتِي: تۆۋەندە، تۆۋەندىكىچە.

فِيمَا يَأْتِي: تۆۋەندە، تۆۋەندىكىچە.

«لَمْ يَأْتِ الْكَاتِبُ بِجَدِيدٍ فِي بَحْثِهِ» : يازغۇچى ئۆز تەتقىقاتىدا يېڭى نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى.

أَثَابَ يُثِيبُ إِثَابَةً الشَّخْصَ: مۇكاپاتلىدى.

«فَأَثَابَهُمُ اللّٰهُ بِمَا قَالُوا جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا» «قرآن» : بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

أَثَابَ الْحَوْضَ: كۆلنى تولدۇردى.

أَثَاثٌ ج أُثُثٌ: ئۆي سايمانلىرى، ئۆي جاھازلىرى.

«وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَا أَثَاثًا وَمَتَاعًا إِلَى حِينٍ» «قرآن» : سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى (يەنى سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيۈڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان) ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى.

أَثَارَ يُثِيرُ إِثَارَةً الشَّيْءَ: قوزغىدى.

«وَأَثَارُوا الْأَرْضَ وَعَمَرُوهَا» «قرآن» : ئۇلار يەر تېرىدى ۋە ئىمارەتلەرنى سالدى.

«قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَا ذَلُولٌ تُثِيرُ الْأَرْضَ وَلَاتَسْقِي الْحَرْثَ» «قرآن» : مۇسا: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى ... ئېيتتى» دېدى.

«مَاأَقْدَرَهُمْ عَلَىأَنْيُثِيرُواعَاصِفَةًمِنْ غَيْرِرِيحٍ وَيَبْعَثُواحَرْبًا مِنْ غَيْرِ جُنْدٍ» : ئۇلار شامالسىز بوران ـ چايقۇن چىقىرىشقا، قوشۇنسىز ئۇرۇش قوزغاشقا نېمىدېگەن ئۇستا، ئۇلار تېرە تاراقلىتىشقا نېمىدېگەن ئۇستا.

أَثَارَ أَعْصَابَهُ: نېرۋىسىنى قوزغىدى، نېرۋىسىغا تەگدى.

أَثَارَ الْأَمْرَ: ئىزدەندى، تەتقىق قىلدى.

«أَثِيرُواالْقُرْآنَ فَإِنَّ فِيهِخَيْرَالْأَوَّلِينَوَالْآخِرِينَ» ‹حديث› : سىلەر قۇرئاننى تەتقىق قىلىڭلار، قۇرئان كەرىمدە بۇرۇنقى ئۆتكەن ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

أَثَارَ اِنْتِبَاهَهُ: دىققىتىنى قوزغىدى.

أَثَارَ اِهْتِمَامَهُ: دىققىتىنى قوزغىدى.

أَثَارَبَيْنَهُمُ الْخِلَافَ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ قوزغىدى.

أَثَارَ شَهْوَتَهُ: شەھۋىتىنى قوزغىدى.

أَثَارَالضِّحْكَ: كۈلكىسىنى كەلتۈردى.

أَثَارَفُضُولَهُ: ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

أَثَارَ مَسْأَلَةً أَوْنُقْطَةً: بىرەر مەسىلە ياكى بىرەر نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

أَثَارَ الْأَرْضَ: يەرنى تېرىش ئۈچۈن ئاغدۇردى.

أَثَارَةٌ وَأُثْرَةٌ ج أُثَرٌ: ئىزى يوقالغان ئىلىم، ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىلىم.

«اِئْتُونِي بِكِتَابٍ مِنْ قَبْلِ هَذَا أَوْ أَثَارَةٍ مِنْ عِلْمٍ» ‹قرآن› : بۇ (قۇرئاندىن) ئىلگىرى كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار.

أَثَامٌ: گۇناھنىڭ جازاسى.

«وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا» ‹قرآن› : كىمكى بۇنى قىلىدىكەن، ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.

إِثْبَاتٌ: ئىسپات، دەلىل، پاكىت؛ مۇقەررەرلەشتۈرۈش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مۇقىملاشتۇرۇش، ئېنىق ئىپادىلىمەك؛ مۇجىدەت.

إِثْبَاتُ الذَّاتِيَّةِ: سالاھىيىتىنى ئىسپاتلىماق.

شَاهِدُ الْإِثْبَاتِ: گۇۋاھچى.

إِثْبَاتِيٌّ: ئېنىق، مۇئەييەن.

دَلِيلٌ إِثْبَاتِيٌّ: مۇئەييەن دەلىل.

أَثْبَتَ يُثْبِتُ إِثْبَاتًا الشَّيْءَ: پۇختىلىدى، دەلىللىدى، تەستىقلىدى، ئېنىقلىدى.

«يَمْحُواللَّهُ مَايَشَاءُ وَيُثْبِتُ» ‹قرآن› : ئاللاھ (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ.

أَثْبَتَ الْأَمْرَ: ئىشنى ئېنىقلىدى، ئىشنى ئىسپاتلىدى.

أَثْبَتَ إِرَادَتَهُ: ئىرادىسىنى كۆرسەتتى.

أَثْبَتَ شَخْصِيَّتَهُ: سالاھىيىتىنى ئېنىقلىدى.

أَثْبَتَ الْكَلَامَ: سۆزنى خاتىرىلىدى.

أَثْبَتَ الْحَقَّ: ھەقىقەتنى پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

أَثْبَتَ وُجُودَهُ: ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى كۆرسەتتى.

إِثْتَمَدَ يَثْتَمِدُ اِثْتِمَادًا: كۆلدىن سۇ چىقاردى.

أَثَّ يَؤُثُّ وَ يَأَثُّ وَيَئِثُّ أَثَاثًا وَ أُثُوثًا وَ أَثَاثَةً: قويۇقلاشتى، زىچلاشتى.

أَثَّثَ يُؤَثِّثُ تَأْثِيثًا الْبَيْتَ : ئۆينى رەتلىدى، سەرەمجانلاشتۇردى.

أَثَّثَ الْفِرَاشَ: ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغدى، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇردى.

إِثَّاقَلَ يَثَّاقَلُ اِثِّيقَالاً إِلَى الْمَكَانِ: چاپلىشىۋالدى، تورۇۋالدى، ئايرىلغۇسى كەلمىدى.

«مَالَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ» ‹قرآن› : سىلەرگە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ.

أَثَّرَ يُؤَثِّرُ تَأْثِيرًا: تەسىر قىلدى، تەسىرلەندۈردى، تەسىر قالدۇردى، تەسىر كۆرسەتتى.

«أَثَّرَالْعَرَبُفِيالشُّعُوبِالَّتِيإِتَّصَلُوا بِهَا» : ئەرەبلەر ئالاقىلاشقان خەلقلەر ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى قالدۇردى.

«أَثَّرَتَأْثِيرًا بَلِيغًا» : زور دەرىجىدە تەسىر

كۆرسەتتى.

أَثَّرَالدَّوَاءُ: دورا ئۈنۈم بەردى، دورا پايدا قىلدى، دورا كۈچىنى كۆرسەتتى.

«أَثَّرَ مَنْظَرُهُ فِي نَفْسِي تَأْثِيرًا عَمِيقًا»: ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

إِثَّرَدَ يَثَّرِدُ اِثِّرَادًا الْخُبْزَ: شورپىغا نان چىلىدى.

أَثَّلَ يُؤَثِّلُ تَأْثِيلاً فِي: مەبلەغ سالدى.

أَثَّلَ الْمَجْدَ: شان ـ شەرەپنىڭ ئاساسىنى قۇردى.

أَثَّمَ يُؤَثِّمُ تَأْثِيمًا: گۇناھكار قىلدى.

إِثَّمَدَ يَثَّمِدُ اِثِّمَادًا: كۆلدىن سۇ چىقاردى.

أَثْخَنَ يُثْخِنُ إِثْخَانًا فِي الْأَمْرِ: ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلدى، مۇكەممەل ئىشلىدى.

أَثْخَنَ فِي الْأَرْضِ: دۈشمەننى تەلتۆكۈس قىردى، كۆپلەپ ئۆلتۈردى.

«مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ» ‹قرآن›: پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشى لايىق ئەمەس.

أَثْخَنَ فِي الْعَدُوِّ: راۋۇرۇس ئۇرۇشتى، دۈشمەننى قىرىپ تاشلىدى.

أَثْخَنَهُ الْأَمْرُ: ئۈستۈن كەلدى، يەڭدى.

أَثْخَنَهُ ضَرْبًا: قاتتىق ئۇردى.

أَثْخَنَهُ بِالْجِرَاحِ: قاتتىق يارىلاندۇردى.

أَثْخَنَتْهُ الْجِرَاحُ: نابۇت قىلدى، يارىلاندۇردى، زەخىملەندۈردى.

أَثَرَ يَأْثُرُ وَ يَأْثِرُ أَثْرًا وَأَثَارَةً وَ أُثْرَةً: نەقىل قىلدى، رىۋايەت قىلدى، دەلىل كەلتۈردى، ھۆرمەتلىدى، ئىززەتلىدى.

أَثَرَ فِيهِ: تەسىر كۆرسەتتى، تەسىر قالدۇردى.

أَثَرَ الشَّيْءَ: ئىختىيار قىلدى.

أَثَرَ عَلَى نَفْسِهِ: باشقىلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆردى.

أَثِرَ يَأْثَرُ أَثَرًا وأَثَرَةً عَلَيْهِ: ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن قويدى.

أَثِرَ أَنْ يَدْرُسَ: ئۆگىنىشنى ئۈستۈن قويدى.

أَثَرٌ ج آثَارٌ وَ أُثُرٌ: ئىز، نىشان، ئەسىر، ئالامەت؛ داغ، تەسىر؛ مەلھ؛ بەلگە؛ تاختا؛ قەدىمكى بىنا، قەدىمكى يادىكارلىق؛ ھەدىس.

«سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِالسُّجُودِ» ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار.

«تَرَكَ أَثَرًا عَظِيمًا فِي نَفْسِهِ»: ئۇ ئۇنىڭغا چوڭ تەسىر قىلدى.

فِي أَثَرِكَذَا: ... دىن كېيىن.

أَبْعَدُ الْأَثَرِ: چوڭقۇر تەسىر.

عَلَى الْأَثَرِ: دەرھال، ھاپىلا ـ شاپىلا.

مِنْ أَثَرِهِ: سەۋەبتىن.

أَثَرُالْجُرْحِ: جاراھەت ئىزى، تاتۇق.

«تُوُفِّيَ مِنْ أَثَرِالْجُرْحِ الَّذِي أُصِيبَ بِهِ»: ئۇ يەتكەن يارا تەسىرىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

أَثَرٌ سَيِّئٌ: يامان تەسىر.

«أَصْبَحَ أَثَرًا بَعْدَعَيْنٍ»: قۇرۇق ئىزلا قالدى، ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى، نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى.

عَلَى أَثَرِكَذَا: ھازىرلا، دەرھال.

«تَيَّهَ عَنِ الْأَثَرِ»: ئىزىدىن ئاداشتى.

أَضَاعَ الْأَثَرَ: ئىزىنى يوقاتتى (يىپ ئۈچىنى ئۈزۈپ قويدى).

آثَارُ الْمُؤَلِّفِ: بازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى.

«حَيْثُمَا يَذْهَبُ يَزُورُالْأَمَاكِنَ الْمَحَلِّيَّةَ الْجَمِيلَةَ وَالْآثَارَالتَّارِيخِيَّةَ الْمَشْهُورَةَ»: ئۇ بارغانلىكى جايدا مەنزىرىلىك جايلارنى ۋە مەشھۇر تارىخىي يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلىدۇ.

أُثْرٌ ج آثَارٌ وَأُثُورٌ: جاراھەت ئىزى، تاتۇق.

أَثِرٌ: سۆيۈملۈك، دىلدىن سۆيىدىغان، باشقىسىدىن ئۈستۈن ھېسابلانغان؛ ھاۋا بوشلۇقى.

إِثْرَ: ئارقا، كەينى.

فِي إِثْرِهِ: ئارقىدىنلا، كەينىدىنلا.

أَثْرَبَ يُثْرِبُ إِثْرَابًا: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

أَثْرَةٌ: ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق، ماختانچاقلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك.

أَثْرَدَ يُثْرِدُ إِثْرَادًا الْخُبْزَ: شورپىغا نان چىلىدى.

أَثْرَمَ يُثْرِمُ إِثْرَامًا: ئۇرۇپ چىشىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

أَثْرَمُ م ثَرْمَاءُ ج ثُرْمٌ: چىشى چۈشۈپ كەتكەن ئادەم، كۆمىلەك.

أَثْرَمَانِ: كېچە بىلەن كۈندۈز، كېچە ـ كۈندۈز.

أَثْرَى يُثْرِي إِثْرَاءً الرَّجُلُ: بېيىدى، مالدار بولدى.

«أَثْرَى بَعْضُ الْحُكَّامِ وَالْمُقَرَّبُونَ إِلَيْهِمْ بِسَبَبِ الْفَسَادِ وَطَبِيعَةِ الْحُكْمِ الْفَرْدِيِّ»: بەزى ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى چىرىكلىك ۋە ھاكىممۇتلەقلىق تۈپەيلىدىن بېيىپ كەتتى.

أَثْرَى الرَّجُلَ: باي قىلىۋەتتى، باي قىلدى، بېيىتتى.

«اَلشَّاعِرُ الْمُبْدِعُ يُثْرِي بِنَتَاجِهِ لُغَتَهُ الْقَوْمِيَّةَ»: ئىجادچان شائىر ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن ئانا تىلىنى بېيىتىدۇ.

«وأَهَنِّئُهُ عَلَى عِنَايَتِهِ بِهَذَالتُّرَاثِ الْخَصْبِ الْمُفِيدِالَّذِي سَيُثْرِي الْمَكْتَبَةَ»: ئۇنىڭ بۇ كۇتۇپخانىنى بېيىتىدىغان بۇ مول پايدىلىق مەدەنىي يادىكارلىققا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئالقىشلايمەن.

أَثَرِيٌّ: ئارخېئولوگىيە ئالىمى؛ يادىكارلىق، قەدىمكى نەرسە، ئەسەر خاراكتېرلىك، خاتىرە بويۇمى خاراكتېرلىك.

لُغَةٌ أَثَرِيَّةٌ: ئىستېمالدىن قالغان ئۆلۈك تىل.

قِطْعَةٌ أَثَرِيَّةٌ: مەدەنىي يادىكارلىق پارچىسى، مەدەنىي يادىكارلىقتىن پارچە.

أَثَرِيَّاتٌ: مەدەنىي يادىكارلىقلار.

بَائِعُ الْأَثَرِيَّاتِ: قەدىمىي ئەسەرلەرنى ساتقۇچى، مەدەنىي يادىكارلىقلار سودىگىرى.

أَثْغَى يُثْغِي إِثْغَاءً الشَّاةَ: قوينى مەرەتتى.

أُثْفِيَّةٌ ج أَثَافِي: قازان ئېسىش ئۈچۈن ئاستىغا قويىدىغان ئۈچ تاش، قازان ئېسىلىدىغان ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر جازا.

أَثْقَبَ يُثْقِبُ إِثْقَابًا النَّارَ: ئوتنى ياندۇردى.

أَثْقَبَ الزِّنَادَ وَنَحْوَهُ: چاقماقنى ياندۇردى.

أَثْقَلَ يُثْقِلُ إِثْقَالاً ــ تِ الْحَامِلُ: ھامىلدار ئايال ئېغىرلىشىپ قالدى، تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى.

أَثْقَلَهُ: ئېغىر يۈك ئارتتى، ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

«أَثْقَلَ ذَاكِرَتَهُ بِحِفْظِ الْأَشْيَاءِ»: يادلاۋېرىپ مېڭىسىنى چارچىتىۋەتتى.

أَثْقَلَهُ النَّوْمُ: ئۇيقۇ باستى، ئۇيقۇ بېسىۋالدى.

«لَقَدْ أَثْقَلَ أَجْفَانِي الْكَرَى وَأَخَافُ أَنْ أَنَامَ قَبْلَ أَدَاءِ الصَّلاَةِ»: ئۇيقۇ بېسىۋالدى، نامازنى ئۆتەشتىن بۇرۇن ئۇخلاپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

أَثْقَلَ كَاهِلَهُ: ئۈشىنىگە كۆتۈرەلمەيدىغان يۈك ئارتتى.

أَثْكَلَ يُثْكِلُ إِثْكَالاً الْأُمُّ وَلَدَهَا: ئانا بالىسىدىن ئايرىلدى.

أَثْكَلَهَا اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ بالىسىنى قەبزە روھ قىلدى (بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدى).

أَثَلَ يَأْثِلُ أُثُولاً وَ أَثُلَ يَأْثُلُ أَثَالَةً: يىلتىز تارتتى.

أَثْلٌ وَاحِدَتُهُ أَثْلَةٌ ج أَثَلاَتٌ وَآثَالٌ. وَأُثُولٌ: يۇلغۇن.

«وَأَثْلٍ وَشَيْءٍ مِنْ سِدْرٍ قَلِيلٍ»: يۇلغۇنلۇق، ئاز ـ تولا سىدىرلىق (ياۋا چىلانلىق).

أَثْلَجَ يُثْلِجُ إِثْلاَجًا السَّمَاءُ: قار ياغدى.

أَثْلَجَتْ مَاءُالْبِئْرِ: قۇدۇق قۇرۇپ كەتتى.

أَثْلَجَتْ نَفْسُهُ: ئېشەندى، خاتىرجەم بولدى، مەمنۇن بولدى.

أَثْلَجَهُ: ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

أَثْلَجَ الْقَوْمُ: قاردا قالدى.

أَثِمَ يَأْثَمُ إِثْمًا وَ أَثَمًا وَمَأْثَمًا: گۇناھ قىلدى، جىنايەت ئۆتكۈزدى، گۇناھكار بولدى.

إِثْمٌ ج آثَامٌ: گۇناھ، جىنايەت، يامان ئىش، يامانلىق.

«أَخَذَتْهُ الْعِزَّةُ بِالْإِثْمِ»: غۇرۇر ئۇنىڭغا گۇناھ يۈكلەيدۇ.

«إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ» ‹قرآن›: بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر.

«اَلْبِرُّ مَااطْمَأَنَّتْ إِلَيْهِ النَّفْسُ وَالْإِثْمُ مَاحَاكَ فِي الصَّدْرِ»: كۆڭۈل ئارام تاپقان نەرسە ياخشىلىقتا كىرىدۇ، دىلغا تىنىپ قالغان نەرسە گۇناھقا كىرىدۇ.

جَعَلَ اللَّيْلَ إِثْمًا: كېچىنى بىكار ئۆتكۈزدى.

أَثْمَدَ يُثْمِدُ إِثْمَادًا الْمَاءَ: كولاپ سۇ چىقاردى.

إِثْمِد. أُثْمُد: سۈرمە تېشى، سىنىك، سۈلفات.

«جَعَلَ اللَّيْلَ إِثْمَدًا»: كېچىچە كۆز يۇممىدى.

أَثْمَرَ يُثْمِرُ إِثْمَارًا الشَّجَرُ: دەرەخ مېۋىلىدى، مېۋە پىشتى؛ مېۋىگە كىردى.

«كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ» «قرآن»: مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار.

أَثْمَرَ الْعَمَلُ: ئىشى نەتىجىلىك بولدى.

أَثْمَلَهُ يُثْمِلُ إِثْمَالاً الشَّرَابُ: ئىچىملىك ئۇنى مەست قىلىپ قويدى.

أَثْمَنَ يُثْمِنُ إِثْمَانًا الْقَوْمُ: سەككىزدىن بولدى.

أَثْمَنَتِ السِّلْعَةُ: مالنىڭ باھاسى ئۆرلىدى، مالنىڭ باھاسى ئاشتى.

أَثْنَاءَ . فِي أَثْنَاءِ: ئارىسىدا، ۋاقتىدا، ... دا، ... دە، ... تە، ... ئارىسىدا، ... لار... ئارىسىدىكى.

«أَمُرُّ بِحَدِيْقَةِ الْحَيَوَانِ كُلَّ يَوْمٍ فِي أَثْنَاءِ ذِهَابِي إِلَى الْعَمَلِ»: خىزمەتكە بېرىشتا ھەركۈنى ھايۋانات باغچىسىدىن ئۆتىمەن.

أَثْنَاءَ الْكَلَامِ: سۆزلەر ئارا، قۇرلار ئارا.

جَاءَ فِي أَثْنَاءِ الْأَمْرِ: ئۇ، شۇ ئارىلىقتا كەلدى.

فِي أَثْنَاءِ ذَلِكَ: ئۇچاغدا، ئۇ ئارىلىقتا.

أَثْنَاءَ التَّحْقِيْقِ: تەكشۈرۈش جەريانىدا، سوراق ۋاقتىدا.

إِثْنَاعَشَرَ م إِثْنَتَاعَشَرَةَ: ئون ئىككى.

«إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِنْدَ اللّٰهِ اثْنَاعَشَرَ شَهْرًا» «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ... (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر.

«فَانْفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا» «قرآن»: تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى.

إِثْنَاعَشَرِيُّ الْأَضْلَاعِ: ئون ئىككى بۇرجەكلىك.

إِثْنَاعَشَرِيُّ السُّطُوحِ: ئون ئىككى يۈزلۈك.

اَلْإِثْنَاعَشَرِيَّةُ الْإِمَامِيَّةُ: ئون ئىككى ئىمامچىلار، شىئە ئون ئىككى ئىمام مەزھىپىدىكىلەر.

اَلْإِثْنَاعَشَرِيُّ: ئون ئىككى بارماق ئۈچەي.

إِثْنَانِ م إِثْنَتَانِ: ئىككى، بىر جۈپ.

«يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ حِينَ الْوَصِيَّةِ اثْنَانِ ذَوَا عَدْلٍ مِنْكُمْ» «قرآن»: ئى مۆمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىر كىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن.

إِثْنَوْنَى يَثْنَوْنِي اِثْنِينَاءً صَدْرُهُ عَلَى الْبَغْضَاءِ: ئاداۋەت ساقلىدى، غۇم ساقلىدى.

أَثْنَى يُثْنِي إِثْنَاءً عَلَى فُلَانٍ: مەدھىيىلىدى.

«إِمْتَلَأْتُ زَهْوًا عِنْدَمَا سَمِعْتُ أَحَدَهُمْ يُثْنِي عَلَى مَقَالِي»: بىراۋنىڭ ماقالەمنى ماختىغىنىنى ئاڭلاپ پەخىرلىنىپ كەتتىم.

أَثْنَى عَلَيْهِ ثَنَاءً عَاطِرًا: ئۇنى كۆپ ماختىدى.

أَثْنَى عَلَيْهِ عَاطِرَالثَّنَاءِ: ئۇنى كۆپ ماختىدى.

أَثْنَى الرَّجُلُ: ئىككىنچى بولدى.

إِثْنَيْنِيَّةُ: ئىككى مەنبەچىلىك، ئىككى ياقلىملىق.

يَوْمُ الْإِثْنَيْنِ: دۈشەنبە.

أَثْوَلُ م ثَوْلَاءُ ج ثُوْلٌ: بىتەلەي، گالۋاڭ.

أَثْوَى يُثْوِي إِثْوَاءً بِالْمَكَانِ: ئورۇنلاشتى، جايلاشتى، ماكانلاشتى، تۇرۇپ قالدى.

أَثْوَاهُ بِالْمَكَانِ: چۈشۈردى.

أَثِيْثٌ: زىچ، قويۇق؛ سېمىز.

أَثِيْرٌ ج أُثَرَاءُ: سۆيۈملۈك، تاللانغان، ياقتۇرىدىغان؛ فىزىكا.

عَلَى أَمْوَاجِ الْأَثِيْرِ: رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق.

«يَنْتَقِلُ الصَّوْتُ وَالضَّوْءُ فِي الْأَثِيْرِالْمُحِيْطِبِنَا»:

ئاۋاز ۋە نۇر بىرىنى ئۇراپ تۇرغان رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق تارقىلىدۇ.

«نُقِلَتْ وَقَائِعُ مُؤْتَمَرِ الْقِمَّةِ عَبْرَ الْأَثِيْرِ» : دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى سىنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىلدى.

«مِنَ الْأَعْمَالِ الْأَثِيرَةِ عِنْدِي مُسَاعَدَةُ الْمُحْتَاجِينَ» : موھتاجلارغا ياردەم قىلىش مېنىڭ نەزەرىمدە باشقا ئىشلاردىن ئەۋزەل.

أَثِيْلٌ: تېگى ئېسىل، ئېسىل ئائىلە، ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، كېلىپ چىقىشى ئېسىل.

شَرَفٌ أَثِيْلٌ: يۈكسەك شەرەپ.

«وُلِدَ فِي أُسْرَةٍ ذَاتِ مَجْدٍ أَثِيْلٍ» : ئۇ شان ـ شەرەپلىك ئېسىل ئائىلىدە تۇغۇلدى.

أَثِيْمٌ ج أُثَمَاءُ: گۇناھكار، جىنايەتچى؛ ياۋۇز، قولاق كەستى، مۇتتەھەم.

«وَيْلٌ لِكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيْمٍ» «قرآن» : ھەر بىر گۇناھكار يالغانچىغا ۋاي!

أَجَاءَ يُجِيئُ إِجَاءَةً: قىستاپ باردى، مەجبۇرلىدى.

«فَأَجَاءَهَا الْمَخَاضُ إِلَى جِذْعِ النَّخْلَةِ» «قرآن» : تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى مەريەمنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

أَجَابَ يُجِيبُ إِجَابَةً: جاۋاب قايتۇردى، ئىجابەت قىلدى، قوبۇل قىلدى.

«أُجِيْبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِي» «قرآن» : ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.

«أَرَادَ مِنِّي أَنْ أَزُورَهُ فَأَجَبْتُ طَلَبَهُ» : ئۇ مېنىڭ ئۇنى يوقلىشىمنى تىلىۋىدى، مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم.

أُجَاجٌ: ئاچچىق، تۇزلۇق.

«هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَائِغٌ شَرَابُهُ وَهَذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ» «قرآن» : بۇنىڭ سۈيى تاتلىق، تەملىك بولۇپ سىلىق ئۆتىدۇ؛ بۇ ناھايىتى ئاچچىق، تۇزلۇق.

مَاءٌ أُجَاجٌ: تۇزلۇق سۇ، زەي سۇ.

أَجَادَ يُجِيدُ إِجَادَةً: ياخشى قىلدى، (ئىش ياكى سۆزىنى).

أَجَادَ بِالْوَلَدِ: مەرد بالا تۇغدى.

أَجَادَهُ النَّقْدَ: ئوبدان پۇللارنى بەردى.

أَجَادَ الشَّيْءَ: ئوبدان ئىشلىدى، كۆڭۈلدىكىدەك ياسىدى.

«أَجَادَ الْمُمَثِّلُ فِي تَأْدِيَةِ دَوْرِهِ» : ئارتىس ئۆز رولىنى ئوبدان ئالغان.

«يُجِيْدُ التَّحَدُّثَ بِعَدَدٍ مِنَ اللُّغَاتِ الْأَجْنَبِيَّةِ» : بىرقانچە چەت ئەل تىلىنى ئوبدان سۆزلەيدۇ.

أَجَارَ يُجِيرُ إِجَارَةً الْمَتَاعَ: مال ـ مۈلۈكنى ئوبدان ساقلىدى، بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلىدى.

أَجَارَهُ: ئۇنى قۇتقۇزدى، ئۇنى قوزغىدى.

«قُلْ لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ» «قران» : ئېيتقىنكى، (ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىي بولسام) مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ.

«أَجَارَهُ اللَّهُ مِنْ عَذَابِهِ» : ئاللاھ ئۇنى ئازاب قىلىشتىن ساقلىدى.

أَجَارَهُ عَنِ الطَّرِيقِ: ئۇنى بۇرىۋەتتى، ئەگرى يولغا سېلىپ قويدى.

إِجَارَةٌ: ئىجارە، ئىش ھەققى؛ ساقلىماق؛ قۇتقۇزماق.

أَجَازَ يُجِيزُ إِجَازَةً الشَّيْءَ: جائىز قىلدى، روخسەت بەردى، يوللۇق قىلدى.

أَجَازَ الْعَالِمُ تِلْمِيْذَهُ: ئالىم شاگىرتىغا ئىجازەت بەردى، ئالىم ئۆزىدىن ئىلىم رىۋايەت قىلىشقا روخسەت قىلدى.

أَجَازَهُ بِجَائِزَةٍ: ئۇنى مۇكاپاتلىدى.

أَجَازَ الشَّخْصَ: مەلۇم مىقداردا مال بەردى.

أَجَازَ الرَّأْيَ: روخسەت قىلدى، بولىدىغان قىلدى.

أَجَازَ الْمَوْضِعَ: ئۆتۈپ كەتتى.

إِجَازَةٌ ج إِجَازَاتٌ: گۇۋاھنامە، ئىجازەتنامە.

الْإِجَازَةُ الصَّيْفِيَّةُ: يازلىق تەتىل.

أَجَاعَ يُجِيعُ إِجَاعَةً: ئاچ قويدى، ئاچ قالدۇردى.

أَجَالَ يُجِيلُ إِجَالَةً: ئايلاندى، ئايلاندۇردى، ھەرىكەتلەندۈردى.

أَجَالَ الْفِكْرَ: چوڭقۇر ئويلاندى، خىيال سۈردى.

أَجَالَ بَصَرَهُ: كۆز يۈگۈرتتى، قاراپ چىقتى.

«أَجَالَ النَّظَرَ حَوْلَهُ» : ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى.

أَجْبَرَ يُجْبِرُ إِجْبَارًا عَلَى الْأَمْرِ: مەجبۇرلىدى، زورلىدى.

أَجْبَرَهُ عَلَى الْأَمْرِ: بىسەم ئىشلەتتى، زورلىدى.

«لَمْ يَكُونُوا يَنْشُدُونَ هَذِهِ الْحَرْبَ وَلَكِنَّهُمْ أُجْبِرُوا عَلَى خَوْضِهَا» : ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەلەپ قىلغان ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگۈزۈلگەن.

أَجْبَلَ يُجْبِلُ إِجْبَالاً: تاغقا كىردى.

إِجْتَابَ يَجْتَابُ إِجْتِيَابًا الصَّخْرَةَ: تاشنى ياردى.

إِجْتَابَ الْبِئْرَ: قۇدۇق قازدى.

إِجْتَابَ الْأَرْضَ وَالْبِلَادَ: كەزدى، ئايلاندى.

إِجْتَابَ الْقَمِيصَ: كۆڭلەك كىيدى.

إِجْتَاحَ يَجْتَاحُ إِجْتِيَاحًا الْعَدُوُّ الْبِلَادَ: دۈشمەن شەھەرنى بېسىۋالدى.

إِجْتَاحَ السُّيُولُ الْأَرَاضِي: كەلكۈن زېمىننى ۋەيران قىلدى.

«تَجْتَاحُ النَّزَعَاتُ الثَّوْرِيَّةُ أَقْطَارَ الْعَالَمِ الثَّالِثِ» : ئىنقىلابىي نىزا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى گۇمران قىلىپ تاشلىماقتا.

إِجْتَازَ يَجْتَازُ إِجْتِيَازًا الطَّرِيقَ: يولنى كېسىپ ئۆتتى.

إِجْتَازَ شُهْرَتُهُ الْآفَاقَ: ئۇنىڭ داڭقى جاھانغا پۇر كەتتى، شۆھرەت قازاندى، داڭق چىقاردى.

إِجْتَازَ الْحُدُودَ: چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتتى.

«إِجْتَازَتِ الْبِلَادُ فِتْرَةً عَصِيبَةً فِي تَارِيخِهَا الْأَخِيرِ» : دۆلەت ئاخىرقى ۋاقىتلاردا قىيىن ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتتى.

إِجْتَبَى يَجْتَبِي إِجْتِبَاءً: تاللىدى، ئىلغىدى.

«ثُمَّ اجْتَبَاهُ رَبُّهُ فَتَابَ عَلَيْهِ وَهَدَى» ‹قرآن› : ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى.

«وَكَذَلِكَ يَجْتَبِيكَ رَبُّكَ» ‹قرآن› : شۇنىڭغا ئوخشاش پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاللايدۇ.

إِجْتَثَّ يَجْتَثُّ إِجْتِثَاثًا الشَّجَرَ: دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى.

«وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ اجْتُثَّتْ مِنْ فَوْقِ الْأَرْضِ مَا لَهَا مِنْ قَرَارٍ» ‹قرآن› : يامان سۆز زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ.

إِجْتَدَى يَجْتَدِي اجْتِدَاءً: سوۋغا تەلەپ قىلدى، نەرسە تىلىدى.

إِجْتَدَاهُ: مەنپەئەت تەلەپ قىلدى.

إِجْتِذَابٌ: تارتماق، سۆرىمەك، جەلپ قىلماق.

إِجْتَذَبَ يَجْتَذِبُ إِجْتِذَابًا: ئۆزىگە تارتتى، جەلپ قىلدى.

«تُحَاوِلُ حُكُومَةُ الْعَالَمِ الثَّالِثِ إِجْتِذَابَ أَبْنَاءِهَا مِنَ الْمُغْتَرِبِينَ» : ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى ئۆز مۇھاجىرلىرىنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنماقتا.

إِجْتَذَّ يَجْتَذُّ إِجْتِذَاذًا الصُّوفَ: يۇڭ قىرقىدى.

إِجْتَرَحَ يَجْتَرِحُ إِجْتِرَاحًا الشَّيْءَ: قولغا كەلتۈردى، قىلدى.

إِجْتَرَحَ السَّيِّئَةَ: گۇناھ ئۆتكۈزدى.

«أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أَنْ نَجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا» ‹قرآن› : يامان ئىشلارنى قىلغانلار ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقانلاردەك قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟

إِجْتَرَعَ يَجْتَرِعُ إِجْتِرَاعًا الدَّوَاءَ: دورىنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى، دورىنى چىشلىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىچتى.

إِجْتَرَدَ يَجْتَرِدُ إِجْتِرَادًا الْقُطْنَ: پاختىنىڭ چىگىتىنى چىقاردى.

إِجْتَرَفَ يَجْتَرِفُ إِجْتِرَافًا: ئېقىتىپ كەتتى، سۈپۈرۈلۈپ كەتتى.

إِجْتَرَمَ يَجْتَرِمُ إِجْتِرَامًا الذَّنْبَ: گۇناھ قىلدى، گۇناھ ئۆتكۈزدى.

إِجْتَزَأَ يَجْتَزِئُ إِجْتِزَاءً بِالشَّيْءِ: كۇپايىلەندى، قانائەت قىلدى.

إِجْتَزَأَ: بۆلۈندى، تەقسىم قىلىندى، پارچىلاندى.

«نَجْتَزِءُ بِهَذَا النَّمُوذَجِ الْقَصِيرِ مِنْ نَثْرِ الْكَاتِبِ»: يازغۇچىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدىن مۇشۇنچىلىك قىسقىغىنا ئۆلگىنى بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

إِجْتَزَرَ يَجْتَزِرُ إِجْتِزَارًا: بوغۇزلىدى.

إِجْتَزَعَ يَجْتَزِعُ إِجْتِزَاعًا ــ هُ الْعُوْدَ: ياغاچنى كەستى.

إِجْتَزَفَ يَجْتَزِفُ إِجْتِزَافًا: قالايمىقان ئىش قىلدى، ئىختىيارىچە ئىش قىلدى، يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلدى، قارامىلىق قىلدى.

إِجْتَزَفَ الشَّيْءَ: تەخمىن قىلىپ ساتتى ياكى سېتىۋالدى.

إِجْتَعَلَ يَجْتَعِلُ إِجْتِعَالاً الشَّيْءَ: ياسىدى.

«إِجْتَعَلَ مِنَ الْخَشَبِ سَرِيرًا»: ياغاچتىن كارىۋات ياسىدى.

إِجْتَعَفَ يَجْتَعِفُ إِجْتِعَافًا الشَّجَرَةَ: دەرەخنى قومۇرۇۋەتتى.

إِجْتَفَّ يَجْتَفُّ إِجْتِفَافًا مَا فِي الْإِنَاءِ: قاچىدىكى ھەممىنى ئىچىۋەتتى.

إِجْتَلَبَ يَجْتَلِبُ إِجْتِلاَبًا السِّلْعَ: مالنى ئىمپورت قىلدى، مالنى سىرتتىن كىرگۈزدى.

إِجْتَلَبَ الشَّاعِرُ: شائىر شېئىرنى باشقىلارنىڭ شېئىرىدىن ئالدى.

إِجْتَلَدَ يَجْتَلِدُ إِجْتِلاَدًا الْقَوْمُ بِالسُّيُوفِ: قىلىچلاشتى، قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتى.

إِجْتَلَدَ الْإِنَاءَ: قاچىدىكى ھەممىنى ئىچىۋەتتى.

إِجْتَلَفَهُ يَجْتَلِفُ إِجْتِلاَفًا: تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى.

إِجْتَلَفَهُ الدَّهْرُ: زامان ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

إِجْتَلَفَ الشَّيْءَ: خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى.

إِجْتَلَى يَجْتَلِي إِجْتِلاَءً الشَّيْءَ: قارىدى.

إِجْتَلَى الْعَرُوسَ عَلَى بَعْلِهَا: يېڭى كېلىننى ئېرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى.

إِجْتَلَى الْعَمَامَةَ عَنْ جَبِيْنِهِ: سەللىنى پېشانىسىدىن كۆتۈرۈپ قويدى.

إِجْتِمَاعٌ: ئۇچراشماق، كۆرۈشمەك، يىغىلماق، مەجلىس ئاچماق.

عِلْمُ الاِجْتِمَاعِ: ئىجتىمائىي پەن.

«لَقَدْ تَأَجَّلَ الْإِجْتِمَاعُ فَلْيَفْعَلْ كُلُّ وَاحِدٍ مَايَحْلُولَهُ»: يىغىن كېيىنگە قالدۇرۇلدى، ھەركىم قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلسۇن.

إِجْتِمَاعِيٌّ: كىشىلەرگە كۆپ ئارىلىشىدىغان ئادەم، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتى قويۇق ئادەم، جامائەت ئەرباپى.

اَلْعُلُومُ الْإِجْتِمَاعِيَّةُ: ئىجتىمائىي پەنلەر.

اَلشُّؤُونُ الْإِجْتِمَاعِيَّةُ: ئىجتىمائىي ئىشلار.

إِجْتَمَرَ يَجْتَمِرُ إِجْتِمَارًا بِالْمِجْمَرَةِ: ئىسرىق سالدى.

إِجْتَمَعَ يَجْتَمِعُ إِجْتِمَاعًا الْغُلاَمُ: بالاغەتكە يەتتى.

إِجْتَمَعَ الْمَاشِي: تېز ماڭدى، چاپتى.

إِجْتَمَعَ الْقَوْمُ: يىغىلدى.

«قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لاَيَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْكَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيْرًا» «قرآن»: ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

«إِجْتَمَعَ رُؤَسَاءُ الدُّوَلِ الْعَرَبِيَّةِ فِي الرِّبَاطِ»: ئەرەب دۆلەتلىرى باشلىقلىرى رىباتتا يىغىلدى.

إِجْتَنَبَ يَجْتَنِبُ إِجْتِنَابًا الشَّيْءَ: ساقلاندى، يىراق بولدى.

«وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ» «قرآن»: گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلار.

«يَجِبُ أَنْ يَجْتَنِبَ الْمُدَرِّسُونَ الْعَامِيَّةَ فِي التَّدْرِيسِ»: ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشتا بۇزۇلغان ئاغزاكى تىلدىن ساقلىنىشى لازىم.

إِجْتَنَى يَجْتَنِي إِجْتِنَاءً الثَّمَرَ: مېۋە يىغدى؛ مېۋىنى ئۈزدى.

إِجْتَنَى الْعَسَلَ: ھەسەل يىغدى.

إِجْتَنَى مَاءَ الْمَطَرِ: يامغۇر سۈيىنى كېچىپ

تۆرۈپ ئىچتى.

إِجْتَهَدَ يَجْتَهِدُ إِجْتِهَادًا: تىرىشچانلىق كۆرسەت-
تى، تىرىشتى.

**«إِجْتَهَدَ كَثِيرٌ مِنَ الْمُعَرِّبِينَ فِي وَضْعِ كَلِمَاتٍ
جَدِيدَةٍ» :** ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى-
لارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى سۆز ياساشتا
تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

إِجْتَيَازٌ: ئۆتۈش، كېسىپ ئۆتۈش، ئاتلاپ ئۆتۈش.

**«إِجْتِيَازُ عَقَبَاتِ التَّخَلُّفِ لَنْ يَتِمَّ إِلَّا بِالْحُرِّيَّةِ
الْحَقِيقِيَّةِ» :** قالاقلىق توساقلىرىدىن بۆسۈپ
ئۆتۈش پەقەت ھەقىقىي ئەركىنلىك ئارقىلىقلا
ئىشقا ئاشىدۇ.

أَجَّ يَؤُجُّ أَجِيجًا: يالتىرىدى، پاللىدىدى، پارقى-
رىدى، نۇر چاچتى.

أَجَّ النَّهَارُ: ئىسسىق قاتتىق بولدى، كۈندۈزى
ھاۋا ئىسسىپ كەتتى.

أَجَّ الْمَاءُ: سۇ تۇزلۇق بولۇپ كەتتى.

أَجَّتِ النَّارُ: ئوت يالتىرىدى.

أَجَاجٌ: ئوتتەك قىززىق.

إِجَّاصٌ: ئالۇچا؛ ئامۇت؛ نەشپۈت.

إِجَّانَةٌ ج أَجَاجِينُ: داس، كىر دېسى، جاۋۇر.

أَجَّجَ يُؤَجِّجُ تَأْجِيجًا النَّارَ: ئوتنى يالقۇنجاتتى،
ئوتنى يالتىراتتى.

أَجَّرَ يُؤَجِّرُ تَأْجِيرًا: كىرا قىلدى، ئىجارىگە بەردى.

أَجَّرَ قَلَمَهُ: ئۇ مۇئەييەن ماددىي ھەق بەدىلىگە
قەلىمىنى ئىشقا سالدى.

أَجَّلَ يُؤَجِّلُ تَأْجِيلًا: كېچىكتۈردى، ئارقىغا
سۈردى.

أَجَّلَ الْجَلْسَةَ: يىغىننى كېچىكتۈردى.

إِجْحَافٌ: شەپقەتسىزلىك، ئادالەتسىزلىك.

أَجْحَرَ يُجْحِرُ إِجْحَارًا السَّبُعَ: يىرتقۇچنى
ئۇۋىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

أَجْحَرَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر ياغمىدى، ھۆل - يېغىن
بولمىدى، قۇرغاقچىلىق بولدى.

أَجْحَرَ الْقَوْمُ: قەھەتچىلىككە يولۇقتى، قۇرغاق-
چىلىققا دۇچار بولدى.

أَجْحَفَ يُجْحِفُ إِجْحَافًا بِهِ: زىيان كەلتۈردى،
زىيانغا ئۇچراتتى، ئەزدى، زۇلۇم قىلدى.

أَجْحَفَ بِهِمِ الدَّهْرُ: زامان ئۇلارنى ھالاك قىلدى،
زامان ئۇلارنى ۋەيران قىلدى.

«أَجْحَفَ بِهِمِ الْفَقْرُ» : يوقسۇزلۇق ئۇلارنى نامرات-
لاشتۇرىۋەتتى.

«أَجْحَفَ الْحَاكِمُ بِالنَّاسِ» : ھاكىم كىشىلەرنى
ئەزدى، ھاكىم كىشىلەرگە زۇلۇم سالدى.

أَجْحَمُ ج جَحْمَى ج جُحْمٌ: قىزىل كۆزلۈك،
كۆزى قىزىرىپ كەتكەن.

أَجْحَنَ يُجْحِنُ إِجْحَانًا عَلَى عِيَالِهِ: ئائىلىسىنى
تۇرمۇش جەھەتتىن قىستى.

أَجْدَبَ يُجْدِبُ إِجْدَابًا الْقَوْمُ: قۇرغاقچىلىققا
ئۇچرىدى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

أَجْدَبَتِ السَّنَةُ: قۇرغاق يىل بولدى.

أَجَدُّ: ئەڭ يېڭى.

اَلْأَجَدَّانِ: كېچە بىلەن كۈندۈز، كېچە - كۈندۈز.

أَجْدَرُ: ئەڭ لايىق ، ئەڭ مۇۋاپىق.

**«اَلْأَعْرَابُ أَشَدُّ كُفْرًا وَنِفَاقًا وَأَجْدَرُ أَلَّا يَعْلَمُوا
حُدُودَ مَا أَنْزَلَ اللّٰهُ عَلَى رَسُولِهِ» ‹قرآن› :**
ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ
زىيادىدۇر، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان
شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار
ئەڭ لايىقتۇر.

اَلْأَجْدَلُ: قارچۇغا.

أَجْدَى يُجْدِي إِجْدَاءً: ئىنئامغا ئېرىشتى.

أَجْدَى فُلَانًا: ئىنئام قىلدى، تارتۇق قىلدى.

أَجْدَى الْأَمْرُ: ئەسقاتتى، ئۈنۈم بەردى.

لَايُجْدِي: نەتىجىسىز، پايدىسىز، مەنپەئەت
قىلمايدىغان، ئەسقاتمايدىغان.

**«آنَ لَنَا أَنْ نَعْمَلَ بِحَسْمٍ فَالْكَلَامُ وَحْدَهُ
لَايُجْدِي نَفْعًا» :** چىڭ تۇرۇپ ئىشلەشنىڭ
پەيتى كەلدى، يالغۇز گەپلا ھېچنېمىگە پايدى-
سى يوق.

أَجْدَى: ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ مەنپەئەتلىك.

أَجْذَلَ يُجْذِلُ إِجْذَالًا ـ هُ: خۇشال قىلدى.

أَجَرَ يَأْجُرُ أَجْرًا وَإِجَارَةً: ھەق بەردى، ئەجرىنى بەردى، ياخشىلىقىنى قايتۇردى، رەھمەت ئېيتتى.

«عَلَى أَنْ تَأْجُرَنِي ثَمَانِيَ حِجَجٍ» (قرآن): ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە...

«أَجَرَ اللّٰهُ عَبْدَهُ»: ئاللاھ بەندىسىگە ساۋاب بەردى.

أَجَرَهُ الشَّيْءَ: ئىجارىگە بەردى، كىراغا بەردى.

أَجَرَهُ الدَّارَ: قورۇنى ئىجارىگە بەردى.

أَجْرٌ ج أُجُورٌ آجَارٌ: ھەق، ئىش ھەققى؛ مۇكاپات؛ ساۋاب.

«إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا» (قرآن): بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز.

«عَظَّمَ اللّٰهُ أَجْرَكُمْ»: ئاللاھ سىلەرگە چوڭ ساۋاب بەرسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بەرسۇن.

إِجْرَاءٌ: يۈرگۈزمەك، ئىجرا قىلماق، بېجىرمەك.

إِجْرَاءٌ قَانُونِيٌّ: قانۇن تەرتىپى.

مَأْمُونُ الْإِجْرَاءِ: قانۇن ساقچىسى.

إِجْرَاءَاتٌ: رەسمىيەت، ۋاسىتە، ئۇسۇل، قەدەم - باسقۇچ، تەدبىر.

اِتَّخَذَ الْإِجْرَاءَاتِ: تەدبىر قوللاندى، تەدبىر كۆردى.

اَلسُّلْطَةُ الْإِجْرَائِيَّةُ: مەمۇرىي ھوقۇق.

إِجْرَامِيٌّ: جىنايەتكە ئائىت.

أَعْمَالٌ إِجْرَامِيَّةٌ: جىنايى ئىشلار.

«اِرْتَكَبَتْ قُوَّاتُ الْإِحْتِلَالِ أَعْمَالًا إِجْرَامِيَّةً»: ئىشغالىيەتچى قوشۇن جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

أُجْرَةٌ ج أُجَرٌ: ئىش ھەققى، مائاش، ئايلىق؛ كىرا.

«طَالَبَ الْعُمَّالُ بِزِيَادَةِ أُجُورِهِمْ»: ئىشچىلار ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

«كَمْ ثَمَنُ مِعْطَفِكَ بِمَا فِي ذٰلِكَ قِطْعَةُ مِنَ الْقُمَاشِ وَأُجْرَةُ الْخِيَاطَةِ؟»: رەخت ۋە ئىش ھەققى قوشۇلۇپ پەلتويۇڭ قانچە پۇلغا پۈتكەندۇ؟

«يَتَقَاضَى عَامِلُ الْبِنَاءِ أُجْرَةً يَوْمِيَّةً»: قۇرۇلۇش ئىشچىسى كۈنلۈك ئىش ھەققى ئالىدۇ.

أُجْرَةُ الْبَرِيدِ: پوچتا ھەققى.

أُجْرَةُ السَّيَّارَةِ: ماشىنا كىراسى، ھارۋا كىراسى.

أُجْرَةٌ يَوْمِيَّةٌ: كۈنلۈك ئىش ھەققى.

أُجْرَةُ السَّفَرِ: سەپەر چىقىمى، يول خىراجىتى.

أُجْرَةُ النَّقْلِ: كىرا ھەققى.

سَيَّارَةُ أُجْرَةٍ: تاكسى، كىرا ماشىنىسى.

أُجُورُ الدِّرَاسَةِ: ئوقۇش خىراجىتى.

أَجْرَبُ: قوتۇر ئادەم.

أَجْرَدُ م جَرْدَاءُ ج جُرْدٌ: تاقىر، تۈكسىز، چاچسىز، سىدام، غىلتاڭ، تاقىر باش.

أَجْرَزَ يُجْرِزُ إِجْرَازًا الْبَعِيرُ: تۆگە ئورۇقلىدى، يادىدى.

أَجْرَزَ الْقَوْمُ: زېمىنغا چۈشتى، چۆلدە بولۇپ قالدى، قۇرغاقچىلىق، گىياھ ئۈنمەس زېمىندا بولۇپ قالدى.

أَجْرَزَتِ الْأَرْضُ: يەر قاقاسلىشىپ كەتتى، يەر قاقجىراپ كەتتى.

أَجْرَسَ يُجْرِسُ إِجْرَاسًا الطَّائِرُ: قۇش سايرىدى، قۇش ۋىچىرلىدى.

أَجْرَسَ الْجَرَسَ: قوڭغۇراق چالدى، داڭ ئۇردى.

أَجْرَسَ الْحَلْيُ: زىننەت بۇيۇملىرى جىرىڭلىدى.

أَجْرَسَ الْحَادِي: تۆگىچى دىمىغىدا ناخشا ئېيتتى.

أَجْرَعُ ج أَجَارِعُ: بىپايان قۇملۇق، قاقاس چۆل.

أَجْرَقَ يُجْرِقُ إِجْرَاقًا الْمَكَانُ: چوڭ كەلكۈنگە ئۇچرىدى.

أَجْرَقَ الرَّاعِي: پادىچى تۆگىلىرىنى يايلاقتا باقتى.

أَجْرَمَ يُجْرِمُ إِجْرَامًا إِلَيْهِ: جىنايەت ئۆتكۈزدى، گۇناھ قىلدى.

أَجْرَمَ بِهِ الدَّمُ: قان چاپلىشىپ قالدى.

«سَيُصِيبُ الَّذِينَ أَجْرَمُوا صَغَارٌ عِنْدَ اللّٰهِ وَعَذَابٌ شَدِيدٌ بِمَاكَانُوا يَمْكُرُوْنَ» ‹قۇرئان› : (بۇ) گۇناھكارلار ئۇزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكىرلەر تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

أَجْرُومِيٌّ: گراماتىكىلىق.

أَجْرَى يُجْرِي إِجْرَاءً الْمَاءَ: سۇنى ئاقتۇردى.

أَجْرَى السَّفِيْنَةَ: كېمىنى ماڭغۇزدى.

أَجْرَى بَحْثًا: تەتقىقات ئېلىپ باردى.

أَجْرَى إِتِّصَالاَتٍ: مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئالاقە ئورناتتى.

أَجْرَى عَمَلِيَّةً جَرَاحِيَّةً: ئوپېراتسىيە قىلدى.

أَجْزَلَ يُجْزِلُ إِجْزَالاً لَهُ الْعَطَاءَ: سېخىيلىق بىلەن بەردى، مەردلىك بىلەن بەردى.

«أَجْزَلَ الْقَتَبُ غَارِبَ الْبَعِيْرِ» : تۆگىنىڭ لوككىسىنى چوم كېسىۋەتتى.

أَجَشُّ م جَشَّاءُ ج جُشٌّ: بوغۇلغان ئاۋاز.

أَجْعَفَ يُجْعِفُ إِجْعَافًا ـــ هُ: ئۇنى يىقىتىۋەتتى، ئۇنى ئۆرۈۋەتتى.

أَجْعَفَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى قومۇرۇۋەتتى.

أَجْفَرَ يُجْفِرُ إِجْفَارًا: يوقالدى، غايىب بولدى.

أَجْفَرَ الشَّيْءَ: تەرك ئەتتى.

أَجْفَرَ فُلاَنًا: مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

أَجْفَرَ عَنْهُ: ئۈزۈلدى.

أَجْفَلَ يُجْفِلُ إِجْفَالاً الظَّلِيْمُ: تۆگە قۇشى چاپتى، تېز ماڭدى، يورغىلىدى.

أَجْفَلَتْهُ الرِّيْحُ بِالتُّرَابِ: بوران چاڭ - توزاننى سورۇۋەتتى.

أَجِلَ يَأْجَلُ أَجَلاً: كېچىكتى، تەخىر قىلدى.

أَجَلٌ ج آجَالٌ: ئۆلۈش ۋاقتى، ئەجەل؛ مۆددەت، قەرەل.

«وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُسَمًّى» ‹قۇرئان› : كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ (كۈن بىلەن ئاينىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۆددەت (يەنى قىيامەت) كېچە (ئۆز پەلىكىدە) سەيرە قىلىدۇ.

«فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لاَ يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلاَيَسْتَقْدِمُونَ» ‹قۇرئان› : ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ.

لِأَجَلٍ: ۋاقىتلىق.

إِلَى أَجَلٍ غَيرِمُسَمًّى: مۆددەتسىز.

قَصِيْرُ الْأَجَلِ: قىسقا مۆددەتلىك، ئۆمرى قىسقا.

إِنْقَضَى أَجَلُهُ: ئۆلدى، ئەجىلى توشتى، كۈنى تۈگىدى، ئۆمرى ئاخىرلاشتى.

لِأَجْلِ كَذَا. لِأَجْلِ أَنْ: ... ئۈچۈن، سەۋەبتىن، تۈپەيلىدىن.

لِأَجْلِ خَاطِرِ فُلاَنٍ: پالانىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن.

«مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ» ‹قۇرئان› : شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى.

«فَعَلْتُ ذَلِكَ لِأَجْلِكَ أَوْمِنْ أَجْلِكَ» : ئۇنى سېنىڭ ئۈچۈن قىلدىم.

أَجَلْ: ھەئە، شۇنداق.

إِجْلٌ: بويۇن ئاغرىقى.

إِجْلٌ ج آجَالٌ: كالا پادىسى.

إِجْلاَلٌ: ئۇلۇغلىماق، قەدىرلىمەك، ھۆرمەتلىمەك.

أَجْلَبَ يُجْلِبُ إِجْلاَبًا الْقَوْمُ: قەۋم توپلاندى، قەۋم يىغىلدى.

أَجْلَبَ عَلَى الْقَوْمِ: خەپلىدى، يامانلىقنى ۋەدە قىلدى؛ ۋارالڭ - چۇرۇڭ قىلدى؛ ئۇرۇش ئۈچۈن توپلاندى.

أَجْلَبَ الْقَوْمَ: يىغدى.

أَجْلَبَ الدَّمُ: قان قۇرۇپ قالدى.

أَجْلَبَ لِأَهْلِهِ: ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلىدى.

أَجْلَبَ عَلَى الْفَرَسِ: ئاتنى چېپىش ئۈچۈن دىۋىتتى.

أَجْلَحُ م جَلْحَاءُ ج جُلْحٌ: پايىنەكباش ئادەم؛

توقال.

إِجْلَخَّ يَجْلَخُّ إِجْلِخَاخًا: ئاجىزلاشتى، سۆڭەكلەرى بوشىشىپ كەتتى.

أَجْلَسَ يُجْلِسُ إِجْلَاسًا ــ هُ: ئولتۇرغۇزدى.

اَلْأَجْلَدُ: قاقاس يەر.

أَجَلٌ ج جُلٌّ: ئەڭ چوڭ، ئەڭ كاتتا.

إِجْلَوَّزَ يَجْلَوِّزُ إِجْلِوَّازًا: تېز ماڭدى.

أَجْلَى يُجْلِي إِجْلَاءً الْقَوْمَ عَنْ أَوْ مِنْ: قورقۇنچ ياكى قورغاقچىلىق تۈپەيلىدىن يۇرتىدىن چىقىپ كەتتى.

اَلْأَجْلَى: چىرايلىق يۈزلۈك.

اِبْنُ أَجْلَى: يولۋاس.

أُجُمٌ ج آجَامٌ: قورغان، ئىستىھكام، قەلئە، پوتەي.

اَلْإِجْمَاعُ: ئىجتىمائىي، بىر ئىش ئۈستىدە ھەممىنىڭ بىرلىككە كېلىشى (بىرەر دىنىي مەسىلە ئۈستىدە بىر ئەسىردە ئۆتكەن مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى، بۇ شەرىئەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ).

«تَمَّ الْإِتِّفَاقُ بِصُورَةٍ إِجْتِمَاعِيَّةٍ عَلَى الْمَشْرُوعِ الْجَدِيْدِ» : يېڭى پىلان ئۈستىدە ھەممەيلەن بىرلىككە كەلدى.

إِجْمَالًا. بِالْإِجْمَالِ. عَلَى الْإِجْمَالِ. بِوَجْهِ الْإِجْمَالِ: قىسقىچە، ئومۇمەن.

«كَانَ اللِّقَاءُ إِسْتِعْرَاضًا إِجْمَالِيًّا لِلْأَوْضَاعِ عَلَى السَّاحَةِ الْعَرَبِيَّةِ» : ئۇچرىشىش ئەرەبلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى ئومۇمەن كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

«يَبْلُغُ الطُّوْلُ الْإِجْمَالِيُّ لِهَذَا الْجَسَرِ خَمْسِمِائَةِ مِتْرٍ» : بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر كېلىدۇ.

أَجَمَةٌ ج أَجَمٌ و أُجُمٌ و أَجَمَاتٌ ج أَجَامٌ: ئورمانلىق، دەرەخلىك؛ يولۋاس ئۇۋىسى.

أَجْمَعَ يُجْمِعُ إِجْمَاعًا الْقَوْمُ: بىرلىككە كېلىشتى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتى، ئىتتىپاق بولۇشتى، بىردەك قارار قىلىشتى، جەملىدى، توپلىدى.

أَجْمَعَ مَاكَانَ مُتَفَرِّقًا: تارقاقلارنى بىرلەشتۈردى، تارقاقلارنى يىغدى، تارقاقلارنى توپلىدى.

«فَلَمَّا ذَهَبُوا بِهِ وَأَجْمَعُوا أَنْ يَجْعَلُوهُ فِي غَيَابَاتِ الْجُبِّ» ‹قرآن› : ئۇلار يۈسۈپنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا.

«فَأَجْمِعُوا كَيْدَكُمْ ثُمَّ ائْتُوا صَفًّا» ‹قرآن› : ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەڭلار، ئاندىن سەپ تارتىپ كېلىڭلار.

أَجْمَعَ الْأَمْرَ: پۈختىلىدى، بەل باغلىدى.

أَجْمَعَ الشَّيْءَ: تەييارلىدى؛ توپلىدى.

«أَجْمَعَ الْأَعْضَاءُ الْحَاضِرُونَ عَلَى تَأْيِيْدِ الْمَشْرُوعِ» : قاتناشقان ئەزالار پىلاننى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى.

أَجْمَعُ ج أَجْمَعُونَ و جُمَعَاءُ: پۈتۈنلەي، ھەممە.

«نِلْتُ حَقِّي أَجْمَعَهُ» : مەن ھەققىمنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتىم.

«فَسَجَدَ الْمَلَائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ» ‹قرآن› : پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى.

أَجْمَلَ يُجْمِلُ إِجْمَالًا الشَّيْءَ: جەملىدى، يىغدى، ئىخچاملىدى.

أَجْمَلَ الشَّيْءَ: گۈزەللەشتۈردى؛ كۆپەيتتى.

أَجْمَلَ فِي الْعَمَلِ: ياخشى قىلدى.

أَجْمَلَ فِي الطَّلَبِ: نورمال بولدى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمىدى.

أَجْمَلَ الْقَوْمُ: تۆگىسى كۆپ بولدى.

«مَنْ أَجْمَلَ قِيْلًا سَمِعَ جَمِيْلًا» : كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان ئادەم خاپىلىق تارتمايدۇ.

أَجِيَّةٌ: بەزگەك.

بَعُوضَةُ الْأَجِيَّةِ: بەزگەك پاشىسى.

أَجِنَ يَأْجَنُ أَجَنًا و أَجَنَ يَأْجُنُ وَيَأْجِنُ أَجْنًا وَ أُجُونًا الْمَاءُ: سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى ئۆزگىرىپ كەتتى.

أَجَنَ يَأْجُنُ أَجْنًا الصَّانِعُ الثَّوْبَ: ھۈنەرۋەن كىيىمنى توقماقلىدى، دۇمبالىدى.

أَجْنَبِيٌّ ج أَجَانِبُ: چەت ئەللىك.

اَللُّغَاتُ الْأَجْنَبِيَّةُ: چەت ئەل تىللىرى.

إِجْنَّةٌ ج وَجْنَاتٌ: قوۋۇز، كاچات، مەڭز.

إِجْهَادٌ: تىرىشماق، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلماق، كۈچ ئىشلەتمەك.

إِجْهَازٌ عَلَى الْجَرِيْحِ: يارىدارنى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش.

«لَا يَجُوزُ فِي الْإِسْلَامِ قَتْلُ الْأَسِيرِ أَوِ الْإِجْهَازُ عَلَى الْجَرِيحِ» : ئىسلام دىنىدا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش ياكى يارىلانغانلارنى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

إِجْهَاضٌ: بويىدىن ئاجراش؛ بالا چۈشۈرۈش.

أَجْهَدَ يُجْهِدُ إِجْهَادًا الدَّابَّةَ: چارچىتىۋەتتى، كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتتى.

أَجْهَدَ الْمَالَ: مېلىنى تۈگىتىۋەتتى، ۋەيران قىلىۋەتتى، تارقىتىۋەتتى.

«أَجْهَدَهُ عَلَى أَنْ يُنْجِزَ عَمَلَهُ فِي ظُرُوفٍ غَيْرِ مُلَائِمَةٍ» : مۇۋاپىق كەلمەيدىغان شارائىتتا ئۆز ئىشىنى تاماملاش ئۈنى چارچىتىۋەتتى.

أَجْهَدَ الْحَقُّ: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، نامايەن بولدى.

أَجْهَدَ فِيهِ الشَّيْبُ: ئاق پەيدا بولدى، ئاق كۆرۈندى؛ ئاق كۆپەيدى.

أَجْهَدَ فِي الْأَمْرِ: پەخەس بولدى، ئېھتىيات قىلدى، ئېھتىياتچان بولدى.

أَجْهَدَ الْأَمْرُ: قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى.

أَجْهَرُ ج جَهْرَاءُ ج جُهْرٌ: گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن.

أَجْهَزَ يُجْهِزُ إِجْهَازًا عَلَى الْجَرِيحِ: يارىدارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

أَجْهَشَ يُجْهِشُ إِجْهَاشًا بِالْبُكَاءِ: يىغلاشقا ئىنتىلدى.

«أَجْهَشَ بِالْبُكَاءِ حِينَ عَلِمَ بِمَوْتِ أُمِّهِ» : ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ يىغلاشقا باشلىدى.

أَجْهَضَ يُجْهِضُ إِجْهَاضًا ـــ هُ: يىراقلاشتۇردى، چەتنەشتۈردى.

أَجْهَضَهُ عَنْ مَكَانِهِ: جايىدىن قوزغىۋەتتى، جايىدىن قوپۇرۇۋەتتى، ئورنىدىن ئېلىۋەتتى.

«أُجْهِضَتِ الْحُرِّيَّةُ السِّيَاسِيَّةُ غَدَاةَ الْإِسْتِقْلَالِ» : مۇستەقىللىق ھارپىسىدا سىياسىي ئەركىنلىك يوق قىلىندى.

أَجْهَضَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

أَجْوَائِيٌّ: ھاۋارايى مۇتەخەسسىسى، مېتېئورولوگ.

أَجُوجٌ: يېنىپ تۇرغان.

أَجْوَحُ ج جَوْحَاءُ ج جُوْحٌ: كەڭ.

أَجِيْجٌ: يېنىۋاتقان ئوتنىڭ چاراسلىغان ئاۋازى، ئوتنىڭ يالقۇنى، ئوتنىڭ كۈچلۈك تەپتى.

أَجِيْرٌ ج أُجَرَاءُ: چاكار، مالاي، ياللانما ئىشچى، يالانما، مەدىكار، كۈنلۈكچى.

أَحَاحٌ: چاڭقاش، ئۇسسۇزلۇق؛ غەزەپ.

أَحَادٌ: بىر، يەككە.

«جَاؤُوا أَحَادَ أَحَادَ» : ئۇلار بىردىن ـ بىردىن كەلدى.

أَحَادِيُّونَ: يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئېيتقۇچىلار.

أَحَارَ يُحِيرُ إِحَارَةَ الْجَوَابَ: جاۋاب قايتۇردى.

أَحَاطَ يُحِيطُ إِحَاطَةً: پۇختا بىلدى، كەڭ دائىرىدە بىلدى، تەلتۆكۈس چۈشەندى؛ ئورىۋالدى، قورشىۋالدى.

«وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ»

‹قرآن› : ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ.

أَحَاطَ بِهِ عِلْمًا: پىششىق بىلدى، ئومۇملاشتۇردى.

أَحَاطَ بِالْمَوْضُوعِ: ماۋزۇنى ئەتراپلىق ئىگىلىدى.

أَحَاطَ بِاللُّغَةِ: تىل ئىگىلىدى.

أَحَاطَهُ عِلْمًا بِالْأَمْرِ: ئۇنى بىلدۈردى.

«أَحَاطَ الْأَمْرَ بِالْكِتْمَانِ» : ئىشنى يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

«كَانَتِ الْمَدِيْنَةُ مُنْعَزِلَةً تُحِيْطُ بِهَا الْجِبَالُ» : شەھەر چەت جايدا بولۇپ، تاغلار بىلەن ئورالغا-

نىدى.

أَحَاقَ يُحِيقُ إِحَاقَةً بِهِ: قورشىۋالدى، ئورىۋالـ
دى.

أَحَاقَ بِهِمَ الْعَذَابُ: ئازاب ئورىۋالدى، قىيىن
ئەھۋالدا قالدى.

أَحَالَ يُحِيلُ إِحَالَةً الْأَمْرَ: ئىشنى ئۆتكۈزۈپ
بەردى.

«أَحَالَ الْمُوَظَّفَ إِلَى الْإِسْتِيْدَاعِ»: خىزمەتچىنى
مائاشىنى بېرىپ خىزمەتنى ۋاقىتلىق توختات
تى.

أَحَالَهُ عَلَى الْمَعَاشِ: ئۇنى پېنسىيىگە چىقاردى.

«أَحَالَهُ إِلَى مَرْجَعٍ أَوْمَصْدَرٍ»: ئۇنىڭغا مۇراجە
ئەت قىلىشنى كۆرسەتتى.

أَحَالَ الدَّيْنَ: قەرزنى بىر دەپتەردىن يەنە بىر
دەپتەرگە يۆتكىدى.

أَحَالَ عَلَى الْمَحْكَمَةِ: سوتقا تاپشۇردى.

إِحَالَةٌ: كۆچۈرمەك، يۆتكىمەك، يەتكۈزمەك.

أَحَبَّ يُحِبُّ إِحْبَابًا: ياخشى كۆردى، كۆڭۈل
بەردى، دوست تۇتتى.

**«لَايُحِبُّ اللّٰهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلاَّ مَنْ
ظُلِمَ» «قرآن»:** زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا
(ھېچقانداق) بىر كىشىنىڭ ئاشكارا يامان سۆز
قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ.

«وَالْعَبْدُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ» «حديث»: ئىنسان
سۆيگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ.

**«قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللّٰهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ
اللّٰهُ» «قرآن»:** ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر
ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى،
ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ.

أَحَبَّ الزَّرْعُ: دان تۇتتى.

أَحَبُّ: ئەڭ سۆيۈملۈك.

«اَلسِّجْنُ أَحَبُّ إِلَيَّ مِمَّايَدْعُونَنِي إِلَيْهِ» «قرآن»:
ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان
سۆيۈملۈكتۇر.

أَحْبَجَ يُحْبِجُ إِحْبَاجًا: يېقىنلاشتى، ئاشكارىلاندى.

أَحْبَجَ الْأَمْرُ: ئىش ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى.

أَحْبَرَ يُحْبِرُ إِحْبَارًا: خۇشال قىلىۋەتتى، مىننەت
دار قىلىۋەتتى، شادلاندۇرۇۋەتتى؛ بېزىدى،
زىننەتلىدى.

أَحْبَرَهُ الشَّيْءُ: خۇشال قىلدى، شادلاندۇردى؛
زىننەتلىدى.

أَحْبَرَتِ الْأَرْضُ: زېمىن بۈك - باراقسان بولدى.

أَحْبَرَ الْكَلَامَ: سۆزنى تۈزلىدى، ئوڭشىدى،
چىرايلىقلاشتۇردى.

أَحْبَطَ يُحْبِطُ إِحْبَاطًا الْعَمَلَ: ئەمەلنى بىكار
قىلىۋەتتى، مەغلۇپ قىلدى، بىتچىت قىلدى،
تارمار قىلدى؛

«وَكَرِهُوا رِضْوانَهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَالَهُمْ» «قرآن»:
ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ياقتۇرمىدى،
شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى
بىكار قىلدى.

أَحْبَطَ مَسَاعِيَهُ: ھەرىكەتلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

أَحْبَكَ يُحْبِكُ إِحْبَاكًا: پۇختىلىدى، مۇستەھ
كەملىدى.

أَحْبَلَ يُحْبِلُ إِحْبَالاً: ھامىلىدار قىلدى، ئۆرۈق
لاندۇردى، بوغاز قىلدى، چاڭلاشتۇردى.

أَحْبَى يُحْبِي إِحْبَاءً الرَّامِي: ئوقچى نىشانغا
تەگكۈزەلمىدى.

رَمَى فَأَحْبَى: ئېتىپ تەگكۈزەلمىدى.

أُحْبُوشٌ و أُحْبُوشَةٌ ج أَحَابِيشُ: ئايرىم قەبىلى
لەردىن بولغان كىشىلەر توپى.

أُحْبُولٌ: تورا، قاپقان، توزاق.

أُحْبُولَةٌ ج أُحْبُولَاتٌ وأَحَابِيلُ ج حَبَائِلُ:
قاپقان، قىسماق، تور، توزاق؛ ئارغامچا،
ئارقان، سالما، كەمەن، سىرتماق.

«ذَهَبَتْ ضَحِيَّةَ أَحَابِيلِهِ»: ئۆزى كولىغان ئورىغا
ئۆزى چۈشتى.

إِحْتَاجَ يَحْتَاجُ إِحْتِيَاجًا إِلَيْهِ: موھتاج بولدى،
ھاجىتى چۈشتى، ئېھتىياجلىق بولدى.

**«إِنَّنَا نَجِدُ كُلَّ مَا نَحْتَاجُ إِلَيْهِ مِنَ الْبَضَائِعِ
فِي الْأَسْوَاقِ»:** بىز ئېھتىياجلىق بولغان
ماللارنىڭ ھەممىسىنى بازارلاردا چوقۇم تاپى
مىز.

إِحْتَارَ يَحْتَارُ إِحْتِيَارًا: يول تاپالمىدى، ئېزىپ
قالدى؛ ھودۇقۇپ قالدى.

إِحْتَازَ يَحْتَازُ إِحْتِيَازًا: ئىگىلىدى؛ قولغا كەلتۈر

دى، ئېرىشتى، ئۆز ئىچىگە ئالدى.

إِخْتَاطَ يَخْتَاطُ إِخْتِيَاطًا: ئالدىنى ئالدى، ساقلاندى، مۇداپىئەلەندى.

إِخْتَاطَ لِنَفْسِهِ: ئاۋايلىدى، پەخەس بولدى.

إِخْتَاطَ عَلَى الشَّيْءِ: قارىدى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

إِخْتَاطَ بِهِ: قورشىدى، ئورىدى.

إِخْتَالَ يَخْتَالُ إِخْتِيَالًا الرَّجُلُ: ھىيلە ئىشلەتتى.

إِخْتَالَ عَلَيْهِ: ئالدامچىلىق قىلدى، پەللىدى.

إِخْتِبَاسٌ: توختاپ قالماق؛ توسۇلۇپ قالماق، كېچىكتۈرمەك.

إِخْتِبَاسُ الْبَوْلِ: سۈيدۈك توسۇلۇپ قېلىش، سۈيدۈك يولى توسۇلۇپ قېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش.

إِخْتَبَسَ يَخْتَبِسُ إِخْتِبَاسًا: توختاپ قالدى، توسۇلۇپ قالدى؛ يىغدى، جەم قىلدى.

إِخْتَبَسَ أَنْفَاسَهُ: تىنالماي قالدى.

إِخْتَبَسَ فِي الْكَلَامِ: توختىۋالدى، كېكەچلىدى.

إِخْتَبَكَ يَخْتَبِكُ إِحْتِبَاكًا الثَّوْبَ: رەختنى پۇختا توقۇدى، سىلىق توقۇدى.

إِخْتَبَلَ يَخْتَبِلُ إِحْتِبَالًا الصَّيْدَ: قاپقان بىلەن ئوۋلىدى، قاپقان قويۇپ ئوۋلىدى.

إِخْتِجَابٌ: يوشۇرۇنۇش، كۆرۈنمەسلىك، يۈزىنى يېپىش، ھىجاب.

«عَدَمُ الْإِخْتِجَابِ عَادَةٌقَدِيمَةٌ فِينِسَاءِالْعَرَبِ»: ھىجاپسىز يۈرۈش ئەرەب ئاياللىرىنىڭ قەدىمىي ئادىتىدۇر.

إِخْتِجَاجٌ ج إِخْتِجَاجَاتٌ: نارازىلىق، ئېتىراز بىلدۈرۈش، رەددىيە بېرىش، نارازىلىق بىلدۈرۈش؛ ئاقلاش.

اَلْإِخْتِجَازُ: ئىككى ئارىغا توسما ئورنىتىش.

إِخْتَجَبَ يَخْتَجِبُ إِخْتِجَابًا: يوشۇرۇندى، مەخپىي بولدى، كۆرۈنمىدى.

إِخْتَجَبَ عَنِ النَّاسِ: كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، كىشىلەرگە كۆرۈنمىدى.

إِخْتَجَبَ وَرَاءَ كَذَا: يوشۇرۇنىۋالدى، مۆكۈۋالدى.

«إِخْتَجَبَتِ الْجَرِيدَةُ أَوِ الْمَجَلَّةُ عَنِ الصُّدُورِ»: گېزىت ياكى ژۇرنال توختاپ قالدى.

إِخْتَجَبَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال يۈزىنى ياپتى، يات ئەرلەرگە كۆرۈنمىدى.

إِخْتَجَّ يَخْتَجُّ إِخْتِجَاجًا: نارازىلىق بىلدۈردى، رەددىيە بەردى، ھۆججەتلەشتى.

إِخْتَجَّ عَلَى الْأَمْرِ: رەددىيە بەردى، رەت قىلدى، پاكىت كۆرسەتتى.

«إِخْتَجَّ الطُّلَّابُ عَلَى رَفْعِ مَصَارِيفِ الدِّرَاسَةِ»: ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش راسخوتىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈردى.

إِخْتَجَّ بِكَذَا: نارازىلىق بىلدۈردى.

إِخْتَجَرَ يَخْتَجِرُ إِخْتِجَارًا: ھۆجرا تۇتتى (ئۆي).

إِخْتَجَرَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۆزىدە قويدى.

إِخْتَجَزَ يَخْتَجِزُ إِخْتِجَازًا: توپلاندى، يىغىلدى، چەكلىدى؛ قولغا ئالدى.

إِخْتَجَزَ الرَّجُلُ: كىشى ھىجاز زېمىنىغا كەلدى.

إِخْتَجَزَ بِهِ: باش تارتتى.

إِخْتَجَنَ يَخْتَجِنُ إِخْتِجَانًا: جەلپ قىلدى، مايىل قىلدى؛ بۇلىدى، تارتىۋالدى؛ يۇلدى.

إِخْتَجَنَ بِالْمِحْجَنِ: ئىلمەك بىلەن ئىلدى، بۇلىدى، تارتىۋالدى؛ يۇلدى.

إِخْتَجَى يَخْتَجِي إِخْتِجَاءً: يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

إِخْتِدَامٌ: كەسكىنلەشمەك.

إِخْتَدَّ يَخْتَدُّ إِخْتِدَادًا الشَّخْصُ: غەزەپلەندى، قوپال گەپ قىلدى.

إِخْتَدَّ: ئېغىرلاشتى، كەسكىنلەشتى، غەزىپى تاشتى.

إِخْتَدَّ السَّيْفُ: قىلىچ ئىتتىدى.

«تَخْتَدُّ الْمَعْرَكَةُ بَيْنَ أَنْصَارِ الْقَدِيمِ وَأَنْصَارِ الْجَدِيدِ»: كونىلىق تەرەپدارلىرى بىلەن يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كۈرەش كەسكىنلەشتى.

إِخْتَدَمَ يَخْتَدِمُ إِخْتِدَامًا: ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى، چىچىلدى.

إِخْتَدَمَ النَّهَارُ: قاتتىق ئىسسىق بولدى.

إِحْتَدَمَ الشَّرَابُ: شاراب كۆچلۈك بولدى، كۆچەيدى.

إِحْتَدَمَ الْقِدْرُ: قازان قايناپ كەتتى.

«إِحْتَدَمَ النِّقَاشُ بَيْنَهُمَا»: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنازىرە كەسكىن بولدى.

إِحْتَدَى يَحْتَدِي إِحْتِدَاءً: ئەگەشتى، كەينىدىن ماڭدى؛ قوغلاشتى.

«إِحْتَدَى اللَّيلُ والنَّهَارُ»: كېچە كۈندۈزگە ئەگەشتى، كېچە كۈندۈزنى قوغلىدى.

إِحْتَذَرَ يَحْتَذِرُ إِحْتِذَارًا: ساقلاندى، ھەزەر قىلدى، ئالدىنى ئالدى، ئېھتىيات قىلدى.

إِحْتَذَى يَحْتَذِي إِحْتِذَاءً: ئاياغ كىيدى؛ دورىدى.

إِحْتِرَازٌ: ساقلىنىش، پەرھىز تۇتۇش.

قَرَارٌ إِحْتِرَازِيٌّ: قوغدىنىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر.

تَدَابِيْرُ إِحْتِرَازِيَّةٌ: قوغدىنىش ھەققىدىكى چارە ـ تەدبىرلەر.

إِحْتِرَاسٌ: ساقلانماق، قوغدالماق، مۇداپىئەلەنمەك.

بِإِحْتِرَاسٍ: ھوشيارلىق بىلەن.

«فَعَلَ ذَلِكَ عَلَى سَبِيلِ الْإِحْتِرَاسِ»: بۇنى ئېھتىيات يۈزىسىدىن قىلدى.

إِحْتِرَاقٌ: كۆيمەك، يانماق.

إِحْتِرَاقٌ دَاخِلِيٌّ: ئىچىدە يانماق، ئىچكى جەھەتتىن كۆيمەك.

مُحَرِّكٌ بِالْإِحْتِرَاقِ الدَّاخِلِيِّ: ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتېل.

إِحْتِرَامٌ: ھۆرمەتلىمەك، ئىكرام قىلماق.

إِحْتِرَامُ الْمِلْكِيَّةِ: خۇسۇسىي مۈلۈككە چېقىلماسلىق.

«عَفَوْتُ عَنْهُ إِحْتِرَامًا لَكَ»: سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزدىن ئۇنى كەچۈردۈم.

«وَقَفْنَا إِحْتِرَامًا لِلْأُسْتَاذِ»: ئۇستازنى ھۆرمەتلەپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

إِحْتِرَامًا لَهُ: ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن.

«تَقَبَّلْ وَافِرَ الْإِحْتِرَامِ أَوْ مَزِيدَ الْإِحْتِرَامِ»: چوڭ ھۆرمىتىمنى قوبۇل قىلىڭ (خەت ـ چەكلەردە يېزىلىدىغان ھۆرمەت سۆزلىرى).

«يَتَمَتَّعُ بِإِحْتِرَامِ الشَّعْبِ»: ئۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر.

جَدِيْرٌ بِالْإِحْتِرَامِ: ھۆرمەتلەشكە لايىق.

إِحْتِرَامُ الذَّاتِ: ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى بىلىش، ھۆرمىتىنى ساقلاش.

إِحْتَرَثَ يَحْتَرِثُ إِحْتِرَاثًا الْأَرْضَ: يەر ھەيدىدى.

إِحْتَرَزَ يَحْتَرِزُ إِحْتِرَازًا مِنْ: ساقلاندى، پەخەس بولدى.

«يَحْتَرِزُفِيأَكْلِهِمِنَ الْحُومِ الْحَمْرَاءِ»: تاماقتا گۆشتىن پەرھىز تۇتىدۇ.

إِحْتَرَسَ يَحْتَرِسُ إِحْتِرَاسًا مِنَالشَّيْءِ: ساقلاندى، مۇداپىئەلەندى، پەخەس بولۇپ تۇردى.

إِحْتَرِسْ مِنْ كَذَا: ھېزى بول، ساقلانغىن، ھەزەر قىل.

إِحْتَرِسْ مِنَ النَّشَّالِينَ: يانچۇقچىلاردىن ساقلان.

إِحْتَرَصَ يَحْتَرِصُ إِحْتِرَاصًا الرَّجُلُ: بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشتى.

إِحْتَرَفَ يَحْتَرِفُ إِحْتِرَافًا: كەسىپ قىلدى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى.

إِحْتَرَفَ الْمُحَامَاةَ: ئادۋوكات بولدى.

إِحْتَرَقَ يَحْتَرِقُ إِحْتِرَاقًا: كۆيدى، ياندى، لاۋۇلدىدى.

«لَقَدْإِحْتَرَقَتْ يَدُهُوَلَايَزَالُ يُعَانِيأَلَمًا شَدِيْدًا»: ئۇنىڭ قولى كۆيۈپ كېتىپ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتىدۇ.

«فَأَصَابَهَا إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَاحْتَرَقَتْ» ‹قرآن›: (بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتتى.

إِحْتَرَمَ يَحْتَرِمُ إِحْتِرَامًا: ھۆرمەتلىدى.

«مِنْ مَكَارِمِ الْأَخْلَاقِ أَنْ يَحْتَرِمَ الْمَرْءُ مَنْ هُمْ أَكْبَرُ سِنًّا مِنْهُ»: ئادەمنىڭ ياش جەھەتتىن ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرنى ھۆرمەتلىشى گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«اَلَّذِيْنَ يَحْتَرِمُونَ النَّاس يَحْتَرِمُهُمُ النَّاسُ»: كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمنى كىشىلەر-

مۇ مۆرمەتلەيدۇ.

«أَحْتَرِمُ مَوَاعِيْدَ الْمَدْرَسَةِ»: مەكتەپنىڭ ۋاقىت لىرىغا رىئايە قىلىمەن.

إِحْتَزَمَ يَحْتَزِمُ إِحْتِزَامًا: ئۇنىڭغا تەييارلاندى.

إِحْتِسَابٌ: ھېساب ئېلىش، تەكشۇرۇش.

إِحْتَسَبَ يَحْتَسِبُ إِحْتِسَابًا الأَمْرَ: ئويلىدى، ساندى، تەھقىقلىدى، تەكشۇردى، گۇمان قىلدى.

«وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لاَيَحْتَسِبُ» (قرآن): ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزقى بېرىدۇ.

إِحْتَسَبَ بِهِ: كۆپايىلەندى، ھېسابقا ئېلىندى.

إِحْتَسَبَ وَلَدًا لَهُ: ساۋابىنى كۆزدە تۇتۇپ بالىنىڭ ۋاپاتىغا سەۋر قىلدى.

«هَذَا رَأْيٌ لاَ يُحْتَسَبُ بِهِ»: بۇ پىكىر ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

إِحْتَسَى يَحْتَسِي إِحْتِسَاءً الْقَهْوَةَ: قەھۋەنى ئوتلاپ ئىچتى.

إِحْتِسَاءٌ: سۇ چىقىرىش ئۇچۇن سازلىقنى كولىماق.

إِحْتِشَامٌ: ھايا قىلماق، تارتىنماق، قورۇنماق؛ ئەدەب، ئەدەبلىك، تۇغقانچىلىق.

«تَكَلَّمَ بِإِحْتِشَامٍ»: ئۇ خىجىللىق بىلەن گەپ قىلدى.

إِحْتَشَدَ يَحْتَشِدُ إِحْتِشَادًا النَّاسُ: كىشىلەر يىغىلدى، توپلاندى، جەم بولدى.

«إِحْتَشَدَتْ قُوَّاتُ الْعَدُوِّ عَلَى الْحُدُودِ»: دۈشمەن قوشۇنلىرى چېگرىغا توپلاندى.

«إِحْتَشَدَتِ الشَّوَارِعُ بِالنَّاسِ»: كوچا ئادەم بىلەن تىقما - تىقما بولۇپ كەتتى.

إِحْتَشَمَ يَحْتَشِمُ إِحْتِشَامًا: ھايا قىلدى، ئۇيالدى، تارتىندى؛ ياخشى ئورتا يول تۇتتى.

إِحْتَصَدَ يَحْتَصِدُ إِحْتِصَادًا الزَّرْعَ: زىرائەتنى ئورىدى.

إِحْتِضَارٌ: سەكراتتا چۈشۈپ قالماق، ئۆلۈم يېقىنلاشماق، ھازىر بولماق.

إِحْتَضَرَ يَحْتَضِرُ إِحْتِضَارًا الْمَجْلِسَ: يىغىنغا قاتناشتى، ھازىر بولدى.

إِحْتَضَرَ الْمَكَانَ: چۈشتى، تۇردى.

أُحْتُضِرَ الْمَرِيْضُ: كېسەل سەكراتتا چۈشتى، كېسەل ئۆلۈش ھالىتىدە تۇردى.

إِحْتَضَنَ يَحْتَضِنُ إِحْتِضَانًا: ئېرىشتى، ئىگە بولدى، قوينىغا ئالدى.

«إِحْتَضَنَ نَصِيْبَهُ مِنْ هَذِهِ الْحَيَاةِ»: بۇ ھاياتتىن ئۆز نېسىۋىگە ئىگە بولدى، ئارزۇسىغا يەتتى.

«كَانَتْ دَعْوَتُهُ تَحْتَضِنُ مُخْتَلِفَ الْقَبَائِلِ لِأَنَّهَا قَامَتْ تَحْتَ شِعَارِ التَّوْحِيْدِ»: ئۇنىڭ چاقىرىقى ئوخشىمىغان قەبىلىلەرنى ئۆز قوينىغا ئالدى، چۈنكى، ئۇنىڭ چاقىرىقى تەۋھىد شوئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى.

إِحْتَطَبَ يَحْتَطِبُ إِحْتِطَابًا: ئوتۇن يىغدى، ئوتۇن تەردى.

إِحْتَطَّ يَحْتَطُّ إِحْتِطَاطًا: قويۇۋەتتى؛ چۈشۈردى، تۆۋەنلەتتى.

إِحْتَظَرَ يَحْتَظِرُ إِحْتِظَارًا: (كالا، قويلارغا) قوتان ياسىدى.

إِحْتِفَاءٌ: قارشى ئالماق، قىزغىن كۈتۈۋالماق.

إِحْتِفَالٌ ج إِحْتِفَالاَتٌ: مۇراسىم، يىغىن، تەبرىك كۈنى، يىغىلىش؛ قاتار، رەت، سەپ.

إِحْتِفَالٌ تَذْكَارِيٌّ: خاتىرىلەش يىغىنى.

«أُقِيْمَ الإِحْتِفَالُ وَسَطَ جَوٍّ مِنَ الْحَمَاسَةِ الْحَارَّةِ»: تەبرىكلەش يىغىنى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېچىلدى.

قَاعَةُ الإِحْتِفَالاَتِ: يىغىن زالى، مۇراسىم زالى.

إِحْتِفَالاً: خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، تەبرىكلەش ئۈچۈن.

إِحْتَفَدَ يَحْتَفِدُ إِحْتِفَادًا: خىزمىتىنى قىلدى، ياردەملەشتى، ھەمكارلاشتى.

إِحْتَفَرَ يَحْتَفِرُ إِحْتِفَارًا: كولىدى، قازدى.

إِحْتَفَرَ عَلَى الْخَشَبِ: ياغاچقا ئويدى.

إِحْتَفَرَ الْكِتَابَةَ: خەت ئويدى.

«اَلرَّأْيُ أَنْ يَحْتَفِرَ كُلٌّ مِنْكُمْ حُفْرَتَهُ»: دېمەك، ھەر ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولايدۇ.

إِحْتَفَزَ يَحْتَفِزُ إِحْتِفَازًا: تۇگۇلدى، يىغىلىۋالدى؛ تەييارلاندى.

اِحْتَفَظَ يَحْتَفِظُ اِحْتِفَاظًا بِرَأْيِهِ: ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالدى.

اِحْتَفَظَ بِسِرِّهِ: سىر ساقلىدى.

«اِحْتَفَظَ فِي غُرْبَتِهِ بِحَفْنَةٍ مِنْ تُرَابِ بَلَدِهِ»: ئۇ غۇربەتچىلىكتە يۇرتىنىڭ بىر ئۇچۇم توپىسىنى ساقلاپ قالدى.

«اِحْتَفَظْتُ بِالرِّسَالَةِ مُنْذُ تَسَلَّمْتُهَا حَتَّى الْيَوْمَ»: خەتنى مەن تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

اِحْتَفَظَ بِرَأْيِهِ: پىكرىنى ساقلاپ قالدى.

اِحْتَفَظَ بِمَنْصِبِهِ: مەنسىپىنى ساقلاپ قالدى.

اِحْتَقَّ يَحْتَقُّ اِحْتِقَاقًا النَّبْتَ: ئۆسۈملۈكنى ئۇردى، يۇلدى.

اِحْتَقَّ الْقَوْمُ بِهِ: قورشىۋالدى.

اِحْتَقَّ الشَّيْءَ: سويدى.

اِحْتَفَلَ يَحْتَفِلُ اِحْتِفَالًا: يىغىلدى، توپلاندى.

اِحْتَفَلَ بِالرَّجُلِ: قارشى ئالدى، كۈتۈۋالدى.

«اِحْتَفَلَ بِعِيدِ مِيلَادِهِ»: ئۇ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزدى.

«اِحْتَفَلَ بِالْعِيدِ الْوَطَنِيِّ»: دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

«اِحْتَفَلَ الطُّلَّابُ فِي قَاعَةِ الْجَامِعَةِ بِمُنَاسَبَةِ الْعِيدِ الْوَطَنِيِّ»: دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېت زالىغا يىغىلدى.

اِحْتَفَلَ بِالْأَمْرِ: كۆڭۈل بۆلدى، دىققەت قىلدى.

اِحْتَفَلَهُ الْقَوْمُ: يىغىلدى، توپلاندى.

«لَا تَحْتَفِلْ بِمَنْ يَبْخَلُ بِمَالِهِ»: پىخسىقنى ھۆرمەتلىمە.

اِحْتَفَنَ يَحْتَفِنُ اِحْتِفَانًا الشَّجَرَةَ: دەرەخنى قومۇرۇۋەتتى، دەرەخنى يۇلدى.

اِحْتَفَى يَحْتَفِي اِحْتِفَاءً الشَّخْصُ: يالاڭ ئاياغ ماڭدى؛ تەبرىكلىدى.

«اِحْتَفَى الْمُوَاطِنُونَ بِالْأُدَبَاءِ إِحْتِفَاءً بَالِغًا»: پۇقرالار ئەدىبلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

اِحْتِقَارٌ: مەنسىتمەسلىك، كەمسىتمەك، ھاقارەتلىمەك، پەس كۆرمەك، كۆزگە ئىلماسلىق.

اِحْتِقَانٌ: قان چۈشمەك.

اِحْتِقَانٌ دِمَاغِيٌّ: مېڭىگە قان چۈشمەك.

اِحْتَقَبَ يَحْتَقِبُ اِحْتِقَابًا الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى.

«اِحْتَقَبَ زَيْدًا عَلَى نَاقَتِهِ»: زەيدنى ئۆزگىسىگە مىنگۈزۈۋالدى.

اِحْتَقَبَ الْإِثْمَ: گۇناھ قىلدى، گۇناھ ئۆتكۈزدى.

اِحْتَقَبَ خَيْرًا أَوْ شَرًّا: ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلدى.

اِحْتَقَدَ يَحْتَقِدُ اِحْتِقَادًا: ئاداۋەت ساقلىدى؛ ئۆچ كۆردى.

اِحْتَقَرَ يَحْتَقِرُ اِحْتِقَارًا: كەمسىتتى، ھاقارەتلىدى، كۆزگە ئىلمىدى، خورلىدى.

اِحْتَقَنَ يَحْتَقِنُ اِحْتِقَانًا: ئوكۇل ئۇرۇلدى.

اِحْتَقَنَ الْبَوْلُ: سۈيدۈك توسۇلۇپ قالدى.

اِحْتَقَنَ وَجْهُهُ: يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

اِحْتَقَنَ الدَّمُ: قان چۈشتى، قان تۆكۈلدى.

اِحْتَكَأَ يَحْتَكِئُ اِحْتِكَاءً: چىگىشتى، پۇختىلاندى، مەھكەم قىلدى.

اِحْتِكَارٌ: مونوپول قىلماق، بېسىمدارلىق قىلماق.

اِحْتِكَارُ التِّجَارَةِ الْخَارِجِيَّةِ: تاشقى سودىنى مونوپول قىلىۋېلىش.

اِحْتِكَارٌ نَوَوِيٌّ: يادرو مونوپولىيىسى.

اِحْتِكَارِيٌّ: تاماخور، ئاچكۆز؛ بېسىمدار، مونوپول قىلىۋالغۇچى. بېسىمدارلىققا ئائىت، مونوپوللۇققا ئائىت؛ مونوپول تەشكىلات، مونوپول كاپىتالىست، مونوپول قىلغۇچى.

اِحْتِكَاكٌ: سۈركىمەك، سۈركەلمەك.

قُوَّةُ الْاِحْتِكَاكِ: سۈركىلىش كۈچى.

قَوَانِينُ الْاِحْتِكَاكِ: سۈركىلىش قانۇنىيىتى.

«اَلْاِحْتِكَاكُ يُوَلِّدُ الْحَرَارَةَ»: سۈركىلىش ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ.

«اَلتَّغْيِيرُ الَّذِي حَدَثَ فِي الشَّرْقِ إِنَّمَا حَدَثَ لِلْمُثَقَّفِينَ لِكَثْرَةِ اِحْتِكَاكِهِمْ بِالْأَجَانِبِ»: شەرقتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش زىيالىيلارنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن كۆپ مۇئامىلە قىلىش-

قالىلىقى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن.

اِحْتَكَرَ يَحْتَكِرُ اِحْتِكَارًا: مونوپول قىلدى، يالغۇز ئىگىلىۋالدى.

اِحْتَكَرَ الصَّوَابَ: مېنىڭ راست دەپ تۇرىۋالدى، ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلاتتى.

«تُحَاوِلُ بَعْضُ الدُّوَلِ الْكُبْرَى أَنْ تَحْتَكِرَ بَيْعَ السِّلاَحِ فِي الْعَالَمِ الثَّالِثِ»: بەزى چوڭ دۆلەتلەر ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە قورال - ياراغ سېتىشنى مونوپول قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

اِحْتَكَّ يَحْتَكُّ اِحْتِكَاكًا الْجِلْدُ: تېرە قىچىشتى.

اِحْتَكَّ بِالْقَوْمِ: ئالاقىلەشتى.

اِحْتَكَمَ يَحْتَكِمُ اِحْتِكَامًا: يالغۇز ئىگىلىۋالدى، مونوپول قىلىۋالدى.

«يَحْتَكِمُ النَّاسُ إِلَى مُحَكِّمِينَ يَحْكُمُونَ بَيْنَهُمْ»: كىشىلەر تەجرىبىلىك كىشىلەرگە ئەرز سۇنۇپ بارىدۇ، ئۇلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىدۇ.

اِحْتَكَمَ فِيهِمْ: زالىملىق قىلدى، مۇستەبىتلىك قىلدى.

اِحْتَكَمَ فِي السُّوقِ: بازارنى ئىگىلىۋالدى.

اِحْتِلاَلٌ: ئىشغال قىلماق، بېسىۋالماق، ئىگىلىۋالماق.

جَيْشُ الْاِحْتِلاَلِ: ئىشغالىيەتچى قوشۇن.

اِحْتِلاَلِيٌّ: ئىشغالىيەتكە مەنسۇپ.

اِحْتَلَبَ يَحْتَلِبُ اِحْتِلاَبًا: ساغدى.

اِحْتَلَّ يَحْتَلُّ اِحْتِلاَلاً الْمَكَانَ: ئىگىلىۋالدى، ئىشغال قىلىۋالدى.

«لاَسَلاَمَ فِي الْمِنْطَقَةِ قَبْلَ أَنْ تَنْسَحِبَ إِسْرَائِيلُ مِنَ الْأَرَاضِي الَّتِي اِحْتَلَّتْهَا»: ئىسرائىلىيە بېسىۋالغان يەرلەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇ رايوندا تىنچلىق بولمايدۇ.

اِحْتَلَمَ يَحْتَلِمُ اِحْتِلاَمًا: بالاغەتكە يەتتى، ئىھتىلام بولدى.

اِحْتِمَالٌ: مۇمكىنچىلىك، ئىمكانىيەت، ئېھتىمال.

بَعِيدُ الْاِحْتِمَالِ: ئېھتىمالدىن يىراق، مۇمكىن بولمايدىغان.

اِحْتِمَالٌ. اِحْتِمَالِيٌّ: ئېھتىمالغا ئائىت، مۇمكىنچىلىككە ئائىت.

أَحْتَمُ: قارا.

اِحْتَمَلَ يَحْتَمِلُ اِحْتِمَالاً: مۇمكىن بولدى، دۇرۇس بولدى.

اِحْتَمَلَ الْأَمْرُ: بەرداشلىق بەردى.

اِحْتَمَلَ الصَّنِيعَةَ: ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتتى.

«اِحْتَمَلَ مَاكَانَ مِنْهُ اَمَاصَدَرَعَنْهُ»: كۆز يۇمدى؛ كەڭ قورساقلىق قىلدى.

اِحْتَمَى يَحْتَمِي اِحْتِمَاءً بِهِ: سېغىندى؛ ئىلتىجا قىلدى.

اِحْتَمَى فِي الْحَرْبِ: ئۇرۇشتا ئۆزىنى قوغدىدى.

اِحْتَمَى الْمَرِيضُ: كېسەل پەرھىز تۇتتى.

اِحْتَمَى مِنْهُ: ساقلاندى.

اِحْتَنَكَ يَحْتَنِكُ اِحْتِنَاكًا فُلاَنًا: قولغا كەلتۈرۈپ رام قىلىۋالدى.

اِحْتَوَشَ يَحْتَوِشُ اِحْتِوَاشًا: قورشىۋالدى.

اِحْتَوَضَ يَحْتَوِضُ إِحْتِوَاضًا الْمَاءَ: سۇ يىغدى.

اِحْتَوَضَى الْأَرْضَ: يەرنى تاختىلاشتۇردى.

اِحْتَوَى يَحْتَوِي اِحْتِوَاءً الشَّيْءَ: ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئىچىگە سىغدۇردى.

اِحْتِيَاجٌ ج اِحْتِيَاجَاتٌ: ھاجەت، لازىملىق نەرسە، ئېھتىياج.

فَائِضٌ عَنِ الْاِحْتِيَاجِ: ئېھتىياجدىن ئۇشۇق، ئارتۇقچە، ھاجەتسىز.

اِحتِيَاطٌ ج اِحْتِيَاطَاتٌ: دىققەت قىلماق، ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق، ھەزەر ئەيلىمەك.

دُونَ اِحْتِيَاطٍ: بوشاشماي، قىلچە يوشۇرماي، ئېھتىياتسىزلىق.

عَلَى سَبِيلِ الْاِحْتِيَاطِ: ئېھتىيات ئۈچۈن.

اَلْاِحْتِيَاطُ الرَّسْمِيُّ مِنَ الذَّهَبِ: ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن زاپىسى.

ضَابِطُ اِحْتِيَاطٍ: زاپاس ئوفىتسېر؛ زاپاس ئەسكەر.

جُنْدِيٌّ اِحتِيَاطٍ: زاپاس قوشۇن.

اِحْتِيَاطُ الْبَنْكِ: بانكىنىڭ ئېھتىيات فوندى.

إِحْتِيَاطِيٌّ: ئېھتىياتقا ئائىت.

إِحْتِيَاطِيُّ النِّفْطِ أَوِالزَّيْتِ الْخَامِ: زاپاس نېفىت.

تَدَابِيرُ أَوْ إِجْرَاءَاتٌ إِحْتِيَاطِيَّةٌ: ئېھتىياتلىق تەدبىرلەر.

حُبُوبٌ إِحْتِيَاطِيَّةٌ: زاپاس ئاشلىق.

إِحْتِيَالٌ: ھىيلە ئىشلەتمەك، ئالدامچىلىق قىلماق.

أَحَثَّ يُحِثُّ إِحْثَاثًا عَلَى: ھەرىكەتلەندۈردى، سەپەرۋەر قىلدى، رىغبەتلەندۈردى، قىزىقتۇردى، ئىلھاملاندۇردى، قوزغىدى، قۇتراتتى.

إِحْجَامٌ: چېكىنىش، داجىش، ئارقىغا يېنىش؛ تىزگىنلىنىش.

أَحَجَّ يُحِجُّ إِحْجَاجًا: ھەج قىلدۇردى، ھەج قىلىشقا ئەۋەتتى.

أَحْجَرَهُ يُحْجِرُ إِحْجَارًا: يوشۇردى، سەتىرى قىلدى، ياپتى.

أَحْجَمَ يُحْجِمُ إِحْجَامًا عَنِ الشَّيْءِ: چەكلەندى، تىزگىنلەندى؛ چېكىندى.

أَحْجَمَ عَنِ الْأَمْرِ: ۋاز كەچتى، رەت قىلدى، ياندى.

«أَحْجَمَ الْجُنْدُ عَنِ الْقِتَالِ»: قوشۇن ئۇرۇشتىن چېكىندى.

أَحْجَمَتِ النَّارُ: ئوت گۇرۇلدەپ كۆيدى، ئوت ئۆلغىيىپ كۆيدى.

أَحْجَنُ م حَجْنَاءُ ج حُجْنٌ: ئەگرى.

أَحْجَى يُحْجِي إِحْجَاءً: تېگىشلىك، ئەقلى لايىق، ئەقلى ھەقلىق.

أُحْجِيَّةٌ ج أَحَاجِي: تېپىشماق، مۇئەمما، تېپىشماق.

إِنَّهُ بَارِعٌ فِي حَلِّ الْأَحَاجِيِّ: ئۇ، مۇئەمما (تېپىشماق) تېپىشقا ئۇستا.

أَحَّ يَؤُحُّ أَحًّا: يۆتەلدى.

أَحَّدَ يُؤَحِّدُ تَأْحِيدًا الشَّيْءَ: تاق قىلدى، بىرلىككە كەلتۈردى.

أَحَدٌ م إِحْدَى: بىر، يەككە ـ يېگانە، يالغۇز، تەنھا.

اَلْأَحَدُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، يەككە ـ يېگانە ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

يَوْمُ الْأَحَدِ: يەكشەنبە.

«قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ» ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر.

أَحَدٌمَا: ھېچ ئادەم، ھەرقانداق ئادەم.

«حَدَّثَ عَنْهُ أَحَدُ تَلَامِذَتِهِ»: شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئۇ توغرىلىق سۆزلەپ بەردى.

أَحَدَ عَشَرَ م إِحْدَى عَشَرَةَ: ئون بىر.

لَمْ أَرَ أَحَدًا: مەن ھېچكىمنى كۆرمىدىم.

«هَلْ فِي الدَّارِ أَحَدٌ»: قورۇدا بىرەرسى بارمۇ؟

«سَيَصِلُ يَوْمَ الْأَحَدِ»: ئۇ يەكشەنبە كۈنى يېتىپ كېلىدۇ.

«لَايَعْمَلُ الْأُورُبِّيُّونَ أَيَّامَ الْآحَادِ»: ياۋروپالىقلار يەكشەنبە كۈنلىرى ئىشلىمەيدۇ.

أَحَدُ النَّاسِ: مەلۇم بىر ئادەم، بىر ئادەم.

«قَالَ أَحَدُهُمْ»: ئۇلارنىڭ بىرى ئېيتتى.

«حَضَرَتْ إِحْدَى الطَّالِبَاتِ»: قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ھازىر بولدى.

أُحُدٌ: ئۇھۇد تېغى. (مەدىنىگە تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان مەدىنىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى .)

أَحْدَبَ يُحْدِبُ إِحْدَابًا: دوك قىلىپ قويدى.

أَحْدَبُ م حَدْبَاءُ ج حُدْبٌ: بىلەكتىكى بىر تومۇر؛ دوك، دوڭغاق؛ ئەگمە قىلىچ؛ ئەگمە پىچاق.

أَحْدَثَ يُحْدِثُ إِحْدَاثًا: ئىجاد قىلدى، پەيدا قىلدى، بەرپا قىلدى، كەشىپ قىلدى، ياراتتى، ياسىدى.

«لَا تَدْرِي لَعَلَّ اللّٰهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذٰلِكَ أَمْرًا» ‹قرآن›: سەن بىلمەيسەنكى، ئاللاھ شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

«أَحْدَثَ الْإِنْفِجَارُ كَارِثَةً»: پارتلاش كرىزىس پەيدا قىلدى.

أَحْدَثَ الرَّجُلُ: تاھارىتى بۇزۇلىدىغان ئىش سادىر بولدى.

أَحْدَثَ تَأْثِيرًا كَذَا: تەسىر كۆرسەتتى.

«أَحْدَثَ طُرُقًا جَدِيدَةً فِي التَّدْرِيسِ»: ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلدى.

أُحْدُوثَةٌ ج أَحَادِيثُ: گەپ - سۆز، سۆز - چۆچەك، سۆھبەت تېمىسى؛ ساپاق، تۆتقا (گەپىنىڭ).

صَارَ أُحْدُوثَةً: چۆچەككە ئايلاندى.

أَحْدَجَ يُحْدِجُ إِحْدَاجًا الْبَعِيرَ: تۆگىگە كاجىۋە ئارتتى، تۆگىگە تۇقۇم توقىدى.

أَحَدَّ يُحِدُّ إِحْدَادًا السِّكِّينَ: پىچاقنى بىلىدى.

أَحَدَّتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ھازا تۇتتى، قارىلىق تۇتتى.

أَحَدَّ السَّيْفَ: قىلىچنى بىلىدى، ئىتتىكلەتتى.

أَحَدَّ إِلَيْهِ النَّظَرَ: تىكىلىپ قارىدى، سىنچىلاپ قارىدى، دىققەت بىلەن قارىدى.

أَحْدَرَ يُحْدِرُ إِحْدَارًا الْقِرَاءَةَ: تېز ئوقۇدى.

أَحْدَقَ يُحْدِقُ إِحْدَاقًا بِهِ: قورشىۋالدى، ئورىۋالدى.

أَحْدَقَتْ بِنَا الشَّدَائِدُ: بىزنى قىيىنچىلىقلار ئورىۋالدى.

إِحْدَوْدَبَ يَحْدَوْدِبُ إِحْدِيدَابًا: دۈك بولۇپ قالدى.

أُحْدُورٌ: يانتۇ ئېتىز، يانتۇلۇق.

إِحْدَوْدَقَ يَحْدَوْدِقُ إِحْدِيدَاقًا: قورشىۋالدى، ئورىۋالدى.

أُحْدُوَّةٌ. أُحْدِيَّةٌ: تۆگە ھەيدىگەندە ئېيتىلىدىغان ناخشا، پادىچى ناخشىسى.

أَحَدِيٌّ: يەكشەنبىلىك.

أَحَدِيَّةٌ: بىردەكلىك، ئوخشاشلىق.

أَحْذَى يُحْذِي إِحْذَاءً ـــ هُ: غەنىيمەتتىن بىر قىسمىنى بەردى؛ نەيزە سانجىدى.

أَحْرَارِيٌّ: لىبېرالىزمچى، لىبېرالىزم.

إِحْرَاقٌ: كۆيدۈرمەك.

إِحْرَامٌ: ئېھرام باغلىماق (ھەج قىلغۇچىلار ھەج ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغان بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى).

مَلاَبِسُ الْإِحْرَامِ: ئېھرام كىيىمى، ئېھراملىق.

أَحْرَثَ يُحْرِثُ إِحْرَاثًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى چارچىتىۋەتتى.

أَحْرَجَ يُحْرِجُ إِحْرَاجًا: مەجبۇرلىدى، زورلىدى، قىستىدى؛ گۇناھقا گىرىپتار بولدى.

«وَأَحْرَجَ عَلَيْهِ الْأَمْرَ»: مەنئى قىلدى.

«أَحْرَجَنِي بِإِفْشَاءِ مَا اتَّفَقْنَا عَلَى كِتْمَانِهِ»: يوشۇرۇشقا كېلىشكەن ئىشنى مېنى ئاشكارىلاشقا قىستىدى.

أَحْرَجَ مَرْكَزَهُ: قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

أَحْرَجَ فِي يَمِينِهِ: قەسىمىنى بۇزدى.

أَحْرَدَ يُحْرِدُ إِحْرَادًا: ئۇنى يالغۇز قويدى.

أَحْرَدَ فِي الْمَشْيِ: تېز ماڭدى.

أَحْرَدُ: بېخىل.

رَجُلٌ أَحْرَدُ: پىخسىق ئادەم.

عَلَى أَحَرَّ مِنَ الْجَمْرِ: ئۇزۇن كۈتۈپ ئازابلىنىش، كۆپ ئىنتىزار بولۇپ ئازابلىنىش.

«كَانَتْ تَنْتَظِرُ عَلَى أَحَرَّ مِنَ الْجَمْرِ عَوْدَةَ ابْنِهَا مِنَ الْبَعْثَةِ»: ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى.

أَحَرَّ يُحِرُّ إِحْرَارًا النَّهَارُ: كۈن ئىسسىدى، قىزىدى.

أَحَرَّ صَدْرَهُ: ئۇسسىتىۋەتتى، تەشنا قىلدى.

أَحْرَزَ يُحْرِزُ إِحْرَازًا الشَّيْءَ: ئېرىشتى، ئىگە بولدى.

أَحْرَزَ الْمَكَانُ الرَّجُلَ: پاناھ بولدى، پاناھگاھ بولدى.

أَحْرَزَ شُهْرَةً: شۆھرەت قازاندى.

أَحْرَزَ فَوْزًا: يېڭىپ چىقتى، غەلىبىگە ئېرىشتى.

أَحْرَزَ نَجَاحًا: مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

أَحْرَزَ قَصَبَ السَّبْقِ: چېمپىيون بولدى، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

أَحْرَسُ: قەدىمىي.

أَحْرَشُ م حَرْشَاءُ ج حُرْشٌ: قوپاللىق، يىرىكلىك.

أَحْرَقَ يُحْرِقُ إِحْرَاقًا: كۆيدۈردى، ئوت قويدى.

أَحْرَقَهُ بِالْمِبْرَدِ: ئېگەكلىدى.

«لاَ يَسْتَطِيعُ الْمَرْءُ أَنْ يُحْرِقَ مِثْلَ هَذِهِ الْكَمِيَّةِ

الْكَبِيْرَةِ مِنَ الْفَحْمِ فِي شِتَاءٍ وَاحِدٍ»: كىشى مونچىۋالا نورغون كۆمۈرنى بىر قىش ئىچىدە قالاپ بولالمايدۇ.

أَحْرَقَهُ بِالْحَرَارَةِ: كۆيدۈردى.

أَحْرَقَ أَمَامَهُ بُخُورَ الْمَدِيْحِ: كۆككە كۆتۈردى (خۇشامەتچىلىك قىلدى).

«مِنَ الْمُؤَسِّفِ أَنْ تُحْرَقَ هَذِهِ الْأَخْشَابُ وَهِيَ لَاتَزَالُ صَالِحَةً لِلْإِسْتِعْمَالِ»: ھېلىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ياغاچلارنى قالاش ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

أَحْرَمَ يُحْرِمُ إِحْرَامًا: ئېھرام باغلىدى، ھەرەمگە كىردى.

أَحْرَمَ بِالْحَجِّ أَوِالْعُمْرَةِ: ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى.

أَحْرَمَ بِالصَّلَاةِ: نامازغا كىردى.

إِحْرَنْجَمَ يَحْرَنْجِمُ إِحْرِنْجَامًا الْقَوْمُ: يىغىلدى، توپلاندى، جەم بولدى.

إِحْرَنْجَمَ عَنِ الْأَمْرِ: ئىرادە باغلاپ نىيىتىدىن ياندى.

أَحْرَى يُحْرِي إِحْرَاءً الشَّيْءَ: ئازايتتى، كېمەيتتى.

أَحْرَى الشَّيْءَ: كېمەيتىۋەتتى.

مَاأَحْرَى بِهِ: تازا لايىق كەلدى.

اَلْأَحْرَى: ئەڭ لايىق.

«مِنَ الْأَحْرَى أَنْ نَذْهَبَ إِلَى الْإِجْتِمَاعِ مُبَاشَرَةً»: ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇدۇللا يىغىنغا بارايلى.

أَحْزَمَ يُحْزِمُ إِحْزَامًا الْفَرَسَ: ئاتنىڭ تۆشىنى چىگىتتى.

أَحْزَمُ ج مَحَازِمُ: پەرتۇق؛ بەلباغ؛ بەل قىسمى.

أَحْزَمُ: ئەڭ ئاقىلانە، ئەڭ ئېھتىياتچان.

أَحْزَنَ يُحْزِنُ إِحْزَانًا: غەمكىن قىلدى، خاپا قىلدى، قايغۇغا سالدى.

أَحْزَنَ عَلَيْهِ: ماتەم تۇتتى، تەزىيە بىلدۈردى.

إِحْسَاسٌ ج إِحْسَاسَاتٌ و أَحَاسِيسُ: سېزىم، ھېس - تۇيغۇ.

«اَلْأَدَبُ يُعَبِّرُ عَنْ أَحَاسِيسِ الشَّعْبِ وَ اِتِّجَاهَاتِهِ»: ئەدەبىيات خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

عَدِيْمُ الْإِحْسَاسِ: بىخودلۇق، بىپەرۋالىق، سەزگۈنى يوقاتماق.

إِحْسَاسٌ دَاخِلِيٌّ: ئىچكى سېزىم.

إِحْسَاسٌ مُشْتَرَكٌ: ئورتاق تۇيغۇ، ئورتاق ھېسسىيات.

قِلَّةُ الْإِحْسَاسِ: سەزمەسلىك، سەزگۈ - تۇيغۇنىڭ ناچارلىشىشى.

إِحْسَانٌ ج إِحْسَانَاتٌ: ياخشىلىق، ئېھسان، مەرھەمەت، ياخشى ئىش.

صَاحِبُ الْإِحْسَانِ: خەير - ساخاۋەتلىك ئادەم، ياخشىلىق قىلغۇچى ئادەم.

جَمْعِيَّةُ الْإِحْسَانِ: خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى.

أَحْسَبَ يُحْسِبُ إِحْسَابًا الشَّيْءَ: كۆپ قىلدى، يېتەرلىك بولدى.

أَحْسَبُ: چېچى ۋە تېرىسى ئاق ئادەم، ئاق كېسەل ئادەم، چېچى ۋە تېرىسى تۇغما ئاق ئادەم.

أَحَسَّ يُحِسُّ إِحْسَاسًا: ھېس قىلدى، سەزدى، بىلدى.

«فَلَمَّا أَحَسَّ عِيسَى مِنْهُمُ الْكُفْرَ قَالَ مَنْ أَنْصَارِي إِلَى اللّٰهِ» ‹قرآن›: ئەيسا ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىلار) دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: «ئاللاھ ئۈچۈن (ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى.

«فَلَمَّا أَحَسُّوا بَأْسَنَا إِذَا هُمْ مِنْهَا يَرْكُضُونَ» ‹قرآن›: ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ.

«أَحَسَّ بِقِيْمَةِ الدِّرَاسَةِ بَعْدَ ضَيَاعِ الْفُرْصَةِ»: پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئوقۇشنىڭ قىممەتلىكىنى ھېس قىلدى.

«أَحْسَسْتُ بِالْأَلَمِ يَسْرِي فِي بَطْنِي»: قورسىقىمنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

أَحْسَنَ يُحْسِنُ إِحْسَانًا: ياخشىلىق قىلدى، ياخشى ئىش قىلدى.

أَحْسَنَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدى، ياردەم بەردى، سىلە - رەھىم قىلدى.

أَحْسَنَ الْفَهْمَ: ئوبدان چۈشەندى.

«أَحْسَنَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ»: ئەرەب تىلىنى پۇختا ئىگىلىدى.

أَحْسَنَ الْإِخْتِيَارَ: ئوبدان تاللىدى.

«وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللّٰهُ إِلَيْكَ» ‹قرآن›: ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن.

«إِنْ أَحْسَنْتُمْ أَحْسَنْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ» ‹قرآن›: ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر.

أَحْسَنَ الظَّنَّ بِهِ: ئىشەندى.

أَحْسَنَ مُعَامَلَتَهُ: ياخشى مۇئامىلە قىلدى، ئوبدان مۇئامىلىدە بولدى.

«إِذَا أَحْسَنْتَ الْقَوْلَ فَأَحْسِنِ الْفِعْلَ»: سۆزۈڭ چىرايلىق بولغاندىن كېيىن، ئىشىڭمۇ چىرايلىق بولسۇن.

أَحْسَنْتَ: بەك ياخشى، بەللى، ئاپىرىن.

أَحْسَنُ ج أَحَاسِنُ م حُسْنَى: ئەڭ ياخشى، ئەڭ گۈزەل.

«وَإِذَا حُيِّيتُمْ بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا بِأَحْسَنَ مِنْهَا» ‹قرآن›: سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ دەڭلار).

أَحَاسِنُ الْقَوْمِ: قەۋمنىڭ ياخشىلىرى.

«لَمْ تُحْضَرِ الْمَوَادُّ بَعْدُ لِذَا فَمِنَ الْأَحْسَنِ أَنْ يَبْدَأَ الْعَمَلُ بَعْدَ أَيَّامٍ»: ماتېرىياللار تېخى تولۇق ئەمەس، شۇڭلاشقا ئىش بىرقانچە كۈندىن كېيىن باشلانسا ياخشى بولىدۇ.

«يُؤَدِّي كُلُّ فَرْدٍ وَاجِبَهُ عَلَى أَحْسَنِ وَجْهٍ»: ھەر ئادەم ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئوبدان ئادا قىلماقتا.

بِأَحْسَنِ قَصْدٍ أَوْ نِيَّةٍ: ياخشى نىيەت بىلەن.

«أَفْضَلُ الْمُؤْمِنِيْنَ أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا» ‹حديث›: گۈزەل ئەخلاقلىق مۆمىن مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ ئارتۇقىدۇر.

أَحْشَبَ يُحْشِبُ إِحْشَابًا ـــ هُ: غەزەپلەندۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

أَحْشَدَ يُحْشِدُ إِحْشَادًا الْقَوْمُ: يىغىلدى، توپلاندى، جەم بولدى.

أَحْشَمَ يُحْشِمُ إِحْشَامًا: خىجىل قىلدى، ئۇيالدۇردى؛ غەزىپىنى كەلتۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

إِحْصَاءٌ: سانىماق، ھېسابلىماق، مەلۇم قىلماق؛ ستاتىستىكا قىلماق.

إِحْصَاءُ النُّفُوسِ: نوپۇس تەكشۈرمەك.

عِلْمُ الْإِحْصَاءِ: ستاتىستىكا ئىلمى.

إِحْصَائِيٌّ: ستاتىستىكىغا خاس.

إِحْصَائِيَّةٌ ج إِحْصَائِيَّاتٌ: ستاتىستىكا سان.

إِحْصَانٌ: ئۆيلەنمەك، ئىپپەتلىك بولماق.

أَحْصَدَ يُحْصِدُ إِحْصَادًا الزَّرْعُ: زىرائەت پىشتى، يىغىم ۋاقتى يېقىنلاشتى، ھوسۇل يىغىش ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئوما يېقىنلاشتى.

أَحْصَرَ يُحْصِرُ إِحْصَارًا ـــ هُ الْمَرَضُ: كېسەل ئۇنى ھالسىزلاندۇردى.

أَحَصَّ يُحِصُّ إِحْصَاصًا: بىر ئۈلۈش بەردى.

أَحَصَّ الشَّيْءَ: بۆلدى.

أَحَصَّهُ: بىر ئۈلۈش بەردى.

أَحْصَفَ يُحْصِفُ إِحْصَافًا: تېز يۈگۈردى، چاپتى.

أَحْصَفَ الْحَبْلَ: ئارقاننى پۇختا ئەشتى.

أَحْصَفَ الحَرُّ فُلَانًا: تېرىسىگە ئىسسىقتىن ھۆررەك چىقىپ كەتتى.

أَحْصَنَ يُحْصِنُ إِحْصَانًا الرَّجُلُ: ئۆيلەندى.

أَحْصَنَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال تالالىق بولدى، ئەرگە تەگدى.

أَحْصَى يُحْصِي إِحْصَاءً الشَّيْءَ: سانىدى، ھېسابلىدى، مەلۇم قىلدى، تەكشۈردى، تىزىملىدى، چۈشەندى، تولۇق بىلدى.

أَحْصَى الْكِتَابَ: يادقا ئالدى، ھىپزى قىلدى.

أَحْصَى عَلَيْهِ أَنْفَاسَهُ: ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلدى.

أَحْصَى الشَّيْءَ: سانىدى، ئىگىلىدى، ھېسابلىدى، ستاتىستىكا قىلدى، رويخەتكە ئالدى.

«وَإِنْ تَعُدُّوانِعْمَةَ اللّٰهِ لاَتُحْصُوهَا» «قۇرئان»: سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر.

«وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ كِتَابًا» «قۇرئان»: ھەر نەرسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز.

«أَحْصَىالضَّابِطُ عَدَ دَالْجُنُودِفِي وَحْدَتِهِ»: ئوفىتسېر ئۆز قارىمىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئالدى.

لاَيُحْصَى: ساناقسىز، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان.

«طَلَبَ الْقَاضِي إِحْضَارَ الْمُتَّهَمِ أَمَامَهُ»: باش سوتچى جاۋابكارنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى.

أَحْضَرَ يُحْضِرُ إِحْضَارًا بِهِ: ئېلىپ كەلدى، ئەكەلدى.

مُذَكِّرَةُ إِحْضَارٍ: چاقىرىقنامە، باغاق.

«أَحْضَرَ بَعْضَ الْمُنْتَجَاتِ الْمَحَلِّيَّةِ مِنْ قَرْيَتِهِ»: ئۆز يېزىسىنىڭ بەزى يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

أَحْطَبَ يُحْطِبُ إِحْطَابًا: ئوتۇن يىغدى، ئوتۇن تەردى.

أَحَظَّ يُحِظُّ إِحْظَاظًا: تەلەيلىك بولدى، نېسىۋىلىك بولدى، تەلىيى كەلدى.

أَحْظَى يُحْظِي إِحْظَاءً: ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى؛ ئورنىنى كۆتۈردى.

أَحْظَاهُ بِالشَّيْءِ: مەرھەمەت قىلدى.

أَحْفَظَ يُحْفِظُ إِحْفَاظًا: غەزىپىنى كەلتۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

«أَحَسَّ أَنَّ أُمَّهُ تَأْذِنُ لِإِخْوَتِهِ فِي أَشْيَاءٍ تَحْظُرُهَا عَلَيْهِ وَكَانَ ذَلِكَ يُحْفِظُهُ»: ئۇ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدىغان نەرسىلەرگە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى.

«أَحْفَظَهُ الْكِتَابَ كُلَّهُ فِي عَشَرَةِ أَيَّامٍ»: ئۇ ئۇنىڭغا پۈتۈن كىتابنى 10 كۈندە يادلاتقۇزدى.

أَحْفَظَهُ عَلَى: غەزەپلەندۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

أَحْفُورٌ ج أَحَافِيرُ: يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي شەيئىلەر، قازما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى.

أَحْفَى يُحْفِي إِحْفَاءً شَارِبَهُ: بۇرۇتىنى ياسىتىپ قىسقارتتى.

أَحْفَى السُّؤَالَ: سوروشتە قىلدى، تېگى ـ تەكتىنى سورىدى.

أَحْفَى بِهِ: زىيادە ھۆرمەتلىدى، چوڭقۇر تىنچلىق سورىدى.

أَحْقَدَ يُحْقِدُ إِحْقَادًا ـــ هُ: ئۇنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالدى، غەزەپلەندۈردى، ئۆچ قىلدى، ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

أَحْقَرَ يُحْقِرُ إِحْقَارًا: كەمسىتتى، ھاقارەتلىدى، كۆزگە ئىلمىدى، خورلىدى.

أَحَقَّ يُحِقُّ إِحْقَاقًا: ھەقنى سۆزلىدى، ھەقنى دېدى، ھەقنى ئىسپاتتى.

«وَيُحِقُّ اللّٰهُ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ» «قۇرئان»: ئاللاھ پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.

«أَحَقَّ اللّٰهُ الْحَقَّ»: ئاللاھ تائالا ھەقنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزدى، ئاللاھ ھەقىقەتنى ئىزچىللاشتۇردى.

أَحَقَّ الشَّيْءَ: ھەقنى دەۋا قىلىپ مۇقىملاشتۇردى، ھەقنى دەۋا قىلىپ ئىسپاتلىدى.

أَحَقَّ الْأَمْرَ إِحْقَاقًا: ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈردى، ھەقىقەتنى ئېنىقلىدى.

أَحَقُّ: ئەڭ ھەقلىق، ئەڭ توغرا، ئەڭ لايىق.

«وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللّٰهُ أَحَقُّ أَنْ تَخْشَاهُ» «قۇرئان»: كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھدىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى.

إِحْكَامٌ: پۇختىلىماق، مۇستەھكەملىمەك.

بِإِحْكَامٍ: پۇختىلىق بىلەن.

أَحْكَأَ يُحْكِئُ إِحْكَاءً: چىگىتتى، پۇختىلىدى، مەھكەم قىلدى.

أَحَكَّ يُحِكُّ إِحْكَاكًا الْجِلْدُ: قىچىشتى.

أَحْكَمَ يُحْكِمُ إِحْكَامًا: پۇختا ئىشلىدى، پۇختا قىلدى. كۈچەيتتى، مۇستەھكەملىدى، پۇختىلىدى.

أَحْكَمَ أَقْفَالَ الْبَابِ: دەرۋازىنى پۇختا ئەتتى.

أَحْكَمَ الْعَمَلَ: ئىشنى ياخشى ئىشلىدى، پۇختا ئىشلىدى.

«كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ» «قرآن»: ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا... كىتابتۇر.

أَحْلَسَ يُحْلِسُ إِحْلاَسًا: تاڭدى، مەجبۇرلىدى.

أَحْلَسَتِ السَّمَاءُ: سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى.

أَحْلَسُ م حِلْسَاءُ ج حُلْسٌ: زىغىرەڭ، خورما رەڭ، بېغىررەڭ؛ ئاپپاق، پايىنەك.

أَحَلَّ يُحِلُّ إِحْلاَلاً الشَّخْصَ: چۈشۈردى، تۇرغۇزدى، ھالال قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى.

أَحَلَّهُ مَحَلَّهُ: ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا قويدى.

أَحَلَّ لَهُ الْأَمْرَ: رۇخسەت قىلدى، ئىجازەت بەردى.

«وَأَحَلَّ اللّٰهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا» «قرآن»: ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى.

«اَلَّذِى أَحَلَّنَا دَارَ الْمُقَامَةِ مِنْ فَضْلِهِ» «قرآن»: ئاللاھ مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى.

«نُقِلَ السَّفِيْرُ إِلَى الْخَارِجِيَّةِ وَأَحَلَّ مَحَلَّهُ سَفِيْرٌ جَدِيْدٌ»: باش ئەلچى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى باش ئەلچى كەلدى.

أَحَلَّ الشَّيْءَ: ھالال قىلدى، مۇباھ قىلدى.

أَحَلَّ الْمُحْرِمُ: (ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچى) ئېھرامدىن چىقتى.

أَحَلَّهُ: چۈشۈردى، ئورناتتى، قويدى.

أَحَلَّهُ مَحَلَّهُ: ئورنىنى باستى، ئورنىغا قويدى.

أَحِلَّةٌ: تۇرالغۇ جاي، مەھەللە؛ سورۇن.

إِحْلَوْلَكَ يَحْلَوْلِكُ إِحْلِيْلاَكًا: قاراڭغۇ چۈشتى، زۇلمەت باستى.

إِحْلِيلٌ ج أَحَالِيلُ: سۈيدۈك يولى ئېغىزى، زەكەرنىڭ بېشىدىكى تۆشۈك.

إِحْمِ: ھىم (دىمىغىنى قېقىش)، بەس!

إِحْمَارَّ يَحْمَارُّ إِحْمِيْرَارًا: ئاستا ـ ئاستا قىزاردى.

أَحْمَدُ: بەك ماختىغۇچى.

أَحْمَرُ، حَمْرَاءُ ج حُمْرَانٌ و حُمْرٌ وأَحَامِرُ: قىزىل رەڭ.

أَحْمَرُ كَالدَّمِ: قېنىق قىزىل، توق قىزىل، قاندەك.

اَلْأَحْمَرُ و الْأَبْيَضُ: ئالتۇن ـ كۈمۈش.

اَلْجَيْشُ الْأَحْمَرُ: قىزىل ئارمىيە.

اَلْبَحْرُ الْأَحْمَرُ: قىزىل دېڭىز.

أَحْمَرُ قَانٍ: قىپقىزىل، توق قىزىل.

أَحْمَرُ وَرْدِيٌّ: قىزىل گۈل رەڭلىك.

أَحْمَرُ قَرَنْفُلِيٌّ: شاپتۇل چېچىكى (رەڭ).

أَحْمَرُ فَاتِحٌ: ئاچ قىزىل.

اَلْأَحْمَرُ وَالْأَسْوَدُ: ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك.

مَوْتٌ أَحْمَرُ: ھادىسە بىلەن ئۆلۈش، بالا ـ قازا بىلەن ئۆلۈش.

اَلْهِلاَلُ الْأَحْمَرُ: قىزىل ھىلال ئاي.

اَلصَّلِيْبُ الْأَحْمَرُ: قىزىل كرېست.

اَلْأَحْمَرَانِ: ئالتۇن بىلەن زەپىران؛ نان بىلەن گۆش؛ گۆش بىلەن ھاراق.

إِحْمِرَارٌ: قىزىللىق.

إِحْمَرَّ يَحْمَرُّ إِحْمِرَارًا: قىزاردى.

أَحْمَسَ يُحْمِسُ إِحْمَاسًا: غەزەپلەندۈردى؛ قوزغىدى، ھاياجانلاندۇردى، تەسىرلەندۈردى.

أَحْمَسُ م حَمْسَاءُ ج حُمْسٌ: قىزغىن، ھەۋەسكار.

أَرْضٌ حَمْسَاءُ: تاقىر يەر، قاقاس يەر.

أَحْمَضَ يُحْمِضُ إِحْمَاضًا ــ هُ: ئېچىشتى.

أَحْمَقَ يُحْمِقُ إِحْمَاقًا: ئەخمەق قىلدى.

أَحْمَقُ م حَمْقَاءُ ج حُمْقٌ: مەتۇ، كەم ئەقىل، ئەخمەق، نادان.

«عَدَاوَةُ الْعَاقِلِ أَقَلُّ ضَرَرًا مِنْ صَدَاقَةِ الْأَحْمَقِ»: ئەقىللىق ئادەم بىلەن دۈشمەنلىشىش ئەخمەق ئادەم بىلەن دوستلىششقا قارىغاندا زىيىنى ئاز.

أَحَمُّ م حَمَّاءُ ج حُمٌّ: قارا؛ ئاق پارقازىنى؛ قازان.

أَحْمَى يُحْمِي إِحْمَاءً: قىزىتتى؛ قوزغىدى؛ ھاياجانلاندۇردى.

«يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ» ‹قۇرئان›: ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن – كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ.

إِحْنَةٌ ج إِحَنٌ: ئۆچمەنلىك.

أَحْنَقُ م حَنْقَاءُ ج حُنْقٌ: ئىچ مايماق، خاموت ئاياغ.

أَحْنَقَ يُحْنِقُ إِحْنَاقًا: دۈشمەن بولدى، ئۆچ بولدى.

أَحْنَقَهُ: ئاچچىقىنى كەلتۈردى، خاپا قىلدى.

أَحْنَكَ يُحْنِكُ إِحْنَاكًا فُلاَنًا: قايتۇردى.

أَحْنَى يُحْنِي إِحْنَاءً عَلَيْهِ: ھېسداشلىق قىلدى، ئىچ ئاغرىتتى.

أَحْنَى الشَّيْءَ: ئەگدى.

أَحْنَى رَأْسَهُ: بېشىنى ئەگدى.

أَحْوَجَ يُحْوِجُ إِحْوَاجًا الشَّخْصُ: نامراتلاشتى، كەمبەغەللەشتى، موھتاج بولدى.

أَحْوَجَهُ إِلى الشَّيْءِ: ئۇنى موھتاج قىلدى.

أَحْوَجَهُ: كەمبەغەللەشتۈرۈۋەتتى؛ كېرەك قىلدى.

أَحْوَجَ إِلَيْهِ: ھاجىتى چۈشتى، موھتاج بولدى.

أَحْوَذَ يُحْوِذُ إِحْوَاذًا: ئالدىرىدى، تېز ماڭدى.

أَحْوَرُ ج حَوْرَاءُ: قارا كۆز.

أَحْوَصُ م حَوْصَاءُ ج حُوْصٌ وَأَحَاوِصُ: قىسماق كۆز.

أَحْوَلُ ج حَوْلاَءُ ج حُوَلٌ: ئەلەس، ئالغاي.

إِحْوَلَّ يَحْوَلُّ إِحْوِلاَلاً: ئالغاي بولدى، ئالغايغا ئايلاندى.

إِحْوَلَّتْ عَيْنُهُ: ئالغاي بولۇپ قالدى.

أَحْوَى م حَوَّاءُ ج حُوٌّ: توق يېشىل؛ توق قىزىل؛ قارامتۇل.

«فَجَعَلَهُ غُثَاءً أَحْوَى» ‹قۇرئان›: ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت – خەسكە ئايلاندۇردى.

أَحْيَى يُحْيِي إِحْيَاءً: تىرىلدۈردى.

«وَاللّٰهُ أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا» ‹قۇرئان›: ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن قاغجىراپ قالغان زېمىندا (تۈرلۈك زىرائەتلەرنى) ئۈندۈردى.

إِحْيَاءُ ذِكْرَى الشُّهَدَاءِ الثَّوْرِيِّينَ: ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش.

إِحْيَاءُ التُّرَاثِ الْأَدَبِيِّ: ئەدەبىيات مىراسلىرىنى گۈللەندۈرۈش.

إِحْيَائِيٌّ: بىئولوگ، بىئولوگىيىلىك.

أَحْيَى اللَّيْلَ: ئۇيقۇسى قاچتى، تۈنىدى.

«أُقِيمَ إِحْتِفَالٌ لِلإِحْيَاءِ ذِكْرَى الشَّاعِرِ شَوْقِي بِمُنَاسَبَةِ مُرُورِ خَمْسِينَ عَامًا عَلَى وَفَاتِهِ»: شائىر (ئەھمەد) شەۋقى ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلدى.

أَحْيَى حَفْلَةً: يىغىن ئاچتى.

أَحْيَى الذِّكْرَى: خاتىرىلىدى، تەبرىكلىدى.

أَحْيَى سِيْرَتَهُ: ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى گۈللەندۈردى.

أَحِيْحٌ. أَحِيْحَةٌ: ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش.

اَلْأَحْيَلُ وَالْأَحْوَلُ: ئەپچىل چارە.

أَخٌ ج إِخْوَةٌ و إِخْوَانٌ: ئاكا – ئۇكا (ئەر بىر تۇغقان)، قېرىنداش؛ دوست، بۇرادەر.

«وَلَهُ أَخٌ أَوْأُخْتٌ فَلِكُلِّ وَاحِدٍمِنْهُمَا السُّدُسُ» ‹قۇرئان›: ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

«رَبَّنَا اغْفِرْلَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِيْنَ سَبَقُونَا بِالْإِيْمَانِ» ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرىكى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن.

أَخٌ فِي الرِّضَاعَةِ: ئېمىلدەش، بىر تۇغقان، ئېمىلدەش ئاكا – ئۇكا.

أَخُو الزَّوْجِ: قېيىن ئىنى.

أَخُوالنَّوْمِ: ئۆلۈم، ھالاكەت.

أَخُو ثِقَةٍ: ئىشەنچ قىلىشقا بولىدىغان، ئىشەنچلىك.

«رُبَّ أَخٍ لَكَ لَمْ تَلِدْهُ أُمُّكَ»: بەزى بۇرادەرلەر بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىنداشتىنمۇ يېقىن بولىدۇ.

«إِخْوَانُ الْوِدَادِ أَقْرَبُ مِنْ إِخْوَةِ الْوِلاَدِ»: تۇغقان قېرىنداشلىقتىن دوستلۇق قېرىنداشلىق يېقىن.

إِخَاءٌ: قېرىنداشلىق، دوستلۇق، دوستلىشىش.

أَخَابَ يُخِيبُ إِخَابَةً الأَمَلَ: ئۈمىدسىزلەندۈردى؛ ئارزۇسىنى يوققا چىقاردى.

أَخَافَ يُخِيفُ إِخَافَةً: قورقۇتتى.

إِخَافَةٌ: قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

أَخَالَ يُخِيلُ إِخَالَةً عَلَيْهِ الشَّيْءُ: مۇجمەل بولدى، تۇتۇق بولدى.

إِخَاوَةٌ: قېرىنداشلىق، دوستلۇق.

إِخْبَارٌ: ئاگاھلاندۇرماق، ئۇقتۇرماق، خەۋەر قىلماق؛ خەۋەرچىلىك، مەلۇم قىلماق.

«إِخْبَارُكَ بِوَقَائِعِ الْمُقَاوَمَةِ يَهُزُّ الْمَشَاعِرَ»: قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئائىت خەۋەرلىرىڭ ھېسسىياتنى قوزغايدۇ، يەنى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

إِخْبَارِيٌّ: ئاخبارات خاراكتېرلىك، ئاخباراتلىق.

أَخْبَارِيٌّ: تارىخشۇناس.

إِخْبَارِيَّةٌ ج إِخْبَارِيَّاتٌ: ئاخبارات، خەۋەر، مەلۇمات.

أَخْبَتَ يُخْبِتُ إِخْبَاتًا الْقَوْمُ: يوشۇرۇندى.

أَخْبَتَ إِلَى اللهِ: ئاجىزلىق بىلدۈردى، قورقتى.

«وَأَخْبَتُوا إِلَى رَبِّهِمْ» ‹قرآن›: ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈردى.

أَخْبَثَانِ: چوڭ ـ كىچىك تاھارەت.

«لاَ صَلاَةَ بِحَضْرَةِ طَعَامٍ وَلاَ وَهُوَ يُدَافِعُهُ الأَخْبَثَانِ» ‹حديث›: تاماق ھازىر بولغان چاغدا، چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىستاپ قالغاندا نامازغا تۇرۇش دۇرۇس ئەمەس.

أَخْبَرَ يُخْبِرُ إِخْبَارًا: خەۋەر قىلدى، ئېيتىپ بەردى، يەتكۈزدى.

أَخْبَى يُخْبِي إِخْبَاءً النَّارَ: ئوتنى ئۆچۈردى.

أُخْتٌ ج أَخَوَاتٌ: ھەمشىرە، قىز قېرىنداش.

اَلأُخْتُ الْكَبِيرَةُ: ئاچا.

الأُخْتُ الصَّغِيرَةُ: سىڭىل.

اِخْتَارَ يَخْتَارُ اِخْتِيَارًا الشَّيْءَ: تاللىدى.

«وَأَنَا اخْتَرْتُكَ فَاسْتَمِعْ لِمَا يُوحَى» ‹قرآن›: مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن.

اِخْتَارَ صَدِيقَهُ: دوستىنى تاللىدى.

«اِخْتَارَهُ اللهُ إِلَى جِوَارِهِ»: ئاللاھ ئۇنى قەبزە روھ قىلدى، دەرگاھىغا بېرىشقا تاللىدى.

اِخْتَالَ يَخْتَالُ اِخْتِيَالاً الشَّخْصُ: غادىيىۋالدى، گىدىيىۋالدى، ھاكاۋۇرلاشتى.

اِخْتَالَ فِي مَشْيِهِ: گىدىيىپ ماڭدى، ئىرغاڭلاپ ماڭدى.

اِخْتَبَأَ يَخْتَبِئُ اِخْتِبَاءً مِنْهُ: يوشۇرۇندى، مۆكۈندى.

اِخْتِبَارٌ: باشتىن كەچۈرمەك، تەجرىبە قىلماق، سىنىماق؛ تەكشۈرمەك.

اِخْتِبَارٌ: تەجرىبە، سىناق.

عَدَمُ اِخْتِبَارٍ: تەجرىبىسىزلىك، خاملىق، پىشمىغانلىق.

عَلَى سَبِيلِ الاِخْتِبَارِ: تەجرىبە ئاساسىدا.

حَقْلُ الاِخْتِبَارَاتِ الزِّرَاعِيَّةِ: دېھقانچىلىق تەجرىبە ئېتىزى.

اِخْتَبَّ يَخْتَبُّ اِخْتِبَابًا: سوكۇلداپ ماڭدى.

اِخْتَبَرَ يَخْتَبِرُ اِخْتِبَارًا الأَمْرَ: ماھىيىتىنى تونۇش ئۈچۈن تەكشۈردى.

اِخْتَبَرَ الشَّيْءَ: تەكشۈردى، ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن تەكشۈردى.

اِخْتَبَرَ الرَّجُلَ: كىشىنى سىنىدى.

اِخْتَبَزَ يَخْتَبِزُ اِخْتِبَازًا: نان پىشۇردى، بولكا ياسىدى.

اِخْتَبَطَ يَخْتَبِطُ اِخْتِبَاطًا: تىمىسقىلاپ يۈردى، تەمتىرەپ يۈردى.

اِخْتَبَلَ يَخْتَبِلُ اِخْتِبَالاً الرَّجُلُ: ساراڭ بولدى،

ئەقلىدىن ئازدى، نېرۋىسىدىن ئاداشتى.

إِخْتَتَلَ يَخْتَتِلُ إِخْتِتَالاً: تىلاك تىگلىدى، يوشۇرۇن مەلۇمات ئالدى.

إِخْتَتَلَ لِأَسْرَارِالْقَوْمِ: تىلاك تىگلىدى، يوشۇرۇن مەلۇمات ئالدى.

إِخْتَتَمَ يَخْتَتِمُ إِخْتِتَامًا: ئاخىرلاشتۇردى، ئاياغلاشتۇردى، تاماملىدى.

إِخْتَتَنَ يَخْتَتِنُ إِخْتِتَانًا: خەتنە قىلىندى.

إِخْتِرَاعٌ: كەشىپ قىلماق.

إِخْتِرَاعٌ ج إِخْتِرَاعَاتٌ: كەشپىيات، ئىجادىيەت.

«تَتَرَكَّزُ الْإِخْتِرَاعَاتُ فِي الْجَامِعَاتِ وَمَرَاكِزِ الْبُحُوثِ»: كەشپىياتلار ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىگە مەركەزلەشكەن.

إِخْتِرَاقٌ: تېشىپ ئۆتمەك.

«سَمِعَ السُّكَّانُ فَرْقَعَةً نَتِيجَةَ إِخْتِرَاقِ الطَّائِرَةِ حَاجِزَ الصَّوْتِ»: ئايروپىلان ئاۋاز توسۇغۇچتىن بېسىپ ئۆتۈش نەتىجىسىدە ئاھالىلەر گۇرۇلدىگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى.

إِخْتَرَشَ يَخْتَرِشُ إِخْتِرَاشًا: تاتىلاپ تاشلىدى؛ يارا قىلىۋەتتى.

إِخْتَرَصَ يَخْتَرِصُ إِخْتِرَاصًا عَلَيْهِ: بوھتان چاپلىدى، تۆھمەت چاپلىدى.

إِخْتَرَعَ يَخْتَرِعُ إِخْتِرَاعًا: كەشىپ قىلدى.

إِخْتَرَعَ الْمِذْيَاعَ: رادىئونى كەشىپ قىلدى.

إِخْتَرَقَ يَخْتَرِقُ إِخْتِرَاقًا الصُّفُوفَ: سەپنى يېرىپ ئۆتتى.

«إِخْتَرَقَ الْمُسَافِرُ الْأَرْضَ»: مۇساپىر زېمىننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى.

إِخْتَرَقَ الرَّجُلُ الْقَوْمَ: ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

إِخْتَرَقَ السَّهْمُ الرَّمِيَّةَ: ئوق ئۆتۈپ كەتتى.

إِخْتَرَقَ الْجَيْشُ الْحِصَارَ: ئارمىيە مۇھاسىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

إِخْتَرَقَ الْعَدُوُّ الْحُدُودَ: دۈشمەن چېگرىدىن بېسىپ ئۆتتى.

إِخْتَرَقَ الْكَلَامُ مَسَامِعَهُ: سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

«هُنَالِكَ نَهْرٌ يَخْتَرِقُ هَذِهِ الْقَرْيَةَ»: بۇ يەردە بۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭ بار.

«إِخْتَرَقَتْ رَصَاصَةٌ جَنَاحَ الطَّائِرَةِ»: ئايروپىلان قانىتىنى ئوق تېشىۋەتتى.

إِخْتَرَمَ يَخْتَرِمُ إِخْتِرَامًا الدَّهْرُ: ھالاك قىلدى، يوقاتتى.

إِخْتَرَمَتِ الْمَنِيَّةُ: ئۇ ئۆلدى.

إِخْتِزَالٌ: قىسقارتماق، ئاددىيلاشتۇرماق.

كِتَابَةُ الْإِخْتِزَالِ: تېز خاتىرىلەش ئۇسۇلى.

كَتَبَ بِالْإِخْتِزَالِ: تېز خاتىرىلىدى (مەلۇم بەلگە ئارقىلىق تېز يازدى).

كَاتِبٌ بِالْإِخْتِزَالِ: مەلۇم بەلگە ئارقىلىق خاتىرىلىگۈچى.

إِخْتِزَالِيٌّ: مەلۇم بەلگىلەرنى تېز خاتىرىلەش ئۇسۇلى.

إِخْتَزَلَ يَخْتَزِلُ إِخْتِزَالاً الْكَلَامَ: سۆزنى قىسقارتتى، ئاددىيلاشتۇردى، يىغىنچاقلىدى.

«هَذِهِ أَهْرَامُ مِصْرَ تَخْتَزِلُ لَكَ فِي مَظْهَرِهَا مَدَنِيَّةَ مِصْرَ الْغَابِرَةِ»: مىسىرنىڭ بۇ ئېھراملىرى ساڭا ئۆزىنىڭ سىرتقى مەنزىرىسى بىلەن قەدىمىي مىسىر مەدەنىيىتىنى يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ.

إِخْتَزَلَ شَيْئًا فِي الْمَالِ: يۇلۇۋالدى.

إِخْتَزَلَ النَّصَّ: تېكىستنى قىسقارتىش ئۇسۇلى بىلەن يازدى (بۇ بىر خىل تېز يېزىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ ئورنىغا مۇئەييەن بەلگىلەر قوللىنىلىدۇ).

إِخْتَزَنَ يَخْتَزِنُ إِخْتِزَانًا الشَّيْءَ: توپلاپ يىغىپ زاپاس ساقلىدى، خەزىنىگە سالدى.

إِخْتَزَنَ الطَّرِيقَ: يېقىن يول بىلەن ماڭدى.

إِخْتَزَنَ السِّرَّ: سىرنى يوشۇردى، سىر ساقلىدى.

إِخْتِصَارٌ: قىسقارتماق، ئاددىيلاشتۇرماق.

بِالْإِخْتِصَارِ: سۆزنىڭ قىسقىسى، يىغىپ ئېيتقاندا.

إِخْتِصَاصٌ: ئىلىم - پەندە مۇئەييەن بىر ساھەگە بېرىلىش، كەسىپكە بېرىلىش، ئىختىساس.

إِخْتِصَاصُهُ: كەسىپي دائىرىسى.

اِخْتِصَاصُهُ الْمَحْكَمَةُ: ئەدلىيە ھوقۇقى.

«عَلَى الرَّغْمِ مِنْ أَنَّهُ لِكُلِّ وَاحِدٍ اِخْتِصَاصُهُ لَكِنْ عَلَى الْجَمِيعِ أَنْ يَتَعَلَّمُوا شَيْئًا مِنَ الْفَلْسَفَةِ»: ھەربىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەم بىرئاز پەلسەپە ئۆگىنىشى كېرەك.

عَدَمُ اِخْتِصَاصٍ: قابىلىيەتسىزلىك، ئىقتىدارسىزلىق.

اِخْتِصَاصِيٌّ: مۇتەخەسسىس، ئىختىساس ئىگىسى.

اِخْتَصَرَ يَخْتَصِرُ اِخْتِصَارًا الْكَلاَمَ: سۆزنى قىسقارتتى، ئاددىيلاشتۇردى.

اِخْتَصَرَ الطَّرِيقَ: يولنى قىسقارتتى، قىسقا يول بىلەن ماڭدى.

اِخْتَصَّ يَخْتَصُّ اِخْتِصَاصًا الشَّيْءُ: ئايرىم بولدى، خاس بولدى.

اِخْتَصَّ: خاس قىلدى.

«وَاللّٰهُ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِ مَنْ يَشَاءُ» «قرآن»: ئاللاھ ئۆزىنىڭ خالىغان بەندىسىگە پەيغەمبەرلىكنى خاس قىلىدۇ.

اِخْتَصَّ بِكَذَا: ئايرىم بولدى، ئالاھىدىلىكى بولدى، خاس بولدى.

اِخْتَصَفَ يَخْتَصِفُ اِخْتِصَافًا النَّعْلَ: ئاياغنى ياماندى.

اِخْتَصَمَ يَخْتَصِمُ اِخْتِصَامًا الْقَوْمُ: جاڭجاللاشتى.

«وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ» «قرآن»: ئۇلار ئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.

«اِخْتَصَمَ الْإِخْوَةُ الْأَشِقَّاءُ عَلَى الْمِيرَاثِ اِخْتِصَامَ الْأَعْدَاءِ الْأَلِدَّاءِ»: يېقىن قېرىنداشلار مىراس تالىشىپ ئەشەددىي دۈشمەنلەردەك جېدەل - ماجىرا قىلىشتى.

اِخْتَصَى يَخْتَصِي اِخْتِصَاءً: ئاختا قىلدى، پىچىۋەتتى.

اِخْتَضَبَ يَخْتَضِبُ اِخْتِضَابًا: بويىدى، بوياق ئىشلەتتى.

اِخْتَضَرَ يَخْتَضِرُ اِخْتِضَارًا الْفَلاَّحُ الزَّرْعَ: دېھقان زىرائەتنى كۆك ئورۇۋەتتى.

أُخْتُضِرَ الشَّخْصُ: ياش تۇرۇپ قازا قىلدى.

«اِزْدَادَتْ حَوَادِثُ اِخْتِطَافِ الطَّائِرَاتِ لِأَغْرَاضٍ سِيَاسِيَّةٍ»: سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەلىرى كۆپىيىپ قالدى.

اِخْتَطَّ يَخْتَطُّ اِخْتِطَاطًا الشَّيْءَ: پىلانلىدى.

اِخْتَطَّ الشَّارِبُ: بۇرۇت خەت تارتتى.

اِخْتَطَفَ يَخْتَطِفُ اِخْتِطَافًا: نەرسىنى ئېلىۋالدى، بۇلىۋالدى، تارتىۋالدى.

اِخْتَطَفَ وَلَدًا: بالىنى ئالداپ ئېلىپ قاچتى.

اِخْتَطَفَ الطَّائِرَةَ: ئايروپىلان بۇلىدى.

اِخْتَطَفَ الْكَلاَمَ: تېز سۆزلىدى، تېز گەپ قىلدى.

اِخْتَطَفَ الْبَصَرَ: كۆزنى قاماشتۇردى.

اِخْتِفَاءٌ: يوشۇرۇنماق، مۆكۈنمەك.

اِخْتَفَى يَخْتَفِي اِخْتِفَاءً: يوشۇرۇندى، مەخپىي بولدى.

اِخْتِلاَبٌ: قايمۇقتۇرماق.

مَرَضُ الْاِخْتِلاَبِ: قورساق پەردە ياللۇغى.

اِخْتِلاَجٌ: تارتىشىپ قېلىش، پەي تارتىشىپ قېلىش.

اِخْتِلاَسٌ: ئوغرىلىماق، ئېلىۋالماق.

«وُجِّهَتْ إِلَى الْمُوَظَّفِ تُهْمَةُ اِخْتِلاَسِ أَمْوَالِ الدَّوْلَةِ»: كادىرغا دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغانلىق تۆھمىتى چاپلاندى.

اِخْتِلاَسُ مَالِ الْحُكُومَةِ: ھۆكۈمەت مال - مۈلكىنى ئېلىۋالماق.

اِخْتِلاَطٌ: ئارىلاشتۇرماق؛ قالايمىقانلاشماق، ئېلىشىپ كەتمەك؛ ئالاقە.

اِخْتِلاَطُ الْعَقْلِ: نېرۋا كېسەللىكى بولماق، روھىي كېسەل بولماق.

اِخْتِلاَطُ التَّعْلِيمِ: قىز - ئوغۇللارنىڭ ئارىلاشما ئوقۇشى.

اِخْتِلاَفٌ ج اِخْتِلاَفَاتٌ: ئىختىلاپ، پەرق، ئايرىملىق، ئوخشىماسلىق.

عَلَى اخْتِلاَفِهِ: پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي.

«اِخْتِلاَفُ الرَّأْيِ لاَيُفْسِدُ لِلْوُدِّ قَضِيَّةً»: پىكىر ئوخشىماسلىقى دوستلۇققا تەسىر يەتكۈز-

مەيدۇ.

اِخْتِلاَفٌ مَبْدَئِيٌّ: پرىنسىپلىق ئىختىلاپ.

اِخْتِلاَفَاتٌ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى زىددىيەت، ئىچكى قارىمۇ قارشىلىق.

اِخْتِلاَقٌ: يالغاننى ئويدۇرماق، يالغاننى توقۇپ چىقماق.

«مَا سَمِعْنَا بِهَذَا فِى الْمِلَّةِ الآخِرَةِ إِنْ هَذَا إِلاَّ اخْتِلاَقٌ» «قرآن»: بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر.

اِخْتِلاَلٌ: نورمالسىزلىق، قالايمىقانلىشىپ كەتمەك، ئارىلىشىپ كەتمەك.

اِخْتِلاَلُ الْعَقْلِ: ئەسەبىيلىك، نېرۋىسىدىن ئادىشىش.

اِخْتِلاَلُ مِيزَانِ الْقُوَى: كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى.

اِخْتَلَبَ يَخْتَلِبُ اِخْتِلاَبًا فُلاَنًا: ئالدىدى، قايمۇقتۇردى.

اِخْتَلَجَ يَخْتَلِجُ اِخْتِلاَجًا فِى صَدْرِهِ كَذَا: كۆڭلى غەش بولدى، كۆڭلى پەرىشان بولدى.

اِخْتَلَجَ يَخْتَلِجُ اِخْتِلاَجًا الشَّيْءُ: مىدىرلىدى، تەۋرىدى.

اِخْتَلَجَ غَمًّا: يۈرىكى قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن تولدى.

اِخْتَلَسَ يَخْتَلِسُ اِخْتِلاَسًا الشَّيْءَ: ئوغرىلىدى.

اِخْتَلَسَ النَّظَرَ إِلَيْهِ: ئوغرىلىقچە قارىدى.

اِخْتَلَطَ يَخْتَلِطُ اِخْتِلاَطًا الشَّيْءُ بِالشَّيْءِ: ئارىلىشىپ كەتتى، ئېلىشىپ كەتتى، قالايمىقانلاشتى.

«وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلَ الحَيَاةِ الدُّنْيَاكَمَاءٍ أَنْزَلْنَاهُ مِنَ السَّمَاءِ فَاخْتَلَطَبِهِنَبَاتُالأَرْضِ» «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى.

«اِخْتَلَطَتْ خُطُوطُ الْهَاتِفِ»: تېلېفون سىملىرى خاتا ئۇلىنىپ قالدى، تېلېفون سىملىرى ئالمىشىپ قالدى.

اِخْتَلَطَ الشَّخْصُ: نېرۋىسىدىن ئازدى.

«اِخْتَلَطَ النَّابِلُ بِالْحَابِلِ»: مالىماتالىڭ بولۇپ كەتتى.

اِخْتَلَطَ عَلَيْهِ الأَمْرُ: ئىش مۇجمەللەشتى.

اِخْتَلَفَ يَخْتَلِفُ اِخْتِلاَفًا: ئىختىلاپ قىلىشتى، قارىمۇ قارشىلاشتى.

«وَإِنَّ الَّذِينَ اخْتَلَفُوا فِى الْكِتَابِ لَفِى شِقَاقٍ بَعِيدٍ» «قرآن»: كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلغۇچىلار چوڭقۇر نىزادىدۇر.

اِخْتَلَفَ الشَّيْئَانِ: قارىمۇ قارشى بولدى، زىت بولدى، كېلىشەلمىدى.

اِخْتَلَفَ الشَّخْصُ إِلَى الْمَكَانِ: پالانى كېلىپ تۇردى، قاتناپ تۇردى.

يَخْتَلِفُ إِلَى الْمَسْجِدِ: مەسچىتكە كېلىپ تۇرىدۇ.

اِخْتَلَفَ مُحَمَّدٌ مَعَ عَلِيٍّ: مۇھەممەد بىلەن ئەلى بىرلىككە كېلەلمىدى.

اِخْتَلَفَ زَيْدٌ عَنْ خَالِدٍ: زەيد خالىد بىلەن تەڭ بولمىدى.

اِخْتَلَفَ عَلَيْهِ الْفُصُولُ: پەسىللەر ئۆتتى.

اِخْتَلَقَ يَخْتَلِقُ اِخْتِلاَقًا الْقَوْلَ: يالغاننى ئويدۇردى، يالغاننى توقۇپ چىقاردى.

اِخْتَلَقَ كَذِبًا: يالغاننى ئويدۇردى، بوھتان چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى.

اِخْتَلَّ يَخْتَلُّ اِخْتِلاَلاً الأَمْرُ: بۇزۇلدى.

اِخْتَلَّ جِسْمُ فُلاَنٍ: ياداپ كەتتى.

اِخْتَلَّ الْعَقْلُ: ئەقلىدىن ئاداشتى، كاللىسىدىن كېتىپ قالدى.

«اِخْتَلَّ مِيزَانُ الْقُوَى في الْعَالَمِ»: دۇنيادىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلدى.

اِخْتَلَى يَخْتَلِي اِخْتِلاَءً: مەخپى كۆرۈشتى، خىلۋەتتە بىللە بولدى.

اِخْتَلَى بِهِ و مَعَهُ وَإِلَيْهِ: ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز بىللە بولدى، خالى جايدا تېپىشتى.

اِخْتِمَارٌ: ئېچىتماق، خېمىر تۇرۇچ قىلماق.

اِخْتَمَرَ يَخْتَمِرُ اِخْتِمَارًا الْعَجِينُ: خېمىر بولدى.

اِخْتَمَرَ الْعَصِيرُ: شىرنە ئېچىدى.

إِخْتَمَرَتِ الْفِكْرَةُ: ئوي - پىكىر پىشىپ يېتىلدى.

إِخْتِنَاقٌ: بوغۇلماق، تۇنجۇقماق؛ قىستالماق.

إِخْتِنَاقٌ دَمَوِيٌّ: ھوشىدىن كېتىش.

«خُصِّصَ الطَّرِيقُ السَّرِيعُ لِلتَّغَلُّبِ عَلَى الْإِخْتِنَاقَاتِ الْمُرُورِيَّةِ دَاخِلَ الْمَدِينَةِ»: تېز سۈرئەتلىك يول شەھەر ئىچىدىكى قاتناش قىستاڭچىلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ياسالدى.

إِخْتَنَقَ يَخْتَنِقُ إِخْتِنَاقًا الشَّخْصُ: تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، بوغۇلۇپ ئۆلدى.

إِخْتِيَارٌ: ئىختىيارلىق، ئىختىيارى.

إِخْتِيَارٌ طَبِيعِيٌّ: تەبىئىي تاللىنىش.

إِخْتِيَارًا: ئۆزلۈكىدىن، رازىلىقى بىلەن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن، ئىختىيارى.

إِخْتِيَارِيٌّ: ئىختىيارى، ئىختىيارلىق.

مُقَرَّرٌ إِخْتِيَارِيٌّ: تاللانما دەرس.

عَمَلٌ إِخْتِيَارِيٌّ: ئىختىيارى ئىش، خالىسانە ئەمگەك.

أَخْثَرَ يُخْثِرُ إِخْثَارًا الشَّيْءَ: قويۇق قىلدى، قويۇلدۇردى.

أَخْثَرَ اللَّبَنَ: سۈتنى ئۇيۇتتى، قېتىق ئۇيۇتتى.

أَخْجَلَ يُخْجِلُ إِخْجَالاً الشَّخْصَ: ئۇيالدۇردى، خىجىل قىلدى، رەسۋا قىلدى.

أَخْ: ئاھ - ۋاھ، ۋوي خۇدايىمەي، ۋاي خۇدايىمەي.

أَخَّاذٌ: تەسىرلىك، مەپتۇن قىلىدىغان.

مَنْظَرٌ أَخَّاذٌ: جەلپكار مەنزىرە.

أَخَّرَ يُؤَخِّرُ تَأْخِيرًا: ئارقىغا سوزدى، كېچىكتۈردى.

«عَلِمَتْ نَفْسٌ مَاقَدَّمَتْ وَ أَخَّرَتْ» «قرآن»: ھەر ئادەمنىڭ ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ.

«إِنَّ أَجَلَ اللّٰهِ إِذَاجَاءَ لَايُؤَخَّرُ» «قرآن»: ئاللاھنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

أَخَّرَ الْإِجْتِمَاعَ: يىغىننى كېچىكتۈردى.

أَخَّرَ الْأَمْرَ: ئىشنى كېچىكتۈردى.

«يُقَدِّمُ رِجْلاً وَيُؤَخِّرُ أُخْرَى»: ئىككىلىنىۋاتىدۇ، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ تۇرماقتا.

«أَخَّرَ سَاعَتَهُ بِضْعَ دَقَائِقَ»: ئۇ سائىتىنى بىرقانچە مىنۇت ئارقىغا سۈردى.

«لَاتُؤَخِّرْ عَمَلَ الْيَوْمِ إِلَى الْغَدِ»: بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرمايمەن.

أَخْدَرَ يُخْدِرُ إِخْدَارًا: ھوشسىزلاندۇردى.

أُخْدُودٌ ج أَخَادِيدُ: ئازگال، ئورەك، خەندەك، چوڭقۇر، ئۇزۇن ئېرىق؛ ئىز.

«قُتِلَ أَصْحَابُ الْأُخْدُودِ» «قرآن»: ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەتلەر بولسۇن.

أَصْحَابُ الْأُخْدُودِ: زامان ئەۋۋەلدە نەجراندا ياشىغان خىرىستىئان دىنىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار يەھۇدى دىنىغا كىرىشكە زورلانغاندا ئۇنىمىغىنى باش تارتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوت ياندۇرۇلغان ئورەككە تاشلانغان.

«بَقِيَتْ أَخَادِيدُ السِّيَاطِ عَلَى ظَهْرِهِ»: قامچىنىڭ ئىزلىرى ئۇنىڭ دۈمبىسىدە قالدى.

أَخَذَ يَأْخُذُ أَخْذًا و تَأْخَاذًا الشَّيْءَ: ئېرىشتى، ئىگە بولدى.

أَخَذَا فِي كَذَا: باشلىدى، كىرىشتى.

أَخَذَ بِهِ: تۇتۇۋالدى، ئېسىلىۋالدى.

«فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنْبِهِ» «قرآن»: ھەر بىرىنى گۇناھ تۈپەيلىدىن جازالىدۇق.

«وَأَخَذَ بِرَأْسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُ إِلَيْهِ» «قرآن»: قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى.

«لَاتَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ» «قرآن»: ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ.

«وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ» «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەھدى ئالدۇق.

«خُذْمِنْ أَمْوَالِهِمْصَدَقَةًتُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا» «قرآن»: ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن، ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكەيسەن.

أَخَذَ عَلَى نَفْسِهِ أَوْ عَاتِقِهِ: ئۈستىگە ئالدى،

مەسئۇل بولدى.

أَخَذَ الْأَمْرُ مَجْرَاهُ: ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندالدى.

«أَخَذَ عَلَى الْمُؤَلِّفِ إِهْمَالَهُ ذِكْرَ مَصَادِرِهِ» : ئۇ يازغۇچىنىڭ پايدىلانغان ماتېرىياللارنى ئەسكەرتىشكە سەل قارىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى.

أَخَذَ مِنْهُ التَّعَبُ: چارچىدى، ھاردى.

أَخَذَ بِتَعَالِيمِ الْإِسْلَامِ: ئىسلام تەلىماتىغا ئەگەشتى.

«أَخَذَ يَفْعَلُ كَذَا» : ئۇ شۇنداق قىلىشقا باشلىدى.

أَخَذَهُ النَّوْمُ: ئۇيقۇ باستى.

أَخَذَ بِيَدِهِ: ياردەم قىلدى.

أَخَذَ عَلَيْهِ كَذَا: تەنقىد قىلدى، ئەيىبلىدى.

أَخَذَ حِذْرَهُ: پەخەس بولدى، ئېھتىيات قىلدى، دىققەت قىلدى.

أَخَذَ أُهْبَتَهُ: تەييارلىق قىلدى.

أَخَذَ بِلُبِّهِ: مەپتۇن قىلىۋالدى.

أَخَذَ مَكَانَهُ: ئورۇن ئالدى، ئورۇنلاشتى.

أَخَذَتِ الْحُمَّى: قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى.

«أَعْطَيْتُهُ الْكِتَابَ فَأَخَذَهُ» : ئۇنىڭغا كىتابنى بېرىۋىدىم، كىتابنى ئۇ ئالدى.

أَخَذَ عَنْهُ الْعِلْمَ: ئىلىم ئالدى، ئۆگەندى.

«أَخَذَ عَنْ أَبِيهِ التَّفْسِيرَ وَالْحَدِيثَ» : ئۇ ئاتىسىدىن تەپسىر ھەدىس ئۆگەندى.

أَخَذَ بِأَسْبَابِ الْحَضَارَةِ: مەدەنىيەت ئۆگەندى.

«أَخَذَ عَلَى عَاتِقِهِ الْقِيَامَ بِالْأَمْرِ» : ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

«أَخَذَتِ الْعَدَالَةُ مَجْرَاهَا وَحُكِمَ عَلَى الْمُجْرِمِ بِالسِّجْنِ» : ئادالەت جايىغا چۈشۈپ، جىنايەتچى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

أَخَذَهُ بِالْأَمْرِ: ئۇنىڭغا تاڭدى.

أَخَذَ فُلَانٌ بِفُلَانٍ: پالانىنى پالانىغا جاۋابكار قىلدى.

أَخَذَهُ بِذَنْبِهِ: ئۇنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدى.

أَخَذَ الثَّأْرَ: ئىنتىقام ئالدى.

يَوْمُ الْأَرْبِعَاءِ: چارشەنبە.

أُمُّ أَرْبَعَةٍ وَأَرْبَعِينَ: سەكسەن پۇت، مىلىق ئاياغ.

أَرْبَعُونَ: قىرىق.

الْأَرْبَعُونَ: قىرىقىنچى.

«وَإِذْ وَاعَدْنَا مُوسَى أَرْبَعِينَ لَيْلَةً» «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا 40 كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى) ۋەدە قىلدۇق.

ذِكْرَى الْأَرْبَعِينَ: 40 نەزىرىسى.

حَفْلَةُ الْأَرْبَعِينَ: قىرىق مۇراسىمى، 40 نى ئۆتكۈزۈش، 40 نەزىرىسى.

أَرْبَعِينِيَّاتٌ: 40 بىلەن 49 ئوتتۇرىسىدىكى سانلار؛ 40 ـ يىللار .

«مَاتَ فِي الْأَرْبَعِينِيَّاتِ مِنْ عُمْرِهِ» : ئۇ 40 ياشلىرىدا ئۆلدى.

أَرْبَكَهُ يُرْبِكُ إِرْبَاكًا: گاڭگىرىتىپ قويدى، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئىسەنگىرىتىپ قويدى، تەمتىرىتىپ قويدى.

«لَقَدْ أَرْبَكَنِي قَرَارُكَ الْمُفَاجِئُ» : سىپنىڭ ئۇشتۇمتۇت قارارىڭ مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

أَرْبَنَ يُرْبِنُ إِرْبَانًا: زاكالەت پۇل بەردى.

أَرْبُونَ: كاپالەت نەرسە.

أَرْبَى يُرْبِي إِرْبَاءً: بەرگىنىدىن كۆپ ئالدى، جازانە قىلدى، ئېشىپ كەتتى.

«يَمْحَقُ اللَّهُ الرِّبَا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ» «قۇرئان» : ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ.

أَرْبَى الشَّيْءَ: ئۆستۈردى، كۆپەيتتى.

أَرْبَى عَلَيْهِ: كۆپەيدى، ئاشتى.

«أَرْبَى عَلَى الْخَمْسِينَ» : 50 دىن ئاشتى.

أُرْبِيَانْجَمْبَرِيٌّ: راك.

أُرْبِيَانٌ: چوڭ راك.

أُرْبِيَّةٌ: چات، چات ئېرىقچىسى.

أُرْبِيٌّ: چاتنىڭ.

أُرْبِيَّةٌ: چاتراق.

إِرْتَابَ يَرْتَابُ إِرْتِيَابًا فِي الشَّيْءَ: شەك قىلدى، شەكلەندى، گۇمان قىلدى.

«إِنَّمَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَارْتَابَتْ قُلُوبُهُمْ» «قۇرئان» : (ئى مۇھەممەد!) سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلارلا رۇخسەت سورايدۇ.

«وَلَا يَرْتَابُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ وَالْمُؤْمِنُونَ» «قۇرئان» : ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ.

إِرْتَابَ فِي الْأَمْرِ: شەك قىلدى، شەكلەندى، گۇمان قىلدى.

إِرْتَابَ بِالْأَمْرِ: گۇمان قىلدى، شەكلەندى.

إِرْتَابَ مِنَ الْأَمْرِ: شەك قىلدى، شەكلەندى، گۇمان قىلدى.

إِرْتَابَ عَنْ رَوِيَّةٍ: مەقسەتلىك شەكلەندى، ئاڭلىق غەرەزلىك شەكلەندى، ئەتەي شەكلەندى، بىلىپ تۇرۇپ شەكلەندى.

إِرْتَاحَ يَرْتَاحُ إِرْتِيَاحًا لِلْأَمْرِ: مەمنۇن بولدى، قانائەتلەندى، رازى بولدى، خۇشال بولدى.

إِرْتَاحَ مِنَ الْعَمَلِ: دەم ئالدى.

إِرْتَاحَ ضَمِيرُهُ: ۋىجدانى راھەتلەندى.

إِرْتَاحَ بَالُهُ: كۆڭلى ئارام تاپتى، كۆڭلى يايرىدى.

إِرْتَادَ يَرْتَادُ إِرْتِيَادًا الشَّيْءَ: نەرسە تەلەپ قىلدى، ئىزدىدى.

إِرْتَادَ الْأَمَاكِنَ: چارلىدى، كۆزدىن كەچۈردى.

إِرْتَاضَ يَرْتَاضُ إِرْتِيَاضًا: مەشىق قىلدى.

إِرْتَاعَ يَرْتَاعُ إِرْتِيَاعًا: قورقتى، چۆچىدى.

إِرْتَاعَ لِلْخَبَرِ: خەۋەردىن چۆچۈپ كەتتى.

إِرْتَاعَ مِنَ الْخَبَرِ: چۆچۈپ كەتتى.

إِرْتَأَي يَرْتَئِي إِرْتِئَاءً الشَّخْصَ: كۆردى.

إِرْتَأَى رَأْيًا: تەكلىپ بەردى.

«إِرْتَأَى رَأْيًا فِي كَذَا» : ... ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

إِرْتِبَاطٌ: ئالاقە، مۇناسىۋەت؛ شەرتلەشمەك، توختام تۈزمەك، باغلانماق، چېتىلماق.

بِدُونِ ارْتِبَاطٍ: باغلانماستىن، مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالماستىن.

«أُطْلُبْ نُسْخَةً مِنَ التَّعْلِيمَاتِ بِدُونِ إِرْتِبَاطٍ مِنْكَ» : مەجبۇرىيەتنى ئۈستۈڭگە ئالماستىن تەلىماتتىن بىر نۇسخا تەلەپ قىلغىن.

ضَابِطُ الْإِرْتِبَاطِ: ئالاقىچى ئوفىتسېر.

إِرْتِبَاكٌ: گاڭگىراش، تەمتىرەش.

«لَقَدْ شَعَرْنَا بِالْإِرْتِبَاكِ حِينَ رَأَيْنَاهُ يَدْخُلُ الْغُرْفَةَ غَاضِبًا» : ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ گاڭگىراپ

قالدۇق.

إِرْتَبَأَ يَرْتَبِئُ إِرْتِبَاءً عَلَى جَبَلٍ: ئېگىزدىن قارىدى، ئېگىزدىن نەزەر سالدى.

إِرْتَبَطَ يَرْتَبِطُ إِرْتِبَاطًا الشَّخْصَانِ: ئىككىيلەن باغلاندى، مۇناسىۋەتلەشتى.

إِرْتَبَطَ الشَّيْءُ فِي الْحَبْلِ: ئىلىنىپ قالدى.

«يَرْتَبِطُ هَذَا الْمَشْرُوعُ بِكَثِيرٍ مِنَ الْمُشْكِلاَتِ التَّقْنِيَةِ الْمُعَقَّدَةِ»: بۇ لايىھە نۇرغۇن مۇرەككەپ تېخنىكا مەسىلىلىرىگە چېتىلىدۇ.

إِرْتَبَعَ يَرْتَبِعُ إِرْتِبَاعًا الْحِصَانُ: ئايغىر ئوتلىدى، ئايغىر ئوت يېدى.

إِرْتَبَعَ بِالْمَكَانِ: كۈتتى، ساقلىدى، تۇتۇپ قالدى، ھايال بولدى.

إِرْتَبَقَ يَرْتَبِقُ إِرْتِبَاقًا فِي حِبَالَةٍ: قىلتاققا چۈشتى، قاپقانغا چۈشتى، تورغا چۈشتى.

إِرْتَبَكَ يَرْتَبِكُ إِرْتِبَاكًا الشَّخْصُ: گاڭگىراپ قالدى، تەمتىرەپ قالدى، گېپىنىڭ باش-ئايىغىنى تاپالماي قالدى.

«إِرْتَبَكَ الصَّيْدُ فِي الْحِبَالَةِ»: ئوۋ قاپقانغا چۈشۈپ قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلەلمىدى.

أَرَثُّ م رَثَّاءُ ج رُثٌّ: كېكەچ.

«هَذَا الشَّابُّ لاَ يَصْلُحُ مُدَرِّسًا لِأَنَّهُ أَرَثُّ»: بۇ ياش كېكەچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىققا يارىمايدۇ.

أَرْتَجَ يُرْتِجُ إِرْتَاجًا الْحَارِسُ الْبَابَ: قوغدىغۇچى ئىشىكنى تاقىۋەتتى.

أُرْتِجَ عَلَيْهِ: توساتتىن توختاپ قالدى (ناتىق).

إِرْتِجَاجٌ: تەۋرەنمەك، سىلكىنمەك، لىڭشىماق.

إِرْتِجَاجٌ مُخِّيٌّ: قاتتىق سىلكىنىش ياكى ئۇرۇلۇش سەۋەبىدىن نېرۋىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى.

إِرْتِجَاعٌ: ئەكسىيەتچىل.

إِرْتِجَاعِيٌّ: ئەكسىيەتچىلىك.

إِرْتِجَالٌ: ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا سۆزلىمەك، ئويلاپ تۇرماستىنلا سۆزلىمەك.

«تَجَنَّبِ الْقَرَارَاتِ الْإِرْتِجَالِيَّةَ»: پۇختا ئويلانماي قارار چىقىرىشتىن ساقلان.

إِرْتَجَّ يَرْتَجُّ إِرْتِجَاجًا الشَّيْءَ: تەۋرەندى، تىترىدى.

إِرْتَجَّتِ الْأَرْضُ: يەر تەۋرىدى.

إِرْتَجَّ الْكَلاَمُ: سۆز ئېلىشىپ كەتتى.

إِرْتَجَّ الْمُخُّ: مېڭىسى سىلكىنىپ كەتتى.

إِرْتَجَحَ يَرْتَجِحُ إِرْتِجَاحًا: تەۋرەندى، پۇلاڭلىدى، ئىرغاڭلىدى.

إِرْتَجَزَ يَرْتَجِزُ إِرْتِجَازًا الرَّاجِزُ: رەجەز بەھرىدە شېئىر ئوقۇدى.

إِرْتَجَفَ يَرْتَجِفُ إِرْتِجَافًا الشَّخْصُ: تىترىدى.

إِرْتَجَفَ غَضَبًا: غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

إِرْتَجَفَتْ فَرَائِصُهُ: قورقۇپ كەتتى، قورقۇپ چۆچۈپ كەتتى.

إِرْتَجَلَ يَرْتَجِلُ إِرْتِجَالاً الْمُتَكَلِّمُ الْحَدِيثَ: سۆز قىلغۇچى ئويلاپ تۇرماستىنلا سۆزلىدى، سۆز قىلغۇچى تەييارلىقسىزلا سۆزلىدى.

إِرْتَجَلَ الشِّعْرَ: تەييارلىقسىز ئىجاد قىلىپ شېئىر ئوقۇدى.

إِرْتَجَلَ الشَّخْصُ: پىيادە ماڭدى، ياياق ماڭدى.

إِرْتَجَمَ يَرْتَجِمُ إِرْتِجَامًا بِالْحِجَارَةِ: تاش ئاتتى.

إِرْتَجَى يَرْتَجِي إِرْتِجَاءً الشَّيْءَ: ئۈمىد قىلدى، ئۈتۈندى.

إِرْتِحَالٌ: كۆچمەك، يولغا چىقماق، ئاتلانماق، ھىجرەت قىلماق.

إِرْتَحَلَ يَرْتَحِلُ إِرْتِحَالاً الشَّخْصُ: كۆچۈپ كەتتى.

إِرْتَحَلَ الطِّفْلُ أَبَاهُ: بالا دادىسىغا مىنىۋالدى.

«إِنَّ ابْنِي إِرْتَحَلَنِي» «حديث»: مېنىڭ ئوغلۇم ماڭا مىنىۋالدى.

إِرْتَحَلَ عَنِ الْوَطَنِ: ۋەتەندىن ھىجرەت قىلدى، يۇرتىدىن كۆچتى.

«إِرْتَحَلَ إِلَى رَحْمَةِ اللَّهِ»: ۋاپات بولدى، ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى.

إِرْتِخَاءٌ: بوشىشىپ كەتمەك، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەك.

إِرْتِخَاءُ الْعِظَامِ: سۆڭەك بوشاپ كېتىش كېسەلى.

إرْتَجَّ يَرْتَجُّ إرْتِجَاجًا الشَّخْصُ: بوشىشىپ كەتتى.

إرْتَجَشَ يَرْتَجِشُ إرْتِجَاشًا: چۆچۈپ كەتتى، ئۈركۈپ كەتتى.

إرْتَخَصَ يَرْتَخِصُ إرْتِخَاصًا الشَّيْءَ: ئەرزان ھېسابلىدى؛ رۇخسەت سورىدى.

إرْتَخَى يَرْتَخِي إرْتِخَاءً الشَّخْصُ: بوشىدى، ھاردى، چارچىدى.

«مَاأَنِ ارْتَخَتْ يَدُهُ حَتَّى طَارَتِ الْحَمَامَةُ»: ئۇنىڭ قولى بوشاپ كەتكەندى، كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى.

إرْتِدَادٌ: ئارقىغا قايتماق، چېكىنمەك.

إرْتِدَادٌ عَنِ الدِّيْنِ: مۇرتەد بولماق، دىندىن يانماق.

إرْتَدَّ يَرْتَدُّ إرْتِدَادًا: قايتتى، ياندى، چېكىندى، مۇرتەد بولدى، ئىسلامدىن چېكىندى.

«فَارْتَدَّا عَلَى آثَارِهِمَا قَصَصًا» «قرآن»: ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى.

«مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِيَ اللّٰهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ» «قرآن»: سىلەردىن كىمىكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.

«فَلَمَّا أَنْ جَاءَ الْبَشِيْرُ أَلْقَاهُ عَلَى وَجْهِهِ فَارْتَدَّ بَصِيْرًا» «قرآن»: خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى ياقۇپنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى.

إرْتَدَّ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن چېكىندى، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى، ئۇنى تاشلىدى، ئۇنى چۆرۈۋەتتى.

إرْتَدَّ رَاجِعًا إلَى: ... غا قايتتى.

إرْتَدَّ إلَى الْوَرَاءِ: ئارقىغا قايتتى.

إرْتَدَّ عَلَى عَقِبَيْهِ: چېكىندى.

إرْتَدَّ إلَيْهِ صَوَابُهُ: خاتالىقىنى تونىدى.

إرْتَدَّ مِنْ سَفَرِهِ: سەپەردىن قايتتى.

إرْتَدَّ إلَى رَبِّهِ: پەرۋەردىگارىغا تۇۋا قىلدى، پۇشايمان قىلدى.

إرْتَدَعَ يَرْتَدِعُ إرْتِدَاعًا الشَّخْصُ: توسۇلدى، توختىتىلدى، تىزگىنلەندى، ياندى.

«إرْتَدَعَ بِرَوَادِعِ الْقُرآنِ»: قۇرئاننىڭ گۇناھتىن توسقۇچى ئايەتلىرى بىلەن توسۇلدى.

إرْتَدَى يَرْتَدِي إرْتِدَاءً الشَّخْصُ الرِّدَاءَ أَوْبِالرِّدَاءِ: يەكتەك كىيدى، تون كىيدى.

«أَرْتَدِي مَلاَبِسِيَ الْجَدِيْدَةَ»: يېڭى كىيىملىرىمنى كىيىمەن.

«لَقَدِ ارْتَدَى النَّاسُ جَمِيْعًا الْمَلاَبِسَ الْمَحْشُوَّةَ بَالْقُطْنِ»: كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاختىلىق كىيىم كىيدى.

إرْتَدَى فِي كَذَا: چۈشۈپ كەتتى، غولىدى، يىقىلدى.

«لاَأُرِيْدُهُ أَنْ يَلْبَسَ الْمِعْطَفَ غَيْرَأَنَّهُ عَلَى ارْتِدَائِهِ»: مەن ئۇنىڭ پەلتۇ كىيىشىنى خالىمايمەن، لېكىن ئۇ ئۇنى كىيىشتە چىڭ تۇرىۋاتىدۇ.

إرْتَزَقَ يَرْتَزِقُ إرْتِزَاقًا الْجُنْدِيُّ: ئەسكەر ياللاندى.

إرْتَزَقَ الْعَامِلُ: ئىشچى تەمىناتىنى ئالدى.

إرْتَسَّ يَرْتَسُّ إرْتِسَاسًا الْخَبَرُ: خەۋەر تارقاتتى.

إرْتَسَمَ يَرْتَسِمُ إرْتِسَامًا الْخَوْفُ أَوِ الْفَزَعُ أَوِ الْفَرَحُ عَلَى وَجْهِهِ: چىرايىدىن بىلىندى، چىرايىدىن چىقىپ تۇردى.

إرْتَسَمَ مَرَاسِمَ فُلاَنٍ: ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى.

إرْتَسَمَ الْأَمْرَ: بۇيرۇققا بويسۇندى.

إرْتَشَحَ يَرْتَشِحُ إرْتِشَاحًا: سۇ تەپچىرىدى.

إرْتَشَحَ الْإِنَاءُ: قاچىدىن سۇ تەپچىرىدى.

إرْتَشَحَ الْجَسَدُ: بەدەندىن تەر چىقتى.

إرْتَشَدَ يَرْتَشِدُ إرْتِشَادًا: تونۇلدى، دۈزۈلدى، تىزدى.

إرْتَشَفَ يَرْتَشِفُ إرْتِشَافًا سَلْسَبِيلَ الْعِرْفَانِ: بىلىم بۇلىقىدىن ئىچتى، بىلىم مەنبەسىنى ئىگىلىدى.

إرْتَشَى يَرْتَشِي إرْتِشَاءً الشَّخْصُ مِنْ فُلاَنٍ: پارا ئالدى، پارا يېدى.

«لَعَنَ اللّٰهُ الْوَاشِي وَالْمُرْتَشِي» ‹حديث›: ئاللاھ تائالا پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا لەنەت قىلسۇن !

إِرْتَمَدَ يَرْتَمِدُ إِرْتِمَادًا: كۆزەتتى، تەكشۈردى.

إِرْتَمَّ يَرْتَمُّ إِرْتِمَامًا الْمُصَلُّونَ: نامازخانلار سەپ بولۇپ تىزىلدى.

إِرْتَمَعَ يَرْتَمِعُ إِرْتِمَاعًا بِالشَّيْءِ: يېپىشتى، چاپلاشتى.

إِرْتَمَعَ الْحَبُّ: ئاشلىقنى يانجىدى.

إِرْتَضَخَ يَرْتَضِخُ إِرْتِضَاخًا لُكْنَةً أَعْجَمِيَّةً: ئەرەب-چىنى باشقا تىلغا ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى.

إِرْتَضَعَ يَرْتَضِعُ ارْتِضَاعًا الْوَلَدُ ثَدْيَ أُمِّهِ: بالا ئانىسىنى ئەمدى، بالا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى شورىدى.

إِرْتَضَى يَرْتَضِي إِرْتِضَاءً: رازى بولدى، مەمنۇن بولدى؛ ئىختىيار قىلدى، تاللىدى.

«وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى» ‹قرآن›: ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ.

إِرْتَضَاهُ لِصُحْبَةٍ: ئۇنى سۆھبەتكە لايىق ھېسابلىدى.

إِرْتَطَمَ يَرْتَطِمُ إِرْتِطَامًا بِالشَّيْءِ: ئۇرۇلدى.

إِرْتَطَمَ الْمَرْكَبُ: كېمە خادا تاشقا ئۇرۇلدى.

إِرْتَطَمَ الْجِدَارَ: تامغا ئۇرۇلدى، تامغا ئۇستى.

إِرْتَطَمَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: مۇجمەل بولدى.

إِرْتَطَمَ فِي الطِّينِ: پاتقاققا پېتىپ قالدى.

إِرْتَطَمَ فِي الْأَمْرِ: دىشۋارچىلىققا يولۇقتى، چىقىش يولى تاپالمىدى.

«إِرْتَطَمَ بِصُعُوبَاتٍ لَا حَصْرَ لَهَا»: چەكسىز قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى.

إِرْتَطَمَ بِـ: ئۇرۇلدى، سوقۇلدى، تېگىپ كەتتى.

إِرْتَطَمَ بِعَقَبَاتٍ: توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى.

أَرْتَعَ يُرْتِعُ إِرْتَاعًا الْمَكَانُ: ئوت - چۆپ مول بولدى.

أَرْتَعَ الرَّاعِي إِبِلَهُ: پادىچى تۆگىسىنى باقتى.

إِرْتِعَاشٌ: تىترىمەك.

إِرْتِعَاشُ الْحُمَّى: قىزىتمىدىن بولغان تىترەك.

إِرْتِعَاشٌ شَيْخُوخِيٌّ: قېرىلىق تىترىكى.

إِرْتَعَبَ يَرْتَعِبُ إِرْتِعَابًا الشَّخْصُ: قورقتى، چۆچىدى، قورقۇپ تىترەپ كەتتى.

إِرْتَعَدَ يَرْتَعِدُ إِرْتِعَادًا الشَّخْصُ: تىترىدى، پارا-كەندە بولدى.

إِرْتَعَدَ خَوْفًا أَوْ غَضَبًا: قورقۇنچ ياكى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

إِرْتَعَدَتْ فَرَائِصُهُ: قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ قاتتىق ۋەھىمىدە قالدى.

«إِنِّي أَرْتَعِدُ مِنَ الْبَرْدِ»: مەن سوغۇقتىن تىترەۋاتىمەن.

إِرْتَعَشَ يَرْتَعِشُ إِرْتِعَاشًا: تىترىدى.

«إِرْتَعَدَتْ مَفَاصِلُهُ، وَارْتَعَشَتْ أَنَامِلُهُ»: ئۇگىلىرى ۋە بارماقلىرى تىترىدى.

إِرْتَعَصَ يَرْتَعِصُ إِرْتِعَاصًا: قىمىرلىدى، لىغىشىدى، لۆمشىدى.

إِرْتَعَى يَرْتَعِي إِرْتِعَاءً الْغَنَمُ: قوي ئوتلىدى.

إِرْتَغَثَ يَرْتَغِثُ إِرْتِغَاثًا الْوَلَدُ أُمَّهُ: بالا ئانىسىنى ئەمدى، شورىدى.

إِرْتَغَى يَرْتَغِي إِرْتِغَاءً الرَّغْوَةَ: كۆپۈكنى ئىچتى؛ كۆپۈكنى سوزگۈچ بىلەن سۈزدى.

إِرْتِفَاعٌ: يۇقىرى ئۆرلىمەك، ئېگىزلىمەك، ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك، يۈكسەلمەك.

إِرْتِفَاعٌ ج إِرْتِفَاعَاتٌ: ئېگىزلىك، ئېگىز، يۇقىرى، ئۈستۈن، ئالىي.

اَلْإِرْتِفَاعُ عَنْ سَطْحِ الْبَحْرِ: دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز.

إِرْتِفَاقٌ: پايدىلانماق، ئىشقا سالماق، پايدا ئالماق.

حَقُّ الْإِرْتِفَاقِ ‹فِي الْقَانُونِ›: پايدىلىنىش ھوقۇقى.

إِرْتَفَدَ يَرْتَفِدُ إِرْتِفَادًا مَالًا: مال - مۈلۈكنى قولغا كەلتۈردى، مال - مۈلۈك ھاسىل قىلدى.

إِرْتَفَصَ يَرْتَفِصُ إِرْتِفَاصًا السِّعْرُ: باھا ئۆرلەپ كەتتى.

إِرْتَفَعَ يَرْتَفِعُ إِرْتِفَاعًا الْبِنَاءُ: ئېگىزلىدى.

إِرْتَفَعَ عَنْ سَطْحِ الْبَحْرِ: دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلدى.

إِرْتَفَعَ وَ انْخَفَضَ: بىر ھالەتتە تۇرمىدى، تۇراقسىز بولدى.

إِرْتَفَعَ الْخَطَرُ: خەتەر تۈگىدى.

إِرْتَفَعَ السِّعْرُ: باھا ئۆستى.

«إِرْتَفَعَتْ أَسْعَارُ بَعْضِ السِّلَعِ»: بەزى ماللارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى.

إِرْتَفَعَ النَّهَارُ: كۈندۈز ئۇزاردى.

إِرْتَقَّ يَرْتَقُّ إِرْتِفَاقًا الْقَلْبُ: يۈرەك سالدى، يۈرەك سوقتى.

إِرْتَفَقَ يَرْتَفِقُ إِرْتِفَاقًا بِهِ: پايدىلاندى، مەنپەئەتلەندى.

إِرْتَفَقَ الْقَوْمُ: يولداش بولۇشتى، ھەمراھ بولۇشتى.

إِرْتَفَقَ عَلَى مِرْفَقِهِ: جەينىكىگە يۆلەندى.

إِرْتِقَاءٌ: ئۆرلىمەك، ئېگىزلىمەك، تەرەققىي قىلماق.

مَذْهَبُ النُّشُوءِ وَالْإِرْتِقَاءِ: تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى.

إِرْتَقَبَ يَرْتَقِبُ إِرْتِقَابًا الشَّيْءَ: كۈتتى؛ كۆزەتتى.

«فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السَّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ» ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن.

إِرْتَقَبَ الْمَكَانَ: جاينى كۆزەتتى.

إِرْتَقَشَ يَرْتَقِشُ إِرْتِقَاشًا: گۈزەللىكىنى ۋە زىننىتىنى ئاشكارا قىلدى.

إِرْتَقَشَ الْقَوْمُ: ئارىلىشىپ كەتتى.

إِرْتَقَشَ الْمُقَاتِلُونَ: جەڭچىلەر گىرەلىشىپ كەتتى.

إِرْتَقَصَ يَرْتَقِصُ إِرْتِقَاصًا السِّعْرُ: باھا ئۆرلىدى، باھا ئۆرلەپ كەتتى.

إِرْتَقَنَ يَرْتَقِنُ إِرْتِقَانًا: سۈركىدى، سۈرتتى، بويىدى.

إِرْتَقَى يَرْتَقِي إِرْتِقَاءً الرَّجُلُ السُّلَّمَ أَوْ فِي السُّلَّمِ أَوْعَلَى السُّلَّمِ: شوتىغا چىقتى، شوتىغا ياماشتى.

«أَمْ لَهُمْ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَلْيَرْتَقُوا فِي الْأَسْبَابِ» ‹قرآن›: ياكى ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىگىمۇ؟ (ئەگەر ئۇلار ئىگە بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدىغان) شوتىلارغا چىقسۇن.

إِرْتَقَى الْأَمِيرُ عَلَى الْعَرْشِ: ئەمىر تەختتە ئولتۇردى.

إِرْتَقَى مُرْتَقًى صَعْبًا: ئۆزىنى قاتتىق چارچىتىۋەتتى، قىيىن ئىشقا تۇتۇش قىلدى.

اَلْإِرْتِكَازُ: مەركەز، نۇقتا.

مِحْوَرُ الْإِرْتِكَازِ: ئاساسىي نۇقتا.

«إِنَّ نُقْطَةَ الْإِرْتِكَازِ لِكَلَامِي هِيَ أَنَّ الدِّيْنَ عِنْدَ اللّٰهِ الْإِسْلَامُ»: مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئاللاھنىڭ نەزەرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام دىنى دېگەندىن ئىبارەت.

إِرْتَكَبَ يَرْتَكِبُ إِرْتِكَابًا الرَّجُلُ الذَّنْبَ: گۇناھ ئۆتكۈزدى.

إِرْتَكَبَ عَمَلًا شَائِنًا: قەبىھ ئىش قىلدى.

إِرْتَكَبَ جَرَائِمَ شَائِنَةً: ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدى.

إِرْتَكَبَ الْفَحْشَاءَ: زىنا قىلدى، پاھىشە قىلدى.

إِرْتَكَزَ يَرْتَكِزُ إِرتِكَازًا الشَّيْءُ: مۇقىملاشتى، مەركەزلەشتى، قارارلاشتى، ئورناشتى.

«هَذَا الرَّأْيُ لَايَرْتَكِزُ عَلَى أَسَاسٍ صَحِيْحٍ»: بۇ پىكىر توغرا ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

إِرْتَكَزَ عَلَيْهِ: يۆلەندى.

إِرْتَكَسَ يَرْتَكِسُ إِرْتِكَاسًا: دۈم بولدى، ئۆرۈلدى، قايتىلدى.

إِرْتَكَسَ فِي أَمْرٍ: قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

إِرْتَكَضَ يَرْتَكِضُ إِرْتِكَاضًا: تەۋرىدى، داۋالغۇدى.

إِرْتَكَضَ خَيْلُهُمْ إِلَيْهِ: ئاتنى قامچىلاپ چاپتۇردى.

إِرْتَكَضَ الْجَنِيْنُ فِي الْبَطْنِ: ھامىلە قورساقتا

مىدىرلىدى.

إِرْتَكَّ يَرْتَكِفُ إِرْتِكَافًا: (قار - يامغۇر) يەر يۈزىنى قاپلىدى.

إِرْتَكَمَ يَرْتَكِمُ إِرْتِكَامًا: توپلاندى، يىغىلدى.

إِرْتَكَنَ يَرْتَكِنُ إِرْتِكَانًا عَلَيْهِ: يۆلەندى.

إِرْتَمَخَ يَرْتَمِخُ إِرْتِمَاخًا: خار بولدى، بوزەك بولدى، قورقۇنچاقلىق قىلدى.

إِرْتَمَزَ يَرْتَمِزُ إِرْتِمَازًا: تەسىرلەندى، ھاياجانلاندى، تەييارلاندى.

إِرْتَمَسَ يَرْتَمِسُ إِرْتِمَاسًا فِي الْمَاءِ: سۇغا چىملاندى.

إِرْتَمَى يَرْتَمِي إِرْتِمَاءً الْمُتَنَاضِلاَنِ: ئېتىشتى.

إِرْتَمَى الصَّيْدَ: ئوۋنى ئاتتى.

إِرْتَمَى عَلَى الْأَرْضِ: زېمىنغا يىقىلدى.

إِرْتَمَى عَلَى قَدَمَيْهِ: ئۇنىڭغا كۈچۈكلەندى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى خار قىلدى.

إِرْتَمَى تَحْتَ قَدَمَيْهِ: ئۇنىڭغا كۈچۈكلەندى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى خار كۆرسەتتى.

إِرْتَمَى الْوَلَدُ فِي حِضْنِ أُمِّهِ: بالا ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

إِرْتَهَنَ يَرْتَهِنُ إِرْتِهَانًا الشَّيْءَ مِنْهُ: رەنىگە ئالدى، گۆرۈگە ئالدى.

إِرْتَهَنَ بِالْأَمْرِ: باغلىنىپ قالدى.

«حَفَرَ الْآبَارَ الْإِرْتِوَازِيَةَ فِي الْمِنْطَقَةِ لِأَغْرَاضٍ زِرَاعِيَّةٍ» : تېرىلغۇ ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ رايوندا ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان قۇدۇقلارنى كولىدى.

إِرْتَوَى يَرْتَوِي إِرْتِوَاءً مِنَ الْمَاءِ: سۇنى ئىچىپ قاندى.

إِرْتَوَى الْحَبْلَ: ئارغامچا ئەشتى.

إِرْتِيَاءٌ: چوڭقۇر ئويلىنىش، خىيال سۈرمەك.

إِرْتِيَابٌ: شەك، گۇمان.

«نَظَرَ إِلَيْهِ بِارْتِيَابٍ شَدِيدٍ» : ئۇنىڭغا قاتتىق گۇمان بىلەن قارىدى.

إِرْتِيَابِيٌّ: شۈبھىلىك، گۇمانلىق.

إِرْتِيَاحٌ: مەمنۇنىيەت، مەمنۇنلۇق، رازى بولماق.

«أَعْرَبَ عَنِ ارْتِيَاحِهِ الشَّدِيدِ» : ئۆزىنىڭ قاتتىق مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

إِرْتِيَادٌ: تەكشۈرمەك، ئىزدىمەك.

إِرْتِيَادُ الْمُحِيطِ: دېڭىزدا يۈرمەك.

إِرْتِيَادُ الْمَخَازِنِ: دۇكان ئارىلىماق.

إِرْثٌ: مىراس.

«كُلُّ أُمَّةٍ تَعْتَزُّ بِإِرْثِهَا الْحَضَارِيِّ» : ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

أُرْثَةٌ: پىلىك، پىلتە.

إِرْثَعَنَّ يَرْثَعِنُّ إِرْثِعْنَانًا الْمَطَرُ: يامغۇر توختىماي ياغدى.

إِرْثَعَنَّ الشَّعْرُ: چاچ ساڭگىلاپ كەتتى، چۇشۇپ تۇردى.

إِرْثَعَنَّ فُلاَنٌ: ئاجىزلىدى، بوشاپ كەتتى.

أُرْثُوذِكِس: پراۋۋسلاۋىيە دىنى.

أُرْثُوذِكِسِيٌّ: پراۋۋسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى.

إِرْثِيٌّ: ئىرسىي، ۋارىسلىق، مىراسخورلۇق.

أَرِجَ يَأْرَجُ أَرَجًا و أَرِيجًا: خۇش ھىد پۇرىدى، خۇش پۇراق پۇرىدى.

أَرِجٌ: خۇش پۇراق ، خۇش ھىد.

إِرْجَاءٌ: كېچىكتۈرمەك، ئارقىغا سۈرمەك، تەخىرقىلماق.

أَرْجَابٌ: ئۈچەي.

إِرْجَاقٌ ج أَرَاجِيفُ: پىتنە - پاسات تېرىيدىغان يالغان - ياۋىداق خەۋەرلەر، ئۆسەك سۆزلەر.

«كَثُرَتِ الْأَرَاجِيفُ حَوْلَ مَصِيرِ الطَّائِرَةِ الْمَخْطُوفَةِ» : بۇلاپ كېتىلگەن ئايروپىلاننىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سۆز - چۆچەكلەر كۆپەيدى.

أَرْجَأَ يُرْجِئُ إِرْجَاءً الشَّخْصُ الْأَمْرَ: كېچىكتۈردى، تەخىر قىلدى، ئارقىغا سۈردى، كەينىگە سۈردى.

أَرْجَأَ تَنْفِيذَ الْعُقُوبَةِ: جازانى كېچىكتۈردى.

أَرْجَبَ يُرْجِبُ إِرْجَابًا: ئەيمەندى، تارتىندى،

سۇر باستى.

أَرْجَحَ يُرْجِحُ إِرْجَاحًا الشَّيْءَ: تاللىدى، ئارتۇق كۆردى، ئەھمىيەت بەردى، تەكىتلىدى.

أَرْجَحَ الْمِيزَانَ: تارازىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېغىرلاتتى.

أَرْجَحُ: ... ئېھتىمالغا يېقىن، ... بولۇشى مۇمكىن.

أَرْجَحُ الظَّنِّ أَنْ...: ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن، كۈچلۈكرەك تەرىپى.

«مِنَ الْأَرْجَحِ أَلَّا يَنْزِلَ الْمَطَرُ الْيَوْمَ»: بۈگۈن يامغۇر ياغماسلىق تەرىپى كۈچلۈكرەك.

«يَعُودُ عَلَى الْأَرْجَحِ بَعْدَ نِصْفِ سَاعَةٍ»: ئۇنىڭ يېرىم سائەتتىن كېيىن قايتىشى ئىشەنچلىكرەك.

«اَلْأَرْجَحُ أَنْ نُسَافِرَ غَدًا»: ئەتە يولغا چىقىشىمىز مۇمكىن.

عَلَى الْأَرْجَحِ: كۆپىنچە، كۆپ ھاللاردا.

وَالْأَرْجَحُ كَذَا: كۈچلۈك تەرىپى.

أَرْجَحِيَّةٌ: بىر تەرەپكە ئاغماق، بىر تەرەپ بېسىپ كەتمەك، ئارتۇق كەلمەك، ئۈستۈنلۈك.

«تَتَّضِحُ هُنَا أَرْجَحِيَّةُ الْحَقِّ عَلَى الْبَاطِلِ»: بۇ يەردە ھەقنىڭ باتىلنى بېسىپ چۈشۈشى ئېنىق.

أَرْجَعَ يُرْجِعُ إِرْجَاعًا الشَّخْصَ: قايتۇردى، ياندۇردى.

«أَرْجَعَ الزَّوْجَةَ إِلَى زَوْجِهَا»: ئايالنى ئۆز ئېرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

«أَرْجَعَ اللّٰهُ الْمَيِّتَ»: ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى.

أَرْجَفَ يُرْجِفُ إِرْجَافًا الشَّخْصَ: مىدىرلىدى، تەۋرەتتى.

أَرْجَفَتِ الْأَرْضُ: يەر تەۋرىدى.

أَرْجَلَ يُرْجِلُ إِرْجَالًا الْمَرْأَةُ: ئايال ئوغۇل تۇغدى.

أَرْجَلَ فُلَانًا: پىيادە قويدى، پىيادە ماڭغۇزدى.

أَرْجَلَهُ: مۇھلەت بەردى.

أُرْجُوَانٌ: توق قىزىل رەڭ؛ مەرتىۋىلىك كىشىلەر كىيىدىغان كىيىم؛ قىزىل بوياق؛ سۆسۈن رەڭ، بىنەپشەرەڭ.

أُرْجُوَانِيٌّ: سۆسۈن رەڭلىك، بىنەپشە رەڭلىك.

أَحْمَرُ أُرْجُوَانِيٌّ: توق قىزىل.

أُرْجُوحَةٌ ج أَرَاجِيحُ: ئەلەڭگۈچ؛ لىڭگىرتاقتاق.

أُرْجُوحَةُ الطِّفْلِ: بۆشۈك، تەۋرەنمە كارىۋات.

أُرْجُوزَةٌ ج أَرَاجِيزُ: رەجەز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر قەسىدە.

أَرْجَى يُرْجِي إِرْجَاءً الشَّيْءَ: كېچىكتۈردى، كەينىگە سۈردى.

«تُرْجِي مَنْ تَشَاءُ مِنْهُنَّ وَتُؤْوِي إِلَيْكَ مَنْ تَشَاءُ»

(قرآن): ئاياللىرىڭلاردىن خالىغىنىڭنى نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ.

أَرْحَبَ يُرْحِبُ إِرْحَابًا الْمَكَانُ: ئورۇن كېڭەيدى.

أَرْحَبَ الْمَكَانَ: ئورۇننى كېڭەيتتى.

أَرْحَضَ يُرْحِضُ إِرْحَاضًا: يۇدى.

أَرْحَلَ يُرْحِلُ إِرْحَالًا الشَّخْصُ: يۈك تۆگىلىرى كۆپەيدى.

أَرْحَلَ الْمُسَافِرَ: يولۇچىغا ئۇلاغ بەردى.

أَرْحَلَهُ: ئۇنى سەپەرگە ماڭدۇردى.

أَرْخَصَ يُرْخِصُ إِرْخَاصًا السِّعْرَ: باھانى تۆۋەنلەتتى، باھانى چۈشۈردى.

أَرْخَصَ لَهُ: ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى.

أَرْخَصَ الشَّخْصُ نَفْسَهُ: ئۆزىنى ئۆزى خار قىلدى.

إِرْخَامُ الْبَيْضِ: تۇخۇم باستۇرماق.

أَرْخَمَ يُرْخِمُ إِرْخَامًا الدَّجَاجَةَ عَلَى بَيْضِهَا: مېكىيان تۇخۇم باستۇردى.

أَرْخَى يُرْخِي إِرْخَاءً الشَّخْصُ: باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

أَرْخَى الشَّيْءَ: بوشاتتى؛ ساڭگىلاتتى؛ كېڭەيتتى، ئۇزارتتى.

أَرْخَى السِّتْرَ: پەردىنى چۈشۈردى.

أَرْخَى عِمَامَتَهُ: خاتىرجەم بولدى.

أَرْخَى لَهُ الْقَيْدَ: كىشىنى بوشىتىۋەتتى، باغلاقـ
نى بوشىتىۋەتتى.

أَرْخَى الدَّابَّةَ: چۇلۇۋرنى قويىۋەتتى.

«أَرْخَى اللَّيْلُ سُدُولَهُ» : قاراڭغۇ چۈشتى.

أَرْخَى لَهُ الْعَنَانَ: ئۆز مەيلىگە قويىۋەتتى.

أَرْخِيَةٌ ﺟ أَرَاخٍ: چۈشۈرۈۋېتىلگەن پەردە.

أَرْدَأَ يُرْدِئُ إِرْدَاءً: ناچارلاشتۇردى، ياماىلاشـ
تۇردى.

إِرْدَبٌّ ﺟ أَرَادِبُ: مىسىرنىڭ جىلىق بىرلىكى
1050 كىلوگراملىق ئاشلىق ئۆلچەيدىغان
كەمچەن.

أَرْدَفَ يُرْدِفُ إِرْدَافًا الشَّيْءَ: داۋاملاشتى، ئارقىمۇ
ئارقا بولدى.

أَرْدَفَ الشَّخْصَ: ئۇنىڭدىن كېيىن كەلدى.

«أَرْدَفَ خَيْلَهُ بِخَيْلٍ أُخْرَى» : ئېتىغا ئىككىنـ
چى ئاتنى ئەگەشتۇردى.

أَرْدَفَهُ الرَّاكِبُ: مىنگەشتۇردى، كەينىگە مىندۇر-
دى.

أَرْدَمُ ﺟ أَرْدَمُونَ: ئۇستا ماتروس، چېچەن دېڭىز-
چى.

اَلْأُرْدُنُّ: ئىئوردانىيە.

أُرْدُنِيٌّ: ئىئوردانىيىلىك.

أَرْدَى يُرْدِي إِرْدَاءً ــ هُ الدَّهْرُ: زامان ئۇنى
هالاك قىلدى.

«وَذَلِكُمْ ظَنُّكُمُ الَّذِي ظَنَنْتُمْ بِرَبِّكُمْ أَرْدَاكُمْ
فَأَصْبَحْتُمْ مِنَ الْخَاسِرِينَ» «قرآن» : پەرۋەردـ
گارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇمانىڭلار
سىلەرنى هالاك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زىيان
تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار.

«قَالَ تَاللَّهِ إِنْ كِدْتَ لَتُرْدِينَ» «قرآن» : ئۇ
(يەنى مۆمىن) ئېيتىدۇ: «ئاللاھ بىلەن
قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) هالاك قىلغىلى
تاسقىلىپتىكەنسەن».

أَرْدَاهُ قَتِيلًا: ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردى.

أَرْدَاهُ فِي الْبِئْرِ: قۇدۇققا ئىتتىرىۋەتتى.

اَلْأُرْدِيَّةُ: ئوردۇ مىللىتى، پاكىستانلىق.

اَللُّغَةُ الْأُرْدِيَّةُ: ئوردۇ تىلى.

أَرَذَّ يُرِذُّ إِرْذَاذًا السَّمَاءُ: سىم - سىم يامغۇر
ياغدى.

أَرْذَلُ ﺟ أَرْذَلُونَ وأَرَاذِلُ: خار، پەس، زاتى پەس،
تېگى پەس، ئەلك تۆۋەن.

«وَمَا نَرَاكَ اتَّبَعَكَ إِلاَّ الَّذِينَ هُمْ أَرَاذِلُنَا»

«قرآن» : بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىـ
لەر ساڭا ئەگەشكەن.

أَرْذَلُ الْعُمُرِ: قېرىلىق، قاتتىق قېرىلىق.

«وَمِنْكُمْ مَنْ يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ» «قرآن» :
ئاراڭلاردا ئۆمرىنىڭ يامان (يەنى ئەڭ قېرىلىق)
باسقۇچىغا ئۆلىشمىدىغانلارمۇ بار.

أَرْذَمَ يُرْذِمُ إِرْذَامًا الْإِنَاءُ: قاچا توشتى، قاچا
تولدى.

أَرَّثَ يُؤَرِّثُ تَأْرِيثًا النَّارَ: ئوت ياقتى، ئوت ياندۇر-
دى.

أَرَّثَ بَيْنَ الْقَوْمِ: ئىختىلاپ سالدى، پىتنە -
پاسات تۇغدۇردى، ئىغۋا ئورۇقىنى چاچتى.

أَرَّخَ يُؤَرِّخُ تَأْرِيخًا: تارىخ يازدى، خاتىرىلىدى.

أَرَّشَ يُؤَرِّشُ تَأْرِيشًا: كۈشكۈرتتى، ئارىغا
بۆلگۈنچىلىك سالدى.

أَرَّشَ النَّارَ: ئوت ياقتى.

أَرَّشَ الْحَرْبَ: ئۇرۇش قوزغىدى.

أَرَّشَ بَيْنَهُمْ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئارىنى
بۇزدى، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى.

أَرَّفَ يُؤَرِّفُ تَأْرِيفًا الْأَرْضَ: چېگرا بەلگىلىدى.

أَرَّقَ يُؤَرِّقُ تَأْرِيقًا: ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

«أَرَّقَهُ صَوْتُ الْمِذْيَاعِ» : رادىئونىڭ ئاۋازى
ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

أَرَّمْ: ئېرىق چىشى.

إِرِّيسٌ ﺟ إِرِّيسُونَ و أَرَارِيسُ: دېهقان؛ ئاگرانوم.

أَرْزٌ: شەمشاد.

أُرْزٌ: گۈرۈچ.

أُرْزٌ بِلَبَنٍ: ئاق ئاش.

أَرْزَمَ يُرْزِمُ إِرْزَامًا الرَّعْدُ: هاۋا گۈلدۈرلىدى.

أَرْزَنُ: قاتتىق ياغاچ.

أَرْزِيزٌ: تېلېفون.

أَرَسَ يَأْرِسُ أَرْسًا: تېرىقچىلىق قىلدى.

إِرْسَالٌ: ئەۋەتمەك، يوللىماق.

إِرْسَالٌ تِلْفِزْيُونِيٌّ: تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىش.

جِهَازُ الْإِرْسَالِ: تارقىتىش ئەسۋابى، تارقىتىش ئۈسكۈنىسى.

إِنْقِطَاعُ الْإِرْسَالِ: ئاڭلىتىشنىڭ توختاپ قېلىشى، ئاڭلىتىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى.

إِرْسَالِيَّةٌ ج إِرْسَالِيَّاتٌ: ئۆمەك (بولۇپمۇ خىرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئۆمەككە ئىشلىتىلىدۇ.)

أَرْسَبَ يُرْسِبُ إِرْسَابًا: چۆكتۈردى، تىندۇردى.

أَرْسَلَ يُرْسِلُ إِرْسَالاً الشَّيْءَ: مەيلىگە قويۇۋەتتى.

«يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْهِمْ مِدْرَارًا» ‹قرآن›: ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

«هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ»

‹قرآن›: ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.

أَرْسَلَ فِي طَلَبِهِ: چاقىرتتى.

أَرْسَلَ نُقُودًا: پۇل ئەۋەتتى، پۇل يېرىۋۇت قىلدى.

أَرْسَلَ حُكْمًا: ھۆكۈم چىقاردى.

أَرْسَلَ الصَّوْتَ: ئاۋازنى قويۇۋەتتى، ئاۋازنى چىقاردى.

أَرْسَلَ الدُّخَانَ: تۈتۈن چىقاردى.

أَرْسَلَ نَظْرَةً إِلَى: قارىدى، نەزىرىنى تىكتى.

أَرْسَلَ يَدَهُ عَنْ يَدِهِ: كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن قولىنى قويۇۋەتتى.

أَرْسَلَ شَعْرَهُ: چېچىنى قويۇۋەتتى.

أَرْسَلَ الطَّائِرَ: قۇشنى قويۇۋەتتى.

أَرْسَلَهُ: ئەۋەتتى.

أَرْسَلَ إِشَارَةَ إِسْتِغَاثَةٍ: قۇتقۇزۇۋېلىش سىگنالىنى چالدى.

أَرْسَلَ إِنْذَارًا: ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

أَرْسَنَ يُرْسِنُ إِرْسَانًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغقا يۈگەن سالدى، نوقتا سالدى.

أُرْسُوسَةٌ: ئېگىز قالپاق، ئۇزۇن قالپاق.

أَرْسَى يُرْسِي إِرْسَاءً السَّفِينَةَ: كېمە توختىدى، لەڭگەر تاشلىدى.

«وَالْجِبَالَ أَرْسَاهَا» ‹قرآن›: تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى.

أَرْسَى حَجَرَالْأَسَاسِ: ئۇل تاشنى بېكىتتى.

«أَرْسَى قَوَاعِدَ الْعَدْلِ»: ئادالەت ئاساسلىرىنى تىكلىدى.

أَرْسَى الْمَلَّاحُ السَّفِينَةَ: كېمىچى كېمىنى توختاتتى.

أَرْسَى الْبَنَّاءُ دَعَائِمَ الْبِنَاءِ: قۇرغۇچى بىنانىڭ تۈۋرۈكلىرىنى پۇختا بەرپا قىلدى، پۇختا ئورناتتى.

أَرْسَى الْقَوَاعِدَ: قائىدىلەرنى مۇقىملاشتۇردى.

إِرْشَاءٌ: پارا بەرمەك.

إِرْشَادٌ ج إِرْشَادَاتٌ: يېتەكچىلىك قىلماق، باشلامچىلىق قىلماق، تەلىم بەرمەك، يېتەكلىمەك؛ مەسلىھەت، نەسىھەت.

هَيْئَةُ الْوَعْظِ وَالْإِرْشَادِ: ۋەز - نەسىھەت ھەيئىتى.

إِرْشَادَاتُ الْمُرُورِ: قاتناش بەلگىلىرى.

أَرْشَحَ يُرْشِحُ إِرْشَاحًا الْمَاءُ: سۇ تەپچىرىدى.

أَرْشَدَ يُرْشِدُ إِرْشَادًا إِلَى الشَّيْءِ أَوْ عَلَى الشَّيْءِ أَوْلِلشَّيْءِ: يېتەكلىدى، كۆرسەتتى، توغرا يولغا باشلىدى.

«أَرْشَدَهُ اللّٰهُ»: ئاللاھ ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى، ھىدايەت قىلدى.

أَرْشَدَهُ لِلصَّوَابِ: توغرا يول كۆرسەتتى.

أَرْشَدَهُ إِلَى الصَّوَابِ: توغرا يول كۆرسەتتى.

أَرْشَدِيَّةٌ: ۋايىغا يەتمەك، ياش قۇرامىغا يەتمەك.

أَرَشَّ يُرِشُّ إِرْشَاشًا ـــ تِ السَّمَاءُ: ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغدى، سىم - سىم يامغۇر ياغدى.

أَرْشَقَ يُرْشِقُ إِرْشَاقًا الْمَاءَ: سۇنى سۈمۈردى، سۇنى ئۇتلىدى.

أَرْشَقَ يُرْشِقُ إِرْشَاقًا الشَّيْءَ: ئاتتى.

أَرْشَقَ إِلَيْهِ: تىكىلىپ قارىدى.

أَرْشَى يُرْشِي إِرْشَاءً الدَّلْوَ: سوغىنى ئارغامچىدا باغلىدى.

أَرْصَدَ يُرْصِدُ إِرْصَادًا لَهُ شَيْئًا: تەييارلىدى، هازىرلىدى، مەبلەغ چىقاردى.

أَرَشٌّ م رَشَّاءُ ج رُشٌّ: چىشلىرى زىچ.

أَرْصَعَ يُرْصِعُ إِرْصَاعًا بِالرُّمْحِ: نەيزە ئۇردى، نەيزە سانجىدى.

أَرْضُوصَةٌ: دوبۇلغا.

أَرْضٌ ج أُرُوضٌ و أَرْضُونَ وأَرَاضٍ وآرَاضٍ: زېمىن، يەر، قۇرۇقلۇق، يەر يۈزى.

«وَلِلّٰهِ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضِ» ‹قرآن›: ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر.

كُرَةُ الْأَرْضِ: يەر شارى.

أَرْضٌ رَاعِيَةٌ: ئېرىلغۇ يەر.

أَرْضٌ بِكْرٌ. أَرْضٌ عَذْرَاءُ: بوز يەر، بىنام، ئېچىلمىغان يەر.

أَرْضٌ خِصْبَةٌ: بولۇق يەر، مۇنبەت يەر.

أَرْضٌ فَضَاءٌ: بوش يەر، بىكار يەر.

اَلْأَرْضُ الْمُقَدَّسَةُ: مۇقەددەس زېمىن، پەلەستىن.

«لَاتَرَى لَهُ مَثِيلًا عَلَى وَجْهِ الْأَرْضِ»: يەر يۈزىدە ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق.

طَابِقُ أَرْضٍ: يەر ئاستى قەۋىتى، بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى.

«اَلْأَرْضُ مُغَطَّاةٌ بِالثَّلْجِ»: زېمىن قار بىلەن قاپلانغان.

«اِشْتَرَى قِطْعَةً مِنَ الْأَرْضِ لِبِنَاءِ دَارٍ عَلَيْهَا»: ئۇ ئۆي سېلىش ئۈچۈن بىر پارچە زېمىن سېتىۋالدى.

أَرْضُ الْوَطَنِ: ۋەتەن زېمىنى.

اِبْنُ الْأَرْضِ: يانچى، مەدىكار.

إِرْضَاعٌ: ئېمىتمەك، سۈت بەرمەك.

أَرْضَبَ يُرْضِبُ إِرْضَابًا الْمَطَرُ: يامغۇر ياغدى.

أَرَضَةٌ ج أَرَضٌ: ياغاچ يەيدىغان قۇرت؛ ئاق چۈمۈلە.

«أَصَابَتِ الْأَرَضَةُ هَذِهِ الْكُتُبَ»: بۇ كىتابلارنى قۇرت يەپ كەتتى.

أَرَضَ يَرِضُ إِرْضَاضًا: ھۆركۈپ كەتتى، ئۇچۇپ كەتتى.

أَرْضَعَ يُرْضِعُ إِرْضَاعًا الْأُمُّ: ئېمىتتى، سۈت بەردى.

«وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ» ‹قرآن›: ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم.

أَرْضَعَتِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا: ئايال بالىسىنى ئېمىتتى.

«وَأَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّ مُوسَى أَنْ أَرْضِعِيهِ» ‹قرآن›: مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى، «مۇسانى ئېمىتكىن».

أَرْضَى يُرْضِي إِرْضَاءً: ئۇنى رازى قىلدى، ئۇنى خۇشال قىلدى.

«يَحْلِفُونَ بِاللّٰهِ لَكُمْ لِيُرْضُوكُمْ» ‹قرآن›: ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ.

أَرْضِيٌّ: يەر شارى خاراكتېرلىك دۇنياۋى، يەر - جاھان؛ ئېرىلغۇ؛ تېررىتورىيە.

أَرْضِيَّةٌ: يەر ھەققى؛ ئارقا كۆرۈنۈش.

«رَفَعَ الْأَرْضِيَّةَ قَبْلَ إِخْرَاجِ سَيَّارَتِهِ مِنَ الْمِينَاءِ»: ئۇ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن چىقىشتىن بۇرۇن يەر ھەققىنى تۆلىدى (تاپشۇردى).

«يُمْكِنُ أَنْ نَفْهَمَ الْقَرَارَ إِذَا عَرَفْنَا أَرْضِيَّتَهُ»: ئارقا كۆرۈنۈشنى بىلەلىسەك، قارارنى چۈشىنەلەيمىز.

أَرْضِيَّةُ الْحُجْرَةِ: ئۆينىڭ يەر يۈزى (تورۇسنىڭ ئەكسى).

أَرْضِيَّاتٌ: كىشىلەر ئارىسىدىكى گۈزەل ئەخلاق؛ دۇنياۋى بەخت - سائادەت.

أَرْطَبَ يُرْطِبُ إِرْطَابًا الْبُسْرُ: خورمىغا ئايلاندى.

أَرْطَبَ الثَّوْبَ: كىيىمنى ھۆل قىلىۋەتتى.

أَرْطَبَ النَّخْلُ: خورمىغا ئايلاندى.

أَرْطَبَ الْبَلَحُ: غورا خورمىغا ئايلاندى.

أَرْطَةٌ. أُورْطَةٌ ج أُرَطٌ: پولك، باتالىيون، تۈمەن.

أَرْعَبَ يُرْعِبُ إِرْعَابًا: قورقاتتى، چۆچۈتتى.

أَرْعَدَ يُرْعِدُ إِرْعادًا السَّحَابُ: هاۋا گۈلدۈرلىدى.

أَرْعَدَ الشَّخْصَ: تىترىتىۋەتتى.

أَرْعَدَ لَهُ وَ أَبْرَقَ: قاتتىق غەزەپلەندى، تەھدىت سالدى، ۋارقىراپ ـ جارقىرىدى.

أَرْعَشَ يُرْعِشُ إِرْعَاشًا الْكِبَرُ: قېرىلىق ئۇنى تىترەتتى.

أَرْعِشَتْ يَدَاهُ: يېشى چوڭىيىپ كەتتى، ياشىنىپ قالدى.

أَرْعَصَ يُرْعِصُ إِرْعَاصًا: نەرسىنى مىدىرلاتتى، نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈردى.

أَرْعَفَ يُرْعِفُ إِرْعَافًا الْإِنَاءَ: قاچىنى تاشقىچە تولدۇردى.

أَرْعَفَ الْقَلَمَ: قەلەمگە سىياھنى كۆپ ئىچۈردى.

أَرْعَفَهُ: ئۇنى ئالدىراتتى.

أَرْعَلَ يُرْعِلُ إِرْعَالاً: ئۇنىڭغا قاتتىق نەيزە سانجىدى.

أَرْعَلُ م رَعْلَاءُ ج رُعْلٌ: ئەخمەق؛ ئۆسۈپ ئېگىلىپ كەتكەن ئوت ـ چۆپ.

أَرْعَمَ يُرْعِمُ إِرْعَامًا: ئورۇقلاپ ماڭقا بولۇپ قالدى.

أَرْعَنَ يُرْعِنُ إِرْعَانًا الْمَاشِيَةَ: باقتى.

أَرْعَنُ م رَعْنَاءُ ج رُعْنٌ: ئەخمەق، ھاماقەت، دۆت، قاپاقباش؛ ئۇزۇن بۇرۇن.

رَجُلٌ أَرْعَنُ: ئەخمەق ئادەم.

جَبَلٌ أَرْعَنُ: ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ئېگىز تاغ.

جَيْشٌ أَرْعَنُ: زور قوشۇن.

أُرْعُوفَةٌ: رىشاتكا.

إِرْعَوَى يَرْعَوِي إِرْعِوَاءً عَنْ غَيِّهِ: نادانلىقتىن قايتتى، گۇمراھلىقتىن ياندى.

أَرْ أَرْعَى يُرْعِي إِرْعَاءً الْمَكَانَ: ئوتلاقتا ئايلاندۇردى.

أَرْعَى فُلَانٌ سَمْعَهُ: قۇلاق سالدى، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

أَرْغَتِ الْأَرْضُ: سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول بولدى.

إِرْغَامٌ: زورلىماق، مەجبۇرلىماق.

أَرْغَبَ يُرْغِبُ إِرْغَابًا فِيهِ: ئىلھام بەردى، رىغبەتلەندۈردى، ئىلھاملاندۇردى.

أَرْغَبَهُ عَنِ الشَّيْءِ: سوۋۇتتى، يۈز ئۆرۈگۈزدى.

أَرْغَبَ: مېلى كۆپەيدى.

أَرْغَبَ الشَّيْءَ: كېڭەيتتى.

أَرْغَدَ يُرْغِدُ إِرْغَادًا الشَّخْصُ: باياشات ياشىدى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

«أَرْغَدَ اللّٰهُ عَيْشَهُمْ» : ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلسۇن.

أَرْغَفَ يُرْغِفُ إِرْغَافًا فِي الْمَشْيِ: تېز ماڭدى.

أَرْغَفَ إِلَيْهِ: تىكىلىپ قارىدى.

أَرْغَلَ يُرْغِلُ إِرْغَالاً إِلَيْهِ: مايىل بولدى، ئېغىپ كەتتى، قىيسايدى.

أَرْغَمَ يُرْغِمُ إِرْغَامًا ـــ هُ: زورلىدى، بويسۇندۇردى؛ خورلىدى.

أَرْغَمَ أَنْفَهُ: خارلىدى، خار قىلدى.

أُرْغُنٌ ج أَرَاغِنُ: ئارگون (چالغۇ).

أَرْغَى يُرْغِي إِرْغَاءً الْمَاءُ: سۇ كۆپۈكلەشتى.

أَرْغَى خَصْمَهُ: دۈشمەننى باستى.

أَرْغَى وَ أَزْبَدَ: غەزەپتىن چېچىلدى، تەھدىت سالدى، ھەيۋە قىلدى.

أَرْغَى الصَّابُونُ: سوپۇننىڭ كۆپىكى چىقتى.

أَرْغَى الْبَعِيرَ: تۆگىنى بوقىراتتى.

أَرْغَى الرَّجُلُ: كۆز ئالايتتى، ھۆرپەيدى.

أَرْفَأَ يُرْفِئُ إِرْفَاءً الْمَلَّاحُ السَّفِينَةَ: كېمىچى كېمىنى يېقىنلاشتۇردى.

أَرْفَأَتِ السَّفِينَةُ: كېمە پىرىستانغا يېقىنلاشتى.

أُرْفَةٌ ج أُرَفٌ: چېگرا.

أَرْفَدَ يُرْفِدُ إِرْفَادًا: ياردەم بەردى، يۆلىدى، مەدەت بەردى.

إِرْفَضَّ يَرْفَضُّ إِرْفِضَاضًا النَّاسُ عَنْهُ: كىشىلەر ئۇنىڭدىن تاراپ كەتتى، تارقىلىپ كەتتى.

إِرْفَضَّ الْمَجْلِسُ: مەجلىس تارقالدى.

إِرْفَضَّ الدَّمْعُ أَوِ الْعَرَقُ أَوْنَحْوُهُمَا: قان ۋە ياش ياكى شۆنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئاقتى، تۆكۈلدى؛ قۇيۇلدى.

أَرْفَغُ: راھەتلىك تۇرمۇش.

أَرَقَّ يُرِقُّ إِرْفَافًا الرَّايَةَ: بايراق لەپىلدىدى.

أَرْفَقَ يُرْفِقُ إِرْفَاقًا: پايدا يەتكۈزدى، مەنپەت بەردى، ياردەم قىلدى، مۇلايىم بولدى.

أَرْفَقَ كَذَا بِكَذَا: كىرگۈزدى، قوشتى، تىركەپ قويدى.

«أَرْفَقَ طَلَبَهُ بِشَهَادَةِ الْإِجَازَةِ»: تەلىپىنى رۇخسەت سوراش قەغىزىگە تىركەپ قويدى.

أَرْفَقُ: ئەڭ پايدىلىق.

أَرْفَلَ يُرْفِلُ إِرْفَالاً: مەغرۇرانە ماڭدى، كۆرەڭلەپ ماڭدى.

أَرْفَهَ يُرْفِهُ إِرْفَاهًا: راھەت كۆرسەتتى، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى.

أَرْفَهَ عَنْ نَفْسِهِ: ئۆزىنى خۇشال قىلدى.

أَرْفَى يُرْفِي إِرْفَاءً الرُّبَّانُ السَّفِينَةَ: ماتروس كېمىنى پرىستانغا يېقىنلاشتۇردى.

أَرْفَتِ السَّفِينَةُ: كېمە پرىستانغا يېقىنلاشتى.

أَرِقَ يَأْرَقُ أَرَقًا: ئۇيقۇسى قاچتى، بىدار بولدى.

أَرِقٌ، أُرُقٌ: ئۇيقۇسى قاچقان.

أَرَقٌ: ئۇيقۇسىزلىق، ئۇخلىيالماسلىق كېسىلى.

«أَصَابَهُ أَرَقٌ فَلَمْ يَسْتَطِعْ أَنْ يَنَامَ»: ئۇ، ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمىدى.

إِرْقَاطَّ يَرْقَاطُّ إِرْقِيطَاطًا: چەل بولدى.

إِرْقَانٌ: خېنە، زەپە، سېرىق كېسەل.

أَرْقَأَ يُرْقِئُ إِرْقَاءً الدَّمَ أَوِالدَّمْعَ: قاننى ياكى ياشنى توختاتتى.

«لَا أَرْقَأَ اللّٰهُ دَمْعَتَهُ أَوْعَيْنَهُ»: ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرىمىسۇن (بەد دۇئا).

أَرْقَةٌ: كېپىنەك لىچىنكىسى.

أَرْقَبَ يُرْقِبُ إِرْقَابًا دَارًا: قورۇنى كۆزىتىشكە قويدى.

أَرْقَدَ يُرْقِدُ إِرْقَادًاهُ: ئۇنى ئۇخلاتتى.

أَرْقَدَ الْأَعْصَابَ: نېرۋىنى تىنچلاندۇردى.

أَرْقَدَتِ الْأُمُّ طِفْلَهَا: ئانا بالىسىنى ئۇخلاتتى.

أَرْقَدَتِ الدَّجَاجَةَ عَلَى الْبَيْضِ: توخۇغا تۇخۇم باستۇردى.

أَرْقَدَتِ النَّبَاتَ: ئۆسۈملۈكنى كۆمدى.

أَرْقَشُ م رَقْشَاءُ ج رُقْشٌ: ئالا - بۇلىماچ، چار، چىپار.

أَرْقَصَ يُرْقِصُ إِرْقَاصًا ـــ تِ الْأُمُّ وَلَدَهَا: ئانا بالىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئويناتتى.

أَرْقَطُ ج أَرَاقِطُ: ئالا - بۇلىماچ، چىپار؛ شىر.

أَرْقَطُ م رَقْطَاءُ ج رُقْطٌ: چار يىلان.

إِرْقَطَّ يَرْقَطُّ إِرْقِطَاطًا: چەل بولدى، داغ چۈشتى.

أَرَقَّ يَرِقُّ إِرْقَاقًا الشَّيْءَ: نازۇكلاشتى، ئىنچىكىلەشتى.

أَرَقَّ الْخَابِزُ الرَّغِيْفَ: ناۋاي ناننى نېپىز قىلدى.

أَرَقَّ فُلَانٌ: قولى قىسقىراپ ھالى ناچارلاشتى.

أَرَقَّ الْوَعْظُ قَلْبَهُ: ۋەز ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتى، ئۇنىڭ دىلىنى يۇمشاتتى، ئۇنى تەسىرلەندۈردى.

أَرْقَلَ يُرْقِلُ إِرْقَالاً: ئالدىرىدى.

أَرْقَمُ ج أَرَاقِمُ: ئەڭ زەھەرلىك يىلان؛ قەلەم.

أَرْقَنَ يُرْقِنُ إِرْقَانًا: سۈركىدى، سۈرتتى، بويىدى.

إِرْكَانٌ: ئىشەنچ، تايانچ.

أَرْكَبَ يُرْكِبُ إِرْكَابًا الشَّخْصَ: مىندۇرۇۋالدى.

أَرْكَبَهُ خَلْفَهُ: ئۇنى ئارقىسىغا مىنگەشتۇرۇۋالدى.

أَرْكَسَ يُرْكِسُ إِرْكَاسًا اللّٰهُ عَدُوًّا: ئاللاھ دۈشمەننى قايتۇردى.

«كُلَّمَا رُدُّوا إِلَى الْفِتْنَةِ أُرْكِسُوا فِيْهَا» (قرآن): ئۇلار ھەرقاچان پىتنە - پاساتقا چاقىرىلسا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن تارتمىدۇ.

«أَرْكَسَهُ فِي الشَّرِّ»: ئۇنى يامانلىققا قايتۇردى، ئۇنى يامانلىققا چۈشۈرۈپ قويدى.

أَرْكَعَ يُرْكِعُ إِرْكَاعًا ـــ هُ: ئۇنى رۇكۇ قىلدۇردى.

أَرْكَنَ يُرْكِنُ إِرْكَانًا عَلَى: پاناھ ئىزدىدى، پاناھ ئىزدەپ باردى، يۆلەنچۈك ئىزدىدى.

أَرْكَنَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا يۆلەندى، ئۇنىڭغا ئىشەندى.

أَرْكُونٌ ج أَرَاكِيْنُ وَأَرَاكِيْنَةٌ: شاھزادە، يول باشچى، رەھبەر، داھى، سەردار.

إِرَمٌ ج آرَامٌ وَ أُرُومٌ: قۇملۇق دالىلاردىكى بەلگە تاش (يول بەلگىسى).

أُرْمَةٌ ج أُرَمٌ: ۋۇسكا، تاختا، ئىزناك، بەلگە.

أَرْمَدُ م رَمْدَاءُ ج رُمْدٌ: كۆز ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئادەم.

رَجُلٌ أَرْمَدُ: كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان ئادەم.

ثَوْبٌ أَرْمَدُ: كىر كىيىم، پاسكىنا كىيىم.

إِرْمَدَّ يَرْمَدُّ إِرْمِدَادًا: كۈلرەڭگە ئۆزگەردى.

إِرْمَدَّتِ الْعَيْنُ: كۆز ئاغرىدى.

أَرْمَسَ يُرْمِسُ إِرْمَاسًا: كۆمدى، دەپنە قىلدى، يەرلىككە قويدى.

أَرْمَشُ م رَمْشَاءُ ج رُمْشٌ: كۆزى قىزارغان، كىرپىكلىرى چۈشۈپ كەتكەن.

أَرْمَضَ يُرْمِضُ إِرْمَاضًا الْحَرُّ: ئىسسىق كۆيدۈردى، ئىسسىق كۆيدۈرۈۋەتتى.

أَرْمَضَهُ الشَّيْءُ: ئاغرىق پەيدا قىلدى، ئاغرىتتى.

أَرْمَضَهُ التَّعَبُ: قاتتىق ھاردۇردى، قاتتىق چارچاتتى.

إِرْمَكَّ يَرْمَكُّ إِرْمِكَاكًا: ئىنچىكىلەپ كەتتى.

إِرْمَكَّ الْجَمَلُ: تۆگە كۈلرەڭگە كىردى.

أَرْمَلَ يُرْمِلُ إِرْمَالاً الشَّخْصُ: نامراتلاشتى، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كەتتى.

«كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللّٰهِ فِي غَزَاةٍ فَأَرْمَلْنَا وَأَنْفَضْنَا»

‹حديث› : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر غازاتتا بولۇپ ئوزۇق - تۈلۈكسىز تۈگەپ كەتكەنىدى.

أَرْمَلَ الْمَكَانُ: قۇملۇققا ئايلاندى.

أَرْمَلَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال تۇل قالدى.

أَرْمَلُ م رَمْلَاءُ ج رُمْلٌ: قۇملۇق.

أَرْمَلُ ج أَرَامِلُ: بويتاق ئەر.

أَرْمَلَةٌ ج أَرَامِلُ: تۇل ئايال، تۇل خوتۇن.

أَرْمَلَةُ الْمَلِكِ: خان ئانا، پادىشاھنىڭ ئانىسى.

أَرَمَّ يُرِمُّ إِرْمَامًا الْعَظْمُ: سۆڭەك چىرىدى.

أَرَمَّ إِلَى اللَّهْوِ: ئويۇنغا بېرىلدى؛ لام - جىم دېمىدى، جىم تۇردى.

«أَيُّكُمُ الْمُتَكَلِّمُ بِكَذَا وَكَذَا فَأَرَمَّ الْقَوْمُ»

‹حديث› : ... قايسىڭلار ئۇنداق - مۇنداق دېدىڭلار؟ جامائەت لام - جىم دېمىدى.

أَرَمَّ الشَّخْصُ: جىم بولدى، سۈكۈت قىلدى.

أَرْمَى يُرْمِي إِرْمَاءً عَنِ ظَهْرِفَرَسِهِ: ئات ئۈستىدىن ئېتىپ چۈشۈردى.

أَرِنَ يَأْرَنُ أَرَنًا وَ أَرِينًا وَإِرَانًا الْبَعِيْرُ: تۆگە جانلاندى، روھلاندى، تېتىكلەشتى، شوخلاشتى.

أَرْنَبٌ ج أَرَانِبُ: توشقان.

أَرْنَبٌ بَيْتِيٌّ: ئۆي توشقىنى.

أَرْنَبٌ بَرِّيٌّ: ياۋا توشقان.

أَرْنَبٌ هِنْدِيٌّ: دېڭىز چوشقىسى.

أَرْنَبَةُ الْأَنْفِ: بۇرۇننىڭ ئۇچى.

«لَا يَرَى أَبْعَدَ مِنْ أَرْنَبَةِ أَنْفِهِ» : بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان كالتە پەم.

«فَلَقَدْ رَأَيْتُ عَلَى أَنْفِ رَسُولِ اللّٰهِ وَأَرْنَبَتِهِ أَثَرَ الطِّينِ» ‹حديث› : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرنىدا ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىدا لاينىڭ ئىزىنى كۆردۈم.

جَدَعَ أَرْنَبَةً: خورلىدى.

قَطَعَ أَرْنَبَةَ فُلَانٍ: خورلىدى.

«هُمْ شُمُّ الْأَرَانِبِ» : ئۇلار ئابرۇيلۇق ئادەملەر، ئۇلار ئىززەتلىك ئادەملەر، ئۇلار شەرەپلىك ئادەملەر.

أَرْنَبَةٌ ج أَرَانِبُ: چىشى توشقان، ئانا توشقان.

أَرْنَقَ يُرْنِقُ إِرْنَاقًا الْمَاءَ: سۇنى لېيىتتى.

أَرَنَّ يُرِنُّ إِرْنَانًا الشَّيْءُ: جاراڭلىدى.

أَرَنَّ الْمَاءُ فِي خَرِيْرِهِ: سۇ يېقىملىق شىرىلدىدى، سۇ شىر - شىر ئاۋاز چىقاردى.

أَرَنَّتِ الْمَرْأَةُ فِي نَوْحِهَا: ئايال مۇڭلۇق يىغلىدى.

أَرَنَّتِ الْحَمَامُ فِي سَجْعِهَا: كەپتەر مۇڭلۇق سايرىدى.

أَرَنَّتِ السَّحَابَةُ فِي رَعْدِهَا: بۇلۇت ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىدى.

أَرْنَى يُرْنِي إِرْنَاءً ە حُسْنُ مَنْظَرِهِ: ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

إِرْهَابٌ: قورقۇتماق، تەھدىت سالماق، ھەيۋە قىلماق.

اَلْإِرْهَابُ الْأَبْيَضُ: ئاق تېررورلۇق.

إِرْهَابِيٌّ: تېررورچى.

حُكْمٌ إِرْهَابِيٌّ: تېررورلۇق ھاكىمىيەت، مۇستەبىدات ھاكىمىيەت.

«قَامَ فَرِيقٌ مِنَ الْإِرْهَابِيِّيْنَ بِاخْتِطَافِ طَائِرَةٍ أَمْسِ» : بىر گۇرۇھ زوراۋانلار تۈنۈگۈن ئايروپىلان بۇلىدى.

إِرْهَاصٌ: پەيغەمبەر پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار، بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ.

إِرْهَاقٌ: ئېغىر يۈك ئارتماق.

«لاَ يُبَالِي بِالتَّعَبِ وَالْإِرْهَاقِ» : ھېرىش - چارچاشتىن ۋە ئېغىر يۈكتىن قورقمايدۇ.

أَرْهَبَ يُرْهِبُ إِرْهَابًا ــ ە: ئۇنى قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

«تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللّٰهِ وَعَدُوَّكُمْ» «قرآن» : بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتىسىلەر.

«لَمْ تُرْهِبْهُمُ الصِّعَابُ» : ئۇلارنى قىيىنچىلىقلار قورقۇتالمىدى.

أَرْهَجَ يُرْهِجُ إِرْهَاجًا: چاڭ - توزان چىقاردى، توپا توزۇتتى.

أَرْهَجَ بَيْنَهُمْ: ئېغۇاگەرلىك قىلدى.

أَرْهَصَ يُرْهِصُ إِرْهَاصًا الْحَائِطَ: تامغا ئۇل سالدى، مۇستەھكەملىدى.

أَرْهَصَ بِالشَّيْءِ: ئالدىن خەۋەر بەردى.

أَرْهَفَ يُرْهِفُ إِرْهَافًا أُذُنَيْهِ: دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئەستايىدىل قۇلاق سالدى.

أَرْهَفَ جِسْمَهُ: بەدىنىنى ئورۇقلاتتى.

أَرْهَفَ سَيْفَهُ: قىلىچىنى بىلىدى؛ قىلىچىنى چاقلىدى.

أَرْهَقَ يُرْهِقُ إِرْهَاقًاهُ: ئۇنىڭغا كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتتى، قىلالمايدىغان ئىشقا زورلىدى.

«لاَ تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلاَ تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْرًا» «قرآن» : ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما.

أَرْهَقَنَا السَّهَرُ: بىزنى ئۇيقۇسىزلىق ھالسىرىتىۋەتتى.

أَرْهَقَهُ الدَّيْنُ: ئۇنى قەرز بېسىۋالدى.

أَرْهَقَ الذَّاكِرَةَ: ئۆلۈك يادلىدى.

أَرْهَقَهُ طُغْيَانًا: سىقتى، باستى، قىستى، بوغدى.

أَرْهَنَ يُرْهِنُ إِرْهَانًا ــ ە الشَّيْءَ: رەنىگە قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەردى.

أَرْهَنَ عَقَارًا: كۆچمەس مۈلۈكنى رەنىگە قويدى.

أَرْهَنَ لِلْمَوْتِ: ئۆلۈمگە تاپشۇردى، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى.

أَرْوَحَ يُرْوِحُ إِرْوَاحًا اللَّحْمُ: گۆش سېسىپ قالدى.

أَرْوَحَ الشَّيْءَ: ھىدىنى پۇرىدى.

أَرْوَحَ عَلَيْهِ حَقَّهُ: ھەققىنى قايتۇردى.

أَرْوَعُ ج رُوَّعٌ و أَرْوُعٌ: قالتىس، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئىنتايىن ئېسىل، چېچەن، زېرەك.

أَرُومَةٌ وَ أَرُومٌ ج أُرُمٌ: دەرەخ يىلتىزى؛ كېلىپ چىقىشى، نەسلى.

طَيِّبُ الْأَرُومَةِ: تېگى ئېسىل.

أَرْوَنَانٌ: قىيىن كۈن، قاتتىق كۈن؛ ئاۋاز.

يَوْمٌ أَرْوَنَانٌ: قاتتىق كۈن.

أَرْوَى يُرْوِي إِرْوَاءً إِبِلَهُ: تۆگىسىنى سۇغاردى.

أُرْوِيَّةٌ ج أَرَاوِيُّ وَأَرَاوٍ وَ أَرْوَى: چىشى تاغ ئېچكىسى، چىشى تاغ ئۆچكىسى.

أَرَى يُرِي إِرَاءَةً الشَّيْءَ: كۆرسەتتى.

«فَأَرَاهُ الْآيَةَ الْكُبْرَى» «قرآن» : مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى.

أَرَى اللّٰهُ بِفُلَانٍ: پالانىنى جازالىدى.

«أَرَى عَلَى جَفْنِهِ الْكَرَى فَنَامَ» : ئۇ چارچاپ كېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

«أَرَاهُ طَرِيقَ الصَّوَابِ» : ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.

أَرَاهُ الْمِرْآةَ: ئۇنىڭغا ئەينەكنى تەڭلىدى.

أَرَاهُ: ئويلايمەن، قارايمەن، ھېسابلايمەن.

أَرِيبٌ م أَرِيبَةٌ: ئۇستا، ماھىر، پىشقان؛ زېرەك، ئەقىللىق، ئۆتكۈر.

أَرِيجٌ: خۇش پۇراق، خۇش ھىد.

حَدِيقَةٌ يَفُوحُ أَرِيجُهَا: خۇش ھىد چېچىپ تۇرغان باغچا.

أَرْيَحِيٌّ ج أَرْيَحِيُّونَ: مەرد، ئالىيجاناب، ئېسىل، كەڭ قورساق، مەردانە، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ.

«أَنْتَ رَجُلٌ أَرْيَحِيٌّ فَلَاتَبْخَلْ بِمُسَاعَدَتِكَ لِهَذَا الْمَشْرُوعِ الْخَيْرِيِّ» : سەن ئالىيجاناب ئادەمسەن، بۇ خەيرىيەت ئىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە بېخىللىق قىلمىغىن.

أَرْيَحِيَّةٌ: مەردلىك، كەڭ قورساقلىق، ئالىيجانابلىق، ئېسىللىك.

«فِيكَ أَرْيَحِيَّةٌ» : سەن ئالىيجانابلىق خىسلىتىڭ بار.

أَرِيسٌ ج أَرِيسُونَ: دېھقان؛ ئاگرونوم.

أَرَيَقَ يُرْيِقُ إِرْيَاقًا: يېزىغا باردى.

أَرِيكٌ: جەدۋەل، سىخېما، گراف.

أَرِيكَةٌ ج أَرَائِكُ وَ أَرِيكٌ: ساپا، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، تەخت.

«مُتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ» «قرآن» : ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

أَرْيَى يُرْيِي إِرْيَاءً الرَّايَةَ: بايراق چىقاردى.

أَرْيَى الصَّمْتَ: ئۇ جىمىپ كەتتى.

أَرِسْتُقْرَاطِيٌّ: ئاق سۆڭەك.

«لَمْ يَعُدِ الشِّعْرُ أَرِسْتُقْرَاطِيًّا كَمَا كَانَ الشَّأْنُ فِي الْقَدِيمِ بَلْ أَصْبَحَ دِيمُقْرَاطِيًّا...» : قەدىمكى زامانغا ئوخشاش شېئىر ئاق سۆڭەكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولماي، بەلكى دېموكراتىكلىق ئەركىن ھالەتكە قايتتى ....

إِزَاءَ: ئۇدۇلىدا، روبروسىدا، قارشىسىدا.

«جَلَسَ إِزَاءَهُ/بِإِزَائِهِ» : ئۇ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

أَزَاحَ يُزِيحُ إِزَاحَةً: چىقىرىۋەتتى، يوقاتتى، يۆتكىۋەتتى.

أَزَاحَ: يىراقلاشتۇردى، ئايرىدى، يۆتكىۋەتتى، يوق قىلدى، ئېلىۋەتتى.

أَزَاحَ اللِّثَامَ عَنْ: پاش قىلدى، ئاشكارىلىدى، ئېچىپ تاشلىدى.

«أَزَاحَ اللِّثَامَ عَنْ وَجْهِهِ» : يۈزىدىن چۈمبەلنى ئېلىۋەتتى.

«أَزَاحَ اللّٰهُ عِلَّتَهُ» : ئاللاھ ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى.

إِزَاحَةٌ: يۆتكىۋېتىمەك، نېرى قىلىۋېتىمەك، يىراقلاشتۇرماق.

أَزَادَ يُزِيدُ إِزَادَةً: تەمىنات بەردى.

أَزَارَ يُزِيرُ إِزَارَةً الرَّجُلَ: زىيارەت قىلغۇزدى، يوقلاتقۇزدى.

أَزَارَهُ الْمَرِيضَ: كېسەلنى يوقلاتقۇزدى.

إِزَارٌ ج آزِرَةٌ وَأُزُرٌ: چاپان، تون، پۈركەنجە، خالات، پىلاش، پەلتۇ، تاشقى كىيىم.

أَزَاغَ يُزِيغُ إِزَاغَةً: ئاداشتۇردى، ئازدۇردى.

«رَبَّنَالَا تُزِغْ قُلُوبَنَابَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا» «قرآن» : پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن.

«أَزَاغَهُ عَنْ طَرِيقِ السَّوِيِّ» : ئۇنى توغرا يولدىن ئازدۇردى.

أَزَالَ يُزِيلُ إِزَالَةً: يوقاتتى، تۈگەتتى، نېرى قىلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى، چەتلەشتۈردى.

أَزَالَهُ عَنْ وَظِيفَتِهِ: ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

أَزَالَ شُكُوكَهُ: گۇمانىنى تۈگەتتى.

«أَزَالَ اللّٰهُ زَوَالَهُ»: ھالاك بولسۇن، يوقالسۇن، بېشىنى يېسۇن، ئۆلسۇن.

أَزْأَرَ يُزْئِرُ إِزْآرًا الْأَسَدُ: شىر ھۆركۈرىدى.

أَزَبَ يُزِبُ أَزْبًا الْمَاءُ: سۇ سىرغىپ ئاقتى، سۇ سىرغىپ چىقتى.

إِزْبٌ: دوغلاق.

أَزَبٌ: تۈكلۈك، چاچلىق، ساقاللىق.

أَزْبَدَ يُزْبِدُ إِزْبَادًا الْبَحْرُ: دېڭىز كۆپۈك چىقاردى.

«هَاجَ الْبَحْرُ وَأَزْبَدَ»: دېڭىز دولقۇنلىدى ۋە كۆپۈك چىقاردى.

أَزْبَدَ الرَّجُلُ: غەزەپلەندى، تەھدىت سالدى.

أَزْبَدَ الْفَلَّاحُ: دېھقاننىڭ قايمىقى كۆپەيدى.

أَزِجَ أَزَجًا الْعُشْبُ: چۆپ ئۆستى.

أَزَجٌ ج أَزْجٌ وَ آزَاجٌ وَإِزْجَةٌ: ئەگمە ئىشىك.

أَزَجٌّ م زَجَّاءُ ج زُجٌّ: قەلەم قاش.

حَاجِبٌ أَزَجُّ وَعَيْنٌ سَوْدَاءُ: قەلەم قاش ۋە قارا كۆز.

اِمْرَأَةٌ جَمِيلَةٌ ذَاتُ حَاجِبٍ أَزَجَّ: قەلەم قاشلىق چىرايلىق ئايال.

أَزْجَى يُزْجِي إِزْجَاءً: سۈرىدى، ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئالدىراتتى، ئالغا ئىتتىردى، ئىلگىرى سۈردى، سىلجىتتى.

أَزْجَى الْأَمْرَ: كېچىكتۈردى، كەينىگە سۈردى.

أَزْجَى التَّحِيَّةَ: تەبرىكلىدى، ئېھتىرام بىلدۈردى، تەشەككۈر ئېيتتى، مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

أَزْجَى الثَّنَاءَ: ماختىدى، مەدھىيىلىدى، كۆيلىدى.

أَزْجَى الشَّيْءَ: ئاۋات قىلدى، راۋاجلاندۇردى.

أَزَحَ أُزُوحًا: كېچىكتى.

أَزَحَ الْعِرْقُ: تومۇر ئېگىز - پەس سوقتى.

أَزَحَ الْقَدَمُ أَوِالنَّعْلُ: تېيىلىپ كەتتى.

أَزْحَفَ يُزْحِفُ إِزْحَافًا الْقَوْمُ: دۈشمەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

أَزْحَفَ الصَّبِيُّ: بوۋاقنى ئۆمىلەتتى.

أَزْحَفَهُ: ئۇنى ئۆمىلەتتى.

أَزْحَلَ يُزْحِلُ إِزْحَالًا الشَّيْءَ: يۆتكىۋەتتى، يىراقلىتىۋەتتى.

أَزْحَلَ فُلَانًا: يىراقلاشتۇردى.

أَزْحَلَ إِلَيْهِ: ئىلتىجا قىلدۇردى، قىستىدى، ھامىلە قىلغۇزدى.

أَزْخَمَ يُزْخِمُ إِزْخَامًا اللَّحْمُ: گۆش پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى.

أَزْخَمُ ج زَخْمَاءُ وَ زُخْمٌ: سېسىپ قالغان، پۇراپ قالغان.

إِزْدَادَ يَزْدَادُ إِزْدِيَادًا: كۆپەيدى، ئارتتى، ئاشتى.

«هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَانًا مَعَ إِيمَانِهِمْ» ‹قرآن›: مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى.

«إِزْدَادَ الطِّفْلُ بُكَاءً»: بوۋاقنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى.

«إِزْدَادَتْ لَهُ بِنْتٌ»: ئۇنىڭغا قىز تۇغۇلدى.

إِزْدَادَ الْمَوْلُودُ: بالا تۇغۇلدى.

إِزْدَادَ سُوءًا: يامانلاشتى، ئېغىرلاشتى، ناچارلاشتى.

إِزْدَانَ يَزْدَانُ إِزْدِيَانًا: ياساندى، چىرايلىق بولدى، گۈزەل تۈسكە كىردى.

«إِزْدَانَ فِرَاشُهُ بِمَوْلُودٍ»: يېڭى بوۋاق بىلەن نېسىۋدار قىلىندى.

«إِزْدَانَتِ الْحَدِيقَةُ بِالْأَزْهَارِ»: باغ چېچەكلەر بىلەن گۈزەل تۈسكە كىردى.

إِزْدَبَرَ يَزْدَبِرُ إِزْدِبَارًا الْكِتَابَ: كىتاب يازدى.

إِزْدَجَّ يَزْدَجُّ إِزْدِجَاجًا حَاجِبُهُ: قېشى ئىنچىكە بولدى.

إِزْدَجَرَ يَزْدَجِرُ إِزْدِجَارًا: توستى، چەكلىدى، مەنئى قىلدى.

«وَقَالُوا مَجْنُونٌ وَازْدُجِرَ» ‹قرآن›: ئۇلار (نۇھنى) مەجنۇن دېدى ئۇ (دىنغا دەۋەت قىلىشتىن) ھەيۋە بىلەن مەنئى قىلىندى.

إِزْدَجَى يَزْدَجِي إِزْدِجَاءً: سۈردى، ئالدىراتتى، ھەيدەكچىلىك قىلدى، سىلجىتتى، ئالغا سۈردى.

إِزْدِحَامٌ: قىستاڭچىلىق، تىقىنچىلىق.

«تَجَنَّبْ سَاعَةَ الْإِزْدِحَامِ لِلطُّرُقَاتِ»: يوللارنىڭ قىستاڭچىلىق ۋاقىتلىرىدىن يىراق بول.

إِزْدَحَقَ يَزْدَحِقُ إِزْدِحَاقًا: ئىلگىرىلىدى.

إِزْدَحَمَ يَزْدَحِمُ إِزْدِحَامًا الْمَكَانُ: ئورۇن قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى.

إِزْدَحَمَ الْقَوْمُ: قىستاشتى، بىر - بىرىنى قىستاشتى.

إِزْدَحَمَتِ الْأَفْكَارُ فِي ذِهْنِهِ: خىياللار چىرمىۋالدى، تەپەككۇرى قالايمىقانلاشتى.

إِزْدَحَمَتِ الْأَمْوَاجُ: دولقۇنلار كۆتۈرۈلدى.

«يَزْدَحِمُ النَّاسُ فِي الْأَسْوَاقِ»: كىشىلەر بازاردا قىستى - قىستاڭ بولۇشىدۇ.

إِزْدِرَاءٌ: كەمسىتمەك، كۆزگە ئىلماسلىق

إِزْدِرَاءٌ بِالْخَطَرِ: خەۋپ - خەتەرنى كۆزگە ئىلماسلىق.

«نَظَرَ إِلَيْهِ بِإِزْدِرَاءٍ»: ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدى.

«كَانَتْ نَظْرَتُهُ إِلَيْهِ تَنُمُّ عَنِ ازْدِرَاءٍ»: ئۇنىڭ ئۇنىڭغا قارىشى ئۇنى كەمسىتكەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى.

إِزْدَرَدَ يَزْدَرِدُ إِزْدِرَادًا اللُّقْمَةَ: يالماپ يۇتىۋەتتى.

«إِزْدَرَدَ الطِّفْلُ الثَّرِيدَ»: بالا شورپىغا چىلانغان ناننى يالماپ يۇتىۋەتتى.

إِزْدَرَى يَزْدَرِي إِزْدِرَاءً: كەمسىتتى، كۆزگە ئىلمىدى.

إِزْدَرَى بِالْخَطَرِ: خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمىدى.

«إِزْدَرَى الشَّابُّ بِالْخَطَرِ»: يىگىت خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمىدى.

إِزْدَرَى كَلَامَهُ: ئۇنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىدى.

إِزْدَعَقَ يَزْدَعِقُ إِزْدِعَاقًا: دەرھال ئۆلتۈردى.

إِزْدَقَّ يَزْدَقِقُ إِزْدِقَاقًا الشَّيْءَ: تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى.

إِزْدَقَمَ يَزْدَقِمُ إِزْدِقَامًا الطَّعَامَ: تاماقنى تېز يەپ يۇتتى، يالماپ يۇتىۋەتتى.

إِزْدَلَفَ يَزْدَلِفُ إِزْدِلَافًا إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلدى، ئۇنىڭغا خوشامەتچىلىك قىلدى.

«يَكْرَهُ كُلَّ مَنْ يَزْدَلِفُ إِلَيْهِ»: ئۆزىگە خوشامەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرمايدۇ.

إِزْدَمَلَ يَزْدَمِلُ إِزْدِمَالًا بِثَوْبِهِ: كىيىمى بىلەن يۆگىنىۋالدى، كىيىمى بىلەن ئورىنىۋالدى.

إِزْدَمَّ يَزْدَمُّ إِزْدِمَامًا بِأَنْفِهِ: كۆرەڭلەپ كەتتى، گەدىيىۋالدى.

إِزْدِهَاقٌ: ئۆلۈم يېقىنلاشماق.

إِزْدَهَرَ يَزْدَهِرُ إِزْدِهَارًا السِّرَاجُ: چىراغ يورۇپ كەتتى.

إِزْدَهَرَ الشَّيْءُ: سوزۇلۇپ كەتتى، تېخىمۇ سوزۇك بولدى؛ گۈللەندى.

إِزْدَهَرَتِ الشَّرِكَةُ: شىركەت گۈللەندى.

إِزْدَهَرَ الْوَرْدُ: قىزىل گۈلنىڭ رەڭگى سوزۇك بولدى.

«يَزْدَهِرُ الْاقْتِصَادُ يَوْمًا فَيَوْمًا»: ئىقتىساد كۈندىن - كۈنگە گۈللەنمەكتە.

«الصِّنَاعَاتُ تَزْدَهِرُ فِي رُبُوعِ الْبِلَادِ»: دۆلەتنىڭ جاي - جايلىرىدا سانائەت گۈللەنمەكتە.

إِزْدَهَقَ يَزْدَهِقُ إِزْدِهَاقًا الْمَوْتُ: ئۆلۈم يېقىنلاشتى.

إِزْدَهَى يَزْدَهِي إِزْدِهَاءً الشَّخْصُ: مەغرۇرلاندى.

«إِزْدَهَاهُ مَنْصِبُ صَدِيقِهِ فِي الْإِدَارَةِ»: ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئىدارىسىدىكى مەنسىپى ئۇنى مەغرۇرلاندۇردى.

إِزْدَهَاهُ عَلَى الْأَمْرِ: مەجبۇرلىدى.

«يَزْدَهِي عُمَّالَهُ عَلَى الْإِشْتِغَالِ لَيْلًا»: ئۇ ئىشچىلىرىنى كېچىسى ئىشلەشكە مەجبۇرلايدۇ.

إِزْدِوَاجٌ: جۆرە بولماق، بىر جۈپ بولماق.

إِزْدِوَاجُ الضَّرَائِبِ: باجنى ئىككى جايدا ياكى ئىككى مەملىكەتتە تاپشۇرماق.

إِزْدِوَاجِيَّةُ اللُّغَةِ: ئەدەبىي تىل بىلەن خەلق ئېغىز تىلىنىڭ بىرلىكتە ئىشلىتىلىشى.

إِزْدَوَجَ يَزْدَوِجُ إِزْدِوَاجًا الشَّيْءُ: بىر جۈپ بولدى، قوشماق بولدى.

إِزْدَوَجَ الْقَوْمُ: ئۆزئارا قىز ئېلىشىپ - بېرىشتى، قايتا قۇدا بولۇشتى.

إِزْدَوَجَ لِسَانُهُ: ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتتى.

إِزْدِيَادُ الْإِنْتَاجِ فِي الشَّرِكَةِ: شىركەتتە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى.

شَهَادَةُ الْإِزْدِيَادِ: تۇغۇلۇش ئىسپاتنامىسى.

أَزَرَ يَأْزِرُ أَزْرًا الشَّيْءَ: كۈچەيتتى.

أَزْرٌ: كۈچ - قۇۋۋەت.

«شَدَّأَزْرَهُ/شَدَّ مِنْ أَزْرِهِ»: كۈچەيتتى، كۈچلەندۈردى.

«أُشْدُدْ بِهِ أَزْرِي» ‹قۇرئان›: ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن.

إِزْرٌ: پەلتۇ، خالات، پىلاش.

أَزْرَقُ م زَرْقَاءُ ج زُرْقٌ: كۆك، كۆك رەڭ، ھاۋارەڭ، كۆكۈش.

أَزْرَقُ سَمَاوِيٌّ: ھاۋا رەڭ، ئاسمان كۆكى.

اَلْعَدُوُّ الْأَزْرَقُ: ئەشەددىي دۈشمەن.

دَمُهُ أَزْرَقُ: ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادە.

إِزْرَقَّ يَزْرَقُّ إِزْرِقَاقًا الشَّيْءُ: كۆكەردى.

«إِزْرَقَّ الْبَحْرُ وَصَفَا»: دېڭىز كۆپكۆك ۋە سۈپسۈزۈك بولدى.

أَزْرَى يُزْرِي إِزْرَاءً ـــ هُ وَ بِهِ وَ عَلَيْهِ: ئۇنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇنى كەمسىتتى، ئۇنى مەنسىتمىدى، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىدى.

أَزْرَى بِكَلَامِهِ: ئۇنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىدى.

أَزْرَى بِالْأَمْرِ: سەل قارىدى.

أَزَّ يَؤُزُّ وَ يَئِزُّ أَزًّا وَ أَزَازًا وَ أَزِيزًا الطَّبْخُ عَلَى النَّارِ: پىتىق - پىتىقلىدى، پورۇقلىدى (قاينىدى)، قىزىدى.

إِسْتَكْتَمَ يَسْتَكْتِمُ إِسْتِكْتَامًا ــ هُ: ئۇنىڭدىن سىر ساقلاشنى تەلەپ قىلدى، سىرنى يوشۇرۇشنى تاپىلىدى.

إِسْتَكْثَرَ يَسْتَكْثِرُ إِسْتِكْثَارًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆپ دەپ قارىدى، جىق دەپ سانىدى.

إِسْتَكْثَرَ ثَمَنَهُ: باھاسىنى يۇقىرى دەپ قارىدى، قىممەت كۆردى.

«يَا مَعْشَرَ الْجِنِّ قَدِ اسْتَكْثَرْتُمْ مِنَ الْإِنْسِ» «قرآن»: ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار.

«وَلَوْكُنْتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لَاسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ» «قرآن»: ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم.

«وَلَا تَمْنُنْ تَسْتَكْثِرُ» «قرآن»: كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە.

إِسْتَكْثَرَ مِنَ الشَّيْءِ: كۆپ ئىشلىدى، كۆپ شۇغۇللاندى.

إِسْتَكْثَرَ فِي الشَّيْءِ: تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

إِسْتَكْثَرَ بِخَيْرِهِ: رەھمەت ئېيتتى، مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

إِسْتَكَدَّ يَسْتَكِدُّ إِسْتِكْدَادًا ــ هُ: ئۇنىڭغا ھېيدەكچىلىك قىلدى، رىغبەتلەندۈردى.

إِسْتَكْرَهَ يَسْتَكْرِهُ إِسْتِكْرَاهًا ــ هُ الشَّيْءَ: يامان دەپ قارىدى، يىرگىنىشلىك ھېسابلىدى.

إِسْتَكْرَهَ عَلَى أَمْرٍ: مەجبۇرلىدى، زورلىدى.

«إِسْتَكْرَهَ سَمَاعَ الْكَلَامِ الْبَذِيِّ»: ئۇ چوپەي سۆزنى ئاڭلاشنى ياقتۇرمىدى.

«إِسْتَكْرَهَهُ عَلَى فِعْلِ مَالَا يُرِيدُ»: ئۇ ئۇنى خالىمىغان ئىشقا زورلىدى.

إِسْتَكْرَشَ يَسْتَكْرِشُ إِسْتِكْرَاشًا الْجَدْيُ: قورسىقى چوڭايدى، يوغان قورساق بولدى.

إِسْتَكْرَشَ الشَّخْصُ: قوشۇمىسى تۈرۈلدى، چىرايى تۈتۈلدى.

إِسْتِكْشَافٌ ج إِسْتِكْشَافَاتٌ: پاش قىلماق، ئېچىپ تاشلىماق، رازۋېدكا قىلماق، چارلىماق.

إِسْتِكْشَافُ مَرَاكِزِ الْعَدُوِّ وَ تَحَرُّكَاتِهِ: دۈشمەننىڭ ئورنى ۋە ھەرىكىتىنى چارلىماق.

طَائِرَاتُ الْإِسْتِكْشَافِ: چارلىغۇچى ئايروپىلان.

إِسْتِكْشَافِيٌّ: ئاختۇرغۇچى، ئىزدىگۈچى، قېدىرغۇچى.

بَعْثَةٌ اسْتِكْشَافِيَّةٌ إِلَى الْقَمَرِ: ئاينى تەكشۈرگۈچى ئەترەت.

إِسْتَكْشَفَ يَسْتَكْشِفُ إِسْتِكْشَافًا الشَّيْءَ: رازۋېدكا قىلدى، چارلىدى، كۆزدىن كەچۈردى.

إِسْتَكْشَفَ عَنِ الشَّيْءِ: ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

إِسْتَكْشَفَ الْقَمَرَ: ئاينى كۆزەتتى.

إِسْتَكْشَفَ الْخَبَرَ: خەۋەرنى سۈرۈشتۈردى.

إِسْتَكَّ يَسْتَكِيُّ إِسْتِكْفَافًا النَّاسَ: تىلەمچىلىك قىلدى، سائىللىق قىلدى.

إِسْتَكَّ الشَّيْءُ: ئايلاندى، چۆرگىلىدى.

إِسْتَكَّ النَّاسُ حَوْلَهُ: ئۇنى ئورىۋالدى، ئۇنى قورشىۋالدى.

إِسْتَكَفَّتِ الْحَيَّةُ: يىلان چەمبىرەك بولۇۋالدى.

«إِسْتَكَفَّ الْمُتَفَرِّجُونَ حَوْلَ الْمَدَّاحِ» : تاماشىبىنلار مەدداھنى ئورىۋالدى.

«إِسْتَكَفَّهُ عَنِ الْكِذْبِ» : ئۇنىڭدىن يالغانچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَكْفَى يَسْتَكْفِي إِسْتِكْفَاءً: تولۇق بولۇشنى تەلەپ قىلدى، يېتەرلىك بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَكْفَيْتُهُ الْأَمْرَ فَكَفَانِيهِ: ئىشنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىۋىدىم، ئۇ تولۇقلاپ بەردى.

إِسْتِكْمَالٌ: تولۇقلىماق، مۇكەممەللەشتۈرمەك، تاماملىماق، ئورۇنلىماق.

إِسْتَكْمَلَ يَسْتَكْمِلُ إِسْتِكْمَالاً الشَّيْءَ: تاماملىدى، ئورۇنلىدى، تۈگەتتى.

إِسْتَكْمَلَتْ شُغْلَهَا: ئىشنى تاماملىدى، مۇكەممەللەشتۈردى.

إِسْتَكَنَ يَسْتَكِنُ إِسْتِكَانًا لَهُ: ئۇنىڭغا باش ئەگدى، بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى.

إِسْتَكَنَّ يَسْتَكِنُّ إِسْتِكْنَانًا: يوشۇرۇندى، مۆكۈۋالدى.

إِسْتَكَنَّ الْحَيَوَانُ: ھايۋان ئۇۋىسىغا كىرىۋالدى.

«إِسْتَكَنَّ السَّارِقُ تَحْتَ ظِلِّ الشَّجَرَةِ» : ئوغرى دەرەخ سايىسىغا يوشۇرۇندى.

إِسْتَكْنَهَ يَسْتَكْنِهُ إِسْتِكْنَاهًا الْأَمْرَ: ئىشنى تەكشۈردى، چوڭقۇر تەتقىق قىلدى.

إِسْتَلَانَ يَسْتَلِينُ إِسْتِلاَنَةً الشَّيْءَ: يۇمشاق دەپ قارىدى، يېقىملىق دەپ قارىدى، مۇلايىم ھېسابلىدى، نازاكەتلىك ھېس قىلدى.

إِسْتَلاَنَ الْعَيْشَ: تۇرمۇشنى ئاسان ھېس قىلدى، تۇرمۇشنى يېقىملىق ھېس قىلدى.

«إِسْتَلاَنَ الْحَيَاةَ فِي الرِّيفِ» : ئۇ يېزىدا ياشاشنى كۆڭۈللۈك ھېسابلىدى (ئۇ يېزىدا ياشاشنى ئوڭاي ھېسابلىدى).

إِسْتَلاَّ يَسْتَلِيُّ إِسْتِلاَءً السَّمْنَ: سېرىق مايىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى.

إِسْتَلْأَمَ يَسْتَلْئِمُ إِسْتِلْآمًا: ساۋۇت كىيدى، قورال-لاندى.

إِسْتَلَبَ يَسْتَلِبُ إِسْتِلاَبًا الشَّيْءَ: تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى، بۇلىۋالدى.

إِسْتَلْبَثَ يَسْتَلْبِثُ إِسْتِلْبَاثًا: ئۇنىڭ توختىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭدىن توختاشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنى ئاستا، كېچىككەن ھېسابلىدى.

إِسْتَلْبَنَ يَسْتَلْبِنُ إِسْتِلْبَانًا: سۈت تەلەپ قىلدى.

إِسْتَلَجَّ يَسْتَلِجُّ إِسْتِلاَجًّا الشَّخْصُ بِيَمِينِهِ: ئۆزىنىڭ قەسىمىنى راست دەپ ئېخمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى.

إِسْتَلَجَّ الشَّخْصُ مَتَاعَ الْغَيْرِ: باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزۈمنىڭ دەۋالدى.

إِسْتَلْحَقَ يَسْتَلْحِقُ إِسْتِلْحَاقًا الشَّخْصَ: ئۆزىگە نىسبەت بەردى، ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

«إِسْتَلْحَقَ الْوَلَدَ أَمَامَ الْقَاضِي» : ئۇ سوت ئالدىدا بالىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ دەۋا قىلدى.

إِسْتَلَذَّ يَسْتَلِذُّ إِسْتِلْذَاذًا الشَّيْءَ وَبِهِ: تەمىنى تېتىدى، لەززەتلىك ھېس قىلدى، ھوزۇرلاندى، خۇشاللىق ھېس قىلدى.

إِسْتَلْزَمَ يَسْتَلْزِمُ إِسْتِلْزَامًا الشَّيْءَ: زۆرۈر ھېسابلىدى، زۆرۈر دەپ قارىدى، تەقەززا قىلدى.

«يَسْتَلْزِمُ هَذَا الْأَمْرُ عِنَايَةً خَاصَّةً» : بۇ ئىش ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

«اَلْحَجُّ يَسْتَلْزِمُ تَرْكَ الرَّفَثِ وَالْفُسُوقِ» : ھەج جىما قىلىشنى ۋە گۇناھ قىلىشنى تەرك ئېتىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

إِسْتَلْطَفَ يَسْتَلْطِفُ إِسْتِلْطَافًا: يېقىملىق ھېس قىلدى، نازۇك ھېسابلىدى، نازاكەتلىك ھېس قىلدى.

إِسْتَلْطَفَ الْفَتَاةَ: قىزنى نازاكەتلىك ھېس قىلدى.

«إِسْتَلْطَفَ طَرِيقَتَهُ فِي عَرْضِ الْمَسْأَلَةِ» : مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى كۆركەم ھېسابلىدى.

إِسْتَلْغَى يَسْتَلْغِي إِسْتِلْغَاءً: سۆزلەشنى تەلەپ قىلىپ قۇلاق سالدى.

«إِذَا أَرَدْتَ أَنْ تَسْمَعَ مِنَ الْأَعْرَابِ فَاسْتَلْغِهِمْ» :

سەن سەھرالىقلاردىن ئاڭلىماقچى بولساڭ ئۇلارنى سۆزلەتكىن.

إِسْتَلَقَ يَسْتَلِقُ إِسْتِلَاقًا الْمَالَ: مالنى قەرز بەردى، مالنى ئۆتنە بەردى.

إِسْتَلْفَتَ يَسْتَلْفِتُ إِسْتِلْفَاتًا: دىققەتنى قوزغىدى، دىققەتنى تارتتى، دىققەتنى بۇرىدى.

إِسْتِلْقَاءٌ: كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق، يۈز كۆرۈشمەك، يولۇقۇپ قالماق، دۈچ كېلىپ قالماق؛ قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

إِسْتَلْقَى يَسْتَلْقِي إِسْتِلْقَاءً: ياتتى، يېنىچە ياتتى، يانپاشلىدى، ئوڭدىسىغا ياتتى.

إِسْتَلْقَى عَلَى الْأَرْضِ: يەردە يانپاشلىدى.

«**إِسْتَلْقَى الرَّاعِي تَحْتَ شَجَرَةٍ فِي الظِّلِّ**»: پادىچى دەرەخ سايىسىدا يېنىچە ياتتى.

«**إِسْتَلْقَى عَلَى ظَهْرِهِ مِنْ شِدَّةِ الضَّحِكِ**»: تېلىقىپ كۈلۈپ ئوڭدىسىغا يېتىپ قالدى.

إِسْتَلْقَى الشَّخْصُ: ئۇخلىدى.

إِسْتَلَّ يَسْتَلُّ إِسْتِلَالًا: سۇغۇرۇۋالدى، تارتىۋالدى، چىقىرىۋالدى.

إِسْتَلَّ سَيْفَهُ: قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

إِسْتَلَمَ يَسْتَلِمُ إِسْتِلَامًا: ئۆتكۈزۈۋالدى، تاپشۇرۇۋالدى، ھەج قىلغۇچى كەبىدە ھەجەرۇلئەسۋەدنى قولى بىلەن سىلىدى، ياكى بۇسە قىلدى.

«**إِسْتَلَمْتُ رَسَائِلَ مِنْ أَصْدِقَائِي وَاحِدَةً إِثْرَ أُخْرَى**»: دوستلىرىمدىن كەينى ــ كەينىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

«**إِسْتَلَمَ الْعَمَلَ مِنَ النَّوْبَةِ السَّابِقَةِ**»: ئىسمېنا ئۆتكۈزۈۋالدى.

إِسْتَلْهَمَ يَسْتَلْهِمُ إِسْتِلْهَامًا: ئىلھام بېرىشنى ئۆتۈندى، ۋەھىي تەلەپ قىلدى، يولىيورۇق سورىدى، چۈشەنچە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

إِسْتَلْهَمَ اللهَ خَيْرًا: ئاللاھتىن ياخشىلىقنى كۆڭلىگە سېلىشنى تىلىدى.

إِسْتَلْهَمَ رَأْيَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورىدى، پالانىنىڭ پىكرىنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَمَاتَ يَسْتَمِيتُ إِسْتِمَاتَةً: ئۆلۈمنى تىلىدى، جان تىكتى، جان پىدالىق قىلدى.

إِسْتَمَاحَ يَسْتَمِيحُ إِسْتِمَاحَةً ــ هُ: ئۆتنىگەندىن ياردەم سورىدى، ئىنئام سورىدى، ۋاسىتىچى بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَمَاحَ مِنْهُ عُذْرًا: كەچۈرۈم سورىدى.

إِسْتِمَارَةٌ: سىخىما، جەدۋەل، گرافا.

إِسْتِمَارَةُ قَبُولٍ: تىزىمغا ئالدۇرۇش جەدۋىلى.

«**أَعْطِنِي مِنْ فَضْلِكَ إِسْتِمَارَةَ بَرْقِيَّةٍ**»: ماڭا تېلېگرامما قەغىزىدىن بەرسىڭىز.

إِسْتِمَاعٌ: قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق، تىڭشىماق.

جَلْسَةُ اسْتِمَاعٍ: باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش يىغىنى.

إِسْتَمَالَ يَسْتَمِيلُ إِسْتِمَالَةً: قىڭغايدى، قىيسايدى، ئاغدى، جەلپ قىلدى، قىزىقتۇردى.

إِسْتَمَالَ إِلَى: ئېلىپ كەلدى، ئۆزگەرتتى.

إِسْتَمَالَ الْقُلُوبَ: دىللارنى مايىل قىلدى، مەھلىيا قىلدى.

إِسْتَمْتَعَ يَسْتَمْتِعُ إِسْتِمْتَاعًا بِالشَّيْءِ: پايدىلاندى، مەنپەئەتدار بولدى، بەھرىمەن بولدى.

«**فَاسْتَمْتَعْتُمْ بِخَلَاقِكُمْ كَمَا اسْتَمْتَعَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ بِخَلَاقِهِمْ**» (قۇرئان): سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيا لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ (دۇنيا لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار.

«**إِسْتَمْتَعَ بِرَغَدِ الْعَيْشِ**»: ئۇ ياياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولدى.

«**تَسْتَمْتِعُ بِسَمَاعِ الْمُوسِيقَى**»: سەن مۇزىكا ئاڭلاش بىلەن ھۇزۇرلىنىسەن.

إِسْتَمَدَّ يَسْتَمِدُّ إِسْتِمْدَادًا فِيهِ: قولغا كەلتۈردى، ئېرىشتى، ھاسىل قىلدى.

إِسْتَمَدَّ فُلَانًا: ياردەم سورىدى، مەدەت تىلىدى.

إِسْتَمَدَّهُ أَجَلَ الدَّيْنِ: قەرز مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

«**إِسْتَمَدَّ الْمُتَضَرِّرُونَ الدَّوْلَةَ عَلَى عُشْرِهِمْ**»: ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار دۆلەتتىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

«**إِسْتَمَدَّ آرَاءَهُ مِنْ كُتُبِ التُّرَاثِ**»: پىكىرلىرىنى كلاسسىك كىتابلاردىن ئالدى.

إِسْتِمْرَارٌ: داۋاملاشماق.

بِاسْتِمْرَارٍ: داۋاملىق، ھەمىشە، ئۈزلۈكسىز.

«اَلْبَذْرَةُ تَنْمُو بِاسْتِمْرَارٍ»: ئۇرۇق ئۈزلۈكسىز
ئۆسۈپ تۇرىدۇ.

إِسْتَمْرَأَ يَسْتَمْرِئُ إِسْتِمْرَاءً الطَّعَامَ: تاماقنى
يېيىشلىك دەپ قارىدى، تاماق ئىغىزىغا تېتى-
دى.

إِسْتَمَرَّ يَسْتَمِرُّ إِسْتِمْرَارًا الشَّيْءُ: داۋاملاشتى،
سوزۇلدى.

إِسْتَمَرَّ الْمُوَظَّفُ فِي عَمَلِهِ: خىزمەتچى خىزمىتى-
نى داۋاملاشتۇردى.

إِسْتَمَرَّ الْأَمْرُ: ئىش پۈتتى، ئىش تۈگىدى.

إِسْتَمْرَضَ يَسْتَمْرِضُ إِسْتِمْرَاضًا: كېسەل بولۇۋال-
دى.

إِسْتَمْسَكَ يَسْتَمْسِكُ إِسْتِمْسَاكًا الْبَوْلُ: ئىدرا
كەلمىدى، كىچىك تەرەت ماڭمىدى.

إِسْتَمْسَكَ بِالشَّيْءِ: ئېسىلىۋالدى، تۇتۇۋالدى،
چىڭ تۇتتى.

**«وَمَنْ يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللّٰهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ
اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى» «قرآن»:** ياخشى
ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن
ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا
ئېسىلغان بولىدۇ.

إِسْتَمْطَرَ يَسْتَمْطِرُ إِسْتِمْطَارًا: يامغۇر تەلەپ
قىلدى.

إِسْتَمْطَرَ فُلَانًا: ياردەم تەلەپ قىلدى.

إِسْتَمَعَ يَسْتَمِعُ إِسْتِمَاعًا إِلَيْهِ أَوْ لَهُ: قۇلاق
سالدى، ئاڭلىدى.

«وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ» «قرآن»:
قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن
ئاڭلاڭلار.

إِسْتَمَعَ خُلْسَةً: ئوغرىلىقچە ئاڭلىدى.

إِسْتَمْكَنَ يَسْتَمْكِنُ إِسْتِمْكَانًا: كۈچەيتتى، مۇستەھ-
كەملىدى، ياخشىلىدى، ئۈستۈردى.

إِسْتَمْكَنَ الشَّخْصَ: ئۇرنى بار ھېسابلىدى.

إِسْتَمْكَنَ مِنَ الْأَمْرِ: قولىدىن كەلدى، ھۆددىسى-
دىن چىقتى، قولغا كىرگۈزدى، كۈچى يەتتى.

إِسْتَمْكَنَ مِنْ عِلْمٍ: پۇختا بىلدى، پىششىق ئىگە-
لىدى.

إِسْتَمَلَ يَسْتَمِلُ إِسْتِمَالًا عَيْنَهُ: كۆزىنى ئويىۋەت-
تى، كۆزىنى قويۇۋەتتى.

إِسْتَمْلَحَ يَسْتَمْلِحُ إِسْتِمْلَاحًا الشَّيْءَ: چىرايلىق
دەپ قارىدى، گۈزەل دەپ بىلدى.

إِسْتَمْلَحَ صَوْتَ الْمُطْرِبَةِ: ناخشىچىنىڭ ئاۋازىنى
يېقىملىق دەپ سانىدى.

إِسْتَمْلَحَ الطَّعَامَ: تاماقنى تۇزلۇق سەزدى.

إِسْتَمْلَى يَسْتَمْلِي إِسْتِمْلَاءً التِّلْمِيذُ الْمُعَلِّمَ:
شاگىرت ئۇستازدىن يېزىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلدى.

إِسْتِمْنَاءٌ: ئانانىزم قىلماق، قولدا لەززەتلەنمەك.

إِسْتَمْنَحَ يَسْتَمْنِحُ إِسْتِمْنَاحًا ـــ هُ: ئۇنىڭدىن
سوۋغا تەلەپ قىلدى.

إِسْتَمْنَى يَسْتَمْنِي إِسْتِمْنَاءً: ئانانىزم قىلدى،
قول بىلەن لەززەتلەندى.

أَسْتَنٌ: قاقشال دەرەخنىڭ يىلتىزى.

إِسْتَنَابَ يَسْتَنِيبُ إِسْتِنَابَةً غَيْرَهُ: ۋەكىل قىلىپ
ئەۋەتتى، ئۆز ئورنىدا ئەۋەتتى.

إِسْتَنَارَ يَسْتَنِيرُ إِسْتِنَارَةً الشَّيْءُ: يورىدى.

إِسْتَنَارَ بِهِ: نۇرلاندى، ئۇنىڭدىن نۇر ئالدى، ئۇنىڭ
نۇرى بىلەن يورىدى.

إِسْتَنَارَ الشَّعْبُ: خەلق ئىلىم ـ مەرىپەتلىك
بولۇپ ئويغاندى، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن
ئاقاردى.

إِسْتَنَامَ يَسْتَنِيمُ إِسْتِنَامَةً إِلَيْهِ: كۆڭلى تىندى،
يۆلەندى، قانائەتلەندى، ئۇخلىغان بولۇۋالدى،
مۈگىدەشتى.

إِسْتَنَامَ مِلْءَ جَفْنِهِ: قاتتىق ئۇخلىدى.

إِسْتَنَامَ: ئۇخلىدى، ئۇخلاشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتِنْبَاطٌ: ئىجاد قىلماق، كەشىپ قىلماق؛
ئىزدىنىپ يەكۈن چىقارماق؛ سۈغۇرۇپ چىقار-
ماق، كولاپ چىقارماق.

إِسْتَنْبَأَ يَسْتَنْبِئُ إِسْتِنْبَاءً الرَّجُلَ: سورۇشتە
قىلدى، ئۇقۇشتى، سوراشتۇرۇپ بىلدى، دېرە-
كىنى ئاڭلىدى، تىڭ ـ تىڭلىدى، سورۇشتۇر-
دى، سوراشتۇردى.

«وَيَسْتَنْبِئُونَكَ أَحَقٌّ هُوَ قُلْ إِيْ وَرَبِّي إِنَّهُ لَحَقٌّ وَمَاأَنْتُمْ بِمُعْجِزِيْنَ» «قرآن» : ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن: «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن.

إِسْتَنْبَتَ يَسْتَنْبِتُ إِسْتِنْبَاتًا: تېرىدى، تىكتى.

إِسْتَنْبَطَ يَسْتَنْبِطُ إِسْتِنْبَاطًا الْبِئْرَ: قۇدۇقتىن سۇ تارتتى.

«وَلَوْرَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَ إِلَى أُوْلِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ» «قرآن» : ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى.

إِسْتَنْبَطَهُ: تاپتى، كەشىپ قىلدى، بىلدى، بايقىدى، سەزدى، قېدىردى، ئىختىرا قىلدى، تېگىگە يەتتى.

إِسْتَنْبَطَ الْفَقِيْهُ الْحُكْمَ: فىقھەشۇناس يەكۈن چىقاردى، فىقھەشۇناس ئىزدىنىپ ھۆكۈم چىقاردى.

«إِسْتَنْبَطَ قَوَانِينَ جَدِيدَةً فِي الرِّيَاضِيَّاتِ» : ماتېماتىكىدا يېڭى قانۇنىيەتلەرنى كەشىپ قىلدى.

إِسْتَنْبَهَ يَسْتَنْبِهُ إِسْتِنْبَاهًا مِنْ نَوْمِهِ: چۆچۈپ ئويغاندى، ئويغاندى، ئويغاق تۇردى، ھوشىغا كەلدى.

إِسْتِنْتَاجٌ ج إِسْتِنْتَاجَاتٌ: ئەقلىي خۇلاسە، ئەقلىي يەكۈن.

«أَشُكُّ فِي اسْتِنْتَاجَاتِكَ» : سېنىڭ خۇلاسىلىرىڭدىن گۇمانلىنىمەن.

إِسْتَنْتَجَ يَسْتَنْتِجُ إِسْتِنْتَاجًا: خۇلاسە چىقاردى، يەكۈن چىقاردى، ئەقلىي خۇلاسە چىقاردى.

إِسْتَنْتَجَ الْأَمْرَ: خۇلاسە چىقاردى، خۇلاسىگە كەلدى، ھۆكۈم قىلدى، ئىزدەندى، تەكشۈردى، سۈرۈشتۈردى.

«إِسْتَنْتَجَ الْقَاضِي الْحُكْمَ مِنَ الْأَدِلَّةِ الَّتِي تَحَصَّلَ عَلَيْهَا» : سودىيە ئېرىشكەن پاكىتلارغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقاردى.

إِسْتَنْثَرَ يَسْتَنْثِرُ إِسْتِنْثَارًا: بۇرنىنى يۇيدى، بۇرنىنى تازىلىدى، بۇرنىغا سۇ ئالدى.

«إِسْتَنْثَرَ الْمُتَوَضِّئُ بَعْدَأَنِ اسْتَنْشَقَ» : تاھارەت ئالغۇچى ئاغزىغا سۇ ئالغاندىن كېيىن بۇرنىغا سۇ ئالدى.

إِسْتَنْجَبَ يَسْتَنْجِبُ إِسْتِنْجَابًا ـــ هُ: ئۇنى ئېسىل ھېسابلىدى، ئۇنى ئالىيجاناب بايقىدى، ئۇنى مۇنەۋۋەر ھېسابلىدى.

«إِسْتَنْجَبَ الْمُعَلِّمُ فَاطِمَةَ» : ئوقۇتقۇچى پاتىمەنى مۇنەۋۋەر ھېسابلىدى.

إِسْتَنْجَدَ يَسْتَنْجِدُ إِسْتِنْجَادًا فُلَانًا أَوْ بِهِ: ياردەم سورىدى، ياردەم تىلىدى، مەدەت تىلىدى، ياردەمگە چاقىردى، مۇراجىئەت قىلدى.

إِسْتَنْجَدَ جَارَهُ: قوشنىسىدىن ياردەم سورىدى.

إِسْتَنْجَدَ عَلَيْهِ: جۈرئەت قىلدى، پېتىندى.

إِسْتَنْجَدَ بِصَدِيقِهِ: دوستىنى ياردەمگە چاقىردى.

إِسْتَنْجَزَ يَسْتَنْجِزُ إِسْتِنْجَازًا: ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ئۆتۈندى، ئادا قىلىشنى سورىدى، ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْجَزَ الْحَاجَةَ: ھاجىتىدىن چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْجَزَ الْوَعْدَ: ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تىلىدى.

إِسْتَنْجَى يَسْتَنْجِي إِسْتِنْجَاءَ الرَّجُلُ: ئىجاتلىقنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْجَى مِنَ النَّجَسِ: نىجاسەتتىن تازىلاندى.

إِسْتَنْجَى الشَّخْصُ: سۇ بىلەن تازىلىدى، سۇ بىلەن ئېرىغدىدى، سۇ بىلەن پاكلىدى.

إِسْتَنَدَ يَسْتَنِدُ إِسْتِنَادًا إِلَيْهِ: يۆلەندى، تاياندى.

«إِسْتَنَدَ إِلَى كَتِفِ صَاحِبِهِ لِئَلَّا يَسْقُطَ» : يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ھەمراھىسىنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىۋالدى.

إِسْتِنْزَافٌ: خوراتماق، ئالماق، بۇزۇپ چاچماق، چىقارماق.

حَرْبُ الْإِسْتِنْزَافِ: خورىتىش ئۇرۇشى.

إِسْتَنْزَفَ يَسْتَنْزِفُ إِسْتِنْزَافًا الدَّمْعَ: ياش چىقاردى.

إِسْتَنْزَفَ الْمَالَ: پۇل ـ مالنى بۇزۇپ چاچتى،

يوقاتتى، خوراتتى.

«إِسْتَنْزَفَ الْمُقَاتِلُونَ كُلَّ طَاقَاتِهِمْ» : جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى چىقاردى.

إِسْتَنْزَفَ مَوَارِدَ الْبِلَادِ: دۆلەتنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ چاچتى.

إِسْتَنْزَفَ دَمَهُ: قېنىنى ئاققۇزدى، قان ئالدى.

إِسْتَنْزَلَ يَسْتَنْزِلُ إِسْتِنْزَالًا: چۈشۈشنى سورىدى، چۈشۈشنى ئۆتۈندى، چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْزَلَ الْعَدَدَ: سانىنى تاشلىدى، ئېلىۋەتتى، چۈشۈردى.

إِسْتَنْزَلَ الْأَرْوَاحَ: جىننى ئالدى.

إِسْتَنْزَلَ اللَّعَنَاتِ عَلَى: كايىدى، لەنەت ئوقۇدى.

إِسْتَنْسَخَ يَسْتَنْسِخُ إِسْتِنْسَاخًا الشَّيْءَ: كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، نۇسخا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

«إِنَّا كُنَّا نَسْتَنْسِخُ مَاكُنْتُمْ تَعْمَلُونَ» «قرآن» : بىز قىلمىشلىرىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغانىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇتتۇق).

إِسْتَنْسَخَ الْمَخْطُوطَ: قولىيازمىنى كۆچۈردى.

إِسْتَنْسَرَ يَسْتَنْسِرُ إِسْتِنْسَارًا الطَّائِرُ: قۇش بۈركۈتتەك كۈچلۈك بولدى.

إِسْتَنْسَرَ الْبُغَاثُ: ئاجىزلار نوچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

إِسْتِنْشَاقٌ: سۈمۈرمەك، ئىچىگە تارتماق، بۇرنىغا سۇ ئالماق.

إِسْتَنْشَأَ يَسْتَنْشِئُ إِسْتِنْشَاءً: سۈرۈشتە قىلدى، ئۇقۇشتى، سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى، دېرىكىنى ئالدى، خەۋەر ياكى ماقالىلەر ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىدى.

إِسْتَنْشَدَ يَسْتَنْشِدُ إِسْتِنْشَادًا فُلَانًا شِعْرًا: پالانىدىن شېئىر ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْشَقَ يَسْتَنْشِقُ إِسْتِنْشَاقًا الْمَاءَ فِي أَنْفِهِ: بۇرنىغا سۇ ئالدى.

إِسْتَنْشَقَ الرَّائِحَةَ: پۇرىدى.

إِسْتَنْشَقَ الْخَبَرَ: تىڭ - تىڭلىدى.

إِسْتَنْشَقَ الْهَوَاءَ: ھاۋانى سۈمۈردى، ئىچىگە تارتتى.

«يَسْتَنْشِقُ الْمُتَوَضِّئُ» : تاھارەت ئالغۇچى بۇرنىغا سۇ ئالىدۇ.

«صَحَافِيٌّ فَطِنٌ يَسْتَنْشِقُ أَسْرَارَ الْأَخْبَارِ» : سەزگۈر مۇخبىر مەخپىي خەۋەرلەرنى تىڭ - تىڭلىماقتا.

إِسْتَنْشَى يَسْتَنْشِي إِسْتِنْشَاءً: پۇرىدى، نەپەس ئالدى، ئىچىگە تارتتى.

إِسْتَنْصَحَ يَسْتَنْصِحُ إِسْتِنْصَاحًا: مەسلىھەت سورىدى، نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

إِسْتَنْصَرَ يَسْتَنْصِرُ إِسْتِنْصَارًا ـــ هُ: ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى، مەدەت تىلىدى.

إِسْتَنْصَرَ بِهِ: ياردەمگە چاقىردى.

«فَإِذَا الَّذِي اسْتَنْصَرَهُ بِالْأَمْسِ يَسْتَصْرِخُهُ» «قرآن» : ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى.

إِسْتَنْصَفَ يَسْتَنْصِفُ إِسْتِنْصَافًا: ئادىل بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتِنْطَاقٌ: سوراق قىلماق، بىر خىل تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش ئۇسۇلى.

إِسْتِنْطَاقُ الْمَسَاجِينِ السِّيَاسِيِّينَ: سىياسىي مەھبۇسلارنى سوراق قىلماق.

إِسْتَنْطَعَ يَسْتَنْطِعُ إِسْتِنْطَاعًا لَوْنُهُ: رەڭگى ئۆڭدى، رەڭگى ئۆزگەردى.

إِسْتَنْطَقَ يَسْتَنْطِقُ إِسْتِنْطَاقًا ـــ هُ: سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْطَقَهُ الْقَاضِي: سوتچى ئۇنى سوراق قىلدى، سۈرۈشتە قىلدى.

إِسْتَنْطَقَ الشَّاهِدَ: گۇۋاھچىنى گەپكە كىرگۈزدى، گۇۋاھچىنى گەپ قىلدۇردى.

«إِسْتَنْطَقَ الشُّرْطِيُّ الْمُتَّهَمَ» : ساقچى قارىلانغۇچىنى سوراق قىلدى.

«إِسْتَنْطَقَتِ الْأُمُّ صَغِيرَهَا» : ئانا بالىسىنى گەپكە سالدى.

إِسْتَنْظَرَ يَسْتَنْظِرُ إِسْتِنْظَارًا ـــ هُ الدَّيْنَ: ئۇنىڭدىن قەرزنى كېچىكتۈرۈشنى تىلىدى، ئۇنىڭدىن مۆھلەت بېرىشنى تىلىدى.

إِسْتَنْظَرَهُ عَلَى كَذَا: ئۇنى قارانچۇق قىلىشقا

قويدى، ئازارەتچىلىككە قويدى.

«إِسْتَنْظَرَهُ عَلَى الْمَعْهَدِ» : ئۇنى ئىنىستىتۇتقا قاراشقا قويدى.

إِسْتِنْفَادْ: تۈگىتىۋېتمەك، قۇرۇتىۋېتمەك.

إِسْتَلْفَجَ يَسْتَلْفِجُ إِسْتِلْفَاجًا الشَّيْءَ: كۆرسەتتى، ئاشكارىلىدى.

«مَاالَّذِي اسْتَلْفَجَ غَضَبَكَ؟» : غەزىپىڭنى قوزغىغان نەرسە نېمە؟

«إِسْتَلْفَجَ الْأَرْنَبَ مِنْ مَخْبَئِهِ» : توشقاننى ئۇۋىسىدىن چىقاردى.

إِسْتَلْفَدَ يَسْتَنْفِدُ إِسْتِنْفَادًا الشَّيْءَ: تۈگىتىۋەتتى، سەرپ قىلىۋەتتى.

إِسْتَنْفَدَ أَغْرَاضَهُ: مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«إِسْتَنْفَدَ ثَرْوَتَهُ» : بايلىقىنى تۈگىتىۋەتتى.

إِسْتَنْفَدَ وُسْعَهُ: بارلىق كۈچىنى چىقاردى.

إِسْتَنْفَرَ يَسْتَنْفِرُ إِسْتِنْفَارًا: سەپەرۋەر قىلدى، ھەرىكەتلەندۈردى، دەۋەت قىلدى.

إِسْتَنْفَرَتِ الْبَهِيمَةَ: چاھار پاينى ئۈركىتىۋەتتى.

إِسْتَلْفَعَ يَسْتَلْفِعُ إِسْتِلْفَاعًا الشَّيْءَ: پايدىلاندى.

إِسْتَنْفَعَهُ: ئۇنىڭدىن پايدا تەلەپ قىلدى.

إِسْتَلْفَقَ يَسْتَلْفِقُ إِسْتِلْفَاقًا: سەرپ قىلدى، سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

اِسْتَنْقَذَ يَسْتَنْقِذُ إِسْتِنْقَاذًا مِنْ: قۇتقۇلدۇردى، قۇتقۇزدى، خالاس قىلدى.

«وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَايَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ»

«قۇرئان» : چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ.

إِسْتَنْقَصَ يَسْتَنْقِصُ إِسْتِنْقَاصًا الثَّمَنَ: باھانى چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْقَصَ الْمُكَافَأَةَ: مۇكاپاتنى ئاز كۆردى.

إِسْتَنْقَصَ الشَّيْءَ: كەم كۆردى، ئاز كۆردى.

«إِسْتَنْقَصَ ثَمَنَ السِّلْعَةِ» : مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَنْقَعَ يَسْتَنْقِعُ إِسْتِنْقَاعًا فِي النَّهْرِ: سۇغا چۆمۈلۈپ سەگىدى.

إِسْتَنْقَعَ الْمَاءُ: سۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، سۇ سارغىيىپ كەتتى.

إِسْتَنْقَعَ الصَّوْتُ: ئاۋاز كۆتۈرۈلدى.

أُسْتُنْقِعَ لَوْنُهُ: تاتىرىپ كەتتى.

إِسْتِنْكَارْ: ئەيىبلىمەك، كايىماق، سۆكمەك.

إِسْتَنْكَحَ يَسْتَنْكِحُ إِسْتِنْكَاحًا الْمَرْأَةَ: توي قىلىشنى تەلەپ قىلدى، توي قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى.

إِسْتَنْكَرَ يَسْتَنْكِرُ إِسْتِنْكَارًا الْأَمْرَ: ئىشنى سەت سانىدى، قەبىھ ھېسابلىدى.

إِسْتَنْكَرَ سُلُوكَهُ: ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى ياراتمىدى.

إِسْتَنْكَفَ يَسْتَنْكِفُ إِسْتِنْكَافًا مِنْ كَذَا: چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتتى.

«يَسْتَنْكِفُ مِنَ الْعَمَلِ الْيَدَوِيِّ» : ئۇ چوڭچىلىق قىلىپ قول ئەمگىكىدىن باش تارتىدۇ.

«وَأَمَّا الَّذِينَ اسْتَنْكَفُوا وَاسْتَكْبَرُوا فَيُعَذِّبُهُم عَذَابًا أَلِيمًا» «قۇرئان» : (ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ.

إِسْتَنَّ يَسْتَنُّ إِسْتِنَانًا سُنَّةً: ئەگەشتى، ئەگىشىپ قىلدى.

إِسْتَنَّ السَّرَابُ: كۆچتى، سۇرۇلدى، يۆتكەلدى، تەۋرىدى.

«إِسْتَنَّ الْخُلَفَاءُ الرَّاشِدُونَ سُنَّةَ النَّبِيِّ» : ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىدىن ئىبارەت چاريىالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتتى.

إِسْتَنَّتِ الْعَيْنُ: ياش قۇيۇلدى، ياش تۆكۈلدى.

اسْتَنَّ بِالشَّيْءِ: ئەمەل قىلدى، چىڭ تۇتتى.

إِسْتَنَّ الطَّرِيقَ: ماڭدى، يول يۈردى.

إِسْتَنَّ الْفَرَسُ: ئات ئالدى - كەينىگە چاپتى، ئات ئۇيان - بۇيان يۈگۈردى.

إِسْتَنَّى يَسْتَنِّي إِسْتِنَاءً: كۈتتى، كۈتۈپ تۇردى، ساقلاپ مۇنتەزىر بولدى.

إِسْتَنْهَجَ يَسْتَنْهِجُ إِسْتِنْهَاجًا الطَّرِيقَ: يول ئوچۇق بولدى.

اِسْتَلْهَجَ فُلاَنٌ مَسْلَكَ فُلاَنٍ: پالانى پالانىنىڭ يولىنى تۇتتى، پالانچى پۇستانچىنى دورىدى.

اِسْتَلْهَرَ يَسْتَلْهِرُ اِسْتِلْهَارًا الشَّيْءُ: كېبەكپىندى، زورايدى.

اِسْتَلْهَضَ يَسْتَلْهِضُ اِسْتِلْهَاضًا – هُ: ئويغاتتى، قوزغىدى.

اِسْتَلْهَضَ الْكَسُولَ: ھورۇننى تۇرۇشقا ئالدىراتتى.

اِسْتَلْوَقَ يَسْتَلْوِقُ اِسْتِلْوَاقًا الْجَمَلُ: تۆگە خار بولدى.

اِسْتَهَالَ يَسْتَهِيلُ اِسْتِهَالَةً فُلاَنٌ الأَمْرَ: قورقۇنچلۇق دەپ قارىدى، دەھشەتلىك دەپ ھېسابلىدى.

اِسْتَهَانَ يَسْتَهِينُ اِسْتِهَانَةً بِالأَمْرِ: سەل چاغلىدى، مەنسىتمىدى.

اِسْتَهَانَ بِالْقِيَمِ الأَخْلاَقِيَّةِ: ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا سەل قارىدى.

رَأْيٌ لاَيُسْتَهَانُ بِهِ: كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدىغان پىكىر.

قُوَّةٌ لاَيُسْتَهَانُ بِهَا: سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان كۈچ.

اِسْتَهْتَرَ يَسْتَهْتِرُ اِسْتِهْتَارًا فُلاَنٌ: نەپسى – خاھىشغا بېرىلىپ كەتتى، بىپەرۋا بولۇپ كەتتى.

«اِسْتَهْتَرَ الْوَلَدُ رَغْمَ تَحْذِيرِهِ»: بالا ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىماي ھاۋايى – ھەۋەسكە بېرىلدى.

اِسْتَهْتَرَ بِـ: كەلسە – كەلمەس ئىشلەتتى، قالايمىقان پايدىلاندى.

أُسْتُهْتِرَ بِكَذَا: بېرىلىپلا كەتتى، مەپتۇن بولدى.

أُسْتُهْتِرَ الشَّخْصُ: ئەقلىدىن ئازدى، ئالجىپ قالدى، يالغان – ياۋىداققا بېرىلدى.

«اِسْتَهْتَرَ بِالشَّرَابِ»: هاراققا بېرىلىپ كەتتى.

«أُسْتُهْتِرَ بِالْمَبَادِئِ الأَخْلاَقِيَّةِ»: ئەخلاق – پرىنسىپلاردىن چەتنەپ كەتتى.

اِسْتَهْجَنَ يَسْتَهْجِنُ اِسْتِهْجَانًا الشَّيْءَ: سەتلەشتۈردى، ئەيىبلىدى، تۆۋەن سانىدى، پەسكەش دەپ تونىدى.

«هَذَا مِمَّا يُسْتَهْجَنُ قَوْلاً وَ فِعْلاً»: بۇ سۆز ۋە ھەرىكەت جەھەتتىن ئەيىبلىنىدۇ.

اِسْتَهْدَفَ يَسْتَهْدِفُ اِسْتِهْدَافًا لَهُ: كىرزىسقا ئۇچرىدى، ھۇجۇمغا يولۇقتى، زەربە يېدى.

اِسْتَهْدَفَ إِلَى كَذَا: مەقسەت قىلدى، نىشان قىلدى، كۆزلىدى، قارىغا ئالدى.

اِسْتَهْدَفَ لِلأَمْرِ: دۇچ كەلدى، يولۇقتى.

«اِسْتَهْدَفَ طَلَبَ الْعِلْمِ»: ئىلىم ئېلىشنى كۆزلىدى.

«اِسْتَهْدَفَ عَامِلُ الْمَنْجَمِ لإِصَابَةِ عَمَلٍ»: كان ئىشچىسى ئىش ئۈستىدە ھادىسىگە يولۇقتى.

«اِسْتَهْدَفَ مُؤَلِّفُ الْكِتَابِ لِلنَّقْدِ»: كىتاب ئاپتورى تەنقىدكە ئۇچرىدى.

اِسْتَهْدَى يَسْتَهْدِي اِسْتِهْدَاءً فُلاَنٌ: ھىدايەت تەلەپ قىلدى، توغرا يول تەلەپ قىلدى.

اِسْتَهْدَى مِنْ شَيْخِهِ النَّصِيحَةَ: ئۇستازىدىن نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تىلىدى.

اِسْتَهْدَى الشَّيْءَ: سوۋغا تەلەپ قىلدى.

اِسْتِهْزَاءٌ: زاڭلىق قىلماق، مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق.

اِسْتَهْزَأَ يَسْتَهْزِئُ اِسْتِهْزَاءً بِهِ: مەسخىرە قىلدى، زاڭلىق قىلدى، ئىستىھزا قىلدى.

«وَمَايَأْتِيهِمْ مِنْ نَبِيٍّ إِلاَّكَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِئُونَ»

‹قۇرئان›: ئۇلارغا قانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىسۇن، ئۇلار ئۇنى (قەۋمىنىڭ سېنى مەسخىرە قىلغاندەك) مەسخىرە قىلدى.

«اَللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ» ‹قۇرئان›: مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ.

اِسْتِهْلاَكٌ: سەرپ قىلماق، خوراتماق؛ ئىستېمال قىلماق؛ تۈگەتمەك؛ چىقىم، سەرپىيات، خىراجەت؛ ياندۇرماق، قايتۇرماق؛ يىغىۋالماق.

اِسْتِهْلاَكُ الْمَوَادِّ الْغِذَائِيَّةِ: ئوزۇقلارنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى.

مُجْتَمَعٌ اِسْتِهْلاَكِيٌّ: ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى.

اِسْتِهْلاَلٌ: باشلىماق، تۇتۇش قىلماق.

اِسْتِهْلاَلٌ مُوسِيقِيٌّ: مۇقەددىمە، باشلىنىش مۇزىكىسى.

بَرَاعَةُ الاِسْتِهْلاَلِ: سۆزنىڭ گۈزەل باشلىنىشى، چىرايلىق باشلىنىش، گۈزەل مۇقەددىمە.

اِسْتَهْلَكَ يَسْتَهْلِكُ اِسْتِهْلاَكًا الشَّيْءَ: يوقاتتى،

تۆكـەتتى، سەرپ قىلدى، ئىستېمال قىلدى.

إِسْتَهْلَكَ الدَّيْنَ: قەرزنى ئۈزدى، قەرزنى قايتۇر- دى، قەرزنى تۆلىدى.

إِسْتَهْلَكَ السَّنَدَاتِ الْمَالِيَّةَ: زايومنى يىغىۋالدى، زايومنى قايتۇرۇۋالدى.

إِسْتَهَلَّ يَسْتَهِلُّ إِسْتِهْلاَلاً: ۋارقىرىدى، يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلىدى.

إِسْتَهَلَّ الْمَوْلُودُ: بوۋاق تۇغۇلغان چاغدا ئۈنلۈك يىغلىدى.

إِسْتَهَلَّ الشَّهْرُ: يېڭى ئاي كۆتۈرۈلدى.

إِسْتَهَلَّ الْوَجْهُ: يۈزى يورۇپ كەتتى، يۈزى نۇرلى- نىپ كەتتى.

إِسْتَهَلَّ الشَّخْصُ الشَّيْءَ: باشلىدى، كىرىشىپ كەتتى.

أُسْتُهِيمَ قَلْبُ فُلاَنٍ: قەلبى مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدى، مەپتۇن بولدى، شەيدا بولدى.

إِسْتَهْوَى يَسْتَهْوِي إِسْتِهْوَاءً — هُ الشَّيْءُ: ئۇنى ھەيران قالدۇردى، ئۆزىگە جەلپ قىلدى، خىيال سۈرگۈزدى.

إِسْتَهْوَتْهُ أَزْهَارُ الرَّبِيعِ: باھارنىڭ گۈل - چېچەكلىرى ئۇنى مەپتۇن قىلدى.

«كَالَّذِي اسْتَهْوَتْهُ الشَّيَاطِينُ فِي الْأَرْضِ حَيْرَانَ لَهُ أَصْحَبٌ يَدْعُونَهُ إِلَى الْهُدَى ائْتِنَا» «قرآن» :
مۇنداق بىر ئادەمگە: شەيتانلار ئۇنى بىر چۆلگە باشلاپ بارغان (چۆلدە ئۇ) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىرى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان (ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي ئاخىرى ھالاك بولغان ئادەمگە) ئوخشاپ قالى- مىز.

إِسْتِوَاءٌ: تۈز، تۈپتۈز، تەكشى، توغرا، توغرا بولماق، راۋۇرۇس، توغرىلىق.

خَطُّ الْإِسْتِوَاءِ: ئېكۋاتور.

إِسْتِوَائِيٌّ: ئېكۋاتورنىڭ، ئېكۋاتور توغرىسىدا.

اَلْمَدَارُ الْإِسْتِوَائِيُّ: تروپىك، كۈن توختاش سىزى- قى (شىمالىي تروپىك سىزىقى ياكى جەنۇبىي تروپىك سىزىقى).

إِسْتَوْبَقَ يَسْتَوْبِقُ إِسْتِوْبَاقًا: ھالاك بولدى، يوقال- دى، مۇنقەرز بولدى، ۋەيران بولدى، ئۆلدى.

إِسْتَوْثَرَ يَسْتَوْثِرُ إِسْتِيثَارًا الشَّخْصُ مِنَ الشَّيْءِ: كۆپ ئالدى، كۆپ ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوْثَرَ الْفِرَاشَ: تۆشەكنى يۇمشاق ھېسابلىدى.

إِسْتَوْثَقَ يَسْتَوْثِقُ إِسْتِيثَاقًا عَنْهُ: تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، ئۇقۇملۇق بولدى؛ قوغدىدى، پانا- ھىغا ئالدى، ھىمايە قىلدى.

إِسْتَوْثَقَ الشَّخْصَ: ئىشەنچ باغلىدى، ئىشەنچ قىلدى، ئىشەنچ تىكلىدى.

إِسْتَوْثَقَ مِنَ الْأَمْرِ: تەكشۈردى، ئېنىقلىدى.

إِسْتَوْثَقَ مِنَ الشَّخْصِ: ئىشەنچ باغلىدى، قەتئىي ئىشەندى.

إِسْتَوْجَبَ يَسْتَوْجِبُ إِسْتِيجَابًا الشَّيْءَ: مەجبۇرى- يەت دەپ قارىدى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم دەپ قارىدى، لايىق بولدى، ھەقلىق بولدى.

إِسْتَوْجَبَ تَفْكِيرًا: پىكىر قىلىشقا تېگىشلىك بولدى، ئويلىنىشقا زۆرۈر بولدى.

إِسْتَوْجَبَ عِقَابًا: جازاغا لايىق بولدى.

إِسْتَوْجَبَ الْأَمْرَ: زۆرۈر ھېسابلىدى، تېگىشلىك دەپ بىلدى.

عَمَلٌ يَسْتَوْجِبُ الشُّكْرَ: رەھمەت ئېيتىشقا لايىق ئىش.

إِسْتَوْجَفَ يَسْتَوْجِفُ إِسْتِيجَافًا: تەسىرلەندۇردى، ھاياجانلاندۇردى، بۇلىدى، بۇلاڭچىلىق قىلدى، تالان - تاراج قىلدى.

إِسْتَوْجَفَ الْحُبُّ فُؤَادَهُ: مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبى- نى ئەسىر قىلىۋالدى.

إِسْتَوْجَزَ الْكَلاَمَ: سۆزنى قىسقارتتى، ئىخچام قىلدى، مېغىزلىق بولدى.

إِسْتَوْحَشَ يَسْتَوْحِشُ إِسْتِيحَاشًا الْمَكَانُ: جان ئادەمزاتتىن خالى بولۇپ قالدى، چۆلدەرەپ قالدى.

إِسْتَوْحَشَ الشَّخْصُ: ئىچى پۇشتى، يالغۇزلۇق ھېس قىلدى، غېرىبسىندى.

إِسْتَوْحَشَ مِنْهُ: يامان كۆردى، ياقتۇرمىدى، بىزار بولدى، كۆڭلىگە ياقمىدى.

إِسْتَوْحَى يَسْتَوْحِي إِسْتِيحَاءً: ۋەھيي قىلىشنى تەلەپ قىلدى، يوليورۇق سورىدى، بېشارەت بېرىشنى ئۈتۈندى، ئىلھام بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوْحَى مِنْهُ: ئۇنىڭدىن ئالدى.

إِسْتَوْحَى رَأْيَهُ: ئۇنىڭ پىكرىنى سورىدى.

رَأْيٌ إِسْتَوْحَى مِنْ خِطَابِهِ: ئۇنىڭ نۇتقىدىن ئالغان پىكىر.

إِسْتَوْحَاهُ: ئۇنىڭ پىكرىنى سورىدى، ئالدىراتتى.

إِسْتَوْدَعَ يَسْتَوْدِعُ إِسْتِيدَاعًا: ھاۋالە قىلدى، قويۇپ تۇردى، ئامانەت قويدى، تاپشۇردى.

إِسْتَوْدَعَ الشَّخْصَ الشَّيْءَ: كىمنىشكىگە نەرسىنى ئامانەت قويدى.

إِسْتَوْدَعَ أَمْوَالَهُ فِي الْخَزِينَةِ: ماللىرىنى خەزىنىگە قويدى.

إِسْتَوْدَعَ الشَّخْصَ الْمَالَ: مالنى ئامانەت قويدى.

إِسْتَوْدَعَ الْجُثَّةَ الْقَبْرَ: جەسەتنى قەبرىگە دەپنە قىلدى، يەرلىككە قويدى.

إِسْتَوْدَعَ السِّجْنَ: ئۇنى تۈرمىگە ئالدى، قامىدى.

إِسْتَوْدَعَ التَّأْمِينَ: كاپالەت پۇل بەردى.

إِسْتَوْدَعَهُ السِّرَّ: ئۇنىڭغا سىر ساقلاشنى تاپىلىدى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ھاۋالە قىلدى.

أَسْتَوْدِعُكُمُ اللّٰهَ: ئاق يول بولسۇن، خۇداغا ئامانەت.

إِسْتَوْرَدَ يَسْتَوْرِدُ إِسْتِيرَادًا: سىرتتىن كىرگۈزدى، ئىمپورت قىلدى.

إِسْتَوْرَطَ يَسْتَوْرِطُ إِسْتِيرَاطًا: مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، تۇرۇپ قالدى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى؛ پۈتۈن زېھنىنى بەردى، ئۆي - پىكرىنى يىغدى.

إِسْتَوْرَطَ فِي الْخَطَإِ: خاتالاشتى، خاتالىق ئۆتكۈزدى.

إِسْتَوْرَى يَسْتَوْرِي إِسْتِيرَاءً الزَّنْدُ: چاقماق ياقتى.

إِسْتَوْرَى غَيْظَهُ: ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

إِسْتَوْزَرَ يَسْتَوْزِرُ إِسْتِيزَارًا: ۋەزىر قىلىنۋالدى، مىنىستىر قىلىنۋالدى، مىنىستىرلىككە تەيىنلەندى، ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى.

إِسْتَوْسَعَ يَسْتَوْسِعُ إِسْتِيسَاعًا الرَّجُلُ: ھالى ياخشىلاندى.

إِسْتَوْسَعَ الْمَكَانَ: يەرنىڭ كەڭلىكىنى بايقىدى.

إِسْتَوْسَقَ يَسْتَوْسِقُ إِسْتِيسَاقًا: توپلاندى، ئىپرىشتى، مۇۋاپىق بولدى.

إِسْتَوْسَقَ الْأَمْرُ: ئىش تەرتىپلىك بولدى، ئىش سىستېمىلىق بولدى، ئىش مۇنتىزىم بولدى.

إِسْتَوْسَقَ لَهُ: تەييار بولدى، تەق بولدى.

إِسْتَوْسَقَ لَهُ النَّصْرُ: ئۇ غەلىبىگە ئېرىشتى.

إِسْتَوْصَدَ يَسْتَوْصِدُ إِسْتِيصَادًا: قوتان سالدى.

إِسْتَوْصَفَ يَسْتَوْصِفُ إِسْتِيصَافًا الطَّبِيبَ: دوختۇردىن رېتسېپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، كېسەل كۆرسەتتى.

إِسْتَوْصَى يَسْتَوْصِي إِسْتِيصَاءً: تەۋسىيە قىلىشنى سورىدى، تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوْصَى الشَّخْصَ بِهِ: تەۋسىيىسىنى قوبۇل قىلدى.

إِسْتَوْصَى بِهِ خَيْرًا: ياخشىلىقنى ئىرادە قىلدى، ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلدى.

«إِسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ خَيْرًا» «حديث»: ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار.

إِسْتَوْضَحَ يَسْتَوْضِحُ إِسْتِيضَاحًا الشَّخْصَ: روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشنى سورىدى.

إِسْتَوْضَحَ عَنِ الْأَمْرِ: ئىزدەندى، تەتقىق قىلدى.

إِسْتَوْضَحَ الشَّخْصُ الشَّيْءَ: كۆرۈنەمدۇ دەپ قاراپ بېقىش ئۈچۈن قولىنى كۆزىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

إِسْتَوْطَأَ يَسْتَوْطِئُ إِسْتِوَاطًا الْأَمْرُ: ئىش مۇرەككەپلەشتى، گىرەلىشىپ كەتتى، چىگىشلەشتى، ئارىلىشىپ كەتتى.

إِسْتَوْطَنَ يَسْتَوْطِنُ إِسْتِيطَانًا الْمَكَانَ: ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى، ماكان تۇتتى.

إِسْتَوْعَبَ يَسْتَوْعِبُ إِسْتِيعَابًا الشَّيْءَ: ھەممىنى ئالدى.

إِسْتَوْعَبَهُ: يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى، پۈتۈنلەي يوقاتتى.

إِسْتَوْعَبَ الْمَكَانُ الشَّيْءَ: سىغدۇردى.

إِسْتَوْعَبَ الْحَدِيثَ: سۆزنى ئاڭلاپ ئىگىلىدى.

«هَذِهِ الْقَاعَةُ كَبِيرَةٌ جِدًّا وَيُمْكِنُ أَنْ تَسْتَوْعِبَ «ثَلَاثِينَ» مِنْضَدَةً» : بۇ زال ناھايىتى چوڭ بولۇپ بۇنىڭغا 30 ئۈستەل قويغىلى بولىدۇ.

إِسْتَوْعَى يَسْتَوْعِي إِسْتِيْعَاءً الشَّيْءَ: ھەممىسىنى ئالدى.

إِسْتَوْفَزَ يَسْتَوْفِزُ إِسْتِيْفَازًا فِي قَعْدَتِهِ: ئارامسىز ئولتۇردى.

إِسْتَوْفَى يَسْتَوْفِي إِسْتِيْفَاءً: ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوْفَى الشَّخْصُ حَقَّهُ: ھەققىنى تولۇق ئالدى.

«اَلَّذِيْنَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ» «قرآن»: ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ.

إِسْتَوْفَى قِسْطَهُ مِنَ الرَّاحَةِ: ئۇ بىر ئاز ئارام ئالدى.

إِسْتَوْقَدَ يَسْتَوْقِدُ إِسْتِيْقَادًا النَّارَ: ئوت ياقتى، ئوت ياندۇردى، ئوت تۇتاشتۇردى.

«مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا» «قرآن»: ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە . . . ئوخشايدۇ.

إِسْتَوْقَعَ يَسْتَوْقِعُ إِسْتِيْقَاعًا الْأَمْرَ: كۈتتى، كۆزلىدى، مۇنتەزىر بولدى، قورقتى، ئەنسىردى، تەشۋىشلەندى.

إِسْتَوْقَفَ يَسْتَوْقِفُ إِسْتِيْقَافًا: توختىتىشنى تەلەپ قىلدى، تۇرۇشنى كۈتۈندى.

إِسْتَوْقَفَهُ: توسىدى، توسالغۇ بولدى، توختاتتى، تىزگىنلىدى.

إِسْتَوْقَفَ الشُّرطِيُّ السَّائِقَ: ساقچى شوپۇرنىڭ توختىشىنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوْقَفَ الْأَمْرُ إِنْتِبَاهَهُ: ئىش ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

إِسْتَوْلَدَ يَسْتَوْلِدُ إِسْتِيْلَادًا: بالا تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوْلَدَ الْمَرْأَةَ: ئايالنى ھامىلدار قىلدى.

إِسْتَوْلَى يَسْتَوْلِي إِسْتِيْلَاءً عَلَيْهِ: ئىگىلىدى، بېسىۋالدى، ئىشغال قىلدى، ئىستىلا قىلدى، يەڭدى، مەغلۇپ قىلدى، بويسۇندۇردى.

إِسْتَوْلَى عَلَى الْعَدُوِّ: دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

إِسْتَوْلَى عَلَى الشَّيْءِ: ئىگە بولۇۋالدى، پايدىلاندى، ئىگىلەندى.

إِسْتَوْلَى عَلَيْهِ الدَّهْشَةُ: تېڭىرقاپ قالدى، قاتتىق چۆچىدى.

إِسْتَوْلَى عَلَيْهِ الشَّكُّ: ئۇ دەرگۇمان بولدى.

إِسْتَوْلَى عَلَى الْحُكْمِ: ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى.

إِسْتَوْهَبَ يَسْتَوْهِبُ إِسْتِيْهَابًا: سوۋغا تەلەپ قىلدى.

إِسْتَوَى يَسْتَوِي إِسْتِوَاءً: تۈز بولدى، توغرىلاندى؛ يېتىلىك پەيتى توشتى.

«وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُ وَاسْتَوَى آتَيْنَاهُ حُكْمًا وَعِلْمًا» «قرآن»: مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلىي توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق.

«لِتَسْتَوُوا عَلَى ظُهُورِهِ» «قرآن»: ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن. . .

إِسْتَوَى هَذَا بِذَلِكَ: بۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشتى، باراۋەر بولدى.

«فِي الرَّبِيْعِ يَسْتَوِي اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ»: ئەتىيازدا كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلىشىدۇ.

«إِسْتَوَى الْمَاءُ وَالْخَشَبَةُ»: سۇ ياغاچ بىلەن تەڭلەشتى.

إِسْتَوَى عَلَى الْكُرْسِيِّ: تەختتە ئولتۇردى، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

إِسْتَوَى عَلَى الدَّابَّةِ: ئۇلاققا مىندى.

إِسْتَوَى إِلَى الشَّيْءِ: باردى، يۈرۈپ كەتتى.

إِسْتَوَى الثَّمَرُ: مېۋە پىشتى، مېۋە تەييار بولدى.

إِسْتَوَى الطَّعَامُ: تاماق پىشتى.

إِسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ: كۆتۈرۈلدى، تەختكە ئولتۇردى.

إِسْتَوَى عَلَى سَرِيْرِ الْمُلْكِ: پادىشاھلىق تەختتە ئولتۇردى، سەلتەنەتلىك ئورۇنغا چىقتى.

إِسْتِيَاءٌ: نارازى بولماق، خاپا بولماق، ئاغرىنماق.

إِسْتَيْأَسَ يَسْتَيْئِسُ إِسْتِيْآسًا مِنْهُ: ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزدى، ئۈمىدسىزلەندى.

«فَلَمَّا اسْتَيْأَسُوا مِنْهُ خَلَصُوا نَجِيًّا» «قرآن»: ئۇلار (يۈنيامىنىنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارىسىدىن

بىرسىنى ئېلىپ قېلىشقا يۇسۇپىنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپى مەسلىھەتلەشتى.

إِسْتِيدَاعٌ: خىزمەتچىنى پېنسىيە يېشىدىن بۇرۇن خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش.

«أُحِيلَ الضَّابِطُ إِلَى الإِسْتِيدَاعِ»: ئوفىتسېر پېنسىيە يېشىغا توشۇشتىن بۇرۇن خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلدى.

زِيَادَةُ لِاسْتِيرَادٍ عَلَى التَّصْدِيرِ: پاسسىپ بالانس (ئىمپورت قىلىنغان مال ئېكسپورت قىلىنغان مالدىن ئېشىپ كەتمەك).

إِسْتَيْسَرَ يَسْتَيْسِرُ إِسْتِيسَارًا الأَمْرُ: ئىش ئاسانلاشتى، ئىش ئوڭاي بولدى.

إِسْتِيضَاحٌ ج إِسْتِيضَاحَاتٌ: چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلماق، شەرھلەپ بېرىشنى ئۆتۈنمەك.

«طَلَبَ الْحِزْبُ الإِشْتِرَاكِيُّ إِسْتِيضَاحَاتٍ مِنَ الْحُكُومَةِ»: سوتسىيالىستىك پارتىيە ھۆكۈمەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتِيطَانٌ: ئورۇنلاشتۇرماق، ماكانلاشماق، ئورۇنلاشماق.

إِسْتِيطَانُ الْمُسْتَعْمِرِينَ الأَجَانِبِ: مۇستەملىكىچىلەرنىڭ چەت ئەللىكلەرنى ماكانلاشتۇرۇشى.

إِسْتِيعَابٌ: سىغدۇرماق، ئىگىلىمەك، ھەممىنى ئالماق؛ ئىقتىدار.

«لَهُ إِسْتِيعَابٌ عَلَى فَهْمِ أَصْعَبِ الْمَشَاكِلِ الرِّيَاضِيَّةِ»: ئۇ ئەڭ قىيىن ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

إِسْتِيفَاءٌ: ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق.

إِسْتَيْقَظَ يَسْتَيْقِظُ إِسْتِيقَاظًا: ئويغاندى، ئۇيقۇسى ئېچىلدى؛ ھوشىغا كەلدى.

إِسْتَيْقَظَهُ: ئويغىتىشنى تەلەپ قىلدى.

إِسْتَيْقَظَ مِنْ غَفْلَتِهِ: ھوشىنى تاپتى.

«إِسْتَيْقَظَ الْمُعَلِّمُ التِّلْمِيذَ الْكَسُولَ»: ئوقۇتقۇچى ھورۇن ئوقۇغۇچىدىن ھوشىنى يىغىشنى تەلەپ قىلدى.

«إِسْتَيْقَظْتُ مِنَ النَّوْمِ مُبَكِّرًا وَارْتَدَيْتُ مَلَابِسِي مُسْرِعًا»: ئۇيقۇدىن بالدۇرلا ئويغىنىپ، كىيىملىرىمنى تېز كىيدىم.

إِسْتَيْقَنَ يَسْتَيْقِنُ إِسْتِيقَانًا الأَمْرَ: ھەقىقىي ئىشەندى.

«لِيَسْتَيْقِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ وَيَزْدَادَ الَّذِينَ آمَنُوا إِيمَانًا» «قرآن»: تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدىكى بۇ ساننى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتقاي، مۇئمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي.

إِسْتَيْمَنَ يَسْتَيْمِنُ إِسْتِيمَانًا بِهِ: ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىدى، ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ تونىدى.

إِشْتِيٌّ: سۆڭەك ئاقمىسى، مەقئەت ئاقمىسى.

أَسْجَحَ يُسْجِحُ إِسْجَاحًا: سىلىق بولدى، يۇمشاق بولدى، مۇلايىم بولدى، نازاكەتلىك بولدى، خۇشخۇي بولدى.

أَسْجَحُ ج سُجْحَاءُ: چىرايلىق يىگىت؛ ساھىبجامال قىز.

أَسْجَفَ يُسْجِفُ إِسْجَافًا الْبَيْتَ: ئۆيگە پەردە تارتتى.

أَسْجَمَ يُسْجِمُ إِسْجَامًا الْمَاءَ: سۇنى ئاققۇزدى، تۆكتى.

أَسْجَمَتِ السَّحَابَةُ: يامغۇر توختىماي ياغدى.

أُسْجُوعَةٌ ج أَسَاجِعُ: «لَوْلَا الْوِفَاقُ لَهَلَكَ الْأَنَامُ»: غا ئوخشاش قاپىيىلىك سۆز.

أَسْحَتَ يُسْحِتُ إِسْحَاتًا: بۇزۇۋەتتى، كاردىن چىقاردى.

أَسْحَتَتِ التِّجَارَةُ: تىجارەتكە ھارام ئارىلىشىپ قالدى.

أَسْحَتَ الشَّيْءَ: تۈپتىن قومۇرۇۋەتتى، ھالاك قىلدى.

«لَاتَفْتَرُوا عَلَى اللهِ كَذِبًا فَيُسْحِتَكُمْ بِعَذَابٍ» «قرآن»: ئاللاھقا يالغاننى چاپلىماڭلار (يەنى سېھرىگەرلار ئارقىلىق مۆجىزىلىرىمگە تاقابىل تۇرۇشنى دەۋا قىلماڭلار) ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

أَشْحَتَ الشَّيْءَ: قانۇنسىز پايدا ئالدى، ھالاك قىلدى، خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى.

أَشْحَتَ فِي تِجَارَتِهِ: سودىسىدا ھارام پايدا ئالدى.

أَشْحَتَ الشَّخْصُ: ھارام پايدىغا ئېرىشتى.

أَشْحَتَ التِّجَارَةُ: سودىسى ھارام بولدى، سودىسى قانۇنسىز بولدى.

أَشْحَرَ يُشْحِرُ إِشْحَارًا: ئەتىگەندە ماڭدى، سەھەردە ماڭدى، سەھەر تۇردى.

أَسْحَمُ م سَحْمَاءُ ج سُحْمٌ: قارا، قاپقارا.

أَسْخَطَ يُسْخِطُ إِسْخَاطًا: غەزەپلەندۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

«ذٰلِكَ بِأَنَّهُمُ اتَّبَعُوْا مَاأَسْخَطَ اللّٰهَ وَكَرِهُوا رِضْوَانَهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَالَهُمْ» «قرآن» : بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۈركى، ئۇلار ئاللاھنى دەرغەزەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئەگەشتى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلدى.

«لاَ تَفْعَلْ مَا يُسْخِطُ اللّٰهَ» : ئاللاھنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشنى قىلمىغىن.

أَسْخَمُ ج سُخْمٌ: قارا.

لَيْلٌ أَسْخَمُ: قاپقاراڭغۇ كېچە.

إِسْخَمَّ يَسْخَمُّ إِسْخِمَامًا: قارايدى.

أَسْخَنَ يُسْخِنُ إِسْخَانًا: قىزىتتى، ئىسسىتتى.

أَسْخَنَ اللّٰهُ عَيْنَهُ: ئۇنىڭ بېشىغا خاپىلىق كەلسۇن.

أَسَدٌ ج أُسُودٌ و أُسْدٌ و آسَادٌ و آسُدٌ م لَبْوَةٌ: شىر.

لَهُ حِصَّةُ الأَسَدِ: ئۇ چوڭ نېسىۋىگە ئىگە.

دَاءُ الأَسَدِ: جۈزام كېسەللىكىنىڭ بىر خىلى.

أَسَدٌ هِنْدِيٌّ: يولۋاس.

أَسَدٌ بَحْرِيٌّ: دېڭىز شىرى.

بُرْجُ الأَسَدِ: ئەسەد بۇرجى.

أَسَدٌ ج سُدٌّ: ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ توغرا، ئەڭ ئوبدان، دۇرۇس.

أَسْدَسَ يُسْدِسُ إِسْدَاسًا الْقَوْمُ: ئالتە بولدى.

أَسْدَفَ يُسْدِفُ إِسْدَافًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، قارايدى، زۇلمەت باستى.

أَسْدَفَ عَنْ: ئايرىلدى، چەتنىدى.

أَسْدَفَ الشَّخْصُ: قاراڭغۇلۇققا كىردى.

أَسْدَفَتِ الْعَيْنُ: كۆزى قاراڭغۇلاشتى.

أَسْدَلَ يُسْدِلُ إِسْدَالاً الشَّعْرَ: چاچنى قويۇۋەتتى، چاچنى ساڭگىلىتىپ قويدى.

أَسْدَلَ السِّتَارَ: پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

«إِنْتَهَتِ الْمَسْرَحِيَّةُ وَأُسْدِلَ السِّتَارُ» : تىياتىر تۈگىدى، پەردە چۈشۈرۈلدى.

أَسْدَى يُسْدِي إِسْدَاءً بِيَدِهِ: قول سۇندى، قول سوزدى.

أَسْدَى إِلَيْهِ مَعْرُوفًا: ئۇنىڭغا نەرسە بەردى، ئاتا قىلدى، ياردەم بەردى، ياخشىلىق قىلدى، خەير- ئېھسان قىلدى.

أَسْدَى إِلَيْهِ النُّصْحَ: ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى، مەسلىھەت بەردى، سەممىمي بولدى.

أَسَدِيٌّ: ئۇرۇش يىمپ.

أَسَرَ يَأْسِرُ أَسْرًا وَإِسَارَةً وَإِسَارًا: ئەسىر ئالدى؛ ھالىڭ- تالىڭ قالدى.

«فَرِيْقًا تَقْتُلُوْنَ وَتَأْسِرُوْنَ فَرِيْقًا» «قرآن» : (ئۇلارنىڭ) بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلىكىنى ئەسىر ئالدىڭلار.

أَسَرَ لُبَّهُ: ئەقلىنى لال قىلدى.

أَسْرٌ: پۈتۈن، ھەممە؛ ئەسىر ئالماق.

«جَاءَ الطُّلاَّبُ بِأَسْرِهِمْ» : پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار كەلدى.

أَسْرٌ: سولىماق؛ كۈچ - قۇۋۋەت.

هُوَ شَدِيْدُ الأَسْرِ: ئۇ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

«نَحْنُ خَلَقْنَاهُمْ وَشَدَدْنَا أَسْرَهُمْ وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَا أَمْثَالَهُمْ تَبْدِيْلاً» «قرآن» : بىز ئۇلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى مەزمۇت قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىپ) ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق.

أَسْرٌ: سىيدۈك توختاپ قېلىش.

إِسْرَاءٌ: كېچىدە سەپەر قىلماق.

اَلْإِسْرَاءُ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچە-دە ھەرەم مەسچىتىدىن ئەقسا مەسچىتىگە بېرىپ كەلگىنى.

إِسْرَائِيلُ: ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى

إِسْرَائِيلِيٌّ: يەھۇدى، جوھۇت.

إِسْرَافٌ: ئىسراپ قىلماق، بۇزۇپ چاچماق.

إِسْرَافِيلُ: قىيامەت قايىم بولغاندا بۇرغا چالىدىغان پەرىشتە.

أَسْرَأَ يُسْرِئُ إِسْرَاءً: ئۇخوم ئۇغدۇرۇش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

أَسْرَبَ يُسْرِبُ إِسْرَابًا الْمَاءَ وَنَحْوَهُ: سۇنى ئېقىتتى، ئاققۇزدى.

أُسْرُبٌ: سۈرمە تاش، گرانىت.

أُسْرَةٌ ج أُسَرٌ: ئائىلە؛ جەمەت؛ سۇلالە، خاندان.

رَبُّ الْأُسْرَةِ: ئائىلە باشلىقى.

أُسْرَةُ الْجَرِيدَةِ: گېزىتخانىدىكىلەر جامائەسى.

أُسْرَةُ اللُّغَاتِ الشَّامِيَّةِ: سام تىللىرى ئائىلىسى.

اَلْأُسْرَةُ التَّعْلِيمِيَّةُ: مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگۈ-چىلەر.

أَسْرَجَ يُسْرِجُ إِسْرَاجًا الْحِصَانَ: قېچىرنى ئىگەر-لىدى، ئىگەر توقىدى.

أَسْرَجَ السِّرَاجَ: چىراغنى ياقتى.

أَسْرَجَ الشَّيْءَ: بېزىدى، زىننەتلىدى، چىرايلىق قىلدى.

أَسْرَدَ يُسْرِدُ إِسْرَادًا الشَّيْءَ: تەشتى، تۆشۈك ئاچتى.

أَسَرَّ يُسِرُّ إِسْرَارًا الشَّيْءَ: خۇش قىلدى، ھەيران قالدۇردى.

أَسَرَّ إِلَيْهِ السِّرَّ: سىر ساقلىدى، سىرنى يوشۇردى.

أَسَرَّ إِلَيْهِ حَدِيثًا: ئۇنىڭغا يوشۇرۇن سۆزلىدى، پىچىرلىدى، پىچىرلاپ سۆزلىدى.

«فَأَسَرَّهَا يُوسُفُ فِي نَفْسِهِ» «قرآن»: يۇسۇپ (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزىنى ئىچىدە بىلدى.

«وَإِذْ أَسَرَّ النَّبِيُّ إِلَى بَعْضِ أَزْوَاجِهِ حَدِيثًا» «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتتقانىدى.

أَسْرَعَ يُسْرِعُ إِسْرَاعًا: ئالدىرىدى.

«أَسْرِعْ حَتَّى لَا تَتَأَخَّرَ»: كېچىكمەسلىكىڭ ئۈچۈن ئالدىرا.

أَسْرَفَ يُسْرِفُ إِسْرَافًا الْمَالَ: ئىسراپ قىلدى، بۇزۇپ چاچتى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، بەتخەجلىك قىلدى، چېكىدىن ئاشتى.

«وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَاتُسْرِفُوا» «قرآن»: يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار.

أَسْرَفَ فِي كَذَا: ئىسراپ قىلدى، ھەددىدىن ئاشتى.

أَسْرَفَ فِي الْكَلَامِ: چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

أُسْرُوعٌ ج أَسَارِيعُ: يىپسۇملەك قۇرتى، كېپىنەك قۇرتى.

أَسْرَى يُسْرِي إِسْرَاءً الثَّوْبَ عَنْهُ: كىيىمىنى سېلىۋەتتى، سالدۇردى.

أَسْرَى اللَّيْلَ وَبِهِ: كېچىسى ماڭدى.

«سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى» «قرآن»: ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچە-دە مەسچىتى ھەرەمدىن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلدى.

أَسْرَى الشَّخْصَ وَبِهِ: سەپەر قىلدۇردى، سەيرى قىلدۇردى.

أُسَرِيٌّ: ئائىلىگە مەنسۇپ.

«يَجِبُ الْمُحَافَظَةُ عَلَى الرَّوَابِطِ الْأُسَرِيَّةِ»: ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى ساقلاش لازىم.

أُسٌّ ج أَسَاسٌ: تۈپ يىلتىز، ئاساس.

«قَلَعَهُ مِنْ أُسِّهِ»: ئۇ، ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى.

إِسْخَنَ يَسْخِنُ إِسْخَانًا: ئىسسىدى، قىزىدى.

أَسَّسَ يُؤَسِّسُ تَأْسِيسًا الْبِنَاءَ: ئۇل سالدى، ئاساس ئورناتتى.

«لَمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى التَّقْوَى مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ أَحَقُّ

أَنْ تَقُوْمَ فِيْهِ» «قرآن» : بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسچىت ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر.

أَسَّسَ شِرْكَةً: شىركەت قۇردى.

أَسَّسَ الْمَشْرُوعَ: پىلان تۈزدى.

«أَسَّسَتِ الْحُكُومَةُ جَامِعَةً جَدِيْدَةً» : ھۆكۈمەت يېڭى ئۇنىۋېرسىتېت تەسىس قىلدى.

أَسَلَّ يُسِلُّ تَأْسِيْلاً: تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

إِسْطَارٌ: يېزىلغان نەرسە؛ ھېكايە.

إِسْطَافَ يَسْطَافُ إِسْطِيَافًا بِالشَّيْءِ: تاۋاپ قىلدى.

إِسْطَبْلٌ ج إِسْطَبْلاَتٌ: ئېغىل، قوتان، ئاتخانا.

أَسْطُرْلاَبٌ: قەدىمكى ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆلچەش ۋە ۋاقىتلارنى بىلىش ئەسۋابى.

أَسْطَعُ: بويىنى ئۇزۇن.

أُسْطُوَانَةٌ: تۈۋرۈك؛ سىلىندىر؛ ناخشا؛ ساز ئېلىنىدىغان لېنتا.

أُسْطُوَانَةٌ ج أَسَاطِيْنُ و أَسَاطِنَةٌ وَأُسْطُوَانَاتٌ: تۈۋرۈك؛ ئېلىلىپس شەكىلدىكى جىسىم؛ سىلىندىر شەكىللىك جىسىم.

أُسْطُوَانَةُ الْغَازِ: گاز تۇڭى.

أُسْطُوَانَةُ الْفُتُغْرَافِ أَوِ الْفُنِيْغْرَافِ: پاتېفون تەخسىسى، پاتېفون پىلاستىنكىسى.

أُسْطُوَانَةُ آلَةِ التَّسْجِيْلِ: غالتەك (ئۈنئالغۇنىڭ).

أُسْطُوَانَةُ الْحَاكِي: پاتېفون تەخسىسى.

أَسَاطِيْنُ الْأَدَبِ: مەشھۇر ئەدىبلەر.

«هُوَ مِنْ أَسَاطِيْنِ الْحِكْمَةِ» : ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە ئىشەنچلىك تايانچىلاردىن.

أُسْطُوَانِيٌّ: سىلىندىر شەكلىدە.

أُسْطُورَةٌ ج أَسَاطِيْرُ: ھېكايە، چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەت؛ سەپسەتە، قۇرۇق سۆز، يوقىلاڭ سۆز.

«يَسْتَخْدِمُ الْأُدَبَاءُ الْأُسْطُورَةَ لِلتَّعْبِيْرِ عَنْ فِكْرَةٍ مَا» : ئەدىبلەر ئەپسانىنى مەلۇم ئىدىيىلوگىيىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىدۇ.

عِلْمُ الْأَسَاطِيْرِ: ئەپسانەشۇناسلىق.

أَسَاطِيْرُ الْأَقْدَمِيْنَ: بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى.

«إِنْ هَذَا إِلاَّ أَسَاطِيْرُ الْأَوَّلِيْنَ» «قرآن» : بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلاردۇر.

أُسْطُورِيٌّ: ئەپسانىۋى.

بُطُولَةٌ أُسْطُورِيَّةٌ: ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇق.

«تَحْتَوِي أَلْفُ لَيْلَةٍ وَلَيْلَةٌ عَلَى حِكَايَاتٍ أُسْطُورِيَّةٍ» : مىڭ بىر كېچە ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

أُسْطُولٌ بَحْرِيٌّ ج أَسَاطِيْلُ: فىلوت، ئىسكادرا جەڭ پاراخوتلىرى؛ كېمە ئەترىتى.

أُسْطُولٌ جَوِّيٌّ: ھاۋا پولتى، ئۇچقۇچىلار ئەترىتى.

إِسْطِيرٌ: يېزىلغان نەرسە؛ ھېكايە.

إِسْعَافٌ: ياردەم بەرمەك، قۇتقۇزماق.

عَرَبَةُ الْإِسْعَافِ: قۇتقۇزۇش ماشىنىسى.

رِجَالُ الْإِسْعَافِ: جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرى.

جَمْعِيَّةُ الْإِسْعَافِ: جىددىي قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى.

سَيَّارَةُ إِسْعَافٍ: قۇتقۇزۇش ماشىنىسى.

أَسْعَدَ يُسْعِدُ إِسْعَادًا: ئۇنى بەختلىك قىلدى.

أَسْعَدَهُ اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلسۇن.

«أَسْعَدَكَ اللّٰهُ مَسَاءَكَ» : ئاللاھ كەچلىكىڭنى خەيرلىك قىلسۇن.

أَسْعَرَ يُسْعِرُ إِسْعَارًا النَّارَ أَوِ الْحَرْبَ أَوْ نَحْوَهُمَا: ئوت ياندۇردى، ئۇرۇش قوزغىدى.

أَسْعَطَ يُسْعِطُ إِسْعَاطًا الدَّوَاءَ: بۇرنىغا دورا تېمىتتى.

أَسْعَفَ يُسْعِفُ إِسْعَافًا الْمَرِيضَ: كېسەلنى قۇتقۇزدى، دورا بىلەن داۋالىدى.

أَسْعَفَهُ بِحَاجَتِهِ: ھاجىتىدىن چىقتى، ھاجىتىنى راۋا قىلدى.

أَسْعَنَ يُسْعِنُ إِسْعَانًا: چېدىر تىكتى، سايىۋەن تىكتى.

أَسْعَى يُسْعِي إِسْعَاءً الرَّجُلَ: ھەرىكەتلەندۈردى، چاپتۇردى.

أَسْعَى بِـ: ئىزدىدى؛ تاپتى.

أَسِيَ يَأْسَى أَسًا: ئەپسۇسلاندى، ئۆكۈندى، پۇشايمان قىلدى.

أَسِيَ عَلَيْهِ: قايغۇردى.

«أَسِيَ عَلَى وَفَاةِ صَدِيْقِهِ»: ئۇ دوستىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولدى.

«أَسِفْتُ لِمَا وَقَعَ بَيْنَنَا مِنْ سُوءِ فَهْمٍ»: بىزنىڭ ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقتىن ئەپسۇسلاندىم.

أَمْرٌ يُؤْسَى لَهُ: ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

يُؤْسَى لَهُ: كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان.

«وَمِمَّا يُؤْسَى لَهُ أَنَّنَا لَانَتَّعِظُ أَحْيَانًا بِدُرُوسِ الْمَاضِي»: كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، گاھىدا ئۆتكەن ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئالمايمىز.

أَسًى: ئەپسۇسلانماق، ھەسرەت چەكمەك.

بِكُلِّ أَسًى: ئېچىنىش بىلەن، ئەپسۇسلىنىش بىلەن.

مَعَ الْأَسَى: ئېچىنىش بىلەن، ئەپسۇسلىنىش بىلەن.

«كَانَ بِكُلِّ أَسًى غَيْرَمُسْتَعِدٍّ لِلتَّفَاهُمِ»: ئۇنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىدىن بەك ئەپسۇس.

يَالَلْأَسَى: ئەپسۇس، ئىسىت، ئەتتەڭ، ئەتتەڭنەي، بەك ئەپسۇس.

وَاأَسَفَاهُ. يَاأَسَفَاهُ: ئىسىت، ھەي ئىسىت.

«يَا أَسَفَى عَلَى يُوسُفَ» «قۇرئان»: ئىسىت يۈسۈپ!

أَسِفٌ: ئەپسۇسلانغۇچى، ئېچىنغۇچى.

«فَرَجَعَ مُوسَى إِلَى قَوْمِهِ غَضْبَانَ آسِفًا» «قۇرئان»: مۇسا قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى.

أَنَا أَسِفٌ: مېنى كەچۈرۈڭ، ئىنتايىن خىجىلمەن.

أَسْفَرَ يُسْفِرُ إِسْفَارًا: يورىدى، ئوچۇق بولدى، ئاشكارا بولدى، روشەن بولدى.

أَسْفَرَ الصُّبْحُ: تاڭ يورىدى.

«وَاللَّيْلِ إِذْ أَدْبَرَ وَالصُّبْحِ إِذَا أَسْفَرَ» «قۇرئان»: ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى، يورۇغان سۇبھى بىلەن قەسەمكى.

أَسْفَرَ الْفَجْرُ: تاڭ يورىدى.

أَسْفَرَ عَنْ أَمْرٍ: ئاشكارىلىندى، نەتىجىلەندى.

«أَسْفَرَ الْإِجْتِمَاعُ عَنْ اتِّفَاقٍ تَامٍّ»: يىغىن تولۇق ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئېلىپ كەلدى.

أَسْفَرَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال يۈزىنى ئاچتى.

أَسْفَرَتِ الْحَرْبُ: ئۇرۇش قىزىپ كەتتى، ئەۋجىگە چىقتى، يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

أَسْفَعُ: سۇسۇن رەڭ.

أَسَفَّ يُسِفُّ إِسْفَافًا: ناچار ئىشلارنى تەلەپ قىلدى، چۈشكۈنلەشتى.

أَسَفَّ الطَّائِرُ: قۇش پەسلىدى، ئۇچۇپ ئۆتتى.

أَسَفَّ الْخُوصَ: توقۇدى، يەشتى، ئەشتى.

أَسَفَّ النَّظَرَ إِلَيْهِ: ئىنچىكىلەپ قارىدى، سىنچىلاپ قارىدى، دىققەت بىلەن قارىدى.

أَسَفَّ فِي حَدِيْثِهِ أَوْ مُنَاقَشَتِهِ: تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى، چۈشكۈن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى.

أَسْفَقَ يُسْفِقُ إِسْفَاقًا الْبَابَ: ئىشىكنى قاتتىق ياپتى، «جاق» قىلىپ ياپتى.

أَسْفَلُ ج أَسَافِلُ: تۆۋەن تەرىپى، تۆۋەن قىسمى، ئەڭ تۆۋەن قىسمى.

«ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ» «قۇرئان»: ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىقىمىزغا شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن) دوزاخقا قايتۇردۇق.

أَسْفَلُ السَّافِلِينَ: ئەڭ تۆۋەنكى، ئەڭ ئاستىنقى، ئەڭ تېگىدىكى، دوزاخ.

اَلدَّرْكُ الْأَسْفَلُ: ئەڭ ئاستى، ئەڭ تېگى تەرىپى.

«إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ» «قۇرئان»: مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ.

أَسْفَلْتٌ: ئاسفالت، قاراماي.

إِسْفَنْجٌ: بۇلۇت؛ بىر خىل سۇ ھايۋىنى، دېڭىز يۇسۇنى.

إِسْفَنْجِيٌّ: كۆپ تۆشۈكلۈك.

أَشْفَى يُشْفِي إِشْفَاءً الرِّيْحُ التُّرَابَ: ئۇچۇردى، شامال توپىنى تۇزۇتتى.

إِشْفِينٌ: شىنا، قوزۇق.

«دَقَّ بَيْنَهُمْ إِشْفِيْنًا»: ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتى.

إِشْقَاطٌ: چۈشۈرۈۋەتمەك، ئاغدۇرماق، ئېلىپ تاشلىماق، چىقىرىپ تاشلىماق، يىقىتماق، غۇلاتماق، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتمەك.

إِشْقَالٌ جـ أَسَاقِيلُ: ئۈستەل، شىرە، پەشتاق، سۇپا، قۇرۇلۇش جازىسى.

أَشْقَبَ يُشْقِبُ إِشْقَابًا: يېقىنلاشتى، ئاز قالدى، تۇتاشتى.

إِشْقِدَاجٌ: قوغۇشۇن ئېقى.

إِسْتَقْرَبُوطٌ: ۋىتامىن C يېتىشمەسلىك كېسىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا تېرە يېرىلىدىغان ۋە چىشنىڭ گۆشلىرى قانايدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

أَسْقَطَ يُسْقِطُ إِسْقَاطًا الشَّيْءَ: چۈشۈرىۋەتتى، غولىتىۋەتتى، يىقىتتى، ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

«فَأَسْقِطْ عَلَيْنَا كِسَفًا مِنَ السَّمَاءِ إِنْ كُنْتَ مِنَ الصَّادِقِيْنَ» «قرآن»: ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن.

أَسْقَطَ عَدَدًا مِنْ عَدَدٍ: ئېلىۋەتتى، كېمەيتتى، ھەققىدىن ۋاز كەچتى.

أَسْقَطَ الدَّعْوَى: دەۋادىن ۋاز كەچتى.

أَسْقَطَ اِسْمَهُ: ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

أَسْقَطَ الْأَسْنَانَ: چىشىنى چۈشۈرىۋەتتى.

أَسْقَطَ الطَّائِرَةَ: ئايروپىلاننى چۈشۈردى.

«أَسْقَطَ سَاعَتَهُ فِي الْمَاءِ»: ئۇ سائىتىنى سۇغا چۈشۈرىۋەتتى.

أَسْقَطَ حِصْنًا: قورغاننى ئىشغال قىلدى.

أُسْقِطَ فِي يَدِهِ: ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئېڭىرقاپ قالدى.

أَسْقَطَتِ الْحَامِلُ الْجَنِيْنَ: ھامىلدار بالىسىنى چۈشۈرىۋەتتى.

أُسْقُفٌ جـ أَسَاقِفَةٌ و أَسَاقِفُ: باش روھانى ئېپىسكوپ.

رَئِيْسُ الْأَسَاقِفَةِ: باش ئېپىسكوپ.

أُسْقُفِيٌّ: ئېپىسكوپ باشقۇرۇشىدىكى رايون.

أُسْقُفِيَّةٌ: ئېپىسكوپ باشقۇرۇشىدىكى رايون.

أَسْقَمَ يُسْقِمُ إِسْقَامًا ـ هُ: كېسەل قىلدى.

«أَسْقَمَهُ الْعِشْقُ وَهَجْرُ الْحَبِيبِ»: ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە دوستلارنىڭ پىراقى ئۇنى كېسەل قىلىۋەتتى.

إِسْقَنْقُورٌ: سەقەنقۇر، كەسلەنچۈك، دېڭىز ئېيتى.

أَسْقَى يُسْقِي إِسْقَاءً الرَّجُلَ: ئۇسسۇزلۇق بەردى، سۇغاردى.

«وَأَسْقَيْنَاكُمْ مَاءً فُرَاتًا» «قرآن»: سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق.

إِسْكَافٌ جـ أَسَاكِفَةٌ: موزدۇز، ياماقچى.

إِسْكَافِيٌّ: موزدۇز، ياماقچى.

إِسْكَانٌ: ماكانلاشتۇرماق، ئورۇنلاشتۇرماق، ئورۇن بەرمەك.

دَائِرَةُ الْإِسْكَانِ: ئۆي ـ جاي ئىدارىسى.

وَزَارَةُ الْإِسْكَانِ: ئۆي ـ جاي تۇرالغۇ مىنىستىرلىكى.

أَزْمَةُ الْإِسْكَانِ: ئۆي ـ جاي تۇرالغۇ كرزىسى.

أَسْكَتَ يُسْكِتُ إِسْكَاتًاهُ: ئۇنى گەپ قىلدۇرمىدى، ئېغىز ئاچقۇزمىدى، زۇۋان سۈرگىلى قويمىدى، جىملىدى، تىنچلاندۇردى.

«حَاوَلْنَا أَنْ نُسْكِتَهُ وَلَكِنَّهُ اسْتَمَرَّ فِي كَلَامِهِ»: ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزماسلىقتا ئورۇنغان بولساقمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

أَسْكَرَ يُسْكِرُ إِسْكَارًاهُ الْخَمْرُ: ھاراق ئۇنى مەست قىلىپ قويدى.

«مَا يُسْكِرُ كَثِيرُهُ فَقَلِيلُهُ حَرَامٌ» «حديث»: كۆپى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارام.

أَسْكَرَهُ الشَّخْصُ: ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ قويدى.

«أَسْكَرَهُ أَصْحَابُهُ لِيَضْحَكُوا عَلَيْهِ»: مازاق قىلىش ئۈچۈن دوستلىرى ئۇنى مەست قىلىپ قويدى.

أَشْكَقْ: موزدۇز، ياماقچى.

أُشْكُفَّةٌ: بوسۇغا.

أُشْكُفَّةُ الشُّبَّاكِ: دېرىزە تەكچىسى.

أُشْكُفَّةُ الْبَابِ: بوسۇغا.

أَشَكُّ م شَكَّاءُ ج شُكٌّ: گاس، پالاق.

أَشْكَنَ يُشْكِنُ إِشْكَانًا هُ الْمَكَانَ أَوْ فِي الْمَكَانِ: ئولتۇراقلاشتۇردى، ئورۇن بەردى، ماكانلاشتۇردى، تۇرغۇزدى.

«رَبَّنَا إِنِّي أَسْكَنْتُ مِنْ ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِنْدَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا الصَّلَاةَ» «قۇرئان»: پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم هاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن دەپ سېنىڭ هۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم.

«إِنْ يَشَأْ يُسْكِنِ الرِّيحَ» «قۇرئان»: ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ.

أَسْكَنَهُ: تىنچلاندۇردى، بېسىقتۇردى.

أَسْكَنَهُ اللّٰهُ فَسِيحَ جَنَّاتِهِ: ئاللاھ ئۇنىڭغا كەڭ جەننەتتىن ئورۇن بەرسۇن.

«أَسْكَنْتُ أَخِي فِي مَنْزِلِي»: قېرىندىشىمنى ئۆيۈمدە تۇرغۇزدۇم.

أُشْكُوبٌ: تۆكۈلگەن، قويۇلغان، سېپىلگەن.

أَشْكُوفٌ: موزدۇز، ياماقچى.

أُشْكُوفَّةٌ: بوسۇغا، تاپسا.

أُشْكُوفَّةُ الْبَابِ: بوسۇغا، تاپسا.

إِشْكِيمٌ: راھىبلارنىڭ مۇراسىم كىيىمى، كاسايا.

أَسَلٌ و أَسَلَةٌ: پىلىكتوت؛ چىمىنوت.

إِسْلَامٌ: بويسۇنماق، باش ئەگمەك، ئىتائەت قىلماق.

اَلْإِسْلَامُ: ئىسلام دىنى.

«اَلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا» «قۇرئان»: بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.

أَهْلُ الْإِسْلَامِ: مۇسۇلمانلار.

إِسْلَامِيٌّ: ئىسلام دىنىنىڭ، ئىسلام دىنىغا ئائىت.

أَسْلَبَتْ يُسْلِبُ إِسْلَابًا الْمَرْأَةُ: ئايال بالىسىنى يوقاتتى، بالىسى ئۆلدى.

أَسْلَتُ ج سُلْتٌ: كېسىلگەن بۇرۇن.

أَسَلَةٌ: تىكەن.

أَسَلَةُ اللِّسَانِ: تىلنىڭ ئۇچى.

أَسْلَسَ يُسْلِسُ إِسْلَاسًا قِيَادَهُ: بويسۇندۇردى، باش ئەگدۈردى، ئىتائەت قىلدۇردى.

أَسْلَعُ م سَلْعَاءُ ج سُلْعٌ: پۈتى يېرىق ئادەم.

أَسْلَقَ يُسْلِقُ إِسْلَاقًا الْأَرْضَ: يەرنى تۈزلىدى، يەرنى تەكشىلىدى، سۆرەم سالدى، يەرنى تىرنىلىدى.

«كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا أَسْلَفْتُمْ فِي الْأَيَّامِ الْخَالِيَةِ» «قۇرئان»: ئاللاھ ئۆتكەنكى كۈنلەردە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار.

أَسْلَفَهُ مَالًا: مالنى قەرز بەردى، مالنى ئۆتنە بەردى، مالنى ئارىيەت بەردى.

أَسْلَفَ الشَّيْءَ: ئىلگىرى قىلدى، بۇرۇن قىلىپ ئۆتتى.

أَسْلَكَ يُسْلِكُ إِسْلَاكًا الْمَكَانَ أَوْ فِي الْمَكَانِ: كىرگۈزدى.

«أَسْلَكَهُ طَرِيقًا وَعْرَةً»: ئۇنى ئەگرى يولغا ماڭغۇزدى.

أَسْلَمَ يُسْلِمُ إِسْلَامًا: ئىسلام دىنىغا كىردى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى؛ تىنچلىق دائىرىسىگە كىردى، ئەل بولدى، تەسلىم بولدى، بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى، باش ئەگدى، تاپشۇردى.

«قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَسْلَمَ» «قۇرئان»: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

«مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّٰهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِنْدَ رَبِّهِ» «قۇرئان»: كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان هالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب-

تىن بەھرىمەن بولىدۇ.

«فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ» ‹قرآن›: ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنىچە ياتقۇزدى.

«طَلَبَ مِنْهُ صَدِيقُهُ أَنْ يُسْلِمَ فَأَسْلَمَ»: دوستى ئۇنىڭدىن مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى.

«أَسْلِمْ هَذِهِ الرِّسَالَةَ إِلَى أَخِيكَ»: بۇ خەتنى قېرىندىشىڭغا تاپشۇرغىن.

أَسْلَمَ عَنْ: تەرك ئەتتى.

أَسْلَمَ أَمْرَهُ إِلَى اللّٰهِ: ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردى، تەقدىرگە تەن بەردى.

أَسْلَمَ الرُّوحَ: ئۆلدى، ۋاپات بولدى.

أَسْلَمَ الشَّيْءَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا بەردى.

أَسْلَمَهُ: تاشلىۋەتتى، ۋاز كەچتى، دۈشمەنگە تاشلاپ بەردى.

أَسْلَمَ قِيَادَهُ إِلَيْهِ: بويسۇندى، تاپشۇردى.

«أَسْلَمُوا قِيَادَهُمْ إِلَيهِ فَقَادَهُمْ إِلَى الْهَلَاكِ»: ئۇلار يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ئۇ ئۇلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى.

أَسْلَمَ وَجْهَهُ إِلَى اللّٰهِ: ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە بېرىلدى، ئاللاھقا بويسۇندى، چىن دىلى بىلەن ئاللاھقا يۈزلەندى.

إِسْلَنْطَحَ يَسْلَنْطِحُ إِسْلِنْطَاحًا الْوَادِي: سوزۇلدى.

إِسْلَنْطَحَ الرَّجُلُ: ئوڭدىسىغا يىقىلدى، دۈم چۈشتى.

أُسْلُوبٌ ج أَسَالِيبُ: ئۇسلۇب، ئۇسۇل، ئىستىل، شەكىل، پاسون، فورما؛ رەسمىيەت؛ چارە ـ تەدبىر؛ كۆرۈنۈش؛ تىپ؛ جەريان؛ يول.

«أُسْلُوبِي فِي مُعَالَجَةِ هَذِهِ الْمُشْكِلَةِ يَخْتَلِفُ عَنْ أَسَالِيبِكُمْ»: مېنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلۇم سىلەرنىڭ ئۇسۇلۇڭلاردىن پەرق قىلىدۇ.

«لِكُلِّ أَدِيبٍ أُسْلُوبُهُ الْخَاصُّ فِي الْكِتَابَةِ»: ھەر بىر يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىقتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ.

اَلْأُسْلُوبِيَّةُ: يېزىقچىلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

أَسْلَى يُسْلِي إِسْلَاءً: كۆڭۈلنى كۆتۈردى، خۇشال قىلدى، كۆڭۈلنى يۇپۇتتى.

أَسَلِيٌّ: تىل ئۇچى تاۋۇشى.

اَلْحُرُوفُ الْأَسَلِيَّةُ ‹في علم الاصوات›: «ز» ، «س» ۋە «ص» ھەرپلىرى.

إِسْمٌ ج أَسْمَاءُ و أَسَامٍ وَأَسَامِيُّ وَ أَسْمَاوَاتٌ: ئىسىم، نام، ئات، ئىسىم ـ فامىلە؛ ئابروي، شۆھرەت، ئىناۋەت.

«وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِنْ بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ»

‹قرآن›: مەريەم ئوغلى ئىيسا شۇنداق دېدى: مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن.

إِسْمُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ ئىسمى، كىتابنىڭ ماۋزۇسى، كىتابنىڭ سەرلەۋھىسى.

إِسْمُ الشُّهْرَةِ: نام، ئاتاق.

إِسْمُ الْعَائِلَةِ: فامىلە.

إِسْمٌ سِرِّيٌّ: لەقەم، تەخەللۇس.

إِسْمٌ شَخْصِيٌّ: ئۆزىنىڭ ئىسمى.

إِسْمٌ مُسْتَعَارٌ: باشقا ئىسمى، باشقا ئاتىلىشى، تەخەللۇسى، يالغان ئىسمى.

إِسْمٌ كَاذِبٌ: يالغان ئىسىم.

إِسْمٌ مُنْتَحَلٌ ‹لِلتَّأْلِيفِ›: تەخەللۇس.

إِسْمٌ عَلَمٌ: ئەسلى ئىسىم، خاس ئىسىم، تۇراقلىق ئىسىم.

إِسْمُ الْإِشَارَةِ: كۆرسىتىش ئالماشلىرى.

إِسْمُ الْبَدَلِ: ئىزاھلىغۇچى ئىسىم.

إِسْمُ التَّصْغِيرِ: ئەركىلەتمە ئىسىم.

إِسْمُ الْجِنْسِ: تۈرداش ئىسىم، ئابستراكت ئىسىم.

إِسْمٌ جَامِدٌ: تۈرلەنگىلى بولمايدىغان ئىسىم.

إِسْمُ مَرَّةٍ: ئىشنىڭ بىر قېتىم بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىم.

إِسْمُ الْهَيْئَةِ: پېئىلنىڭ شەكلى ۋە ھالىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىم.

بِاسْمِ فُلاَنٍ: پالانىغا ۋاكالىتەن.

إِسْمٌ تَهَكُّمِيٌّ: لەقەم، تەخەللۇس.

إِسْمُ الْعَدَدِ: سان.

إِسْمُ الْفَاعِلِ: ئىگە ئىسىم.

إِسْمُ الْمَفْعُولِ: تولدۇرغۇچى.

إِسْمُ مَعْنًى: ئابستراكت ئىسىم، مەۋھۇم ئىسىم.

إِسْمُ الآلَةِ: قورال – سايماننى بىلدۈرىدىغان ئىسىم.

إِسْمُ تَفْضِيلٍ: ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم.

إِسْمُ جَمْعٍ: كۆپلۈك ئىسىم (ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى).

إِسْمُ مَكَانٍ: ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم.

إِسْمُ زَمَانٍ: ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم.

بِسْمِ اللّٰهِ: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

اَلإِسْمُ الأَعْظَمُ: ئەڭ ئۇلۇغ ئىسىم، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نامى، ئىسمى ئەئزەم.

إِسْمُ مَعْرِفَةٍ: ئېنىق ئىسىم.

إِسْمُ نَكِرَةٍ: ئېنىقسىز ئىسىم.

إِسْمًا: نامدا، ئاتاقتا.

«كَانَ إِسْمًا مِنْ غَيْرِ مُسَمًّى»: پەقەت قۇرۇق نامى بار، ئىسمى بار جىسمى يوق.

اَلأَسْمَاءُ الْخَمْسَةُ «فِي النَّحْوِ»: ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا «و» بىلەن رەفئى ئوقۇلىدىغان، «ا» بىلەن نەسب ئوقۇلىدىغان، «ي» بىلەن كەسرە ئوقۇلىدىغان بەش ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ ئۇلار «أَبُو، أَخُو، فَمُو، ذُو، فُو» لاردىن ئىبارەت.

اَلأَسْمَاءُ الْحُسْنَى. أَسْمَاءُ اللّٰهِ الْحُسْنَى: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى.

إِسْمَارَّ يَسْمَارُّ إِسْمِيرَارًا: قوڭۇر رەڭلىك بولدى؛ بۇغداي ئۆڭلۈك بولدى؛ جىگەر رەڭگە كىردى.

أَسْمَرُ ج سُمْرٌ م سَمْرَاءُ ج سُمْرٌ و سَمْرَاوَاتٌ: بۇغداي ئۆڭلۈك، قوڭۇر، جىگەر رەڭ، بېغىر رەڭ.

«كَثِيرٌ مِنَ الْعَرَبِ سُمْرٌ»: ئەرەبلەرنىڭ تولىسى قوڭۇر رەڭ كېلىدۇ.

اَلأَسْمَرَانِ: سۇ ۋە بۇغداي.

أَسْمَرَانِيٌّ: قوڭۇر رەڭلىك، جىگەر رەڭلىك، بېغىر رەڭلىك.

أَسْمَعَ يُسْمِعُ إِسْمَاعًاهُ كَلاَمًا أَوْصَوْتًا أَو مُوسِيقَى: ئاڭلاتتى.

«وَلَوْ عَلِمَ اللّٰهُ فِيهِمْ خَيْرًا لَأَسْمَعَهُمْ» «قرآن»: ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاڭلىتاتتى.

«إِنَّكَ لاَ تُسْمِعُ الْمَوْتَى» «قرآن»: سەن ئۆلۈكلەرگە دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن.

أَسْمَعَهُ مُرَّ الْكَلاَمِ: زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلىدى.

أَسْمَلَ يُسْمِلُ إِسْمَالاً الثَّوْبُ: كىيىم كونىرىدى، يىرتىلدى.

أَسْمَنَ يُسْمِنُ إِسْمَانًا الرَّجُلَ: سەمرىتتى.

«لاَ يُسْمِنُ وَلاَيُغْنِي مِنْ جُوعٍ» «قرآن»: زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ.

أَسْمَنَ الطَّعَامَ: يېمەكلىككە قايماق قوشتى.

أَسْمَنْتٌ. إِسْمَنْتٌ: سېمونت.

إِسْمِنْتٌ مُسَلَّحٌ: بېتون.

أَسْمَى يُسْمِي إِسْمَاءً هُ: كۆتۈردى، يۇقىرى قىلدى، ئېگىزلەتتى، ئۆرلەتتى.

أَسْمَاهُ كَذَا أَوْ بِكَذَا: ئاتىدى.

«أَسْمَتْهُ كَفَاءَتُهُ إِلَى أَعْلَى الْمَرَاتِبِ»: ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى.

أَسْمَى: ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئالىي.

إِسْمِيٌّ: ئىسىملىق، ئىسىمغا خاس.

إِسْمِيَّةٌ: ئىسىملىق.

جُمْلَةٌ إِسْمِيَّةٌ: ئىسىملىق جۈملە (ئىسىمدىن تۈزۈلگەن جۈملە).

أَسَنَ يَأْسُنُ و يَأْسِنُ أَسْنًا و أُسُونًا الْمَاءُ:

سىپسىپ سۇنىڭ رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتتى.

أَسِنَ يَأْسِنُ أَسَنًا: زەھەرلەندى.

إِسْنَادٌ ج أَسَانِيدُ: ئىسناد، ئاساس، پاكىت (تارىخىي ۋەقەلەردە ئاساسلىنىدىغان، پاكىتنىڭ يىپ ئۇچى).

أَسْنَدَ يُسْنِدُ إِسْنَادًا: قوللىدى، ياردەملەشتى.

أَسْنَدَ إِلَيْهِ الْأَمْرَ: ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ھاۋالە قىلدى، بۇيرىدى، ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىدى.

أَسْنَدَ إِلَيْهِ تُهْمَةً: ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىدى، قارىلىدى.

«أُسْنِدَ إِلَيَّ عَمَلٌ فَقُمْتُ بِهِ»: ماڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى، مەن ئۇنى ئورۇنلىدىم.

أَسْنَدَ ظَهْرَهُ إِلَى الْحَائِطِ: ئۇ تامغا يۆلەندى.

أَسْنَدَ الْحَدِيثَ إِلى شَخْصٍ: ھەدىسنى بىراۋغا نىسبەت بەردى.

أَسَنَّ يُسِنُّ إِسْنَانًا الطِّفْلُ: چىشى چىقتى.

أَسَنَّ الشَّخْصُ: ياشىنىپ قالدى، قېرىپ قالدى.

أَسْنَى يُسْنِي إِسْنَاءً الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى، يورىدى.

إِسْهَابٌ: ئەزمىلىك بىلەن سۆزلىمەك، تىلىنى چاينىماي سۆزلىمەك.

بِإِسْهَابٍ: كەڭ، مۇكەممەل، تەپسىلىي.

«تَحَدَّثَ عَنْ هَذَا الْمَوْضُوعِ بِإِسْهَابٍ»: بۇ ماۋزۇنى تەپسىلىي سۆزلىدى.

إِسْهَالٌ: ئىچىنى سۈرگۈزمەك، چوڭ تەرەتنى ماڭدۇرماق.

إِسْهَالُ الْبَطْنِ: ئىچى سۈرمەك، ئىچى ئۆتمەك.

أَسْهَبَ يُسْهِبُ إِسْهَابًا الدَّابَّةَ: ھايۋاننى ئوتلاققا قويۇۋەتتى.

أَسْهَبَ فِي الْكَلَامِ: سۆزىنى ئۇزارتىۋەتتى، كېڭەيتىۋەتتى؛ ئۆتكىدى، ئەسلى رەڭگىنى يوقاتتى، تاتاردى.

«لِمَاذَا تُسْهِبُ فِي كَلَامِكَ أَلَا تَسْتَطِيعُ الْإِخْتِصَارَ»: نېمىشقا سۆزۈڭنى ئۇزارتىۋېرىسەن؟ ئىخچاملاپ قىلالامسەن؟

أَسْهَبَتِ الْخَيْلُ: ئات ئازا ماڭدى.

أُسْهِبَ الرَّجُلُ: ئالجىدى، ئەقلىدىن ئازدى.

أَسْهَبَ الشَّاةَ وَلَدُهَا: قوزا ئانىسىنى ئەمدى.

أَسْهَدَ يُسْهِدُ إِسْهَادًاهُ: ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، ئۇيقۇسىراتتى، بىدار قىلدى.

أَسْهَرَ يُسْهِرُ إِسْهَارًاهُ: ئۇخلاتمىدى.

«لَا أَشْرَبُ الْقَهْوَةَ فِي اللَّيْلِ لِأَنَّهَا تُسْهِرُنِي»: كېچىسى قەھۋە ئىچمەيمەن، چۈنكى ئۇ ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ.

أَسْهَلَ يُسْهِلُ إِسْهَالًا الدَّوَاءُ الْبَطْنَ: دورا ئىچىنى بوشاتتى، ئىچىنى سۈردى.

أَسْهَلَ الشَّيْءَ: قولايلاشتۇردى، ئاسانلاشتۇردى.

أَسْهَمَ يُسْهِمُ إِسْهَامًا لَهُ فِي كَذَا: بىر ھەسسە بۆلۈپ بەردى.

أَسْهَمَ فِي شَيْءٍ أَوْ أَمْرٍ: قاتناشتى.

أَسْهُمٌ نَارِيَّةٌ: ئۇچقۇن.

أَسْهُمٌ مَالِيَّةٌ: پاي، ھەسسە.

حَمَلَةُ الْأَسْهُمِ: ھەسسىدار، پايچىك.

أَسْهَى يُسْهِي إِسْهَاءَهُ عَنِ الشَّيْءِ: غەپلەتتە قالدۇردى، ئۇنتۇلدۇردى.

إِسْوَادَّ يَسْوَادُّ إِسْوِيدَادًا: قارايدى.

إِسْوَارٌ ج أَسْوِرَةٌ و أَسَاوِرُ: بىلەيزۈك.

«يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِنْ ذَهَبٍ» ‹قرآن›: جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ.

أُسْوَةٌ ج أُسًى: ئۈلگە، نەمۇنە.

«كَانَ لَكُمْ فِيهِمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ» ‹قرآن›: سىلەرگە ئۇلار ياخشى ئۈلگىدۇر.

أَسْوَدُ ج سُودٌ وَ سُودَانٌ: قارا؛ تۇم.

فَقْرٌ أَسْوَدُ: نامرات، گاداي.

«لَوْنُ الْفَحْمِ أَسْوَدُوَكَذَلِكَلَوْنُ الْغُرَابِ»: كۆمۈرنىڭ رەڭگى قارا، شۇنداقلا قاغىنىڭمۇ رەڭگى قارا.

سُوقٌ أَسْوَدُ: قاراڭغۇ بازار.

أَسْوَدُ الْكَبِدِ: دۈشمەن.

اَلْأَسْوَدَانِ: خورما بىلەن سۇ؛ يىلان بىلەن چايان.

أَسْوَدُ. اَلْجِلْسُ الْأَسْوَدُ: قارا تەنلىك.

أَسْوَدُ الْقَلْبِ: ئۆچمەن، دىلى قارا.

اَلْحَجَرُ الْأَسْوَدُ: قارا تاش، ھەجەرۇلئەسۋەد.

أَسْوَدُ ج أَسَاوِدُ: قارامتۇل چوڭ يىلان.

أَسْوَدُ فَاحِمٌ: تۇم قارا، قاپقارا.

إِسْوَدَّ يَسْوَدُّ إِسْوِدَادًا: قارايدى.

«يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ» «قرآن»: شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ. بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ.

«إِسْوَدَّتِ الدُّنْيَا فِي عَيْنَيْهِ»: ئۇنىڭ كۆزىدە پۈتۈن جاھان قاراڭغۇلۇققا ئايلاندى.

أَسْوَغُ: لەززەتلىك، مەززىلىك؛ جائىز، مۇباھ.

أَسْوًّ: دورا.

أَسِيَ يَأْسَى أَسًى: ھەسرەت چەكتى، قايغۇردى.

«فَلَاتَأْسَ عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ» «قرآن»: كاپىر قەۋملىرى ئۈچۈن سەن ھەسرەت چەكمىگىن.

أَسِيَ عَلَيْهِ وَ لَهُ: قايغۇردى.

أَسًى: قايغۇ ـ ئەلەم، ھەسرەت.

أَسْيَاقٌ: قورال ساقلىغۇچى ئامما.

أَسِيرٌ ج أَسْرَى و أُسَرَاءُ وَأُسَارَى: ئەسىر.

«وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَ أَسِيرًا» «قرآن»: ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.

«تَبَادَلَ الْفَرِيقَانِ أَسْرَى الْحَرْبِ»: ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى.

أَسِيرُ التَّقَالِيدِ: ئەنئەنىلەرنىڭ ئەسىرى.

أَسِيرُ الشَّهْوَةِ: ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ قۇلى.

أَسِيلٌ م أَسِيلَةٌ: سىلىق، يۇمشاق.

خَدٌّ أَسِيلٌ: يۇمران مەڭىز.

أَسِيلُ الْخَدَّيْنِ: يۇمران مەڭزلىك؛ سوزۇنچاق يۈزلۈك.

أَشَاعَ يُشِيعُ إِشَاعَةً ـــ هُ إِلَى كَذَا: زورلىدى؛ قانات ئاستىغا ئالدى.

أَشَابَ يُشِيبُ إِشَابَةً هُ الْحُزْنُ: قېرىتىۋەتتى، خاپىلىق چېچىنى ئاقارتىۋەتتى.

أَشَابَةٌ ج أَشَائِبُ: چۈپرەندە ئادەملەر، قالايمىقان ئادەملەر؛ ھارام ئارىلىشىپ قالغان كەسىپ.

أَشَاحَ يُشِيحُ إِشَاحَةً بِوَجْهِهِ: ياقتۇرماي يۈزىنى ئۆرىدى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، قاچتى.

أَشَاحَ بِـ . . . : تەرەپكە ئۆزگەرتتى.

أَشَادَ يُشِيدُ إِشَادَةً بِذِكْرِهِ: ئۇنى ماختىدى، كۆيلىدى، تەرىپلىدى.

أَشَادَ الْبِنَاءَ: ئېگىزلەتتى.

أَشَارَ يُشِيرُ إِشَارَةً إِلَيْهِ بِيَدِهِ: ئىشارەت قىلدى، ئىما قىلدى.

«فَأَشَارَتْ إِلَيْهِ قَالُوا كَيْفَ نُكَلِّمُ مَنْ كَانَ فِي الْمَهْدِ صَبِيًّا» «قرآن»: مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى.

أَشَارَ إِلَيْهِ: كۆرسەتتى، تەكىتلىدى، بەلگىلىدى؛ باش لىڭشىتتى، قوشۇلدى، دارىتمىلىدى، دارىتىپ ئېيتتى، كىنايە قىلدى، ئىشارەت قىلدى، بىشارەت بەردى؛ تىلغا ئالدى.

أَشَارَ عَلَيْهِ بِكَذَا: نەسىھەت قىلدى، پەند ـ نەسىھەت قىلدى؛ مەسلىھەت بەردى.

أَشَارَهُ: بېزىدى، زىننەتلىدى.

أَشَارَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن سىنىدى.

أَشَارَ عَلَيْهِ: نەسىھەت قىلدى، مەسلىھەت بەردى.

إِشَارَةٌ ج إِشَارَاتٌ: نەسىھەت؛ پىكىر، قاراش، كۆز قاراش؛ تەكلىپ.

إِشَارَةُ الْخَطَرِ: خەتەر سىگنالى، ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى.

إِشَارَةُ ضَبْطِ الْوَقْتِ: ۋاقىت سىگنالى.

إِشَارَةٌ بَرْقِيَّةٌ «تِلْغِرَافِيَّةٌ»: تېلېگراف، تېلېگرام؛ تېلېفون ئالاقىسى؛ تېلېگراف ئالاقىسى؛ رادىئو ئالاقىسى.

إِشَارَةُ دَلِيلٍ: بەلگە، ئالامەت، نامايەندە، قول ئىشارىتى؛ سىگنال.

إِشَارَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ: سىمسىز تېلېگراف.

إِشَارَةُ الْيَدِ: قول ئىشارىتى.

قُوَّاتُ الْإِشَارَةِ: ئالاقىلىشىش ئەترىتى، خەۋەرلە-شىش قىسمى.

إِشَارَةُ الذِّرَاعِ: يەلڭ بەلگىسى.

سِلَاحُ الْإِشَارَةِ: خەۋەرلىشىش قىسمى، ئالاقە قىسمى.

سَرِيَّةُ الْإِشَارَةِ: ئالاقىلىشىش ئەترىتى.

إِسْمُ الْإِشَارَةِ: كۆرسىتىش ئالمىشى.

إِشَارَةُ أَمْرٍ: بۇيرۇق.

رَهْنَ إِشَارَتِهِ: بۇيرۇقى ئاستىدا، يېتەكچىلىكىدە.

إِشَارَةٌ ج أَشَايِرُ: سىگنال؛ بايراق، تۇغ، ئەلەم.

أَشَاطَ يُشِيطُ إِشَاطَةً: قوزۇتتى، كۆيدۈردى، كۆلكە ئايلاندۇردى.

أَشَاعَ يُشِيعُ إِشَاعَةَ الْخَبَرَ: خەۋەر تارقاتتى.

أَشَاعَ الدَّارَ: قورۇنى ئورتاق قىلدى.

إِشَاعَةٌ: تارقاتماق، يايماق؛ ئېلان قىلماق، جاكار-لىماق.

إِشَاعَةٌ ج إِشَاعَاتٌ: ئىغۋا، پىتنە - پاسات، يالغان - ياۋىداق گەپلەر، سۆز - چۆچەك، تارقىلىپ يۈرگەن گەپ، مىش - مىش پاراڭ، غەيۋەت - شىكايەت.

أَشَاكَ يُشِيكُ إِشَاكَةً: تىكەن كىردى؛ سانجىلدى.

أَشَالَ يُشِيلُ إِشَالَةً: كۆتۈردى.

أَشْأَمَ يُشْئِمُ إِشْآمًا الْمُسَافِرُ: يولۇچى شامغا كىردى، سۈرىيەگە كىردى.

أَشْأَمُ: ئۇمىدسىزلىك، شۇملۇق ئالامىتى، يامان-لىق ئالامىتى، شۇملۇق.

أَشْأَمُ ج أَشَائِمُ م شُؤْمَى: شۇم، شۇملۇق ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم.

«أَشْأَمُ كُلِّ امْرِئٍ بَيْنَ لِحْيَيْهِ»: ھەر ئادەمنىڭ شۇملۇقى تىلىدا (پۈت يۈگۈرۈكى ئاشقا، تىل يۈگۈرۈكى باشقا).

أَشِبَ يَأْشَبُ أَشَبًا الشَّجَرُ: دەرەخ چىرمىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى.

أَشَبٌ: ئورمان، ئورمانزارلىق، دەرەخزارلىق.

اَلْأَشْبَالُ: ئارسلان.

«اِنْضَمَّ الصَّبِيُّ إِلَى فَرِيقِ الْأَشْبَالِ»: كىچىك بالا «ئارسلان ئەترىتى» گە قاتناشتى.

أَشَبَّ يُشِبُّ إِشْبَابًا الْغُلَامُ: يىگىت بولدى، چوڭ بولدى، ئۆستى.

أَشَبَّ الْفَرَسَ: ئاتنى دىۋىتتى.

أَشَبَّ الشَّخْصُ: بالىلىرى چوڭ بولۇپ قالدى، يىگىتلىك قورامىغا يەتتى.

أَشَبَّ اللّٰهُ غُلَامًا: ئاللاھ بالىنى يىگىتلىك قورا-مىغا يەتكۈزدى، ئاللاھ بالىنى ياشلىق قورامىغا يەتكۈزدى.

أَشْبَعَ يُشْبِعُ إِشْبَاعًا الرَّجُلُ ضَيْفَهُ: مېھمىنىغا تويغۇچە تاماق بەردى، تويغۇزدى، تويدۇردى.

أَشْبَعَ الشَّيْءَ: ۋايىغا يەتكۈزدى.

أَشْبَعَ الصَّابِغُ الثَّوْبَ: بوياقچى كىيىمنى قېنىق بويىدى.

أَشْبَعَ الطِّفْلَ ضَرْبًا: بالىنى قاتتىق ئۇرىۋەتتى.

أَشْبَعَ نَهَمَهُ الْعِلْمِيَّ: كۆپ ئىزدىنىپ، كۆپ ئوقىدى، ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇردى.

أَشْبَعَ السَّائِلَ وَنَحْوَهُ: سۇيۇقلۇقنى تولۇق ئېرىت-تى.

أَشْبَعَ الْأَمْرَ بَحْثًا: ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلدى.

أَشْبَلَ يُشْبِلُ إِشْبَالًا عَلَيْهِ: ياردەم بەردى، كۆيۈندى.

أَشْبَلَتِ اللَّبُوَةُ: يولۋاس تۇغدى.

أَشْبَلَتِ الْمَرْأَةُ عَلَى وَلَدِهَا: ئايال بالىسىنى سېغىندى.

أَشْبَهَ يُشْبِهُ إِشْبَاهًا الشَّيْءُ الشَّيْءَ: ئوخشاپ قالدى، ئوخشىدى.

أَشْبَهَ وَالِدَهُ: دادىسىغا ئوخشاتتى.

أَشْبَهَ أُمَّهُ: ئانىسىغا ئوخشاتتى.

وَمَا أَشْبَهَ ذَلِكَ: شۇنىڭغا ئوخشاش، شۇ قاتارلىق، شۇنىڭدەك.

مَا أَشْبَهَ بِأَبِيكَ: ئاتاڭغا نېمىدېگەن ئوخشايسەن.

«أَنْتَ تُشْبِهُ أَبَاكَ فِي سَمَاحَتِهِ»: سەن كەڭ قورساقلىقتا داداڭغا ئوخشايسەن.

مَا أَشْبَهَ اللَّيْلَةَ بِالْبَارِحَةِ: ھېلىقى ئاتام كۆرگەن-دەك.

أَشْبَهُ: ئەڭ ئوخشايدىغان.

إِشْبِينٌ م إِشْبِينَةٌ: قولداش.

إِشْبِينُ الْعَرِيسِ: ئوغۇل قولدىشى.

إِشْبِينَةُ الْعَرُوسِ: قىز قولدىشى.

أَشْتَاتٌ: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، رەتسىز، قالايمىقان.

«يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِيُرَوْاأَعْمَالَهُمْ» ‹قۇرئان›: بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ.

إِشْتَاطَ يَشْتَاطُ إِشْتِيَاطًا عَلَيْهِ: غەزىپى تاشتى، قاتتىق ئاچچىقلاندى.

إِشْتَاقَ يَشْتَاقُ إِشْتِيَاقًاإِلَى الشَّيْءِ: سېغىنىپ قارىدى، كۆزەتتى، تەكشۈردى.

إِشْتَاقَ يَشْتَاقُ إِشْتِيَاقًا الشَّيْءَ وَإِلَيْهِ: سېغىندى، ئەسلىدى، تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى، ئارزۇ قىلدى.

إِشْتَأَى يَشْتَئِي إِشْتِئَايًا: ئۆتۈپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى، ئىلگىرىلەپ كەتتى.

إِشْتِبَاكٌ: ئارىلاشماق، گىرەلەشمەك، گىرەلىشىپ كەتمەك.

«وَقَعَ الْإِشْتِبَاكُ»: توقۇنۇشۇپ قالدى.

إِشْتِبَاهٌ: تۇتۇق، مۇجمەل، شۈبھە، گۇمان، گۇمانلانماق، شۈبھىلەنمەك؛ ئەنسىرىمەك، تەشۋىشلەنمەك.

إِشْتَبَكَ يَشْتَبِكُ إِشْتِبَاكًا: ئارىلىشىپ كەتتى، ئارىلاشتى، گىرەلىشىپ كەتتى، كىرىشىپ كەتتى، چىگىشلەشتى، جىدەللەشتى، تاكاللاشتى، جاڭجاللاشتى، توقۇنۇشتى.

إِشْتَبَكَ فِي الْأَمْرِ: چېتىلدى.

إِشْتَبَكَ فِي حَدِيثٍ: پاراڭلاشتى، سۆھبەتلەشتى، سۆزلەشتى.

إِشْتَبَكَ الْجَيْشَانِ: ئىككى قوشۇن گىرەلىشىپ كەتتى.

«لَقَدِ اشْتَبَكَ الْحَبْلَانِ مَعًا»: ئىككى ئارغامچا بىر - بىرىگە چىگىلىشىپ كەتتى.

إِشْتَبَكُوا فِي قِتَالٍ: ئۇرۇش قىلىشتى، جەڭ قىلىشتى، قالايمىقان ئۇرۇشتى.

إِشْتَبَهَ يَشْتَبِهُ إِشْتِبَاهًا: ئوخشاش بولدى، ئوخشىشىپ كەتتى.

إِشْتَبَهَ فِي الْأَمْرِ: گۇمان قىلدى، گۇمانلاندى، شۈبھىلەندى، شەك كەلتۈردى، ئىشەنمىدى.

إِشْتَبَهَ الْأَمْرُ عَلَيْهِ: ئارىلىشىپ كەتتى، تۇتۇق بولدى، مۇجمەل بولدى.

إِشْتَبَهَ الرَّجُلُ فِي الْمَسْأَلَةِ: شەكلىنىپ قالدى.

أَشَتَّ يُشِتُّ إِشْتَاتًا الْقَوْمَ: تارقاتتى، بوشاشتۇردى، پارە - پارە قىلىۋەتتى، ئايرىۋەتتى.

إِشْتَجَرَ يَشْتَجِرُ إِشْتِجَارًا الرَّجُلُ: ئالغا باستى، ئىلگىرىلىدى.

إِشْتَجَرَ الشَّيْءُ: كىرىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى.

«إِشْتَجَرَتِ الْأَصَابِعُ»: بارماقلار كىرىشىپ كەتتى.

إِشْتَجَرَتِ الرِّمَاحُ: نەيزىلەر گىرەلىشىپ كەتتى.

إِشْتَجَرَتِ الْقَوْمُ: دەتالاش قىلىشتى، جاڭجال قىلىشتى، ماجىرا قىلىشتى، كىرىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى.

إِشْتَدَّ يَشْتَدُّ إِشْتِدَادًا: كۈچەيدى، كەسكىنلەشتى.

«مَثَلُ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا بِرَبِّهِمْ أَعْمَالُهُمْ كَرَمَادٍ اشْتَدَّتْ بِهِ الرِّيْحُ فِى يَوْمٍ عَاصِفٍ» ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ.

إِشْتَدَّ مَرَضُهُ: كېسىلى كۈچەيدى.

إِشْتَدَّ الضَّغْطُ: بېسىم كۈچەيدى.

إِشْتَدَّ الزِّحَامُ: بەك قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى.

إِشْتَدَّ السِّعْرُ: باھا ئۆسۈپ كەتتى، باھا ئۆرلەپ كەتتى.

إِشْتَدَّ فِي عَدْوِهِ: تېز يۈگۈردى

إِشْتَدَّ عَلَيْهِ الْمَرَضُ: كېسەل ئېغىرلاشتى، كېسىلى كۈچەيدى.

إِشْتَدَّ اللَّبَنُ: سۈت ئۇيىدى، سۈت ئۇيۇشقا باشلىدى.

إِشْتَدَّ النَّهَارُ: كۈن ئۆرلىدى، كۈن يۇقىرىلىدى.

إِشْتَدَّ فِي السَّيْرِ: جىددىي يۈرۈش قىلدى، ئالدىرىدى.

«فِي الصَّيْفِ تَشْتَدُّ الْحَرَارَةُ» : يازدا ئىسسىق قاتتىق بولىدۇ.

«كُلَّمَا اشْتَدَّ الضَّغْطُ ارْتَفَعَتْ نِيْرَانُ الْمُقَاوَمَةِ» : بېسىم كۈچەيگەنسېرى، قارشىلىق شۇنچە ئەۋج ئالىدۇ.

«تَشْتَدُّ حَرَارَةُ الْجَوِّ يَوْمًا إِثْرَ يَوْمٍ» : ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىماقتا.

«فِي هَذِهِ الْأَيَّامِ اِشْتَدَّ الْبَرْدُ وَهَبَّتِ الْعَوَاصِفُ» : بۇ كۈنلەردە سوغۇق قاتتىق بولدى، بوران قاتتىق چىقتى.

إِشْتِرَاطٌ: ۋەدىلەشمەك، كېلىشمەك، شەرتلەشمەك.

إِشْتِرَاعٌ: قانۇن تۈزۈش، قانۇن چىقىرىش.

إِشْتِرَاعِيٌّ: قانۇنى، قانۇنلۇق.

إِشْتِرَاكٌ: ھەمكارلىق، ياردەم؛ سوۋغات، ئىنئام، قاتناشماق، ئىشتىراك قىلماق.

اَلْإِشْتِرَاكُ فِي مَجَلَّةٍ: ژۇرنالغا مۇشتەرى بولماق.

إِشْتِرَاكٌ مَحَاصَّةٌ: قاتناشماق، كىرمەك.

رَسْمُ إِشْتِرَاكٍ: قاتنىشىش ھەققى.

إِشْتِرَاكِيٌّ: سوتسىيالىستىك، سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، سوتسىيالىزمچى، سوتسىيالىزمنىڭ.

اَلنِّظَامُ الْإِشْتِرَاكِيُّ: سوتسىيالىستىك تۈزۈم.

إِشْتِرَاكِيَّةٌ: سوتسىيالىزم.

نَزْعَةٌ إِشْتِرَاكِيَّةٌ: سوتسىيالىستىك خاھىش.

اَلْإِشْتِرَاكِيَّةُ الْأُطُوبَاوِيَّةُ: خىيالىي سوتسىيالىزم.

اَلْإِشْتِرَاكِيَّةُ الشُّوفِينِيَّةُ: سوتسىيال شوۋىنىزم.

اَلْإِشْتِرَاكِيَّةُ الْعِلْمِيَّةُ: ئىلمىي سوتسىيالىزم.

إِشْتَرَطَ يَشْتَرِطُ إِشْتِرَاطًا: ۋەدىلەشتى، شەرتلەشتى، كېلىشتى، بەلگىلەشتى.

إِشْتَرَطَ الْمَرِيضُ: كېسەلدىن قان ئالدى.

إِشْتَرَطَ الْجِلْدَ: تېرىنى تىلىۋەتتى.

إِشْتَرَعَ يَشْتَرِعُ إِشْتِرَاعًا: قانۇن چىقاردى، قانۇن تۈزدى.

إِشْتَرَكَ يَشْتَرِكُ إِشْتِرَاكًا الرَّجُلَانِ فِي كَذَا: شېرىكلەشتى، ئورتاقلاشتى.

إِشْتَرَكَ فِي الصُّحُفِ وَالْمَجَلَّاتِ: گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولدى.

إِشْتَرَكَ فُلَانٌ فِي النَّادِي وَغَيْرِهِ: قاتناشتى، ئەزا بولدى.

إِشْتَرَكَ الْأَمْرُ: ئورتاق بولدى.

إِشْتَرَكَ التَّرْكِيبُ أَوِ اللَّفْظُ: جۈملە ياكى لەۋزى كۆپ مەنىلىك بولدى، بىردىن ئارتۇق مەنىگە ئېھتىماللىقى بولدى.

إِشْتَرَكَ فِي اكْتِسَابٍ أَوْعَمَلٍ: ياردەم بەردى، تەقدىم قىلدى، ئىنئام قىلدى، سوۋغا قىلدى.

«لَمْ أَشْتَرِكْ فِي الْمُؤْتَمَرِ بَلْ سَمِعْتُ تَبْلِيغَ مُحْتَوَيَاتِهِ فَقَطْ» : مەن يىغىنغا قاتناشمىدىم، يالغۇز ئۇنىڭ يەتكۈزمىسىنى ئاڭلىدىم.

«هَلِ اشْتَرَكْتَ فِي نَشَاطَاتِ الْإِحْتِفَالِ بِالْعِيدِ الْوَطَنِيِّ فِي الْعَامِ الْمَاضِي؟» : ئۆتكەن يىلى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتىڭمۇ؟

إِشْتَرَى يَشْتَرِي إِشْتِرَاءً الشَّيْءَ: سېتىۋالدى، ئالدى.

«وَقَالَ الَّذِي اشْتَرَاهُ مِنْ مِصْرَ لِامْرَأَتِهِ أَكْرِمِي مَثْوَاهُ» «قرآن» : ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن» دېدى.

إِشْتَرَى الرَّجُلُ: خاپا بولدى، ئاچچىقلاندى، چېچىلدى، سەپراسى ئۆرلىدى.

إِشْتَرَتِ الْأُمُورُ: ئىشلار چوڭىيىپ كەتتى، ئېغىرلىشىپ كەتتى، جىددىيلىشىپ كەتتى.

إِشْتَطَّ يَشْتَطُّ إِشْتِطَاطًا عَلَيْهِ: زۇلۇم قىلدى، خارلىدى، ئازابلىدى.

إِشْتَطَّ الرَّجُلُ فِي حُكْمِهِ: ناتوغرا ھۆكۈم قىلدى.

إِشْتِعَالٌ: كۆيمەك، يانماق.

قَابِلُ الْإِشْتِعَالِ: كۆيىدىغان، يانىدىغان.

إِشْتَعَبَ يَشْتَعِبُ إِشْتِعَابًا: ئايرىلدى، بۆلۈندى.

إِشْتَعَلَ يَشْتَعِلُ إِشْتِعَالًا غَضَبًا: غەزەپلەندى،

زەردىسى قاينىدى.

إِشْتَعَلَ رَأْسُهُ شَيْبًا: چېچى ئاقاردى.

«وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا» ‹قرآن›: چېچىم ئاقاردى.

إِشْتَعَلَتِ النَّارُ: ئوت كۆيدى، ئوت ياندى، ئوت ئېلىپ كەتتى؛ ئەۋجىگە چىقتى.

اشْتَعَلَ غَيْظًا: غەزەپلەندى، جۇدۇنى تۇتتى.

إِشْتَغَلَ يَشْتَغِلُ إِشْتِغَالاً بِهِ: مەشغۇل بولدى، شۇغۇللاندى؛ پايپېتەك بولۇپ كەتتى، ئالدىراپ - تېنەپ ئىشلىدى.

إِشْتَغَلَ بِكَذَا: شۇغۇللاندى، ئىشلىدى.

إِشْتَغَلَ بِالْعِلْمِ: ئىلىم بىلەن شۇغۇللاندى.

إِشْتَغَلَ قَلْبُهُ: تەشۋىشلەندى، بىئارام بولدى، بېسەرەمجان بولدى، ئارامسىزلاندى.

إِشْتَغَلَ عَنْهُ: ئۇنى تاشلاپ قويۇپ باشقىسى بىلەن بولۇپ كەتتى.

إِشْتَغَلَ الْمُحَرِّكُ: ماتور ھەرىكەتلەندى، ماتور چۆرگىلىدى.

«يَشْتَغِلُ أَخُوهُ فِي وَزَارَةِ الصِّحَّةِ»: قېرىندىشى سەھىيە نازارىتىدە ئىشلەيدۇ.

إِشْتَفَّ يَشْتَفُّ إِشْتِفَافًا الشَّارِبُ مَافِي الْإِنَاءِ: قاچىدىكى ھەممىنى سۈمۈرۈپ ئىچىپ قۇرۇقدىۋەتتى.

إِشْتَفَّ الْأُمُورَ: چوڭقۇر ئىزدەندى، چوڭقۇر تەكشۈردى.

إِشْتَفَى يَشْتَفِي إِشْتِفَاءً: ئارزۇسى قاندى، ئارزۇسىغا يەتتى، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى، مۇرادىغا يەتتى، تولۇق قانائەت ھاسىل قىلدى؛ بىر ئاۋۇنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولدى، كۆڭلى قارىلىق قىلدى.

إِشْتَفَى الرَّجُلُ مِنْ عَدُوِّهِ: دۈشمىنىدىن ئەنتىمنى ئالدى، ئۆچىنى ئالدى، دەردىنى چىقىرىۋالدى.

إِشْتِقَاقٌ ‹فِي النَّحْوِ›: ياسالما سۆز (گرامماتىكىدا).

عِلْمُ الْإِشْتِقَاقِ: ئېتىمولوگىيە.

إِشْتَقَّ يَشْتَقُّ إِشْتِقَاقًا: ئايرىلدى، تۇرلەرگە ئايرىلدى، بۆلۈنۈپ چىقتى.

إِشْتَقَّ الْكَلِمَةَ مِنْ غَيْرِهَا: سۆز ياسىدى.

إِشْتَكَلَ يَشْتَكِلُ إِشْتِكَالاً: ئارىلىشىپ كەتتى، مۇجمەل بولۇپ قالدى.

إِشْتَكَى يَشْتَكِي إِشْتِكَاءً إِلَيْهِ: دەرد تۆكتى، ھال ئېيتتى، شىكايەت قىلدى؛ كېسەل بولدى، ئاغرىپ قالدى.

«قَدْ سَمِعَ اللهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللهِ» ‹قرآن›: ئاللاھ ھەققەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

«إِشْتَكَى الْبَائِعُ الْمُشْتَرِيَ عِنْدَ الْقَاضِي»: مال ساتقۇچى خېرىدار ئۈستىدىن سوتىيىگە شىكايەت قىلدى.

إِشْتَكَى الْأَمْرَ: ئىزھار قىلدى، بايان قىلدى.

إِشْتَكَى بَطْنَهُ: قورساق ئاغرىقى بىلەن ئاغرىدى.

إِشْتَمَلَ يَشْتَمِلُ إِشْتِمَالاً عَلَيْهِ: ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئىچىدە بولدى، تەركىبىدە بولدى.

«أَمَّا اشْتَمَلَتْ عَلَيْهِ أَرْحَامُ الْأُنْثَيَيْنِ» ‹قرآن›: ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟

إِشْتَمَلَ الْأَمْرُ عَلَى كَذَا: ئۆز ئىچىگە ئالدى، تەركىب تاپتى، ھاسىل بولدى.

إِشْتَمَلَ الرَّجُلُ بِثَوْبِهِ: كىيىمى بىلەن يۆگىنىۋالدى.

إِشْتَمَلَ الْفَارِسُ بِسَيْفِهِ: چەۋەنداز قىلىچىنى ئېسىۋالدى.

إِشْتَمَّ يَشْتَمُّ إِشْتِمَامًا: پۇرىدى، ھىدىنى ئالدى.

«إِشْتَمَّ فِي كَلَامِهِ رَائِحَةَ الْكِذْبِ»: ئۇنىڭ سۆزىدىن يالغانچىلىقنىڭ ھىدىنى سەزدى.

إِشْتِهَاءٌ: ئۈمىد قىلماق، ئارزۇ قىلماق، كۆڭلى تارتماق؛ ئىشتىھا.

إِشْتِهَارٌ: داڭ چىقارماق، مەشھۇر بولماق، تونۇلماق.

إِشْتَهَرَ يَشْتَهِرُ إِشْتِهَارًا الْأَمْرُ: داڭقى چىقتى، داڭ كەتتى، شۆھرەت قازاندى، مەشھۇر بولدى، ئاتىقى چىقتى؛ يېيىلدى، تارقالدى.

إِشْتَهَرَ بِكَذَا: تونۇلدى، شۆھرەت قازاندى.

إِشْتَهَى يَشْتَهِي إِشْتِهَاءً: تەشنا بولدى، ئىنتىزار

بولدى، ئارزۇ قىلدى، سېغىندى، ئەسلىدى.

إِشْتَهَى الشَّيْءَ: كۆڭلى تارتتى.

«وَلَكُمْ فِيْهَا مَاتَشْتَهِي أَنْفُسُكُمْ» «قۇرئان» : جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار.

«وَأَمْدَدْنَاهُمْ بِفَاكِهَةٍ وَلَحْمٍ مِمَّا يَشْتَهُوْنَ» «قۇرئان» : ئۇلار كۆرۈۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە يەنە (ئۇلارنى) كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە كۆڭلى تارتقان گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز.

«اَلْأُمُوْرُ قَدْتَجْرِى عَلَى غَيْرِ مَاتَشْتَهِى» : ئىشلار ھەمىشە بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە بولمايدۇ.

«كُلْ مَا اشْتَهَيْتَ وَالْبَسْ مَاتَشْتَهِيهِ النَّاسُ» : تاماقتىن كۆڭلۈڭ تارتقاننى يېگىن، كىيىمنى كىشىلەرنىڭ رايىغا قاراپ كىيگىن.

إِشْتَوَى يَشْتَوِى إِشْتِوَاءً اللَّحْمَ: گۆشنى كاۋاپ قىلدى.

أَشْتَى يُشْتِى إِشْتَاءً: قىشقا كىردى، قىش پەسلىگە كىردى.

إِشْتِيَاقٌ: ئىشتىياق؛ سېغىنىش، قىزغىن ئارزۇ.

أَشْجَبَ يُشْجِبُ إِشْجَابًا ـــ هُ: مەيۇسلەندۈردى، ئازابلىدى، قايغۇ ئەلەمگە دۇچار قىلدى.

أَشَجُّ م شَجَّاءُ ج شُجٌّ: باش ـ كۆزى يېرىلغان ئادەم، قاش ـ قاپاقلىرى يېرىلغان ئادەم.

أَشْجَرَ يُشْجِرُ إِشْجَارًا الْمَكَانُ: جاي دەرەخلىككە ئايلاندى، دەرەخزارلىققا ئايلاندى.

أَشْجَرُ: دەرەخلىك.

مَكَانٌ أَشْجَرُ: دەرەخزارلىق.

أَشْجَعُ م شَجْعَاءُ ج شُجْعٌ: ئەڭ باتۇر، شىر؛ قورقماس، باتۇر، چوڭ يىلان، قول تۆگىسى.

أَشْجَنَ يُشْجِنُ إِشْجَانًا: قايغۇرغۇزدى، غەم ـ قايغۇدا قالدۇردى، غەمگە قالدۇردى.

أَشْجَى يُشْجِى إِشْجَاءً: ئەلەمگە دۇچار قىلدى، قايغۇغا سالدى، ئازابلىدى.

أَشْجَاهُ الْهَمُّ: ئۇنى قايغۇ ئازابلىدى.

أَشْحَصَ يُشْحِصُ إِشْحَاصًا: جاپا سالدى، چارچەتتى.

أَشْحَمَهُ مِنَ الْمَكَانِ: قوغلاپ چىقاردى، ھەيدەپ چىقاردى، ھەيدىدى، قوغلىدى.

أَشْحَطَ يُشْحِطُ إِشْحَاطًا الشَّيْءَ: يىراقلاشتۇردى، نېرى قىلدى، ھەيدىۋەتتى، قوغلىۋەتتى.

أَشْحَمَ يُشْحِمُ إِشْحَامًا: سەمىردى، بورداندى، ماي قاپلىدى.

أَشْحَنَ يُشْحِنُ إِشْحَانًا السَّفِينَةَ: كېمىگە يۈك باستى، كېمىگە يۈك قاچىلىدى.

أَشْحَنَهُ: تولدۇردى، قاچىلىدى.

أَشْخَصَ يُشْخِصُ إِشْخَاصًا: ئاۋارە قىلدى، بىسەرەمجان قىلدى، قالايمىقان قىلدى.

أَشْخَصَ فُلَانًا مِنْ بَلَدِهِ: شەھىرىدىن چىقىرىۋەتتى، ھەيدەپ چىقاردى، قوغلاپ چىقاردى.

أَشْخَصَ فُلَانًا إِلَى أَخِيْهِ: قېرىندىشىغا ئەۋەتتى.

أَشْخَصَ الرَّجُلُ: ماڭىدىغان ۋاقتى بولدى، ۋاقىت توشتى.

أَشْخَصَ بِهِ: ھاقارەتلىدى، قارىلىدى، غەيۋىتىنى قىلدى؛ قارا چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى.

أَشْخُوبٌ ج أَشَاخِيبُ: سۈت ساغقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

أَشَدَّ يُشِدُّ إِشْدَادًا الْفَتَى: يىگىت قۇرامىغا يەتتى، ۋايىغا يەتتى، بالاغەتكە يەتتى، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى.

أَشَدَّ الشَّخْصُ: كۈچلۈك ئۇلاغلىق بولدى.

أَشَدُّ: ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قاتتىق.

أَشُدٌّ: كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەيرەت.

بَلَغَ أَشُدَّهُ: كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋايىغا يەتتى.

«وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُ آتَيْنَاهُ حُكْمًا وَعِلْمًا» «قۇرئان» : يۈسۈپ قۇرامىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق.

أَشْدَقُ م شَدْقَاءُ ج شُدْقٌ: سۆزمەن، گەپكە ئۇستا، گەپدان؛ قوۋۇزى كەڭ، جاۋغىيى كەڭ.

أَشْدَنَ يُشْدِنُ إِشْدَانًا الظَّبْيَةُ: كىيىك چوڭ بولۇپ ئانىسىدىن ئايرىلدى.

أَشْدَهَ يُشْدِهُ إِشْدَاهًا الْأَمْرُ: ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى، ھەيران قالدۇردى.

أَشِرَ يَأْشَرُ أَشَرًا: چوڭچىلىق قىلدى، مەنمەنچىلىك قىلدى.

أَشِرٌ: مۇتەكەببىر، ھاكاۋۇر، ھەددىدىن ئاشقۇچى.

«سَيَعْلَمُوْنَ غَدًا مَنِ الْكَذَّابُ الْأَشِرُ» «قرآن»: ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

«بَلْ هُوَ كَذَّابٌ أَشِرٌ» «قرآن»: بەلكى ئۇ ھەددىدىن ئاشقان كاززاپتۇر.

آلْإِشْرَاسُ: بىر تۈرلۈك يېپىشقاق ماددا، شىلىم.

أَشْرَاطٌ: ئالامەت، بەلگە.

أَشْرَاطُ السَّاعَةِ: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى.

«فَهَلْ يَنْظُرُونَ إِلَّا السَّاعَةَ أَنْ تَأْتِيَهُمْ بَغْتَةً فَقَدْ جَاءَ أَشْرَاطُهَا» «قرآن»: ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى.

إِشْرَاقٌ: باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق، كۆزەتمەك، نازارەت قىلماق؛ تەپتىش قىلماق.

لَجْنَةُ إِشْرَافٍ: باشقۇرۇش ھەيئىتى، نازارەت قىلىش كومىتېتى.

تَحْتَ إِشْرَافِهِ: ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا، ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا.

«سَيَكُونُ ذَلِكَ الْاِجْتِمَاعُ تَحْتَ إِشْرَافِهِ»: بۇ يىغىننى ئۇ باشقۇرىدۇ.

«أُنْجِزَ الْمَشْرُوعُ تَحْتَ إِشْرَافِ فُلَانٍ»: پىلان پالانىنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا ئورۇندالدى.

آلْأَشْرَافُ: ئاقسۆڭەكلەر.

إِشْرَاقٌ م إِشْرَاقَةٌ ج إِشْرَاقَاتٌ: سەزگىلى بولمايدىغان، ئالدىدىن تولۇق بىلىش ھاسىل بولىدىغان بىر خىل نۇرنىڭ ئادەم زېھنىگە ئورۇنلىشىشى.

إِشْرَاقِيٌّ ج إِشْرَاقِيُّونَ: چوڭقۇر بىلىشتە ئىشراق مەزھىپىگە ئەگەشكۈچى.

إِشْرَأَبَّ يَشْرَئِبُّ إِشْرِئْبَابًا لِلشَّيْءِ: يىراققا نەزەر تاشلىدى.

إِشْرَأَبَّ الرَّجُلُ: كۆرۈش ئۈچۈن بويىنىنى سوزدى، بويۇنداپ قارىدى.

أَشْرَبَ يُشْرِبُ إِشْرَابًا: سۇغاردى؛ يۇقۇملاندى؛ تەسىرگە ئۇچرىدى؛ يۇقتى.

أَشْرَبَ سَائِلَ غَيْرِهِ: ھۆل ئۆتۈپ كەتتى؛ مىڭىپ كەتتى.

أَشْرَبَ الْخَشَبَ: ياغاچنى رەندىلىدى، ياغاچنى يونىدى.

أَشْرَبَ الْبَيَاضَ حُمْرَةً: ئاقنى قىزىلنى ئارىلاشتۇردى.

أُشْرِبَ حُبَّهُ: ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆردى.

«وَأُشْرِبُوا فِي قُلُوبِهِمُ الْعِجْلَ بِكُفْرِهِمْ» «قرآن»: ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى.

«أَشْرَبَ ضُيُوفَهُ اللَّبَنَ»: مېھمانلىرىغا سۈت بەردى.

«أَشْرَبَنِي مَالَمْ أَشْرَبْ»: قىلمىغان ئىشنى ماڭا ئارتتى، يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەتكۈزدى.

أَشْرَبَ اللَّوْنَ: رەڭنى قېنىق بەردى.

أَشْرَدَ يُشْرِدُ إِشْرَادًا: قاچۇرۇۋەتتى، قوغلاپ چىقاردى، ھەيدىۋەتتى؛ تۇزىتىۋەتتى، بۆلىۋەتتى، تارقىتىۋەتتى.

أَشَرَّ يُشِرُّ إِشْرَارًا الرَّجُلُ فُلَانًا: يامانلىدى، يامانلىققا نىسبەت بەردى.

أَشَرَّ الرَّجُلُ اللَّحْمَ: گۆشنى قاقلىدى.

أَشَرُّ: ئەڭ يامان، ئەڭ قەبىھ، ئەڭ رەزىل، ئەڭ مۇدھىش.

أَشَرُّ مِنْ كَذَا: ... دىنمۇ يامان.

أَشْرَسُ م شَرْسَاءُ ج شُرْسٌ: ئەخلاقسىز، بەد ئەخلاق.

أَشْرَعَ يُشْرِعُ إِشْرَاعًا الرُّمْحَ: نەيزىنى چەنلىدى، نىشانلىدى، قارىغا ئالدى.

أَشْرَعَ الطَّرِيقَ: يولنى كۆرسەتتى.

أَشْرَعَ نَحْوَهُ الرُّمْحَ: نەيزە بىلەن ئۇنى چەنلىدى.

أَشْرَفَ يُشْرِفُ إِشْرَافًا عَلَى الْعَمَلِ: نازارەت قىلدى، باشقۇردى، ئىدارە قىلدى.

أَشْرَفَ عَلَى الْمَكَانِ: ئېگىزگە چىقىپ قارىدى، ئېگىزدىن نەزەر سالدى.

أَشْرَفَ عَلَى الْمَشْرُوعِ: پىلانغا يېتەكچىلىك قىلدى.

أَشْرَقَ عَلَى الْمَوْتِ: ئۆلۈمگە يۈزلەندى، جان تومشۇقىغا كېلىپ قالدى، سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، ئۆلەي دەپ قالدى، كېسەل ئېغىرلە- شىپ كەتتى.

أَشْرَقَ عَلَى الْأَمْرِ: باشقۇردى، ئىدارە قىلدى، يولباشچىلىق قىلدى.

أَشْرَقَ عَلَى الشَّيْءِ: يېقىنلاشتى.

أَشْرَقَ عَلَى الشِّفَاءِ: ساقىيىشقا يۈزلەندى.

أَشْرَفُ م شَرْفَاءُ ج شُرُفٌ: ئېگىز، ئالىي، ئەڭ شەرەپلىك؛ شەپەرەڭ.

قَصْرٌ أَشْرَفُ: ئېگىز ساراي.

رَجُلٌ أَشْرَفُ: دوك، دۈمچەك.

أَشْرَقَ يُشْرِقُ إِشْرَاقًا وَجْهُهُ: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، يورۇپ كەتتى.

أَشْرَقَتِ الشَّمْسُ الْمَكَانَ: كۈن يورۇتتى، نۇر چاچتى، قۇياش چىقتى.

أَشْرَقَتِ الْأَرْضُ: زېمىن يورۇدى.

«وَأَشْرَقَتِ الْأَرْضُ بِنُورِ رَبِّهَا» «قرآن»: مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ.

أَشْرَقَ اللَّحْمَ: گۆشنى قۇرۇتتى.

أَشْرَقَ النَّخْلُ: خورما سارغايدى.

أَشْرَقَ وَجْهُهُ بِشْرًا: چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇردى.

أَشْرَكَ يُشْرِكُ إِشْرَاكًا: قاتناشتۇردى.

أَشْرَكَ بِاللّٰهِ: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى.

«وَكَيْفَ اَخَافُ مَا اَشْرَكْتُمْ وَلَاتَخَافُوْنَ اَنَّكُمْ اَشْرَكْتُمْ بِاللّٰهِ مَالَمْ يُنَزِّلْ بِهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَانًا»

«قرآن»: ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈر- گەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم.

أَشْرَكَ النَّعْلَ: ئاياغقا شوينا ئۆتكۈزدى، ئاياغقا يىپ ئۆتكۈزدى.

أَشْرَكَهُ فِي الْأَمْرِ: ئۇنى ئىشقا ئورتاقلاشتۇردى، تەڭ بەھرىمەن قىلدى.

أَشْرَكَ فِي اكْتِسَابٍ أَوْعَمَلٍ: ياردەم بەردى، تەقدىم قىلدى، ئىنئام قىلدى.

أَشْرَمُ م شَرْمَاءُ ج شُرْمٌ: كالپۇكى يېرىق، توشقان كالپۇك.

أَشَّرَ يُؤَشِّرُ تَأْشِيْرًا: ئىمزا قويدى (پاسپورتقا).

أَشَّرَ عَلَى جَوَازِ السَّفَرِ: پاسپورتقا ئىمزا قويدى.

«أَشَّرَ الْمُدِيْرُ عَلَى الطَّلَبِ بِالْمُوَافَقَةِ»: مۇدىر ئىلتىماس ئۈستىگە قوشۇلغانلىق ئالامىتى قويدى.

أَشْطَأَ يُشْطِئُ إِشْطَاءً الزَّرْعُ: زىرائەت بىخ چىقار- دى، بىخلىدى.

أَشَطَّ يُشِطُّ إِشْطَاطًا: زۇلۇم قىلدى، ئەزدى، بوزەك قىلدى.

أَشَطَّ فِي سِلْعَتِهِ: كۆز بوياmچىلىق قىلدى، ناھەقچىلىق قىلدى.

«فَاحْكُمْ بَيْنَنَا بِالْحَقِّ وَلَاتُشْطِطْ» «قرآن»: بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن.

أَشَطَّ فِي حُكْمِهِ: زۇلۇم قىلدى.

أَشَطَّ عَنِ الْمَوْضُوعِ: تېمىدىن يىراقلاپ كەتتى، تېمىدىن چەتنەپ كەتتى.

أَشْطَنَ يُشْطِنُ إِشْطَانًا: ئېرى سۇردى، سۇرۇپ قويدى.

إِشْعَارٌ ج إِشْعَارَاتٌ: ئېلان، خەۋەر، مۇراجىئەت، ئۇقتۇرۇش، بىلدۈرمەك، ئۇقتۇرماق، ئېلان، خەۋەر، ئۇقتۇرۇش، مۇراجىئەت.

إِلَى إِشْعَارٍ آخَرَ: يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىل- مىغىچە.

سَيُعْمَلُ بِهَذَالْقَانُونِ حَتَّى إِشْعَارٍ آخَرَ: ئىككىنچى بەلگىلىمە چىقىرىلغانغا قەدەر مۇشۇ قانۇن كۈچكە ئىگە.

إِشْعَارُ وُصُولٍ: ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججىتى.

إِشْعَارُ بِتَسَلُّمِ رِسَالَةٍ: خەت تاپشۇرۇۋالغانلىق ئۇقتۇرۇشى.

إِشْعَاعٌ: نۇر چېچىلماق، پالتىرىماق، پارقىرى- ماق، ۋالىلداماق، نۇر چاچماق؛ ئىپادىلەنمەك، كۆرۈنۈپ تۇرماق، بىلىنىپ تۇرماق.

إِشْعَاعٌ شَمْسِيٌّ: قۇياش نۇرى.

إِشْعَاعٌ ثَقَافِيٌّ: مەدەنىي ئاقارتىش.

«لاَ يَقِلُّ خَطَرُ الْإِشْعَاعِ الذَّرِّيِّ عَنِ التَّدْمِيرِ نَفْسِهِ»: ئاتوم زەررىلىرىنىڭ تارقاپ كېتىش
خەتىرىنى ئاتومنىڭ ئۆزى ئېلىپ كېلىدىغان
هالاكەتتىن تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

إِشْعَاعِيٌّ: نۇرلۇق، شانلىق، پارلاق.

نَشَاطٌ إِشْعَاعِيٌّ: رادىئاتسىيە ئېنېرگىيىسى، رادى-
ئو ئاكتىپلىق ئېنېرگىيە، رادىئوئاكتىپلىق.

إِشْعَاعِيَّةٌ: رادىئوئاكسىيە ئېنېرگىيىسى، رادىئو-
ئاكتىپلىق ئېنېرگىيە.

إِشْعَالٌ: ئوت ياقماق، كۆيمەك، يانماق.

قَابِلُ الْإِشْعَالِ: كۆيىدىغان، يانىدىغان.

أَدَاةُ إِشْعَالٍ: ئوت يېقىش ئەسۋابى.

أَشْعَبِيٌّ: ئاچكۆز، تويماس.

اَلْأَشْعَثُ م شَعْثَاءُ ج شُعْثٌ: چاڭ – توزان
بېسىپ كەتكەن، پاخپىيىپ كەتكەن.

شَعْرٌ أَشْعَثُ: پاخپىيىپ كەتكەن چاچ، چىگىلى-
شىپ كەتكەن چاچ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچ.

أَشْعَرَ يُشْعِرُ إِشْعَارًا ـــ هُ الْأَمْرَ وَ بِهِ: ئۇقتۇر-
دى، خەۋەر قىلدى، دوكلات قىلدى، مەلۇم
قىلدى، مەلۇمات بەردى، بىلدۈردى.

«وَمَا يُشْعِرُكُمْ أَنَّهَا إِذَا جَاءَتْ لاَيُؤْمِنُونَ» «قرآن»:
سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر
كەلسە، ئۇلار ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئىشەنمەس-
لىكلىرى مۇمكىن.

أَشْعَرَ الْحَاجُّ الْبُدْنَ: هاجى قۇربانلىق مىلىگە
بەلگە سالدى.

أَشْعَرَهُ بِالْأَمْرِ: هېس قىلدۇردى.

أَشْعَرَ الْغُلاَمُ أَوِ الْجَارِيَةُ: بالا ياكى قىزغا چاچ
چىقتى.

أَشْعَرَ فُلاَنًا بِالْأَمْرِ: بىلدۈردى.

أَشْعَرَ الْقَوْمُ: بەلگە قىلدى.

أَشْعَرُ م شَعْرَاءُ ج شُعْرٌ: يۇڭلۇق، تۈكلۈك.

رَجُلٌ أَشْعَرُ: تۈكلۈك ئادەم.

أَشْعَرُ الرَّقَبَةِ: كۈچلۈك، نوچى، باتۇر.

أَشْعَرِيٌّ ج أَشْعَرِيَّةٌ و أَشَاعِرَةٌ: ئەشئەرىلەر
پىرقىسىغا مەنسۇپ ئادەم.

أَشْعَرِيَّةٌ ج أَشَاعِرَةٌ: مۇتەكەللىمىنلەردىن بولغان
ئەبۇل ھەسەن ئەشئەرىگە مەنسۇپ بىر پىرقە.

أَشَعَّ يُشِعُّ إِشْعَاعًا الشَّمْسُ الشَّيْءَ: نۇرىنى
چاچتى، پارقىرىدى.

أَشَعَّتِ النَّارُ: ئوت يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق
چىقاردى.

اَلْأَشِعَّةُ ج شُعَاعٌ: نۇر، شولا.

«اَلْمَقْصُورَةُ الْمُوَاجَهَةُ لِلْمَاءِ تُحْظَى بِأَشِعَّةِ الْقَمَرِ أَوَّلاً»: ئاي شولىسى ئالدى بىلەن سۇ
بويىدىكى راۋاققا چۈشىدۇ.

أَشِعَّةُ رُونْتِجِينْ: رېنتگېن نۇرى.

أَشِعَّةُ إِكْسْ: رېنتگېن نۇرى.

اَلْمُعَالَجَةُ بِالْأَشِعَّةِ: رادىئوئاكتىپلىق نۇر بىلەن
داۋالاش.

أَشْعَلَ يُشْعِلُ إِشْعَالاً النَّارَ: ئوت ياقتى، ئوت
تۇتاشتۇردى.

أَشْعَلَ نِيرَانَ الْحَرْبِ: ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇر-
دى، ئۇرۇش باشلىدى.

«أَشْعَلَ الصَّيَّادُونَ النَّارَفِي الْغَابَةِ لَيْلاً»: ئوۋچى-
لار كېچىسى ئورمانلىقتا ئوت ياقتى.

أَشْعَلَ السِّرَاجَ: چىراغنى يورۇتتى.

«أَشْعَلَ الثَّوْرَةَ»: ئىنقىلاب قىلدى، ئىنقىلاب
كۆتۈردى، ئىنقىلاب ئوتىنى ياقتى.

أَشْعَلَ نَارَ الْفِتْنَةِ: پىتنە قوزغىدى؛ ئىسيان
كۆتۈردى.

أَشْغَالٌ: كەسىپ، ھۈنەر، خىزمەت، ئىش مەشغۇ-
لات.

أَشْغَالٌ شَاقَّةٌ مُؤَبَّدَةٌ: مۇددەتسىز قاماپ ئېغىر
ئەمگەككە سېلىش جازاسى.

وِزَارَةُ الْأَشْغَالِ الْعَامَّةِ: ئاممىۋى پاراۋانلىق قۇرۇ-
لۇشى مىنىستىرلىكى.

أَشْغَلَ يُشْغِلُ إِشْغَالاً: ئىشلەتتى، سەرپ قىلدى.

أَشْغَلَ الْبَالَ: ئەنسىرىدى؛ ئەنسىرەتتى، تەشۋىش-
لەندۈردى.

أَشْفَلَةٌ: كۆڭلى بۆلۈندى، چېچىلدى، دىققىتى چېچىلدى.

أُشْغُولَةٌ: كەسىپ، ئىش، خىزمەت، ئەمگەك.

أَشْفَقَ يُشْفِقُ إِشْفَاقًا عَلَيْهِ: قورقتى، خەيرىخاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى، ئىچ ئاغرىتتى، كۆيۈندى، غەمخورلۇق قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى، ئېچىندى.

«إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَأَنْ يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا» «قرآن» : شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى.

أَشْفَقَ مِنَ الْخَطَإِ: ئېھتىيات قىلدى، پەخەس بولدى.

«أَشْفَقْتُ عَلَيهِ أَنْ يَنَالَهُ مَكْرُوهٌ» : ئۇنى بىرەر يامانلىق يېتىپ قېلىشتىن ئايىدىم.

أَشْفَى يُشْفِي إِشْفَاءً عَلَى الشَّيْءِ: يېقىنلاشتى.

«أَشْفَى الْمَرِيضُ عَلَى الْمَوْتِ» : كېسەل سەكراتتا چۈشۈپ قالدى.

أَشْفَى الرَّجُلُ عَلَى الْهَلَاكِ: ئۆلەي دەپ قالدى.

أَشْفَى الْمَرِيضَ: شىپالىق تەلەپ قىلدى؛ كېسەللىككە رېتسېپ يېزىپ بەردى.

أَشْفَى عَلَى الْغَرَقِ: ئۇ سۇدا غەرق بولاي دەپ قالدى.

إِشْفَى ج أَشَافٍ وَ أَشَافِيُّ: بىگىز.

أَشْقَحَ يُشْقِحُ إِشْقَاحًاهُ: قوغلاپ چىقاردى، ھەيدەپ چىقاردى، قوغلىدى، بوشاتتى.

أَشْقَرُ م شَقْرَاءُ ج شُقْرٌ: قىزغۇچ سېرىق، قوڭۇر، بېغىررەڭلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك.

أَشْقَرُ الشَّعْرِ: سېرىق چاچ.

رَجُلٌ أَشْقَرُ: بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم.

اِشْقَرَّ يَشْقَرُّ اِشْقِرَارًا: قوڭۇر تەنلىك بولدى.

أَشْقَى يُشْقِي إِشْقَاءً: بەختسىز بولدى؛ بىتەلەي قىلدى.

«فَأَنْذَرْتُكُمْ نَارًا تَلَظَّى لَايَصْلَهَاإِلَّا الْأَشْقَى الَّذِي كَذَّبَ وَتَوَلَّى» «قرآن» : سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم، ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرىگەن ئادەملا كىرىدۇ.

إِشْكَالٌ ج إِشْكَالَاتٌ: قىيىن، مۈشكۈل، تەس، قىيىنچىلىق، مۈشكۈللۈك، مۇرەككەپ.

«أَثَارَ الْمُتَحَدِّثُ إِشْكَالَاتٍ عِدَّةً فِي حَدِيثِهِ» : سۆزلىگۈچى ئۆز سۆزىدە بىرقانچە قىيىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

أَشْكَرَ يُشْكِرُ إِشْكَارًا الضَّرْعُ: يېلىن سۈتكە تولدى، يېلىن ئىششىپ كەتتى.

أَشْكَلَ يُشْكِلُ إِشْكَالًا الْأَمْرُ: مۈجمەل بولدى، شۈبھىلىك بولدى.

أَشْكَلَ الْكِتَابَ: كىتابقا زىر - زەۋەر قويدى، كىتابقا ھەرىكە قويدى.

أَشْكَلُ م شَكْلَاءُ: ئىككى خىل ئارىلاشما رەڭ.

أَشْكَمَ يُشْكِمُ إِشْكَامًا: ئېغىز دۇرۇق سالدى.

أَشَلَّ يُشِلُّ إِشْلَالًا فُلَانٌ: پالەچ بولۇپ قالدى.

«أَشَلَّ اللّٰهُ فُلَانًا وَ يَدَ فُلَانٍ» : قولى تۇتماس بولسۇن، قولى پالەچ بولسۇن.

أَشَلُّ م شَلَّاءُ ج شُلٌّ: پالەچ.

أَشْلَاءُ الْإِنْسَانِ: ئىنساننىڭ پارچىلىنىپ چىرىپ كەتكەن پۇت - قولى.

إِشْمَاطٌ: چېچى ئاقارماق.

إِشْمِئْزَازٌ: يىرگىنمەك، يامان كۆرمەك، بىزار بولماق، نەپرەتلەنمەك، ياقتۇرماسلىق.

اِشْمَأَزَّ يَشْمَئِزُّ اِشْمِئْزَازًا مِنَ الْأَمْرِ: قورققىنىدىن چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، قورقۇپ شۈمشىيىپ كەتتى؛ زېرىكتى، سىقىلدى.

اِشْمَأَزَّتْ نَفْسُهُ: يىرگەندى، يامان كۆردى، بىزار بولدى، ياقتۇرمىدى، نەپرەتلەندى.

«إِذَا ذُكِرَ اللّٰهُ وَحْدَهُ اشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ الَّذِينَ لَايُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ» «قرآن» : يالغۇز ئاللاھ تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ.

اِشْمَأَزَّ مِنْهُ: كۆڭلى يېنىپ كەتتى، كۆڭلى قايتتى، زېرىكتى، تويۇپ كەتتى، جېنىغا تەگدى.

إِشْمَأَطَّ يَشْمَأِطُّ إِشْمِئْطَاطًا: چېچى ئاقاردى.

أَشْمَتَ يُشْمِتُ إِشْمَاتًا بِعَدُوِّهِ: دۈشمىنىگە يەتكەن خاپىلىقتىن خۇشاللاندى.

«**فَلَاتُشْمِتْ بِيَ الْأَعْدَاءَ**» «قۇرئان»: مېنى دۈشمەنلەرگە تەپەررۇچ قىلىپ بەرمىگىن.

إِشْمَخَرَّ يَشْمَخِرُّ إِشْمِخْرَارًا: قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

أَشْمَسَ يُشْمِسُ إِشْمَاسًا يَوْمُنَا: كۈن ئېچىلدى.

أَشْمَطُ ج شُمْطٌ و شُمْطَانٌ م شَمْطَاءُ: چېچىغا ئاق سانجىغان ئادەم، چېچىغا ئاق كىرگەن ئادەم.

إِشْمَطَّ يَشْمِطُّ إِشْمِطَاطًا: چېچى ئاقاردى.

أَشْمَعَ يُشْمِعُ إِشْمَاعًا السِّرَاجُ: چىراغ يورىدى، يورۇپ كەتتى.

أَشْمَلَ يُشْمِلُ إِشْمَالًا الْقَوْمَ: ئۇلارغا شىمال شامىلى چىقتى.

أَشْمَلَ فُلَانًا: پۈركىدى، يۆگىدى، ئورىدى.

أَشْمَلَتِ الرِّيحُ: شامال شىمالدىن چىقتى.

أَشَمَّ يُشِمُّ إِشْمَامًا الْوَرْدَ: قىزىلگۈل پۇرىدى.

أَشَمَّ فُلَانًا الطِّيبَ: خۇش پۇراق پۇراتتى.

أَشَمَّ الرَّجُلُ: گىدىيىۋالدى.

أَشَمَّ فِي الْقِرَاءَةِ: ئاۋازنى ئوچۇق چىقارماي ھەرىكەتكە مايىل قىلىپراق ئوقۇدى.

أَشَمُّ م شَمَّاءُ ج شُمٌّ: ئېگىز؛ قاڭشارلىق؛ مەرد، ئېسىل ئادەم.

جَبَلٌ أَشَمُّ: ئېگىز تاغ.

أَشْنَبُ م شَنْبَاءُ و شَانِبَةٌ: چىشى ئاق ئادەم، چىشى چىرايلىق ئادەم.

أُشْنَةٌ: موخ.

أَشْنَعُ م شَنْعَاءُ ج شُنْعٌ: سەت، كۆرۈمسىز، قەبىھ، يامان.

أَشَنَّ يُشِنُّ إِشْنَانًا: ئۆپرىدى، خورىدى.

أَشَنَّ الْغَارَةَ عَلَيْهِمْ: كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى.

إِشْهَارٌ: نام، ئابروي، ئاتاق، شۆھرەت؛ داڭلىق، ئېلان؛ ئېلان قىلماق، جاكارلىماق، سازايى قىلماق.

إِشْهَارُ الْإِفْلَاسِ: ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش.

أَشْهَبُ م شَهْبَاءُ ج شُهْبٌ: كۈلرەڭ، كۈلرەڭ - لىك.

عَامٌ أَشْهَبُ: قۇرغاقچىلىق يىلى.

رَجُلٌ أَشْهَبُ: چارباش ئادەم.

أَشْهَدَ يُشْهِدُ إِشْهَادًا: گۇۋاھلىق بەرگۈزدى، ئىقرار قىلدۇردى؛ گۇۋاھچى قىلدى.

أَشْهَدَهُ عَلَى كَذَا: گۇۋاھلىققا تارتتى.

«**وَأَشْهِدُوا إِذَا تَبَايَعْتُمْ**» «قۇرئان»: ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقىتلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار.

«**أَشْهَدُ أَنْ لَاإِلَهَ إِلَّااللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**»: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى.

أُشْهِدَ الرَّجُلُ: شەھىد بولدى، ئاللاھ يولىدا قۇربان بولدى.

أَشْهَرَ يُشْهِرُ إِشْهَارًا الشَّيْءَ: ئېلان قىلدى، جاكارلىدى، يايدى.

أَشْهَرَ التَّاجِرُ إِفْلَاسَهُ: سودىگەر ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

أَشْهَرَ الْحَرْبَ: ئۇرۇش جاكارلىدى.

أَشْهَرَ الصَّبِيُّ: بوۋاق بىر ئايلىق بولدى.

أَشْهَرَتِ الْحَامِلُ: قورساق (ھامىلە) بىر ئايلىق بولدى.

أَشْهَرُ: ئەڭ مەشھۇر، داڭدار.

«**هُوَ أَشْهَرُ مِنْ نَارٍ عَلَى عَلَمٍ**»: داڭقى ئالەمگە تونۇلغان.

أَشْهَلَ يُشْهِلُ إِشْهَالًا: تېزلەتتى، ئالغا سۈردى، ئىلگىرىلەتتى.

أَشْهَلُ م شَهْلَاءُ ج شُهْلٌ: كۆككۆز، چېقىر كۆز.

أَشْوَشُ م شَوْشَاءُ ج شُوشٌ و أَشَاوِشُ: قەھرىمان، باتۇر، جەسۇر، دادىل، جۈرئەتلىك، يۈرەكلىك، ئەزىمەت.

رَجُلٌ أَشْوَشُ: باتۇر ئادەم.

اَلْفُرْسَانُ الْأَشَاوِشُ: قەھرىمان چەۋەندازلار.

أَشْوَسُ م شَوْسَاءُ: كۆزىنىڭ كىرپىكى قارىغا مايىل ئادەم؛ پوتەي كۆز، پالكۆز.

أَشْوَلُ م شَوْلَاءُ ج شُوْلٌ: سولخاي.

أَشْوَهُ م شَوْهَاءُ ج شُوْهٌ: سەت، كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە؛ غەيرىي تەبىئىي، غەيرىي نورمال.

رَجُلٌ أَشْوَهُ: سەت ئادەم، كۆرۈمسىز ئادەم.

أَشْوَى يُشْوِي إِشْوَاءً فُلَانًا: كاۋاپ بىلەن غىزالاندۇردى.

أَشْوَى الصَّائِدُ الصَّيْدَ: ئوۋچى ئوۋ قىلالمىدى، ئولجىغا ئېرىشەلمىدى.

أَشْيَبُ ج شِيَابٌ و شِيْبٌ: ئاق باش، ئاق چاچلىق.

أَشْيَمُ م شَيْمَاءُ: مەڭلىك، خاللىق.

رَجُلٌ أَشْيَمُ: مەڭلىك كىشى، مەڭلىك ئادەم.

أَصَابَ يُصِيبُ إِصَابَةً: ئاتتى، چاچتى، تارقاتتى.

أَصَابَ السَّهْمُ الْغَرَضَ: ئوق نىشانغا تەگدى.

«اَلَّذِيْنَ إِذَاأَصَابَتْهُمْ مُصِيْبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلّٰهِ وَ إِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» «قرآن»: ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز) بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ.

أَصَابَ الشَّخْصَ: توغرا قىلدى، خاتالاشمىدى.

أَصَابَ الشَّيْءَ: تاپتى، ئېرىشتى.

أَصَابَ مُرَادَهُ: مەقسىتىگە ئېرىشتى.

أَصَابَهُ الْأَمْرُ: بېشىغا كەلدى.

أَصَابَ مِنَ الْعِلْمِ نَصِيْبًا: بىر ئۇلۇش ئىلىمگە ئېرىشتى.

«أَصَابَ عُصْفُورَيْنِ بِحَجَرٍ»: بىر تاش بىلەن ئىككى قۇچقاچنى سوقتى (بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقتى).

أَصَابَ مِنَ الشَّيْءِ: ئالدى، ئېلىپ كەتتى، ئىشغال قىلدى.

أَصَابَ فِي عَمَلِهِ: توغرا قىلدى.

«أَصَابَ نَجَاحًا فِي عَمَلِهِ»: ئىشتا نەتىجە قازاندى.

أَصَابَ مَنَامَهُ: ئۇخلىدى.

«أَصَابَتِ الْكُرَةُ الْمَرْمَى»: توپ نىشانغا كىردى.

أَصَابَتِ الْمُصِيبَةُ فُلَانًا: پالانىغا مۇسىبەت يەتتى.

أُصِيْبَ بِجِرَاحٍ بَلِيغَةٍ: ئېغىر يارىلاندى.

أُصِيْبَ بِمَرَضٍ: كېسەل بولدى.

أُصِيْبَ بِالزُّكَامِ: زۇكام بولۇپ قالدى.

أُصِيْبَ بِالْعَيْنِ: كۆزى ئاغرىدى.

«أَصَبْتُ قَلِيْلًا مِنَ الطَّعَامِ»: ئازراق تاماق يېدىم.

إِصَابَةٌ ج إِصَابَاتٌ: توغرا قىلماق؛ جايىغا تەگكۈزمەك، نىشانغا تەگكۈزمەك؛ جاراھەت، زەخمە، زەخمەت.

إِصَابَةٌ مَرَضِيَّةٌ: كېسەل، ئاغرىق.

إِصَابَةٌ فِي حَادِثٍ: كۆتۈلمىگەن ۋەقە، بالا - قازا، ھادىسە، خەتەر.

إِصَابَةُ مَرَضِ الْجُدَرِيِّ: چېچەك چىقماق، چېچەك بىلەن ئاغرىماق.

«عَايَنَ الشُّرْطِيُّ مَحَلَّ الْإِصَابَةِ»: ساقچى ھادىسە يۈز بەرگەن جاينى كۆزدىن كەچۈردى.

«فَازَ الْفَرِيقُ بِأَرْبَعِ إِصَابَاتٍ مُقَابِلَ وَاحِدَةٍ»: بۇ ئەترەت بىرگە قارشى تۆت نەتىجە بىلەن ئۇتۇپ چىقتى.

أَصَاخَ يُصِيخُ إِصَاخَةً لَهُ أَوْ إِلَيْهِ: كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

أَصَاخَ بِسَمْعِهِ: قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى، دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، زەن قويۇپ ئاڭلىدى.

أَصَاخَ لِنَصَائِحِهِ: ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالدى.

أَصَاخَ السَّمْعَ: قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى.

أَصَارَ يُصِيرُ إِصَارَةً: ئۆزگەرتتى، ئايلاندۇردى، مەلۇم دەرىجىگە ئېلىپ كەلدى.

أَصَارَ إِلَى: ئېلىپ كەلدى، ئېلىپ باردى؛ سەۋەب بولدى.

أَصَارَ الشَّيْءَ: قىڭغايتتى، قىيسايتتى.

أَصَارَ الْبِنَاءَ: بۇزدى، ئۆرۈۋەتتى، خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى.

أَصَاعَ يُصِيعُ إِصَاعَةَ الْغَنَمَ: قويلارنى بۆلۈۋەتتى، تارقىتىۋەتتى.

أَصَالَةٌ: چوڭقۇر يىلتىز تارتىش.

أَصَالَةُ الْأُسْلُوبِ: ئۇسلۇبىنىڭ پۇختا، ساغلام بولۇشى.

أَصَالَةُ الطِّرَازِ: شەكلىنىڭ پۇختا، توغرا بولۇشى.

أَصَالَةُ الثَّقَافَةِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ پۇختا، ساغلام بولۇشى.

أَصَالَةُ الْعَمَلِ الْفَنِّيِّ: سەنئەتنىڭ ئىجادىيەتچىل ئالاھىدىلىكى.

أَصَالَةٌ عَنْ نَفْسِي: ئۆز نامىمدىن.

أَصَالَةُ الرَّأْيِ: كۆز قاراشنىڭ توغرا، ئېنىق بولۇشى، پىكىرنىڭ پۇختا، ساغلام بولۇشى.

بِالْأَصَالَةِ عَنْ نَفْسِي: ئۆزۈمنىڭ نامىدىن.

بِأَصَالَةٍ عَنْ نَفْسِي وَ بِالنِّيَابَةِ عَنِ الْحُكُومَةِ: ئۆزۈمگە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، ئۆزۈم ۋە ھۆكۈمەت نامىدىن.

إِصْبَاحٌ: كوندۇزنىڭ ئەۋۋىلى، كوندۇزنىڭ باشلىنىشى.

«فَالِقُ الْإِصْبَاحِ وَجَعَلَ اللَّيْلَ سَكَنًا» «قرآن»: ئاللاھ سۇبھىنى يېرىپ چىقارغۇچىدۇر، ئاللاھ كېچىنى ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى.

أَصْبَأَ يُصْبِئُ إِصْبَاءَ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك ئۈندى، بىخ چىقاردى، بىخلاندى، بىخ سۈردى.

أَصْبَحَ يُصْبِحُ إِصْبَاحًا: سەھەر كىردى، سەھەر بولدى، ئەتىگەن كىردى، ئەتىگەن بولدى، ئەتىگەنگە ئۇلاشتى.

«قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَنْ يَأْتِيكُمْ بِمَاءٍ مَعِينٍ» «قرآن»: (ئۇلارغا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۇيىڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە ــ سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن.

«فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ» «قرآن»: سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

«فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا» «قرآن»: ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار.

أَصْبَحَ الشَّيْءُ: ئاشكارا بولدى، ئاشكارىلاندى، روشەن بولدى.

أَصْبَحَ الْحَقُّ: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى.

أَصْبَحَ «فِي خَبَرِ كَانَ»: ھالاك بولدى، يوقالدى.

أَصْبَحَ الصَّبَاحُ: تاڭ ئاتتى، سۇبھى يورىدى.

أَصْبَحَ أَثَرًا بَعْدَ عَيْنٍ: يوقۇلۇپ تۈگىدى، غايىب بولدى.

«أَصْبَحَ» «صَارَ»: مەنىسىدە كېلىپ، ... گە ئايلاندى، ... گە ئۆزگەردى دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ.

أَصْبَحَ غَنِيًّا: باي بولدى.

أَصْبَحَ يَقْرَأُ: ئوقۇشقا باشلىدى.

أَصْبَرَ يُصْبِرُ إِصْبَارًا الشَّيْءَ: ئاچچىق بولدى، ئاچچىققا ئايلاندى.

«أَصْبَرَ الْمَرِيضَ بِمُوَاسَاتِهِ»: كېسەلنى تەسەللى بېرىش بىلەن سەۋر قىلدۇردى.

أَصْبَرَهُ: ئۇنى سەۋر قىلدۇردى.

إِصْبَعٌ ج أَصَابِعُ: بارماق.

«يَجْعَلُونَ أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِمْ» «قرآن»: قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە (ئوخشايدۇ).

إِصْبَعُ الْمَوْزِ: بانانىڭ تىلى.

إِصْبَعُ الْأَحْمَرِ: لەۋ ئەڭلىكى، لەۋ سۈرۈش.

«وَضَعَ إِصْبَعَهُ عَلَى الْمُشْكِلَةِ»: مەسىلىنىڭ قىيىنلىقىنى تونۇپ يەتتى.

بَصْمَةُ الْإِصْبَعِ: بارماق ئىزى.

وَضَعَ إِصْبَعَهُ عَلَيْهِ: ئۇنىڭ سىرىنى تونىدى.

إِصْبَعُ الْقَدَمِ: ئاياغ ئىزى.

«لَهُ إِصْبَعٌ فِي الْأَمْرِ»: ئۇنىڭ مۇداخىلەتچىلىكى بار، ئۇنىڭ چېتىشلىقى بار.

«لَهُ إِصْبَعٌ فِي هَذَا»: بۇنىڭدا ئۇنىڭ قولى بار، ئۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغان، ئۇنىڭ مۇداخىلەتچىلىكى بار.

«عَلَى مَاشِيَتِهِ إِصْبَعٌ»: ئۇنىڭ ئات ــ ئۇلاغلىرى ناھايىتى ياخشى.

إِصْبَعُ الْأَحْمَرِ: بىر تال لەۋ ئەڭلىكى.

«قَلْبُ الْمُؤْمِنِ بَيْنَ إِصْبَعَيْنِ مِنْ أَصَابِعِ اللّٰهِ يُقَلِّبُهُ كَيْفَ يَشَاءُ» ‹حديث› : مۆمىننىڭ دىلى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ ئاللاھ ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ.

أَصَابِعُ الْعَذْرَاءِ: سايۋا ئۈزۈم.

«لَايَزِيدُ عَلَى أَصَابِعِ الْيَدَيْنِ عَدًّا» : ساناقلىقلا، بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا.

أَصَابِعُ الْعَرُوسِ. أَصَابِعُ الْعَذَارى: سايۋا ئۈزۈم.

تُعَدُّ عَلَى الْأَصَابِعِ: بارماق بىلەن ساناقلىق، سانى چەكلىك.

«أَصَابِعُ الْيَدِ خَمْسَةٌ» : قولنىڭ بارمىقى بەش بولىدۇ.

أَصْبَغُ: جىددي ئېقىن، كەلكۈن.

أَصْبَغُ م صَبْغَاءُ ج صُبْغٌ: قاشقا؛ پېشانە، ماڭلاي.

أُصْبُوحَةٌ: ئەتىگەن، سەھەر، تاڭ ۋاقتى.

أَصْبَى يُصْبِي إِصْبَاءً: ئۇنىڭ كىچىك بالىسى بولدى؛ شەرق شامىلىغا يولۇقتى.

أَصْبَى الرَّجُلُ الْمَرْأَةَ: ئەر ـ ئايالنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى.

«أَصْبَاهَا بِكَلَامِهِ الْمَعْسُولِ» : شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋالدى.

أَصْحَابٌ: ئىگىلەر، دوستلار، ھەمراھلار.

أَصْحَابُ الْمَذَاهِبِ الْفَلْسَفِيَّةِ: پەلسەپىگە ئاساس سالغۇچىلار.

إِصْحَاحٌ ج إِصْحَاحَاتٌ: ماددا، باب (ئىنجىل تەۋراتنىڭ).

أَصْحَبَ يُصْحِبُ إِصْحَابًا الشَّيْءَ: قوشتى.

أَصْحَبَ الشَّخْصُ: دوست تۇتتى.

أَصْحَبَهُ النَّاسَ: ئۇنى قوغداش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئەۋەتتى.

«أَصْحَبَ الْوَزِيرُ أَعْوَانَ الْأَمْنِ» : مىنىستىر ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى ھەمراھ قىلىۋالدى.

أَصَحَّ يُصِحُّ إِصْحَاحًا الرَّجُلُ: ساقايدى، ساغلاملاشتى.

أَصَحَّ اللّٰهُ فُلَانًا : ئاللاھ ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى.

أَصَحُّ: تېخىمۇ ساغلام، ئەڭ توغرىسى.

«أَخِي أَصَحُّ مِنْ أُخْتِي» : مېنىڭ قېرىندىشىم ھەمشىرەمدىن ساغلامراق.

عَلَى الْأَصَحِّ: كۆپىنچە، ئەڭ توغرىسى.

أَصْحَرَ يُصْحِرُ إِصْحَارًا الْقَوْمُ: چۆلگە كىردى، باياۋانغا كىردى.

أَصْحَرَ الْمَكَانُ: جاي كەڭتاشا بولدى.

أَصْحَرَ الْأَمْرَ: ئىشنى بىلدۇردى؛ ئاشكارىلىدى، چۈشەندۈردى.

أَصْحَرَ الرَّجُلُ: ئالىغاي بولۇپ قالدى، يەكچەشمە بولۇپ قالدى.

أَصْحَرَ الرَّحَّلُ: كۆچمەنلەر باياۋانغا كىردى.

أَصْحَرُ م صَحْرَاءُ ج صُحْرٌ: كۆل رەڭلىك.

أَصْحَمُ م صَحْمَاءُ ج صُحْمٌ: سېرىق رەڭلىك.

أَصْحَى يُصْحِي إِصْحَاءً السَّمَاءُ: ھاۋا ئوچۇق بولدى.

أَصْحَاهُ: ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

أَصْحَى الْيَوْمُ: كۈن ئوچۇق بولدى، كۈن سالقىن بولدى.

إِصْدَارٌ: تارقاتماق، چىقارماق؛ نەشىر قىلماق.

بَنْكُ الْإِصْدَارِ: پۇل تارقىتىش بانكىسى.

إِصْدَارُ الْقَوَانِينِ: قانۇن چىقىرىش.

إِصْدَارُ الْكُتُبِ وَالْمَنْشُورَاتِ: كىتاب ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتماق.

إِصْدَارُ الْأَوْرَاقِ النَّقْدِيَّةِ: قەغەز پۇل تارقىتىش.

أَصْدَأُ م صَدْآءُ: قوڭۇر رەڭلىك، گۆش رەڭلىك.

أَصَدَّ يُصِدُّ إِصْدَادًا الْجُرْحُ: جاراھەت يىرىڭلىدى.

أَصْدَرَ يُصْدِرُ إِصْدَارًا: يوللىدى، ئەۋەتتى، تارقاتتى؛ نەشىر قىلدى.

«قَالَتَا لَانَسْقِي حَتَّى يُصْدِرَالرِّعَاءُ وَأَبُونَاشَيْخٌ كَبِيرٌ» ‹قرآن› : ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر».

«أَصْدَرَ الْبَضَائِعَ إِلَى الْخَارِجِ» : مالنى ئېكسپور-

پورت قىلدى.

«أَصْدَرَ الْبَنْكُ أَوْرَاقًا نَقْدِيَّةً» : بانكا قەغەز پۇل تارقاتتى.

أَصْدَرَ الْأَمْرَ: بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى.

أَصْدَرَ النَّاشِرُ كِتَابًا: نەشىر قىلغۇچى كىتابنى تارقاتتى.

«أَصْدَرَ الْقَاضِي أَمْرًا بِإِيْقَافِ الْمُجْرِمِ» : قازى جىنايەتچىنى توختىتىپ قويۇشقا بۇيرىدى.

«فُلَانٌ يُوْرِدُ وَلَا يُصْدِرُ» : بىر ئىشنى باشلايدۇ، تاشلايدۇ.

أَصْدَرُ: كۆكرەكلىك، كۆكرىكى چولڭ.

رِيَاضِيٌّ أَصْدَرُ: كۆكرىكى چولڭ تەنھەرىكەتچى.

اَلْأَصْدَرَانِ: چىكە ئاستىدىكى ئىككى تومۇر

جَاءَ يَضْرِبُ أَصْدَرَيْهِ: خۇشال - خۇرام كەلدى.

أَصْدَقَ يُصْدِقُ إِصْدَاقًا ابْنَتَهُ: قىزىغا تويلۇق سالدى، قىزىنىڭ مەھرىنى بېكىتتى.

أَصْدَقَ الشَّخْصَ: راستچىل ھېسابلىدى.

أَصْدَى يُصْدِي إِصْدَاءً الْجَبَلُ: تاغ ئەكس سادا قايتۇردى، ئىنكاس قايتۇردى.

أَصْدَى الشَّخْصُ: ئۆلدى.

أَصَرَّ يَأْصِرُ أَصْرًا الْحَبْلَ: ئارغامچىنى باغلىدى.

إِصْرٌ ج آصَارٌ: ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى، ئېغىر يۈك.

«قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَى ذَلِكُمْ إِصْرِي» «قرآن» : ئۇ «ئىقرار قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى.

إِصْرَارٌ: چىڭ تۇرماق، جاھىللىق قىلماق، داۋاملاشتۇرماق.

سَبْقَ الْإِصْرَارَ: كويىغا چۈشتى، پېيىغا چۈشتى.

«لَدَيْهِ إِصْرَارٌ عَلَى فِعْلِ الشَّرِّ» : ئۇ يامان يولدىن قايتمايدۇ.

أَصَرَّ يُصِرُّ إِصْرَارًا عَلَى الْأَمْرِ: چىڭ تۇردى، تاشلىمىدى.

«وَأَصَرُّوا وَاسْتَكْبَرُوا اسْتِكْبَارًا» «قرآن» : (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى.

أَصَرَّ عَلَى الذَّنْبِ: يامان يولدىن قايتمىدى، گۇنا-ھىنى داۋاملاشتۇردى، گۇناھىدا چىڭ تۇردى.

أَصَرَّ عَلَى أَخْطَائِهِ: خاتالىقىدا چىڭ تۇردى.

أَصَرَّ عَلَى التَّدْخِينِ رَغْمَ ضَرَرِهِ: تاماكىنىڭ زىيىنى بولسىمۇ، ئۇنى تاشلىمىدى.

أَصْرَفَ يُصْرِفُ إِصْرَافًا عَنْ عَمَلِهِ: ئىشتىن بوشات-تى، ئىشتىن قايتۇردى، ئىشتىن توستى؛ ۋەزىپىدىن قالدۇردى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

أَصَّلَ يُصِلُ تَأْصِيلًا الشَّيْءَ: چىگىتتى، پۇختىلى-دى.

أَصَّلَ الْكَلِمَةَ: سۆزنى ئەسلىگە قايتۇردى.

اِصْطَادَ يَصْطَادُ اِصْطِيَادًا: ئوۋ قىلدى، ئوۋ ئوۋلى-دى، ھىيلە بىلەن تۇتۇۋالدى.

«وَإِذَا حَلَلْتُمْ فَاصْطَادُوا» «قرآن» : ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ.

اِصْطَافَ يَصْطَافُ اِصْطِيَافًا بِالْمَكَانِ: مەلۇم جايدا يازلىدى، مەلۇم جايدا يازنى ئۆتكۈزدى.

اِصْطَامَ يَصْطَامُ اِصْطِيَامًا عَنْ كَذَا: پەخەس بولدى، ساقلاندى، قول ئۈزدى.

اِصْطِبَارٌ: سەۋر قىلماق، چىدىماق، تاقەت قىلماق.

اِصْطَبَحَ يَصْطَبِحُ اِصْطِبَاحًا: چىراغ ياقتى؛ ناشتا قىلدى.

اِصْطَبَرَ يَصْطَبِرُ اِصْطِبَارًا الشَّخْصُ عَلَى الشَّيْءِ أَوْ لِلشَّيْءِ: سەۋر قىلدى، چىڭ تۇردى، چىدىدى، تاقەت قىلدى.

«وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا» «قرآن» : (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى قىلىشقا چىداملىق بولغىن.

اِصْطَبَغَ يَصْطَبِغُ اِصْطِبَاغًا بِكَذَا: پەردازلىدى؛ بويالدى، رەڭ بېرىلدى؛ رەڭ بەردى، سىرلىدى.

اِصْطِبَاغُ النَّصْرَانِيِّ: (خىرىستىئان دىنى قائىدىسى بويىچە) يۇيۇنۇش رەسمىيىتىنى ئورۇندىدى.

إِصْطَبْلٌ ج إِصْطَبْلَاتٌ: ئاتخانا، ئات ئېغىلى.

اِصْطِحَابٌ: بىللە بولماق، ھەمراھ بولماق، جورا بولماق، شېرىك بولماق.

إِصْطَحَبَ يَصْطَحِبُ إِصْطِحَابًا الْقَوْمُ: ھەمراھ بولۇشتى، ھەمراھ قىلىشۇالدى، ھەمراھ بولۇشقا ئېلىشۇالدى.

إِصْطَحَبَ زَوْجَتَهُ فِي سَفَرِهِ: سەپەرگە ئايالىنى بىللە ئېلىشۇالدى.

إِصْطَحَبَ فُلاَنًا: ھەمراھلىققا ئېلىشۇالدى.

إِصْطِخَابٌ: ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماق، ۋارقىرىماق، تۇۋلىماق، شاۋقۇن كۆتۈرمەك.

إِصْطَخَبَ يَصْطَخِبُ إِصْطِخَابًا الْقَوْمُ: شاۋقۇن - سۈرەن قىلىشتى؛ جارقىراشتى، ۋارقىراشتى.

إِصْطَخَبَ الْمَوْجُ: دولقۇن شارقىرىدى.

إِصْطِدَامٌ ج إِصْطِدَامَاتٌ: ئۇرۇلماق، سوقۇلۇپ كەتمەك؛ توقۇنۇش؛ نىزا، جاڭجال، ئىختىلاپ.

جُنُودُ الْإِصْطِدَامِ: توقۇنۇشۇۋاتقان قوشۇنلار.

«وَقَعَتْ إِصْطِدَامَاتٌ دَمَوِيَّةٌ مُتَعَدِّدَةٌ بَيْنَ الشُّرْطَةِ وَالْمُتَظَاهِرِينَ» : ساقچىلار بىلەن نامايىشچىلار ئارىسىدا بىرقانچە قېتىملىق قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى.

إِصْطَدَمَ يَصْطَدِمُ إِصْطِدَامًا الشَّخْصَانِ: بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

إِصْطَدَمَ بِهِ: دۈچ كەلدى، يولۇقتى.

إِصْطَدَمَ الْفَرَسَانِ: ئىككى ئات بىر - بىرىگە ئۈرۈلۈپ كەتتى.

إِصْطَدَمَتِ السَّيَّارَتَانِ: ئىككى ماشىنا بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

إِصْطَدَمَ الْفَارِسَانِ: ئىككى چەۋەنداز توقۇنۇشۇپ قالدى.

«إِصْطَدَمَ الطَّالِبُ بِصُعُوبَاتٍ فِي دِرَاسَتِهِ» : ئوقۇغۇچى ئۆگىنىشتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كەلدى.

إِصْطَرَخَ يَصْطَرِخُ إِصْطِرَاخًا الْقَوْمُ: ياردەمگە چاقىرىشتى.

إِصْطَرَعَ يَصْطَرِعُ إِصْطِرَاعًا: ئۆزئارا ئېلىشتى، تۇتۇشتى.

أُصْطُرْلاَبٌ: قەدىمكى ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆلچەش ئەسۋابى.

إِصْطِفَاءٌ: تاللىماق، ئىختىيار قىلماق.

اَلْإِصْطِفَاءُ الطَّبِيْعِيُّ: تەبىئىي تاللىنىش.

إِصْطِفَائِيٌّ: تاللىغۇچى.

إِصْطَفَّ يَصْطَفُّ إِصْطِفَافًا: رەتكە تۇرۇشتى، باراۋەر تۇرۇشتى، رەتكە تىزىلدى، قاتارغا تۇرۇشتى.

«إِصْطَفَّ التَّلاَمِيذُ فِي سَاحَةِ الْمَدْرَسَةِ» : ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانىدا سەپ بولۇپ تىزىلدى.

إِصْطَفَقَ يَصْطَفِقُ إِصْطِفَاقًا الْبَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلاپ مەۋج ئۇردى.

إِصْطَفَقَتِ الْأَشْجَارُ: دەرەخلەر ئىرغاڭلىدى.

إِصْطَفَى يَصْطَفِي إِصْطِفَاءً: تاللىدى، ئىلغىدى، خىللىۋالدى، خىللىدى.

«إِنَّ اللّٰهَ اصْطَفَى آدَمَ وَنُوحًا وَآلَ إِبْرَاهِيمَ وَآلَ عِمْرَانَ عَلَى الْعَالَمِينَ» «قرآن» : ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى تاللاپ جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى.

«اَللّٰهُ يَصْطَفِي مِنَ الْمَلٰئِكَةِ رُسُلاً وَمِنَ النَّاسِ» «قرآن» : ئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ ئەلچىلەرنى تاللايدۇ.

إِصْطَكَّ يَصْطَكُّ إِصْطِكَاكًا الشَّيْئَانِ: ئىككى نەرسە دىرىلىدى، تىترىدى.

«إِصْطَكَّتِ الْأَسْنَانُ مِنَ الْبَرْدِ» : چىشلىرى سوغۇقتىن كىرىشىپ كەتتى.

إِصْطَكَّتْ رُكْبَتَاهُ خَوْفًا: قورقۇنچتىن ئىككى تىزى لاغىلداپ كەتتى.

إِصْطِلاَحٌ ج إِصْطِلاَحَاتٌ: سۆز ئادىتى، قائىدە؛ بىرەر پەنگە خاس ئاتالغۇ، تۇراقلىق ئىبارە.

إِصْطِلاَحٌ فَنِّيٌّ: تېرمىن، ئاتالغۇ، خاس ئىسىم.

إِصْطِلاَحٌ تِلِغْرَافِيٌّ: تېلېگراممىا شىپىرى، تېلېگرافقا خاس ئىسىم.

إِصْطِلاَحَاتُ الْفُقَهَاءِ: فىقھەشۇناسلارغا خاس ئاتالغۇلار.

إِصْطِلاَحَاتُ الْبَنَّائِينَ: قۇرۇلۇشچىلارغا خاس تالغۇلار.

إِصْطِلاَحِيٌّ: ئادەت خاراكتېرلىك؛ ئىستىلاھى، (ھەر بىر پەندە مەخسۇس مەنادا ئىشلىتىدىغان ئايرىم ئاتالغۇ).

تَعْبِيرٌ اِصْطِلاَحِيٌّ: ئىستىلاھى سۆز بىلەن ئىپادىلەش، دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزنى قوللىنىش.

مُفْرَدَاتٌ تِقْنِيَّةٌ اِصْطِلاَحِيَّةٌ: مەخسۇس تېخنىكىغا دائىر يەككە سۆزلەر.

اِصْطَلَحَ يَصْطَلِحُ اِصْطِلاَحًا النَّاسُ: كىشىلەر يارىشىپ قالدى، ئەپلىشىپ قالدى.

اِصْطَلَحَ الْأَعْدَاءُ: دۈشمەنلەر ياراشتى.

اِصْطَلَحَ الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ: بىرلىككە كەلدى، ئۆز ئارا چۈشىنىشتى.

«**اِصْطَلَحَ الْعُلَمَاءُ عَلَى تَسْمِيَةِ الْعَنَاصِرِ الْكِيْمِيَاوِيَّةِ**» : ئالىملار خىمىيىۋى ئېلېمېنتلارغا ئىسىم قويۇشتا بىرلىككە كېلىشتى.

اِصْطَلَى يَصْطَلِي اِصْطِلاَءً النَّارَ وَ بِالنَّارِ: ئوت سۇندى، ئوتقا قاقلاندى.

«**لَعَلِّي آتِيْكُمْ مِنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ جَذْوَةٍ مِنَ النَّارِ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُوْنَ**» «قۇرئان» : ئۇ يەردىن مەن سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي.

«**اِصْطَلَى بِنَارِالْمِدْفَأَةِ فِي الشِّتَاءِ**» : قىشتا ئوچاقتا ئوت سۇندى.

لاَيُصْطَلَى بِنَارِهِ: يېڭىلمەس، قەھرىمان، يېڭىلمەس، باتۇر.

اِصْطِنَاعٌ: ئىشلىمەك، ياسىماق.

اِصْطِنَاعِيٌّ: سۈنئىي، ساختا، ياسالما، يالغان.

تَنَفُّسٌ اِصْطِنَاعِيٌّ: سۈنئىي يول بىلەن نەپەسلەندۈرمەك.

«**غُرِسَ لَهُ قَلْبٌ اِصْطِنَاعِيٌّ**» : ئۇنىڭغا سۈنئىي يۈرەك سېلىندى.

اِصْطَنَعَ يَصْطَنِعُ اِصْطِنَاعًا الشَّيْءَ: ياسىدى، ئىشلەپچىقاردى؛ زاكاس قىلدى، بۇيرۇتتى، ياساشقا بۇيرىدى.

اِصْطَنَعَ الرِّزْقَ: رىزقى بەردى، بەردى.

اِصْطَنَعَ الشُّجَاعَةَ: باتۇرلۇق كۆرسەتتى.

اِصْطَنَعَ التِّجَارَةَ: تىجارەت قىلدى.

اِصْطَنَعَ حَقَّ الْإِنْتِخَابِ: سايلام ھوقۇقىنى يولغا قويدى.

اِصْطَنَعَ الْأَنَاةَ: تاقەت قىلدى، سەۋرى قىلدى.

اِصْطَنَعَ الْحَيَاةَ بِهُدُوءٍ: خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى، تىنچ ياشىدى.

اِصْطَنَعَ فَتًى: يىگىتنى تەربىيىلىدى، يېتىشتۈردى.

اِصْطَنَعَ الشَّيْءَ لِنَفْسِهِ: تاللىدى، ئىلغىدى.

«**وَاصْطَنَعْتُكَ لِنَفْسِي**» «قۇرئان» : سېنى مېنىڭ مۇھەببىتىمگە تاللىدىم.

اِصْطَنَعَ عِنْدَهُ صَنِيعَةً: ياخشىلىق قىلدى، ئىلتىپات قىلدى، مەرھەمەت قىلدى.

اِصْطَنَعَ الْحَدَّادُ بَابًا: تۆمۈرچى ئىشىك ياسىدى.

اِصْطِيَاقٌ: يازنى ئۆتكۈزمەك، يازلىماق.

أَمَاكِنُ الْإِصْطِيَافِ: سالقىنلايدىغان جايلار.

أَصْعَدَ يُصْعِدُ إِصْعَادًا الشَّخْصُ: ئۆرلىدى، يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«**إِذْ تُصْعِدُونَ وَلاَتَلْوُونَ عَلَى أَحَدٍ**» «قۇرئان» : سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار.

أَصْعَدَهُ أَعْلَى الرُّتَبِ: ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى.

أَصْعَرَ يُصْعِرُ إِصْعَارًا خَدَّهُ: تەلەتىنى بۇزدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ چىرايىنى تۈردى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

أَصْعَرُ م صَعْرَاءُ ج صُعْرٌ: تەكەببۇرلۇق قىلىپ گېدىيىۋالغۇچى؛ كېسەلدىن بويىنى ئەگرى بولۇپ قالغۇچى؛ ئەركەك تۆگە قۇش.

أَصْعَقَ يُصْعِقُ إِصْعَاقًا: چاقماق چېقىۋەتتى، ئۈستىگە چاقماق چۈشۈپ كەتتى.

«**أَصْعَقَتِ السَّمَاءُ الرَّاعِيَ**» : پادىچىنى چاقماق سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

أَصْعَقَهُ بِكَلاَمِهِ: گېپى بىلەن ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

«**يُصْعِقُ الزَّعِيْمُ الدِّينِيُّ أَتْبَاعَهُ بِوَعْظِهِ**» : دىنىي داھى ئەگەشكۈچىلىرىنى ۋەز ئېيتىپ قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ.

أَصْعَلُ م صَعْلاَءُ ج صُعْلٌ: بېشى كىچىك ئادەم.

إِصْغَاءٌ: دىققەت بىلەن قۇلاق سالماق، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماق، دىققەت قىلماق.

إِصْغَاءٌ «فِي الطِّبِّ»: تىڭشىماق.

أَصْغَرَ يُصْغِرُ إِصْغَارًا الشَّخْصَ: ئەرزىمەس ئىشنى قىلدى.

«أَصْغَرَ الْمُحْتَلُّ سُكَّانَ الْبِلَادِ»: مۇستەملىكىچى يۇرت ئاھالىسىنى خورلىدى.

أَصْغَرَ فُلَانًا: خورلىدى، كەمسىتتى.

أَصْغَرُ ج أَصَاغِرُ و أَصَاغِرَةٌ وَ أَصْغَرُونَ م صُغْرَى ج صُغْرٌ: ئەڭ كىچىك، كىچىككىنە.

اَلْوَلَدُ الْأَصْغَرُ: كەنجى بالا، ئەڭ كىچىك بالا.

اَلْأَصْغَرَانِ: قەلب ۋە تىل، دىل بىلەن تىل.

«اَلْمَرْءُ بِأَصْغَرَيْهِ قَلْبِهِ و لِسَانِهِ» «حديث»: ئادەمنىڭ قەدىر – قىممىتى ئۇنىڭ دىلى ۋە تىلىدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك ئەزاسىغا باغلىق بولىدۇ.

أَصْغَى يُصْغِي إِصْغَاءً إِلَى الْحَدِيثِ: كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.

«أَصْغَى التِّلْمِيذُ إِلَى مُدَرِّسِهِ»: ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىغا قۇلاق سالدى.

أَصْغِ: قۇلاق سال، ئاڭلاپ تۇر.

إِصْفَاقٌ: شاراب قۇيماق.

إِصفَاقُ الدَّمِ: قان بەرمەك.

أَصْفَدَ يُصْفِدُ إِصْفَادًا: ئىشكەل سالدى؛ كويزا سالدى.

أَصْفَرَ يُصْفِرُ إِصْفَارًا الْبَيْتَ: ئۆينى بوشاتتى، ئۆينى قۇرۇقدىدى.

أَصْفَرُ م صَفْرَاءُ ج صُفْرٌ: سېرىق، سېرىق رەڭ؛ سارغىيىپ كەتمەك.

اَلْأَصْفَرُ الرَّنَّانُ: ئالتۇن، سېرىق ئالتۇن، تىللا.

«قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّمَا بَقَرَةٌ صَفْرَاءُ فَاقِعٌ لَوْنُهَا»

«قرآن»: مۇسا ئېيتتىكى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى».

«إِنَّهَا تَرْمِي بِشَرَرٍ كَالْقَصْرِ كَأَنَّهُ جِمَالَةٌ صُفْرٌ»

«قرآن»: ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا – سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ.

اَلْهَوَاءُ الْأَصْفَرُ: خولېرا، ۋابا.

اَلْجِلْسُ الْأَصْفَرُ: سېرىق تەنلىك.

اَلنُّحَاسُ الْأَصْفَرُ: سېرىق تۇچ.

أَصْفَرُ الْوَجْهِ: يۈزى ساپسېرىق.

بَنُو الْأَصْفَرِ: كىچىك ئاسىيا ئاھالىلىرىدىن بولغان رۇملۇقلارنىڭ لەقىمى.

إِصْفِرَارٌ: چىرايى سارغىيىپ كەتمەك، تاتارماق؛ سېرىقلىق، سېرىق رەڭ.

اَلْأَصْفَرَانِ: ئالتۇن بىلەن زەپەر.

اِصْفَرَّ يَصْفَرُّ اِصْفِرَارًا: سارغايدى.

اِصْفَرَّ الشَّيْءُ: ئالتۇن رەڭگە كىردى.

اِصْفَرَّ وَجْهُهَا مِنَ الْخَوْفِ: قورقۇنچتىن يۈزى تاتىرىپ كەتتى.

اِصْفَرَّ الزَّرْعُ: زىرائەت سارغىيىپ ئۇرۇش ۋاقتى كەلدى.

اِصْفَرَّ الْقَمْحُ: بۇغداي سارغايدى.

أَصْفَقَ يُصْفِقُ إِصْفَاقًا الشَّرَابَ: شاراب قۇيدى.

أَصْفَقَ الدَّمَ: قان بەردى.

أَصْفَى يُصْفِي إِصْفَاءً الْمَوَدَّةَ: سەمىمىي دوستلۇقنى ئىزھار قىلدى.

«أَفَأَصْفَاكُمْ رَبُّكُمْ بِالْبَنِينَ وَاتَّخَذَ مِنَ الْمَلَائِكَةِ إِنَاثًا» «قرآن»: ئەجەبا ئاللاھ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟

أَصْفَى الشَّاعِرُ: شېئىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

«أَصْفَى الشَّخْصُ مِنَ الْمَالِ»: پۇل – مالدىن قۇرۇقدىلىپ قالدى.

أَصْفَى الشَّيْءَ: سۈزۈك قىلدى، ساپ قىلدى.

أَصْفَى بِهِ: خاس قىلدى.

أَصْفَى لَهُ الْوُدَّ: ئۇنىڭغا سەمىمىي ساداقەتلىك بىلدۈردى، چىن دىلىدىن سۆيدى.

أَصْقَبَ يُصْقِبُ إِصْقَابًا الْمَكَانُ: يېقىنلاشتى.

أَصُلَ يَأْصُلُ أَصَالَةً: مەھكەم ئورناشتى، چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، چوڭقۇر سىڭدى.

أَصُلَ الرَّجُلُ: ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققى.

أَصُلَ النَّسَبُ: نەسەب ئېسىل بولدى.

أَصُلَ الْأُسْلُوبُ: ئۇسلۇب پىشقى بولدى.

أَصْلٌ ج أُصُوْلٌ: ئەسلى يىلتىز، مەنبە، ئاساس؛ ئۇرۇق سەۋەب.

فِي الْأَصْلِ: ئەسلىدە، دەسلەپتە.

«كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ» (قرآن): خۇددى يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ.

شَرِيْفُ الْأَصْلِ: كېلىپ چىقىشى ئېسىل، يۇقىرى نەسەبلىك.

«كَانَ هَذَا الْمَنْزِلُ مِلْكَنَا فِي الْأَصْلِ»: ئەسلىدە بۇ ئۆي بىزنىڭ مۈلكىمىز ئىدى.

«اَلْفَضْلُ بِالْعَقْلِ وَالْأَدَبِ لَا بِالْأَصْلِ وَالنَّسَبِ»: (كىشىنىڭ) پەزىلىتى ئۇنىڭ ئەسلى ۋە نەسەبى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئەقىل ۋە ئەدەپ بىلەن بولىدۇ.

«هَذَا الْكَاتِبُ أَصْلُهُ مِنْ لُبْنَانَ أَوْ لُبْنَانِيُّ الْأَصْلِ»: بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى لىۋانلىق.

رَجُلٌ مِنْ أَصْلٍ شَرِيفٍ: تېگى ئېسىل ئادەم.

«اِسْتَخْرَجَ نُسْخَةً مُصَوَّرَةً مِنْ هَذَا الْأَصْلِ»: بۇ ئورىگىنالنىڭ دەسلەپكى فوتو نۇسخىسىنى چىقىرىپ بەردى.

طِبْقَ الْأَصْلِ: ئەسلىگە ئۇيغۇن.

نُسْخَةٌ طِبْقَ الْأَصْلِ: ئەسلىگە ئۇيغۇن نۇسخا.

أَصْلاً: ئەسلىدە، دەسلەپىدە؛ قەتئىي، ئەسلا، ھەرگىز.

«مَا فَعَلْتُهُ أَصْلاً»: ئۇنى ھەرگىز قىلمىدىم.

«لَا أَعْتَقِدُ بِذَلِكَ أَصْلاً»: مەن ھەرگىز ئۇنداق قارىمايمەن.

اَلْأَصْلَانِ: دىننىڭ ۋە فىقھىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى.

إِصْلَاتٌ: ئاكتىپ، شوخ، تېتىك.

إِصْلَاحٌ ج إِصْلَاحَاتٌ: ئىسلاھ قىلماق، ياخشىلىماق، ئۆزگەرتمەك، رۇسلىماق.

إِصْلَاحُ ذَاتِ الْبَيْنِ: ئارىنى ياخشىلاش، ئارىنى تۈزەش، ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش.

«أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِأَفْضَلَ مِنْ دَرَجَةِ الْقِيَامِ وَالصَّلَاةِ وَالصَّدَقَةِ إِصْلَاحُ ذَاتِ الْبَيْنِ» (حديث): سىلەرگە مەن روزىدىنمۇ، نامازدىنمۇ، سەدىقىدىنمۇ دەرىجىسى ئۈستۈن ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسا ئاراز بولۇپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇشتۇر.

إِصْلَاحُ الْأَرَاضِي: تۇپراقنى ياخشىلىماق.

إِصْلَاحٌ إِجْتِمَاعِيٌّ: ئىجتىمائىي ئىسلاھات، جەمئىيەتنى تۈزەش.

إِصْلَاحُ الْخَطَأِ: خاتانى ئوڭشىماق.

إِصْلَاحُ الْيَدِ: كىچىك رېمونت، ئاددى رېمونت.

اَلْإِصْلَاحُ الْأَرَاضِيُّ: يەر ئىسلاھاتى.

لَا يُمْكِنُ إِصْلَاحُهُ: تۈزەتكىلى بولمايدۇ.

عَهْدُ الْإِصْلَاحِ الدِّيْنِيِّ (الْقَرْنِ السَّادِسَ عَشَرَ): دىنىي ئىسلاھات دەۋرى (16 ـ ئەسىردە ياۋروپادىكى چوڭ دىنىي ئىسلاھات دەۋرى).

إِصْلَاحِيٌّ: ئىسلاھاتچىلىق، ئىسلاھاتچى.

قَانُوْنٌ إِصْلَاحِيٌّ: ئىسلاھات قانۇنى.

إِصْلَاحِيَّةٌ ج إِصْلَاحِيَّاتٌ: تەربىيىلەش ئورنى (ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئورنى).

إِصْلَاحِيَّةُ الْأَحْدَاثِ: ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئورنى.

أَصْلَتَ يُصْلِتُ إِصْلَاتًا السَّيْفَ: قىلىچنى غىلاپتىن سۇغاردى.

أَصَلَةٌ: بوغما يىلان.

أَصْلَتِيٌّ: ئاكتىپ، شوخ، تېتىك.

أَصْلَجُ م صَلْجَاءُ ج صُلْجٌ: كاس؛ تاۋۇشسىز.

أَصْلَحَ يُصْلِحُ إِصْلَاحًا الشَّيْءَ: ئۆزگەرتتى، ئىسلاھ قىلدى، ياخشىلىدى.

أَصْلَحَ بَيْنَهُمْ: ئۇلارنى ياراشتۇردى، مۇرەسسە قىلدى، سۈلھى قىلدى، ئەپلەشتۈرۈپ قويدى، تۈزىتىش كىرگۈزدى.

«إِنْ طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا» «قۇرئان» : ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار.

أَصْلَحَ السَّيَّارَةَ الْمُعَطَّلَةَ: بۇزۇلغان ماشىنىنى ئوڭلىدى.

أَصْلَحَ الشَّخْصَ مِنْ أَمْرِهِ: ئىشىنى تۈزىدى، ياخشىلىدى.

«أَصْلَحَتِ الْحُكُومَةُ قَانُونَ الضَّرَائِبِ» : هۆكۈمەت باج قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

«وَلَا تَجْعَلُوا اللَّهَ عُرْضَةً لِأَيْمَانِكُمْ أَنْ تَبَرُّوا وَتَتَّقُوا وَتُصْلِحُوا بَيْنَ النَّاسِ» «قۇرئان» : ياخشىلىق قىلماسلىقنى، تەقۋادار بولماسلىقنى ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلماسلىقتا) ئاللاھنى توسالغۇ قىلماڭلار.

أَصْلَخُ م صَلْخَاءُ ج صُلْخٌ: گاس، پاڭ.

أَصْلَدَ يُصْلِدُ إِصْلَادًا الْأَرْضُ: يەر قېتىپ قالدى، چىڭىپ كەتتى، ئۇيۇپ قالدى.

أَصْلَدُ م صَلْدَاءُ ج صُلْدٌ صَلْدَوَاتٌ: قاتتىق؛ بېخىل، پىخسىق.

غَنِيٌّ أَصْلَدُ: بېخىل باي، پىخسىق باي.

أَصْلَعُ م صَلْعَاءُ ج صُلْعٌ: ئاپپاقباش، پاينەك باش.

سَيْفٌ أَصْلَعُ: پارقىراق قىلىچ.

أَصْلَمُ م صَلْمَاءُ ج صُلْمٌ: قۇلىقى ياكى بۇرنى كېسىك.

أَصْلَى يُصْلِي إِصْلَاءً يَدَهُ: قولىنى ئىسسىتتى، قولىنى قاقلىدى.

أَصْلَاهُ النَّارَ: ئۇنى ئوتقا تاشلىدى، دوزاخقا كىرگۈزدى.

«سَأُصْلِيهِ سَقَرَ» «قۇرئان» : ئۇنى مەن دوزاخقا سالىمەن.

«إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا» «قۇرئان» : شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز.

أَصْلَاهُ نَارًا مِنَ الْغَيْرَةِ: ئۇنى ئازابلىدى.

«أَصْلَى حَرْبًا عَوَانًا» : شىددەتلىك جەڭ قىلدى.

إِصْلِيتٌ: ئاكتىپ، شوخ، تېتىك.

أَصْلِيٌّ: ئىپتىدائىي، قەدىمىي؛ ئالدىنقى، مۇھىم، ئاساسلىق؛ ھەقىقىي؛ يەرلىك.

تَعْلِيمٌ أَصْلِيٌّ: ئاساسىي مائارىپ.

اَلْعَدَدُ الْأَصْلِيُّ: تۈپ سان، بىرلىك سان.

ثَمَنٌ أَصْلِيٌّ: تەننەرخى.

اَللُّغَةُ الْأَصْلِيَّةُ: ئانا تىل.

كَلِمَةٌ أَصْلِيَّةٌ: سۆز يىلتىزى، سۆز تومۇرى.

اَلسُّكَّانُ الْأَصْلِيُّونَ: يەرلىك ئاھالىلەر، يەرلىك خەلق.

إِصْمَاعٌ: يىلىم چىقارماق؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يىلىملىشىش كېسىلى.

«دَاوَى الْمُهَنْدِسُ الزِّرَاعِيُّ الْأَشْجَارَ مِنَ الْإِصْمَاعِ» : ئاگرانوم دەرەخلەرنىڭ يىلىملىشىش كېسىلىنى داۋالىدى.

أَصْمَتَ يُصْمِتُ إِصْمَاتًا: گەپ قىلدۇرمىدى، ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

أَصْمَتَ الْمَرِيضُ: كېسەل تىلى تۇتۇلۇپ سۆزلىيەلمىدى.

«أَصْمَتَ الْجَرِيحُ إِثْرَ الْحَادِثِ» : يارىدار ئادەم ھادىسىدىن كېيىن تىلى تۇتۇلۇپ سۆزلىيەلمىدى.

أَصْمَتَ الشَّخْصَ: لام - جىم دېگۈزمىدى، ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

أَصْمَعُ م صَمْعَاءُ ج صُمْعٌ: قۇلىقى كىچىك ئادەم.

أَصْمَغَ يُصْمِغُ إِصْمَاغًا الشَّجَرَةُ: دەرەخ يىلىم چىقاردى.

أَصْمَقَ يُصْمِقُ إِصْمَاقًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى.

أَصْمَقَ اللَّبَنُ: سۈتنىڭ تەمى ئۆزگەردى، پۇراپ قالدى.

أَصَمَّ يُصِمُّ إِصْمَامًا الشَّخْصُ: گاس بولۇپ قالدى.

«أُولَٰئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ» «قۇرئان» : ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى

كاللا رەھمەتتەدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى گاس قىلدى، كور قىلدى.

أَصَمَّهُ: ئۇنى گاس قىلىۋەتتى، گاس قىلىپ قويدى.

«أَصَمَّتِ الْقُنْبُلَةُ الْجُنْدِيَّ»: بومبا ئەسكەرنى گاس قىلىپ قويدى.

أَصَمُّ م صَمَّاءُ ج صُمٌّ: گاس، پاڭ: قاتتىق، پۇختا.

«مَثَلُ الْفَرِيقَيْنِ كَالْأَعْمَى وَالْأَصَمِّ» (قرآن): ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ.

أَصَمُّ أَبْكَمُ: گاس ـ گاچا.

أَصَمُّ أَمْلَخُ: قىلچە ئاڭلىمايدىغان گاس.

عَدَدٌ أَصَمُّ: ئاتالغۇلۇق سان.

حَرْفٌ أَصَمُّ: ئوقۇلمايدىغان ھەرپ.

خَطْبٌ أَصَمُّ: قاتتىق مۇسىبەت، قاتتىق كۆڭۈلسىزلىك.

اَلشَّهْرُ الْأَصَمُّ: رەجەب ئېيى.

اَلْفِعْلُ الْأَصَمُّ (فِي الصَّرْفِ): «ع» بىلەن «ل» باراۋەرىدە ئوخشاش بىر ھەرپ بولغان پېئىل مەسىلەن «صَمَمَ» گە ئوخشاش.

أُصْمُوخٌ: قۇلاق پەردىسى، قۇلاق نەيچىسى، قۇلاق يولى.

أَصْمَى يُصْمِي إِصْمَاءً الصَّيْدَ: ئوۋنى ئاتتى.

أَصَنَّ يُصِنُّ إِصْنَانًا اللَّحْمُ: گۆش سېسىپ قالدى، پۇراپ قالدى، بۇزۇلۇپ قالدى.

أَصْهَبُ م صَهْبَاءُ ج صُهْبٌ: جىگەر رەڭ، بېغىر رەڭ.

أَصْهَرَ يُصْهِرُ إِصْهَارًا إِلَيْهِمْ: قۇدا بولدى.

«أَصْهَرَ إِلَى أُسْرَةٍ عَرِيقَةٍ فِي قَرْيَتِهِ»: يېزىسىدىكى ئېسىل بىر ئائىلە بىلەن قۇدىلاشتى.

أَصْوَاتٌ: ئاۋاز، تاۋۇش، ئاھاڭ، ناۋا، مۇقام، كۈي؛ ئىنتوناتسىيە.

أَصْوَاتُ اللُّغَةِ: سۆز ئاھاڭى.

عِلْمُ الْأَصْوَاتِ: فونېتىكا.

أَخْذُ الْأَصْوَاتِ: ئاۋازغا قويماق.

بِاتِّفَاقِ الْأَصْوَاتِ: بىر ئېغىزدىن ماقۇللىماق.

أَصْوَبُ: ئەڭ توغرا، ئەڭ ئادىل، ئەڭ سەممىي.

وَالْأَصْوَبُ أَنْ...: ئەڭ توغرىسى، توغرىراقى.

أَصْوَبِيَّةٌ: ئادىللىق، ھەققانىيلىق.

أُصُولٌ: قائىدە، قانۇن، پرىنسىپ.

أُصُولُ الدِّينِ: دىننىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى.

كُلِّيَّةُ أُصُولِ الدِّينِ: دىننىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى فاكۇلتېتى.

أُصُولُ الْفِقْهِ: فىقھىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى.

«كَانَ يَتَعَامَلُ مَعَ النَّاسِ حَسَبَ الْأُصُولِ»: ئۇ كىشىلەر بىلەن قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى.

أُصُولُ الْعُلُومِ: پەنلەرنىڭ ئەھكاملار ئاساسلىنىدىغان قائىدە ـ پرىنسىپلىرى.

عِلْمُ أُصُولِ التَّدْرِيسِ: پېداگوگىكا.

أُصُولُ الْمُحَاكَمَاتِ: مۇھاكىمە ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى، مۇنازىرە ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى.

اَلْأُصُولُ وَالْخُصُومُ: شىركەتنىڭ دەسمايىسى ۋە ئۈستىگە ئارتىلغان قەرزلىرى.

حَسَبَ الْأُصُولِ: ئېقىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن بويىچە.

اِبْنُ أُصُولٍ: نەسەبى ئېسىل ئادەم.

أُصُولِيٌّ: قانۇنشۇناس.

إِجْرَاءٌ أُصُولِيٌّ: فىقھە ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىغا ئائىت چارە ـ تەدبىرلەر.

أَصْوَى يُصْوِي إِصْوَاءً الشَّيْءُ: خازان بولدى، تۆكۈلدى، توزىدى.

أَصْيَدُ م صَيْدَاءُ ج صِيدٌ: ھاكاۋۇر، مەنمەنچى؛ ئىككى تەرىپىگە قارىيالمايدىغان قىڭغىر بويۇن.

أُصَيْصٌ: تەشتەك.

أَصِيلٌ ج أُصَلَاءُ: ئېسىل نەسەبلىك، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققۇچى.

مَجْدٌ أَصِيلٌ: ئېسىل شان ـ شەرەپ.

اَلْأَصِيلُ يَجُودُ: ئېسىل ئادەم مەردە كېلىدۇ.

حَيَوَانٌ أَصِيلٌ: نەسىللىك مال.

حِصَانٌ أَصِيلٌ: نەسىللىك ئات، ئېسىل ئات.

عَيْبٌ أَصِيلٌ: تۇغما ئەيىب.

أَصِيلٌ ج آصَالٌ و أَصَائِلُ وَأُصُلٌ وأُصْلَانٌ: ناماز دىگەر بىلەن ناماز شام ئارىلىقىدىكى ۋاقىت، كۈن كىرىش ئالدىدىكى شەپەق قىزارغان چاغ، گۈگۈم چۈشكەن چاغ، كەچقۇرۇن.

«وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلاً» «قۇرئان» : ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

«فِي بُيُوتٍ أَذِنَ اللّٰهُ أَنْ تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ يُسَبِّحُ لَهُ فِيهَا بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ» «قۇرئان» : ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسچىتلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

جَنَحَ الْأَصِيلُ: كەچقۇرۇن ۋاقتى يېقىنلاشتى.

أَصِيلُ الرَّأْيِ: چوڭقۇر پىكىرلىك.

بَحْثٌ أَصِيلٌ: چوڭقۇر تەتقىقات.

فِكْرَةٌ أَصِيلَةٌ: چوڭقۇر پىكىر.

جَاءُوا بِأَصِيلَتِهِمْ: ئۇلار ھەممىسى كەلدى.

أَضَاءَ يُضِيئُ إِضَاءَةً الْقَمَرُ: نۇر چاچتى، يالتىرىدى، پارقىرىدى، ۋالىلدىدى، يورۇتتى.

«يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ» «قۇرئان» : ئۇنىڭ يېغى ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ.

أَضَاءَ الْمَكَانَ: جاينى يورۇتتى.

«فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللّٰهُ بِنُورِهِمْ» «قۇرئان» : ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

أَضَاءَ الْعُقُولَ: ئەقىللەرنى يورۇتتى، غەپلەتتىن ئويغاتتى، دىلنى ئاقارتتى.

أَضَاءَ عَلَيْهِمْ: يورۇتتى، نۇر چاچقۇزدى، نۇرلاندۇردى.

أَضَاءَتِ النَّارُ الشَّخْصَ: ئوت كىشىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

«اَلشَّمْسُ تُضِيءُ الدُّنْيَا» : قۇياش دۇنيانى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

«كَانَتِ الْمَسَاجِدُ تُضَاءُ بِقَنَادِيلِ الزَّيْتِ» : مەسچىتلەر قارا چىراغلار بىلەن يورۇتۇلاتتى.

إِضَاءَةٌ: يورۇتماق، نۇرلاندۇرماق.

مِصْبَاحُ الْإِضَاءَةِ: يورۇتۇش چىرىغى.

أَضَدَّ يُضِدُّ إِضْدَادًا: قارشىلاشتى، توقۇنۇشتى.

أَضَاعَ يُضِيعُ إِضَاعَةً الشَّيْءَ: يوقىتىپ قويدى، ئىسراپ قىلدى، زايا قىلدى، مەھرۇم بولدى، ئايرىلىپ قالدى.

«إِنَّ اللّٰهَ لَايُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ» : ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

أَضَاعَهُ: ئۇنى ۋەيران قىلدى، خاراب قىلدى، ھالاك قىلدى.

«أَضَاعَ عَلَى الْعَدُوِّ فُرْصَةَ الْاِسْتِفَادَةِ مِنْ غَزْوِهِ» : دۈشمەننىڭ بېسىۋېلىشىغا پايدىلىنىش پۇرسىتىنى يوققا چىقاردى.

إِضَاعَةٌ: بىكار قىلماق، زايا قىلماق.

«آفَةُ الْعِلْمِ النِّسْيَانُ وَإِضَاعَتُهُ أَنْ تُحَدِّثَ بِهِ غَيْرَ أَهْلِهِ» «حديث» : ئىلىمنىڭ ئاپىتى ئۇنتۇشتۇر، ئۇنىڭ ئەھلى بولمىغانلارغا ئىلىمدىن سۆزلەپ بېرىش ئىلىمنى زايا قىلغانلىقتۇر.

أَضَافَ يُضِيفُ إِضَافَةً إِلَيْهِ: قوشۇۋەتتى، قوشۇلدى، بىرىكتۈرۈۋەتتى؛ قوشۇمچە قىلدى.

«أَضَافَ إِلَى حِسَابِهِ مَبْلَغًا صَغِيرًا» : ئۆز ھېسابىغا ئازراق مال قوشۇۋالدى.

أَضَافَهُ: ئۇنى مېھمان قىلدى، كۈتۈۋالدى، قوبۇل قىلدى؛ قوشۇۋالدى.

أَضَافَهُ عَلَيْهِ: مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالدى.

«لَا خَيْرَ فِي مَنْ لَا يُضِيفُ» : مېھماننى دوست تۇتمىغان كىشىدە خەيرىيەت يوق.

أَضَافَ الْإِسْمَ وَنَحْوَهُ: قوشتى، نىسبەت بەردى، مەنسۇپ قىلدى.

أُضِيفَ إِلَى ذَلِكَ: بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنىڭدىن باشقا.

إِضَافَةٌ ج إِضَافَاتٌ: ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمە، يانداش سۆز بىرىكمىسى؛ ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك، ئۆستۈرمەك، كۆپەيتمەك.

بِالْإِضَافَةِ إِلَى كَذَا: بۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدىن سىرت، بۇنىڭدىن تاشقىرى.

«بِالْإِضَافَةِ إِلَى الدِّرَاسَةِ عَلَيْنَا أَنْ نَهْتَمَّ بِالثَّقَافَةِ»: ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن تاشقىرى تازىلىققىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

«لَا شَكَّ أَنَّ التِّلْفِزِيُونَ وَسِيلَةٌ مِن وَسَائِلِ التَّسْلِيَةِ غَيْرَ أَنَّهُ بِالْإِضَافَةِ «إِضَافَةً» إِلَى ذَلِكَ أَدَاةُ تَعْلِيمٍ إِنْ أَحْسَنَ اِسْتِعْمَالَهُ»: شۈبھىسىزكى، تېلېۋىزور كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ يەنە، ئورۇنلۇق پايدىلىنىلسا، ئۆگىنىش قورالىدۇر.

«تَفْتَقِرُ هَذِهِ الْمُحْتَوَيَاتُ إِلَى بَعْضِ الْإِضَافَاتِ»: بۇ مەزمۇنلار بىر ئاز قوشۇمچىغا ئېھتىياج.

إِضَافِيٌّ: قوشۇمچە.

عَمَلٌ إِضَافِيٌّ: قوشۇمچە ئەمگەك.

مَبْلَغٌ إِضَافِيٌّ: قوشۇمچە مەبلەغ.

أَضَالِيلُ: يالغان، ناھەق، ساختا، ناتوغرا.

«نَشَرَ أَضَالِيلَهُ بَيْنَ الْعَوَامِّ وَالشُّرَّجِ»: ئۇ ئاۋام ۋە گول ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىنى تارقاتتى.

إِضْبَارَةٌ ج إِضْبَارَاتٌ وَأَضَابِيرُ وَأُضْبُورَةٌ: قەغەز قىستۇرغۇچ؛ پوپكا؛ ئارخىپ؛ باغلام، ياغ.

خَزَانَةُ إِضْبَارَةٍ: ئارخىپ ئىشكاپى.

أَضَبَّ يُضِبُّ إِضْبَابًا الْيَوْمُ: تومانلىق بولدى، تومان قاپلىدى.

أَضَبَّ الْمَكَانُ: تومانلىق بولدى.

أَضَبَّ عَلَى مَا فِي يَدِهِ: قويۇپ بەرمەي چىڭ سىقىمدىۋالدى.

أَضْبَطُ م ضَبْطَاءُ ج ضُبْطٌ: قولى ئېپچىل، قولى چېبۇر ئادەم.

أَضْجَرَهُ يُضْجِرُ إِضْجَارًا: ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى، زېرىكتۈردى، تىت ـ تىت قىلدى، بىئارام قىلدى، ئازابلىدى.

أَضْجَعَ يُضْجِعُ إِضْجَاعًا: ياتقۇزدى، يېنىچە ياتقۇزدى، ئۇخلاتتى.

«تُضْجِعُ الْأُمُّ طِفْلَهَا إِلَى جَانِبِهَا حِرْصًا عَلَى رِعَايَتِهِ»: ئانا كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن بالىسىنى يېنىدا ياتقۇزدى.

أَضْجَعَهُ الْمَرَضُ: كېسەل ئۇنى يېتىشقا مەجبۇر قىلدى.

أَضْحَاةٌ ج أَضْحًى: قۇربان، قۇربانلىق، نەزىر، ھەدىيە.

أَضْحَكَ يُضْحِكُ إِضْحَاكًا: كۈلدۈردى.

«وَأَنَّهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى» «قرآن»: ئاللاھ ئىنسانلارنى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ.

أَضْحَكَ الثَّكْلَى: ھازىدارنى كۈلدۈردى.

شَرُّ الْبَلِيَّةِ مَا يُضْحِكُ: ئورۇنسىز ۋە ۋاقىتسىز كەلگەن بالايىئاپەت، كۆڭۈلسىزلىك (مەسەل).

أُضْحُوكَةٌ ج أَضَاحِيكُ: چاقچاق، قىزىق گەپ، كۈلكىلىك گەپ، كۈلدۈرگە.

«اِنْكَشَفَ أَمْرُهُ عَلَى حَقِيقَتِهِ وَغَدَا أُضْحُوكَةً لِلنَّاسِ»: ئۇنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىنىپ كىشىلەر ئارىسىدا كۈلكىگە ئايلاندى.

أَضْحَى يُضْحِي إِضْحَاءً الشَّيْءَ: ئاشكارىلىدى، نامايەن قىلدى، كۆرسەتتى، پەيدا قىلدى، مەيدانغا چىقاردى؛ چاشكاھ ۋاقتىغا كىردى؛ ئايلاندى، ئۆزگەردى.

«أَضْحَتِ الْآبَارُ كَثِيرَةَ الْمِيَاهِ»: قۇدۇقلارنىڭ سۈيى كۆپەيدى.

أَضْحَى يَفْعَلُ كَذَا: قىلىشقا باشلىدى، ئىشلەشكە باشلىدى.

«أَضْحَى التَّنَائِي بَدِيلًا مِنْ تَدَانِينَا»: يېقىنلىقىمىز ئورنىنى يىراقلىق ئالدى، يىراقلىق يېقىنلىققا ئايلاندى.

«اِطْمَأَنَّ إِلَى صَدِيقِهِ الَّذِي أَضْحَى يَهُزُّهُ فِي أَعْمَقِ أَوْتَارِ صَدْرِهِ»: يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر پەردىلىرىدىكى تارىنى تىترەتكەن دوستىدىن كۆڭلى تىندى.

أَضْحَى م ضَحْيَاءُ ج ضُحَى: ئايتاپ ئۇتۇپ قالغان، قۇياشنىڭ ئىسسىقى ئۆتكەن.

أَضْحَى: قۇربان ھېيت.

يَوْمُ الْأَضْحَى: قۇربان ھېيت كۈنى.

عِيدُ الْأَضْحَى: قۇربان ھېيت.

أُضْحِيَّةٌ ج أَضَاحِيٌّ: قۇربان، قۇربانلىق، نەزىر، ھەدىيە.

الْأَضْدَادُ (فِي اللُّغَةِ): قارىمۇ قارشى مەنىنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەر.

إِضْرَابٌ ج إِضْرَابَاتٌ: ئىش تاشلىماق؛ دەرس تاشلىماق؛ بازار تاشلىماق.

إِضْرَابُ الْعُمَّالِ عَنِ الْعَمَلِ: ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى.

إِضْرَابٌ عَامٌّ: ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش.

إِضْرَابُ أَصْحَابِ الْمَصَانِعِ: كارخانىچىلارنىڭ ئىش توختىتىشى، زاۋۇتنى تاقىشى.

أَعْلَنَ الْإِضْرَابَ: ئىش تاشلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

لَجْنَةُ الْإِضْرَابِ: ئىش تاشلاش كومىتېتى.

إِضْرَابٌ عَنِ الطَّعَامِ: ئاچلىق ئېلان قىلماق.

أَضْرَابٌ: ئوخشاش، ئوخشاشلىق، بىر خىللىق.

هُمْ وَ أَضْرَابُهُمْ: ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرى.

إِضْرَارٌ: زىيان يەتكۈزمەك.

«لَمْ يَقْصُدِ الْإِضْرَارَ بِهِ»: ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى كۆزلىگىنى يوق.

إِضْرَامٌ: ئوت يېقىش، ئوت تۇتاشتۇرۇش، ئوتنى ياندۇرۇش، ئوت قويۇش.

أَضْرَبَ يُضْرِبُ إِضْرَابًا فِي الْمَكَانِ: ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى، ماكان تۇتتى.

أَضْرَبَ عَنْهُ: تاشلىۋەتتى، تاشلاپ قويدى، ۋاز كەچتى، چۆرىۋەتتى.

أَضْرَبَ الْعَامِلُ عَنِ الْعَمَلِ: ئىشچى ئىش تاشلىدى.

أَضْرَبَ عَنِ الطَّعَامِ: ئاچلىق ئېلان قىلدى.

«أَضْرَبَ الطَّالِبُ عَنِ الدَّرْسِ»: ئوقۇغۇچى دەرس تاشلىدى.

أَضَرَّ يُضِرُّ إِضْرَارًا بِهِ: زىيان يەتكۈزدى، پاراكەندە قىلدى، ۋەيران قىلدى، نابۇت قىلدى.

أَضَرَّ الرَّجُلُ: قوش نىكاھلىق بولدى، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالدى.

أَضَرَّهُ عَلَى أَوْ إِلَى الْأَمْرِ: ئۇنى مەجبۇر قىلدى، زورلىدى، قىستىدى.

أَضْرَسَ يُضْرِسُ إِضْرَاسًا الْأَسْنَانَ: چىشنى غۇچۇرلاتتى.

أَضْرَسَهُ الْحَامِضُ: ئاچچىق - چۈچۈك نەرسە چىشنى قاماتتى.

أَضْرَعَ يُضْرِعُ إِضْرَاعًا لَهُ أَوإِلَيْهِ: بويسۇندۇردى؛ خورلىدى.

أَضْرَعَتْهُ الْحُمَّى: قىزىتما ئۇنى ھالسىزلاندۇردى، ھالىدىن كەتكۈزدى.

أَضْرَمَ يُضْرِمُ إِضْرامًا النَّارَ: ئوت تۇتاشتۇردى، ئوت ياقتى، ئوتنى ئۇلغايتتى.

أَضْرَمَ نَارَالْفِتْنَةِ: پىتنە قوزغىدى.

«كَانَ الرَّئِيسُ بِخُطَبِهِ يُضْرِمُ الشُّعُورَ الْوَطَنِيَّ وَالْحَمَاسَ لَدَى شَعْبِهِ»: رەئىس ئۆزىنىڭ نۇتۇقلىرى ئارقىلىق خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە قىزغىنلىقىنى قوزغايتتى.

أَضْرَمَ الشَّيْءَ: ياندۇردى، كۆيدۈردى.

أَضْرَمَ النَّارَ فِي الْمَوْقِدِ: ئوچاقتا ئوت ياقتى.

أَضْرَى يُضْرِي إِضْرَاءً: كۈچلەندۈردى، كۈچەيتتى.

اِضْطَبَعَ يَضْطَبِعُ اِضْطِبَاعًا رِدَاءَهُ: يەكتەكنى ئېچىۋەتتى، ئاچتى.

اِضْطِجَاعٌ: ياتماق، يېنىچە ياتماق؛ ئۇخلىماق.

اِضْطَجَعَ يَضْطَجِعُ اِضْطِجَاعًا: ياتتى، يېنىچە ياتتى؛ ئۇخلىدى.

«اِضْطَجَعَ عَلَى السَّرِيرِ و نَامَ»: ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپلا ئۇخلاپ قالدى.

اِضْطِرَابٌ ج اِضْطِرَابَاتٌ: داۋالغۇش، چايقىلىش، تەۋرىنىش، پاراكەندىچىلىك، ئەنسىزچىلىك، قالايمىقانچىلىق، مۇقىمسىزلىق.

اِضْطِرَابَاتٌ اِجْتِمَاعِيَّةٌ: ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق، ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق.

اِضْطِرَابَاتٌ سِيَاسِيَّةٌ: سىياسىي پاراكەندىچىلىك.

اِضْطِرَابَاتٌ عَصَبِيَّةٌ: نېرۋىنىڭ قالايمىقانلىشىشى.

اِضْطِرَابَاتٌ جَوِّيَّةٌ: ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى، ئاتموسفېرانىڭ قالايمىقانلىشىشى.

إِضْطِرَارٌ: ئېھتىياج، جىددىي ئېھتىياج، جىددىي زۆرۈرىيەت، جىددىي موھتاجلىق.

عِنْدَ الْإِضْطِرَارِ: ئامال تاپالمىغاندا، ئامالسىز قالغاندا، چارىسىز قالغاندا.

«لَمْ يَكُنْ مِن عَادَتِهِ أَنْ يَتَّصِلَ بِأَهْلِهِ هَاتِفِيًّا إِلاَّ عِنْدَ الْإِضْطِرَارِ»: پەقەت زۆرۈرىيەت بولمىسىلا ئائىلىسى بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىش ئۇنىڭ ئادىتى ئەمەس.

فِي حَالَةِ الْإِضْطِرَارِ: ئامالسىز قالغاندا، چارىسىز قالغاندا.

إِضْطِرَارِيٌّ: مەجبۇرىي، مەجبۇرلۇق، زورمۇ زور، زورلۇق، زۆرۈرىيەتكە ئائىت.

«تَأَخَّرَعَنْ حُضُورِالْإِجْتِمَاعِ لِأَسْبَابِإِضْطِرَارِيَّةٍ»: زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن يىغىنغا كېچىكىپ كەلدى.

«قَامَ الطَّيَّارُ بِهُبُوطٍ إِضْطِرَارِيٍّبَعْدَنَفَادِالْوُقُودِ»: ليۇتچىك يېقىلغۇ تۈگىگەندىن كېيىن يەرگە قونۇشقا مەجبۇر بولدى.

إِضْطِرَامٌ: كۆيۈش، يېنىش.

إِضْطَرَبَ يَضْطَرِبُ إِضْطِرَابًا: تەۋرەندى، چايقالدى، داۋالغۇدى، قالايمىقانلىشىپ كەتتى؛ پاراكەندە بولدى، ئەنسىز بولدى.

«أَحَسَّتْ أَنَّ جَنِينًا يَضْطَرِبُ فِيأَحْشَائِهَا»: ئانا بالىنىڭ قورسىقىدا تەۋرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

إِضْطَرَبَ الْبَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلىدى.

«إِضْطَرَبَ الْأَمْنُ فِي الْبِلاَدِ»: دۆلەت تىنچلىقى بۇزۇلدى.

إِضْطَرَبَ فِي الْأَرْضِ: سەرسان بولۇپ يۈردى، سەرگەردان بولۇپ يۈردى.

إِضْطَرَبَ الْحَبْلُ بَيْنَهُمْ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلدى، بىرلىك بۇزۇلدى، قارىمۇ قارشى پىكىر بولۇشتى، ئۆزئارا پىكرى ئوخشىمىدى.

إِضْطَرَبَ الْأَمْرُ: ئىشى قالايمىقانلاشتى، پاراكەندە بولدى.

إِضْطَرَبَ الْقَوْمُ: ئۇرۇشتى.

إِضْطَرَبَ الرَّجُلُ: بىئارام بولدى، ئەنسىرىدى، خاتىرجەم بولالمىدى، تەشۋىشلەندى.

إِضْطَرَّ يَضْطَرُّ إِضْطِرَارًا إِلَى: مەجبۇرلىدى، زورلىدى، قىستىدى.

«لَمْ تُحَاوِلِ الْإِتِّصَالَ بِالنَّاسِ إِلاَّ حِيْنَ كَانَتْ الضَّرُورَةُ تَضْطَرُّهَا إِلَى ذَلِكَ»: زۆرۈرىيەت مەجبۇر قىلمىسىلا، سەن كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلمايسەن.

أُضْطُرَّ: مەجبۇر قىلىندى، مەجبۇرلاندى، زورلاندى.

«فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلاَ عَادٍ فَلاَ إِثْمَ عَلَيْهِ» «قرآن»: (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

أُضْطُرَّ إِلَى كَذَا: جىددىي ئېھتىياجى چۈشتى، جىددىي لازىم بولدى، جىددىي زۆرۈر بولدى.

إِضْطَرَمَ يَضْطَرِمُ إِضْطِرَامًا النَّارُ: ئوت ياندى، كۆيدى.

«تَضْطَرِمُ الْعَوَاطِفُ فِي نَفْسِهِ إِضْطِرَابًا»: ئۇنىڭ قەلبىدە ھېسسىيات ـ تۇيغۇلار ئوت بولۇپ يانماقتا.

إِضْطَرَمَ الشَّرُّ وَالْحَرْبُ وَ نَحْوُ هُمَا: ياندى، يالقۇنجىدى؛ ئەۋج ئالدى.

«إِنَّكَ عَرَفْتَ حِيْنَ تَرَكْتَنِي أَنَّ بَيْنَ جَنْبَيَّ نَارًا تَضْطَرِمُ»: مېنى تاشلاپ كەتكەن چېغىڭدا ئىچىمدە ئوت يېنىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىڭ.

«بَدَأَ لَهِيْبُ النَّارِ يَضْطَرِمُ»: ئوت يالقۇنجاپ يانماقتا.

إِضْطَرَمَ الشَّيْبُ فِي الرَّأْسِ: باشتىكى ئاق چاچ كۆپەيدى.

إِضْطَغَنَ يَضْطَغِنُ إِضْطِغَانًا عَلَيْهِ ضَغِينَةً: ... غا ئاداۋەت تۇتتى.

إِضْطِلاَعٌ: ھۆددىسىدىن چىقماق، قولىدىن كەلمەك.

إِضْطِلاَعٌ بِالتَّبِعَةِ: مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماق، جاۋابكار بولماق.

إِضْطِلاَعٌ بِالْإِلْتِزَامَاتِ: مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماق.

فِي أَثْنَاءِ إِضْطِلاَعِي بِمَنْصَبِي: مەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چاغدا، مەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا.

إِضْطَلَعَ يَضْطَلِعُ إِضْطِلاَعًا بِالْأَمْرِ: ھۆددىسىدىن چىقتى، قولىدىن كەلدى، ئۈستىگە ئالدى.

إِضْطَلَعَ بِمَسْؤُلِيَّتِهِ: مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى.

«تَسَاءَلَ النَّاسُ عَنِ الْمَهَامِّ الَّتِي تَضْطَلِعُ بِهَا وِزَارَةُ الْأَوْقَافِ»: كىشىلەر دىنىي مىنىستىرلىك ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلەردىن سورىماقتا.

إِضْطِهَادٌ ج إِضْطِهَادَاتٌ: زىيانكەشلىك قىلىش، خارلاش، ئېزىش، زۇلۇم سېلىش.

«تَعَرَّضَ الشَّعْبُ الْفِلَسْطِينِيُّ لِإِضْطِهَادَاتٍ كَثِيرَةٍ»: پەلەستىن خەلقى نۇرغۇن خورلۇقلارغا ئۇچرىدى.

«أَيْنَمَا يَشْتَدُّ الْإِضْطِهَادُ تَتَعَالَى نِيْرَانُ الْمُقَاوَمَةِ»: قەيەردە ئېزىلىش بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ.

إِضْطَهَدَ يَضْطَهِدُ إِضْطِهَادًا الرَّجُلَ: كىشىگە زىيانكەشلىك قىلدى، ئەزدى، زۇلۇم قىلدى، خارلىدى.

إِضْطَهَدَ لِإِسْتِعْمَارُ: جاھانگىرلىك ئەزدى، ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدى.

«يَضْطَهِدُ الْحُكَّامُ الْمُسْتَبِدُّونَ كُلَّ مَنْ يَخْرُجُ عَلَى رَأْيِهِمْ مِنْ مُوَاطِنِيهِمْ»: مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىگە قارشى چىققان پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى باستۇرىدۇ.

إِضْعَافٌ: ئاجىزلاشتۇرماق، زەئىپلەشتۈرمەك، بوشاشتۇرماق، كۈچسىزلەندۈرمەك؛ كىچىكلەتمەك؛ يېنىكلەتمەك.

أَضْعَافٌ: قاتمۇ قات ئاشۇرماق، ھەسسىلەپ ئاشۇرماق.

«لاَ تَأْكُلُوا الرِّبَا أَضْعَافًا مُضَاعَفَةً» «قرآن»: جازانىنى قاتمۇ قات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار.

أَضْعَافُ الْكِتَابِ: قۇرلار ئارا، قۇرلار ئارىسى.

أَضْعَفَ يُضْعِفُ إِضْعَافًا ــ ه: ئۇنى بوشاشتۇردى، ئاجىزلاشتۇردى؛ كىچىكلەتتى، يەڭگىللەتتى.

«إِنَّ تَقَدُّمَ السِّنِّ يُضْعِفُ الْجِسْمَ»: شۈبھىسىزكى، ياشنىڭ چوڭىيىشى بەدەننى ئاجىزلاشتۇ-

رىدۇ.

أَضْغَاثُ أَحْلاَمٍ: قالايمىقان چۈش، يامان چۈش، قارا بېسىش؛ خىيال، ئارزۇ، تىلەك، خام خىيال، قۇرۇق خىيال، قۇرۇق پەرەز.

أَضْغَطَ يُضْغِطُ إِضْغَاطًا: ئەزدى؛ بېكىتتى، باستى.

أَضْفَى يُضْفِي إِضْفَاءً عَلَيْهِ: مۇكەممەللەشتۈردى، تولۇقلىدى.

«يُضْفِي أُسْلُوبُ الْإِسْتِعَارَةِ عَلَى الْكَلاَمِ قُوَّةً وَيَكْسُوهُ حُسْنًا»: ئىستىئارە ئۇسلۇبى سۆزنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە گۈزەللەشتۈرىدۇ.

«أَضْفَى حَيَوِيَّةً عَلَى الْجَوِّ»: كەيپىياتنى جانلاندۇردى.

أَضَلَّ يُضِلُّ إِضْلاَلاً: ئازدۇردى، ئاداشتۇردى، ئېزىقتۇردى.

«أَلَّذِيْنَ كَفَرُوْا وَصَدُّوْا عَنْ سَبِيْلِ اللّٰهِ أَضَلَّ أَعْمَالَهُمْ» «قرآن»: كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ.

أَضَلَّ الشَّيْءَ: يوقاتتى، چۈشۈرۈپ قويدى، يۈتتۈرۈپ قويدى.

أَضَلَّهُ: ئۇنى ئالدىدى، ئېزىقتۇردى، يولدىن چىقاردى.

«وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلاَلاً بَعِيْدًا» «قرآن»: شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.

إِضْمَارٌ: يوشۇرماق.

إِضْمَارٌ «فى النحو»: قىسقارتماق (ئىسمنىڭ ئورنىغا ئالماشنى ئىشلەتمەك).

إِضْمَارُ النَّوَايَا الْخَبِيْثَةِ: يامان نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈش.

إِضْمَامَةٌ ج أَضَامِيْمُ وَإِضْمَامَاتٌ: بىر توپ، بىر تۈركۈم، جامائە، گۇرۇپپا؛ بىر باغلام.

إِضْمِحْلاَلٌ: يوقالماق، ئاجىزلىماق، تۈگىمەك (جانلىق ئورگانىزملارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ئاجىز كېلىشى).

إِضْمَحَلَّ يَضْمَحِلُّ إِضْمِحْلاَلاً: تارقاتتى، تارقالدى، يوقالدى، تۈگىدى؛ ئاجىزلاشتى.

«جُمُودُ الشُّعُوبِ كَجُمُودِ الْأَفْرَادِ يُؤَدِّى إِلَى الْإِضْمِحْلَالِ» : ئەلنىڭ قاتماللىقى شەخسلەرنىڭ قاتماللىقىغا ئوخشاش، يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

أَضْمَرَ يُضْمِرُ إِضْمَارًا الْأَمْرَ: ئىشنى يوشۇردى.

«مَا أَضْمَرَ أَحَدٌ شَيْئًا إِلَّا ظَهَرَ فِي فَلَتَاتِ لِسَانِهِ وَصَفَحَاتِ وَجْهِهِ» : بىرەر ئادەم بىرەر نەرسىنى يوشۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ تىلى ۋە رەڭگى روھىدىن ئاشكارا بولماي قالمايدۇ.

أَضْمَرَ لَهُ كَذَا: ئۇنىڭغا يامانلىق قىلدى.

أَضْمَرَ الشَّيْءَ: يوشۇردى.

أَضْمَرَ فِي نَفْسِهِ: كۆڭلىدە ساقلىدى، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

أَضْمَرَهُ: ئۇنى ئورۇقلاتتى، ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى.

إِضْمَرَّ يَضْمِرُّ إِضْمِرَارًا الْغُصْنُ: شاخ قۇرۇپ قالدى، يىگىدەپ قالدى، سولىشىپ قالدى.

أَضْنَى يُضْنِى إِضْنَاءً: ئورۇقلاتتى، ياراتتى، هارغۇزىۋەتتى، هالسىرتىۋەتتى، ماجالىنى قويمىدى، هالىدىن كەتكۈزىۋەتتى.

أَضْنَاهُ: ئۇنىڭ ماجالىنى قويمىدى، هالىدىن كەتكۈزدى، ماغدۇرسىزلاندۇردى.

أَضْهَدَ يُضْهِدُ إِضْهَادًا الرَّجُل: زىيانكەشلىك قىلدى، ئەزدى، زۇلۇم قىلدى، خورلىدى، ئازابلىدى.

أَضْهَدَهُ: ئۇنى ئەزدى، زۇلۇم قىلدى، زۇلۇم سالدى، باستى، خارلىدى.

أَضْوَى يُضْوِى إِضْوَاءً: ئاجىز نەسىل قالدۇردى (ئورۇقلىرى).

أَضْوَى الرَّجُلَ: ئاجىزلاتتى.

أَضْوَى حَقَّهُ: هەققىنى كەم بەردى.

أَضْوَى الْأَمْرَ: ئىشنى پۇختا قىلدى.

«اِغْتَرِبُوا لَا تُضْوُوا» «حديث» : ياتلاردىن ئۆيلىنىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار نەسلىڭلار ئاجىز بولۇپ قالمايدۇ.

أَطَابَ يُطِيبُ إِطَابَةً: ياخشىلىدى، تۈزەتتى، ياخشىلىق قىلدى، چىرايلىق ئىش قىلدى.

أَطَاحَ يُطِيحُ إِطَاحَةً: ئاغدۇرۇۋەتتى، ئۆرۈۋەتتى، يىقىتىۋەتتى.

أَطَاحَ الْجَيْشُ بِرَئِيسِ الْجُمْهُورِيَّةِ: ئارمىيە جۇمهۇرىيەت رەئىسىنى ئاغدۇرىۋەتتى.

أَطَارَ يُطِيرُ إِطَارَةً: ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇچۇردى.

أَطَارَ الْخَبَرَ: خەۋەر تارقاتتى.

إِطَارٌ ج أُطُرٌ و إِطَارَاتٌ: رامكا، جازا.

إِطَارُ الصُّورَةِ: رەسىمنىڭ رامكىسى.

إِطَارٌ فِكْرِيٌّ: پىكىر رامكىسى.

«أَدَّى ظُهُورُ الْإِسْلَامِ إِلَى تَوْحِيدِ الْعَرَبِ فِي إِطَارٍ فِكْرِيٍّ وَاحِدٍ» : ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەرەبلەرنى بىر پىكىر ئىچىدە بىرلىككە كېلىشكە ئېلىپ باردى.

تَفَجَّرَالْإِطَارُ: بالون ئېتىلىپ كەتتى.

«لَقَدْ نُوقِشَتْ هَذِهِ الْمَسْئَلَةُ فِي إِطَارِالْفِرْقَةِ» : بۇ مەسىلە گۇرۇپپا ئىچىدە مۇزاكىرە قىلىندى.

إِطَارُ الدَّرَّاجَةِ: ۋېلسىپىتنىڭ تاش كامىرى.

إِطَارُ النَّظَّارَةِ: كۆزەينەك جازىسى.

إِطَارُ الْعَجَلَةِ: چەمبىرەك، هالقا، ئۇلتاڭ، قاسقان (چاقنىڭ).

إِطَارُ الْعَجَلَةِ الْخَارِجِيُّ: چاق، بالون، تاش كامىر.

إِطَارَاتُ الدَّوْلَةِ أَوِ الْحُكُومَةِ: دۆلەت ياكى هۆكۈمەت ئورگانلىرى.

أَطَاشَ يُطِيشُ إِطَاشَةً: ئۇنى شاللاقلىق قىلدۇردى، ئۇنى تەنتەكلىك قىلدۇردى.

أَطَاعَ يُطِيعُ إِطَاعَةً: بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى، باش ئەگدى.

«مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ» «قرآن» : كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.

إِطَاعَةٌ: بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق.

«إِطَاعَتُكَ لِوَالِدَيْكَ وَاجِبَةٌ» : ئاتا ـ ئاناڭغا ئىتائەت قىلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ.

أَطَاقَ يُطِيقُ إِطَاقَةً: تاقەت قىلدى؛ يېقىنلاشتى؛ قورشىۋالدى.

أَطَاقَ بِهِ: ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

أَطَاقَ يُطِيْقُ إِطَاقَةً الشَّيْءَ: تاقەت قىلدى، چىدىدى، بەرداشلىق بەردى.

أَطَاقَ الإِبْتِلاَءَ: سىناقىقا بەرداشلىق بەردى.

لاَيُطَاقُ: چىدىغىلى بولمايدىغان، بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان.

أَمْرٌ لاَيُطَاقُ: تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىش.

كَانَ لاَ يُطِيقُ الظُّلْمَ: زۇلۇمغا چىداشلىق بېرەلمەيتتى.

لَمْ يُطِقْ صَبْرًا: چىدىيالمىدى، سەۋر قىلالمىدى.

أَطَالَ يُطِيْلُ إِطَالَةً: ئۇزارتتى، سوزدى.

أَطَالَ اللّٰهُ بَقَاءَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن.

أَطَالَ عَلَيْهِ: ئۇنى ئۇزۇن كۈتكۈزدى.

أَطَالَ لِسَانَهُ: سۆز بىلەن چېقىلدى.

أَطَالَ الْوُقُوفَ: ئۇزۇن ساقلىدى، ئۇزۇن كۈتتى.

أَطَالَ النَّظَرَ: دىققەت بىلەن قارىدى، سىنچىلاپ قارىدى.

«لاَتُطِيْلُوا النَّظَرَ إِلَى الأَشْيَاءِالدَّقِيقَةِ» : ئىنچىكە نەرسىلەرگە ئۇزۇن قارىماڭلار.

إِطَالَةٌ: سوزماق، ئۇزارتماق.

إِطْبَاقٌ: ياپماق، ئەتمەك، ئورىماق، ئورىۋالماق، قورشىۋالماق؛ بىرلىككە كەلمەك.

حُرُوفُ الإِطْبَاقِ: «ص ض ط ظ» ھەرپلىرى.

أَطْبَانٌ: بەدەننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ياشلىق نەۋقىرانلىقى.

أَطْبَقَ يُطْبِقُ إِطْبَاقًا عَلَى: ياپتى، ھۇجۇم قىلدى، يوپۇرۇلۇپ كەلدى، دالدىغا ئالدى، قاپلىدى، يوشۇردى، پۈركىدى، ئورىدى.

«أَطْبَقَتْ قُوَّاتُنَا عَلَى الْعَدُوِّ مِنْ كُلِّ جَانِبٍ» : بىزنىڭ قوشۇنىمىز دۈشمەنگە ھەممە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى.

أَطْبَقَ عَلَى رَقَبَتِهِ: ئۇنى بوغۇپ قويدى.

أَطْبَقَ اللَّيْلُ: قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇ چۈشتى.

«أَطْبَقَ اللَّيْلُ وَخَيَّمَ الْهُدُوءُ» : كېچە قاراڭغۇلىشىپ ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى.

أَطْبَقَ عَيْنَيْهِ: ئىككى كۆزىنى يۇمدى، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

أَطْبَقَ الصَّحِيفَةَ: گېزىتنى ياپتى.

«أَطْبَقَتْ كِتَابَهَا» : كىتابىنى ياپتى.

أَطْبَقَ فَمَهُ: ئاغزىنى يۇمۇۋالدى، لام - جىم دېمىدى.

أَطْبَقَ شَفَتَيْهِ: ئاغزىنى يۇمۇۋالدى، لام - جىم دېمىدى.

أَطْبَقَ الْقَوْمُ عَلَى كَذَا: بىرلىككە كەلدى.

أَطْحَلُ: بوزرەڭ، كۈلرەڭ.

أَطَرَ يَأْطُرُ و يَأْطِرُ أَطْرًا: ئەگدى.

إِطْرَاءٌ: ئالقىشلىماق، ماختىماق، مەدھىيىلىمەك، ماختاپ كۆككە كۆتۈرمەك، ماختاپ ئۇچۇرماق.

عِبَارَاتُ الإِطْرَاءِ وَالْمَدِيحِ: كۆككە كۆتۈرۈش ۋە مەدھىيىلەش ئىبارىلىرى.

أَطْرَارُ الْبِلاَدِ: چېگرا، چېگرا جاي.

أَطْرَأَ يُطْرِئُ إِطْرَاءً - هُ: ئۇنى مەدھىيىلىدى، كۆككە كۆتۈردى.

أَطْرَبَ يُطْرِبُ إِطْرَابًا: مەستخۇش قىلدى، مەپتۇن قىلدى، جەلپ قىلىۋالدى.

«أَطْرَبَنِي صَوْتُ هَذَا الْمُغَنِّي» : بۇ ناخشىچىنىڭ ئاۋازى مېنى مەستخۇش قىلىۋەتتى.

أَطْرَشُ وَأَطْرُوشٌ وأُطْرُشٌ م طَرْشَاءُ ج طُرْشٌ: گاس، پالاق، قۇلىقى ئېغىر.

أَطْرَفَ يُطْرِفُ إِطْرَافًا: قىزىقارلىق نەرسىنى مەيدانغا كەلتۈردى، قىزىق ئىش قىلدى، كۈلكىلىك گەپ قىلدى، قىزىق گەپ قىلدى، ھېكمەتلىك سۆز قىلدى؛ سوۋغا قىلدى، ھەدىيە قىلدى.

أَطْرَقَ يُطْرِقُ إِطْرَاقًا الرَّجُلُ: بېشىنى ساڭگىلىتىپ سۈكۈت قىلىپ تۇردى، بېشىنى سېلىپ سۈكۈت قىلدى.

أَطْرَقَ مُفَكِّرًا: چوڭقۇر ئويلاندى، چوڭقۇر ئويغا چۆمدى، خىيالغا چۆمدى.

أَطْرَقَ رَأْسَهُ: بېشىنى تۆۋەن سالدى.

«أَطْرَقَ الشَّيْخُ قَلِيلاً ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ» : ئۇستاز ئازراق بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئاندىن كۆتۈردى.

أَطْرَمَ يُطْرِمُ إِطْرَامًا أَسْنَانُهُ: چىشى كىرلىشىپ قالدى.

أَطْرَمَ فُوهُ: ئېغىزى پۇراپ قالدى.

أُطْرُوحَةٌ: ئىلمىي ماقالە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى.

أُطْرُوفَةٌ: قىزىق پاراڭ، ئاجايىپ سۆز، يېڭى شەيئى.

أَطْرَى يُطْرِي إِطْرَاءً فُلاَنًا: ماختىدى، ئالقىشلىدى، تەرىپلىدى؛ قاتتىق ماختىدى، كۆپ تەرىپلىدى، ئاشۇرۇپ ماختىدى، ماختاپ كۆككە كۆتۈردى، ماختاپ ئۇچۇردى.

«**أَطْرَى الْمُدِيرُ مَافَعَلَ مُسَاعِدُهُ**»: مۇدىر ياردەمچىسىنىڭ قىلغانلىرىنى ماختىدى.

إِطْرِيَّةٌ: ئۈگرە، كەسكەن چۆپ.

أَطَّ يَئِطُّ أَطِيطًا الإِبِلُ: تۆگە بوزلىدى.

أَطَّرَ يُؤَطِّرُ تَأْطِيرًا: ئەگدى.

أَطَّرَ الصُّورَةَ: سۈرەتنى رامكىغا ئېلىپ قويدى.

إِطِّرَادٌ: باغلانماق، تۇتاشماق، ئىزچىللاشماق، ئۈزلۈكسىز، ئۇدا.

«**يَزْدَادُ مُسْتَوَى مَعِيشَتِهِم بِاطِّرَادٍ**»: ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە.

اِطَّرَحَ يَطَّرِحُ اِطِّرَاحًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئاتتى، تاشلىدى، چۆرۈۋەتتى.

اِطَّرَدَ يَطَّرِدُ اِطِّرَادًا الأَمْرُ: باغلاندى، تۇتاشتى، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى.

اِطَّرَدَ الْكَلاَمُ: سۆز ئىزچىل بولدى، تۇتاشتى.

اِطَّرَدَتِ الْقَاعِدَةُ: قائىدە ئومۇملاشتى.

اِطَّعَنَ يَطَّعِنُ اِطِّعَانًا: قىرىشتى، ئۆلتۈرۈشتى، سانجىشتى؛ كۈرەش قىلدى.

اِطَّفَحَ يَطَّفِحُ اِطِّفَاحًا الْقِدْرَ: قازاننىڭ كۆپۈكىنى ئالدى.

اِطِّلاَعٌ: قارىماق، كۆزەتمەك، نەزەر تاشلىماق؛ كۆرۈش قۇۋۋىتى، كۆرۈش سېزىمى، بىلىش، سېزىش، خەۋەردار بولۇش، نەزەر دائىرىسى.

«**بَعْدَ الإِطِّلاَعِ عَلَى الْمَادَّةِ كَذَا مِنَ الْقَانُونِ حَكَمْنَا بِالآتِي...**»: قانۇننىڭ پالانى ماددىسىنى كۆرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك هۆكۈم چىقاردۇق.

«**يُعَدُّ مِنْ ذَوِي الإِطِّلاَعِ الْوَاسِعِ**»: ئۇ كەڭ مەلۇمات ئىگىلىرىدىن سانىلىدۇ.

عِنْدَ الإِطِّلاَعِ: بىر قاراپلا، بىر ئۇچرىشىپلا، بىر قاراشتىلا.

اِطِّلاَعٌ عَلَى الأَعْمَالِ: ئىشلارنى باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق، تەپتىش قىلماق، نازارەت قىلماق، قوماندانلىق قىلماق، باشچىلىق قىلماق، تەكشۈرمەك، كۆزەتمەك.

سَعَةُ الإِطِّلاَعِ: مەلۇمات دائىرىسى كەڭ، كۆپ كىتاب ئوقۇغان.

حُبُّ الإِطِّلاَعِ: بىلىمگە هەۋەسكار، بىلىم ئاشۇرۇشقا خۇشتار.

اِطَّلَعَ يَطَّلِعُ اِطِّلاَعًا عَلَى الشَّيْءِ: كۆرۈپ قالدى، كۆردى، قارىدى، سەزدى، بايقىدى، بىلدى، تونىدى.

«**لَوِ اطَّلَعْتَ عَلَيْهِمْ لَوَلَّيْتَ مِنْهُمْ فِرَارًا وَلَمُلِئْتَ مِنْهُمْ رُعْبًا**» «قرآن»: ئەگەر ئۇلارنى كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ، يۈز ئۆرۈپ چوقۇم قاچقان بولاتتىڭ.

اِطَّلَعَ عَلَى: خەۋەردار بولدى، ئاخبارات تاپشۇرۇپ ئالدى، تەكشۈردى، كۆزەتتى، ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلدى.

اِطَّلَعَ عَلَى الْعَمَلِ: باشقۇردى، ئىدارە قىلدى، نازارەت قىلدى، قوماندانلىق قىلدى، باشچىلىق قىلدى.

اِطَّوَفَ يَطَّوِفُ اِطِّوَافًا: تاۋاپ قىلدى.

اِطَّوَقَ يَطَّوِقُ اِطِّوَاقًا: بوْلاپكا تاقىدى.

اِطَّهَرَ يَطَّهِرُ اِطِّهَارًا: ئۆزىنى پاكلىدى، پاكلاندى، تازىلاندى، يۇيۇلدى.

اِطَّوَى يَطَّوِي اِطِّوَاءً عَلَى كَذَا: ئۆز ئىچىگە ئالدى.

اِطَّيَّرَ يَطَّيَّرُ اِطِّيَّارًا بِهِ أَوْمِنْهُ: شۇم پال ئالدى، شۇملۇق هېس قىلدى.

«**اِطَّيَّرْنَا بِكَ وَبِمَنْ مَعَكَ**» «قرآن»: (بىزگە كەلگەن قەهەتچىلىك) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى.

أَطْعَمَ يُطْعِمُ إِطْعَامًا: تاماق بەردى، ئوزۇقلاندۇردى.

«فَكُلُوامِنْهَاوَأَطْعِمُواالْبَائِسَ الْفَقِيرَ» «قرآن» :
سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار.

أَطْعَمَ الشَّجَرَةُ: دەرەخ مېۋىگە كىردى، مېۋىلىدى.

أَطْعَمَهُ اللهُ وَلَدًا: ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلدى.

أَطْعَمَ الشَّيْءُ: تەمى ئۆزگەردى.

أَطْعَمَ الْغُصْنَ بِآخَرَ: شاخنى ئۇلىدى.

أَطْغَى يُطْغِي إِطْغَاءً ــ هُ: ئۇنى زالىم قىلىۋەتتى، ئۇنى مۇستەبىت قىلىۋەتتى.

«قَالَ قَرِينُهُ رَبَّنَا مَا أَطْغَيْتُهُ وَلَكِنْ كَانَ فِي ضَلَالٍ بَعِيدٍ» «قرآن» : ئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان) : «پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن چوڭقۇر گۇمراھلىقتا بولدى» دەيدۇ.

أَطْغَى الْمَاءُ: سۇ تاشتى، تاشقىن بولدى، كەلكۈن بولدى، سۇ ئاپىتى بولدى.

«كُلَّمَاأَوْقَدُوا نَارًا لِلْحَرْبِأَطْفَأَهَااللهُ» «قرآن» :
ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاغا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ.

أَطْفَأَ يُطْفِئُ إِطْفَاءً النَّارَ أَوِ الْفِتْنَةَ أَوِ الْحَمَاسَ: ئۆچۈردى.

أَطْفَأْتُ الْمِصْبَاحَ: چىراغنى ئۆچۈردۈم.

إِطْفَاءٌ: ئۆچۈرمەك.

إِطْفَاءُ النَّارِ: ئوتنى ئۆچۈرمەك.

«جُنُودُ الْإِطْفَاءِ يُخْمِدُونَ النَّارَ» : ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملار ئوت ئۆچۈرمەكتە.

إِطْفَائِيٌّ: ئوت ئۆچۈرگۈچى.

إِطْفَائِيَّةٌ ج إِطْفَائِيَّاتٌ: ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر كوماندىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى.

أَطْفَحَ يُطْفِحُ إِطْفَاحًا الْإِنَاءَ: قاچىنى تولدۇردى.

أَطْفَرَ يُطْفِرُ إِطْفَارًا الْفَرَسَ النَّهْرَ: ئاتنى ئېرىقتىن سەكرىتىپ ئۆتكۈزدى.

أَطْفَقَ يُطْفِقُ إِطْفَاقًا بِمُرَادِهِ: مۇرادىغا يەتكۈزدى، ئارزۇسىغا قاندۇردى.

أَطْفَلَ يُطْفِلُ إِطْفَالاً الْمَرْأَةُ: ئايال بالىلىق بولدى، پەرزەنت رىزىق قىلىپ بېرىلدى، بالىجانلىق بولدى.

إِطْلَاقٌ: ئازاد قىلماق، قويۇپ بەرمەك، يېشىۋەتمەك.

«أَنَّهُ غَيْرُ مَسْرُورٍ فِي هَذَا الْيَوْمِ إِطْلَاقًا وَلَا أَعْرِفُ مَاالسَّبَبُ» : ئۇ بۈگۈن خاپا، سەۋەبىنى بىلمەيمەن.

«إِنَّ حِلَّ الْمُشْكِلَةِ عَلَى هَذَا النَّحْوِ لَيْسَ مَرْضِيًّا عَلَى الْإِطْلَاقِ» : مەسىلىنى مۇنداق ھەل قىلىش ئومۇمەن كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ.

لَمْ يَحْدُثْ إِطْلَاقًا أَوْ عَلَى الْإِطْلَاقِ: مۇتلەق يۈز بەرمىدى.

«عِيدِگَاهْ هُوَ أَكْبَرُ مَسَاجِدِ مِنْطَقَتِنَا عَلَى الْإِطْلَاقِ» : ھېيتگاھ پۈتكۈل رايونىمىزدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى.

إِطْلَاقًا أَوْعَلَى الْإِطْلَاقِ: مۇتلەق، مۇتلەقەن، پۈتۈنلەي، تامامەن.

إِطْلَاقُ النَّارِ: توپ ئاتماق، ئوت ئاچماق، ئوق چىقارماق، ئوققا تۇتماق.

أَطْلَبَ يُطْلِبُ إِطْلَابًا الشَّيْءَ: تەلەپ قىلدى، ئىزدىدى.

أَطْلَسُ ج أَطَالِسُ: ئاتلاس، خەرىتىلەر توپلىمى؛ قەدىمكى چاغدا شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئاتىلىشى؛ ھازىر ئاسمان قۇببىسى ياكى يەر شارىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان زور جازا.

أَطْلَسُ م طَلْسَاءُ ج طُلْسٌ: دۇردۇن، ئەتلەس، تاۋار.

أَطْلَسِيٌّ: ئاتلانتىك؛ تاۋارغا ئائىت.

اَلْمُحِيطُ الْأَطْلَسِيُّ: ئاتلانتىك ئوكيان.

حِلْفُ الْأَطْلَسِيِّ: شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى.

أَطْلَعَ يُطْلِعُ إِطْلَاعًا النَّبَاتُ أَوِ السِّنُّ: ئۆسۈملۈك ياكى چىش چىقتى؛ ئۈندى، پەيدا بولدى، كۆرۈندى.

أَطْلَعَهُ عَلَى السِّرِّ: ئۇنىڭغا مەخپىيەتلىكنى بىلدۈرۈپ قويدى.

«أُولَئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ» (قرآن): ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى.

«أَعْمَاهُ الْحِقْدُ أَوِالْغَضَبُ أَوِالْحُبُّ»: ئۆچمەنلىك ياكى غەزەپ، ياكى مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ ھەقىقەتنى كۆرەلمەس قىلىپ قويدى.

أَعْمَى ج عُمْيٌ م عَمْيَاءُ ج عَمْيَاوَاتٌ: قارىغۇ، كور، ئەما.

«قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ» (قرآن): ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟»

أَعْمَى الْقَلْبِ: دىلى كور، ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان.

أَبُو أَعْمَى: قارىغۇ چاشقان.

إِعْنَاتٌ: مەجبۇرلىماق، زورلىماق، قىينىماق، مەجبۇرىي.

أَعْنَتَ يُعْنِتُ إِعْنَاتًا: قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، پەرىشان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئېغىر چىلىقتا قالدۇردى، گۇناھقا دۇچار قىلدى.

«وَلَوْشَاءَ اللهُ لَأَعْنَتَكُمْ» (قرآن): ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالاتتى.

أَعْنَسَ يُعْنِسُ إِعْنَاسًا الْجَارِيَةَ: قېرى قىز بولۇپ قالدى.

أَعْنَشُ م عَنْشَاءُ عُنْشٌ: ئالتە بارماقلىق ئادەم.

أَعْنَقُ م عَنْقَاءُ ج عُنْقٌ: بويىنى ئۇزۇن.

أَعْنَى يُعْنِي إِعْنَاءً الْأَمْرُ: مۇھىم بولدى، چارچەتمۇەتتى، مالال قىلدى، ئاۋارە قىلدى، ھالسىزلاندۇردى؛ كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى.

إِعْوَازٌ: ھاجەت، تەلەپ، ئېھتىياج؛ كەمبەغەللىك، نامراتلىق، موھتاجلىق، غۇربەتچىلىك؛ كەم، كەمچىل، پېتەرسىز.

أَعْوَجُ م عَوْجَاءُ ج عُوجٌ: ئەگرى، ئەگرى - بۈگرى، ئەگرى - توقاي، يىغىلىۋالىدىغان، تۈگۈلۈۋالىدىغان، ئۆملەپ ماڭىدىغان.

سُلُوكٌ أَعْوَجُ: ناتوغرا مەسلەك.

طَرِيقٌ أَعْوَجُ: ئەگرى يول.

كَلاَمٌ أَعْوَجُ: قىڭغىر گەپ.

عُودٌ أَعْوَجُ: ئەگرى ياغاچ.

إِعْوَجَّ يَعْوَجُّ إِعْوِجَاجًا: ئېگىلدى، ئەگرى بولدى،

قىڭغىر بولدى.

إِعْوَجَّتِ الْعَصَا: هاسا ئەگرى بولدى.

أَعْوَدُ: ئەڭ پايدىلىق.

«اَلْعِلْمُ أَعْوَدُ عَلَيْكَ مِنَ الْمَالِ»: ئىلىم ساڭا مالدىن پايدىلىق.

أَعْوَذَ يُعْوِذُ إِعْوَاذًا الرَّجُلُ: پاناھ تىلىدى، پاناھ ئىزدىدى.

أَعْوَرُ ج أَعَاوِرُ: قاغا؛ نىشانسىز يول، بەلگىسىز يول.

اَلأَعْوَرُ: سوقۇر ئۆچەي، قارىغۇ ئۈچەي.

اَلْمِعِيُّ الأَعْوَرُ: سوقۇر ئۆچەي، قارىغۇ ئۈچەي.

اِلْتِهَابُ الأَعْوَرِ: سوقۇر ئۆچەي ياللۇغى، قارىغۇ ئۆچەي ياللۇغى.

أَعْوَرُ م عَوْرَاءُ ج عُورٌ وَعُوْرَانٌ وَعِيرَانٌ: يەكچەشمە.

«اَلأَعْوَرُ فِي بَلَدِ الْعُمْيَانِ مَلِكٌ»: كورلار مەملىكىتىدە يەكچەشمە پادىشاھ ھېسابلىنىدۇ.

إِعْوَرَّيَعْوَرُّإِعْوِرَارًا: ئالىغاي بولۇپ قالدى، يەكچەشمە بولۇپ قالدى، بىر كۆزىدىن ئايرىلدى.

أَعْوَزَ يُعْوِزُ إِعْوَازًا الرَّجُلُ: كەمبەغەل بولۇپ قالدى، نامرات بولۇپ قالدى، موھتاج بولۇپ قالدى.

أَعْوَزَهُ الدَّهْرُ: پەلەك ئۇنى نامرات قىلىپ قويدى.

أَعْوَزَ الشَّيْءُ: كەملىك قىلدى، يېتىشمىدى، كېمىيىپ قالدى، يەتمىدى.

أَعْوَزَتْهُ الشَّجَاعَةُ: ئۇنىڭغا باتۇرلۇق كەملىك قىلىپ قالدى.

أَعْوَزُ ج عُوزٌ م عَوْزَاءُ ج عَوْزَاوَاتٌ و عُوزٌ: نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل، گاداي.

«خَسِرَ ثَرْوَتَهُ كُلَّهَا وَأَصْبَحَ أَعْوَزَ»: بايلىقىنىڭ ھەممىسى قولدىن كېتىپ نامرات بولۇپ قالدى.

أَعْوَلَ يُعْوِلُ إِعْوَالاً: قاتتىق يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى، ھۆكرەپ يىغلىدى.

أَعْيَا يُعْيِي إِعْيَاءً الْمَاشِي فِي سَيْرِهِ: ھاردى، چارچىدى، كۈچى قالمىدى، دەرمانىدىن كەتتى.

أَعْيَاهُ: چارچاتتى، ھالىدىن كەتكۈزدى، ھاردۇردى، ھالسىزلاندۇردى.

أَعْيَا الدَّاءُ الطَّبِيبَ: كېسەلنى داۋالاشتىن دوختۇر ئاجىز كەلدى.

أَعْيَاهُ السَّيْرُ: سەپەر ئۇنى قاتتىق ھاردۇرىۋەتتى.

أَعْيَا عَلَيْهِ الأَمْرُ: ھەل قىلىشنى تاپالمىدى، چارىسىز قالدى.

أَعْيَتْهُ الْحِيلَةُ: ھېچ يول تاپالمىدى، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

أَعْيَانٌ: ئاقسۆڭەك، مەشھۇرزات، ئاتاقلىق ئەرباب، كۆزگە كۆرۈنگەن تۆرە، ئېسىلزادە، ئاتاقلىق شەخسلەر.

مَجْلِسُ الأَعْيَانِ: ئالىي پالاتا.

أَعْيَسُ م عَيْسَاءُ ج عِيسٌ: نەسىللىك تۆگە.

أَعْيَلَ يُعْيِلُ إِعْيَالاً: ئائىلىدە جان سانى كۆپەيدى.

أَعْيَلَ عِيَالَهُ: باقتى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى، قارىدى، تەربىيىلىدى.

أَغَاثَ يُغِيثُ إِغَاثَةً: ياردەم بەردى، مەدەت بەردى.

أَغَاثَهُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

«أَغَاثَهُمُ اللهُ بِرَحْمَتِهِ»: ئاللاھ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرىۋەتتى.

أَغَاثَ الشَّخْصَ: ياردەم قىلدى، ياردەملەشتى.

إِغَاثَةٌ: ياردەم بەرمەك، قۇتقۇزماق، بىرونىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى كۆتۈرىۋەتمەك.

وَكَالَةُ إِغَاثَةِ اللاَّجِئِيْنَ: مۇساپىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسى (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تەۋە بىر ئورۇن بولۇپ مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ).

«نِعْمَ خَلَّةُ إِغَاثَةِ الْمَلْهُوفِ»: دەردمەنىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش نېمىدېگەن ياخشى خىسلەت.

أَغَارَ يُغِيرُ إِغَارَةً وَ غَارَةً وَمَغَارًا عَلَيْهِمْ: ھۇجۇم قىلدى.

أَغَارَ الْجَيْشُ عَلَى الْعَدُوِّ: قوشۇن دۈشمەنگە زەربە بەردى.

«أَغَارَتِ الطَّائِرَاتُ عَلَى الْمَدِينَةِ»: ئايروپىلانلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

أَغَاضَ يُغِيضُ إِغَاضَةً الْمَاءَ: سۇ تۆكتى، سۇ قويدى.

أَغَاضَ الثَّمَنَ: باھانى چۈشۈردى.

أَغَاظَ يُغِيظُ إِغَاظَةً ـ هُ: ئاچچىقىنى كەلتۈردى، تېرىكتۈردى.

«أَغَاظَهُ مَا فَعَلْتَ»: قىلغانلىرىڭ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

أَغَالَ يُغِيلُ إِغَالَةً ـ تِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا: ئايال بالىسىنى ئېمىتتى، بالىنى ئەمدۈردى.

أَغَبَّ يُغِبُّ إِغْبَابًا الْقَوْمَ: بىر كۈن كېلىپ بىر كۈن كەلمىدى.

أَغَبَّتْهُ الْحُمَّى وَعَلَيْهِ: كۈن ئارىلاپ قوزغىدى.

أَغْبَرَ يُغْبِرُ إِغْبَارًا: خۇنۇكلەشتۈردى، توپارەڭگە كىردى؛ توپا توزۇتتى.

أَغْبَرُ ج غُبْرٌ م غَبْرَاءُ ج غَبْرَاوَاتٌ وَغُبْرٌ: توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن، توپا رەڭگە كىرگەن، كۈلرەڭگە ئۆزگەرگەن.

«رَأَى ذِئْبًا أَغْبَرَ»: كۈلرەڭ بۆرىنى كۆردى.

إِغْبَرَّ يَغْبَرُّ إِغْبِرَارًا الشَّيْءُ: كۈلرەڭ بولدى، غۇۋالاشتى، خۇنۇكلەشتى.

إِغْبَرَّ الْيَوْمُ: بۈگۈن چاڭ ـ توزانلىق كۈن بولدى.

إِغْبَرَّ الْجَوُّ: ئاسماننى چاڭ ـ توزان قاپلىدى.

أَغْبَسَ يُغْبِسُ إِغْبَاسًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، غۇۋالاشتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

إِغْبَشَّ يَغْبَشُّ إِغْبِشَاشًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، غۇۋالاشتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

أَغْبَشَ يُغْبِشُ إِغْبَاشًا اللَّيْلُ: كېچە خىرەلەشتى، غۇۋالاشتى.

أَغْبَشُ م غَبْشَاءُ ج غُبْشٌ: قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، قاپقاراڭغۇ، قاپقارا.

زُجَاجٌ أَغْبَشُ: خىرە ئەينەك، تۇتۇق ئەينەك.

إِغْتَابَ يَغْتَابُ إِغْتِيَابًا: غەيۋەت قىلدى، شىكايەت قىلدى.

«وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا» (قرآن): بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار.

إِغْتَاظَ يَغْتَاظُ إِغْتِيَاظًا: جىجىلدى، ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

لِمَاذَا إِغْتَظْتَ؟: نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلاندىڭ؟

«إِغْتَاظَ كَثِيرًا وَلَكِنَّهُ كَظَمَ غَيْظَهُ»: ئۇ كۆپ ئاچچىقلاندى، لېكىن ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

إِغْتَالَ يَغْتَالُ إِغْتِيَالًا: يوشۇرۇن ئۆلتۈردى، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى.

إِغْتَالَ الْأَمْوَالَ: پۇل ـ مالنى ئالداپ ئېلىۋالدى، ئوشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، تۇيۇقسىز ئۆلتۈردى.

إِغْتَالَتْهُ الْمَنُونُ: ئۇ ئۆلدى.

«إِغْتَالَ الرَّئِيسَ أَحَدُ حُرَّاسِهِ»: رەئىسنى قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى.

إِغْتِبَاطٌ: خۇشاللىق، خۇشال ـ خۇراملىق، كۆڭۈللۈك، شاد ـ خۇراملىق، خۇش بولماق؛ ئارزۇ قىلماق.

إِغْتَبَطَ يَغْتَبِطُ إِغْتِبَاطًا: خۇشال بولدى، شادلاندى.

إِغْتَبَقَ يَغْتَبِقُ إِغْتِبَاقًا الْخَمْرَ: كەچتە ھاراق ئىچتى.

إِغْتَدَى يَغْتَدِي إِغْتِدَاءً: ئەتىگەندە يولغا چىقتى.

إِغْتِرَابٌ: غېرىبسىنماق، غېرىبلىق ھېس قىلماق، مۇساپىر بولماق، ياقا ـ يۇرتتا بولماق، غېرىب بولماق.

الْإِغْتِرَابُ النَّفْسِيُّ: روھىي غېرىبلىق.

«إِنْتَابَهُ شُعُورٌ بِالْإِغْتِرَابِ رَغْمَ وُجُودِهِ فِي بَلَدِهِ»: ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدا بولۇشىغا قارىماي غېرىبسىنىش ھېسسىياتىدا بولدى.

الْإِغْتِرَابُ الثَّقَافِيُّ: مەدەنىيەت جەھەتتىكى غېرىبلىق.

الْإِغْتِرَابُ الذِّهْنِيُّ: ئەقلىي غېرىبلىق (بىر خىل روھىي كېسەللىك بولۇپ، كېسەلنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى نورمال بولمايدۇ، جەمئىيەتنى يات ھېسابلاپ ھەممىسى خىلۇەت جايدا بولۇشقا ئىنتىلىدۇ).

إِغْتَرَبَ يَغْتَرِبُ إِغْتِرَابًا: ۋەتەنىدىن ئايرىلدى، يۇرتىدىن ئايرىلدى، غېرىبسىندى.

إِغْتَرَّ يَغْتَرُّ إِغْتِرَارًا: تۇيۇقسىز كەلدى، ئۇشتۇمتۇت كەلدى؛ ئالداندى.

إِغْتَرَّ بِظَهْرٍ: سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئالدىنىپ قالدى.

إِغْتَرَّ بِنَفْسِهِ: ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلەندى،

چوڭچىلىق قىلدى، مەغرۇرلاندى؛ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىدى.

إِغْتَرَفَ يَغْتَرِفُ إِغْتِرَافًا الْمَاءَ بِيَدِهِ: سۇنى ئوچۇملاپ ئىچتى.

«وَمَنْ لَمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُ مِنِّي إِلاَّ مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ» «قرآن»: كىمىكى دەريا سۈيىنى ئىچمەيدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىر ئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇقتا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ).

إِغْتَرَقَ يَغْتَرِقُ إِغْتِرَاقًا النَّفَسَ: تىنىدى، نەپەس ئالدى.

إِغْتِسَالٌ: يۇيۇنماق، غۇسلى قىلماق، بويىنى سۇغا سالماق.

إِغْتَسَلَ يَغْتَسِلُ إِغْتِسَالاً: غۇسلى قىلدى، يۇيۇندى، سۇغا چۈشتى.

«يَغْتَسِلُ كُلَّ صَبَاحٍ بِالْمَاءِ الْبَارِدِ»: ھەر كۈنى ئەتىگىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنىدۇ.

«لاَ تَنْسَ أَنْ تَغْتَسِلَ يَدَيْكَ قَبْلَ الْأَكْلِ وَ بَعْدَهُ»: تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىككى قولۇڭنى يۇيۇشنى ئۇنتۇمىغىن.

إِغْتَشَّ يَغْتَشُّ إِغْتِشَاشًا: ساختىپەز دەپ ھېسابلىدى.

إِغْتِصَابِيٌّ: مەجبۇرىي، زورمۇ زور، زورلۇققا ئائىت.

إِغْتَصَبَ يَغْتَصِبُ إِغْتِصَابًا الشَّيْءَ: بۇلىۋالدى، تالىۋالدى.

إِغْتَصَبَ السُّلْطَةَ: ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى.

إِغْتَصَبَ الْأَرْضَ: زېمىننى تارتىۋالدى.

إِغْتَصَبَ الْمَرْأَةَ: باسقۇنچىلىق قىلدى.

إِغْتَصَّ يَغْتَصُّ إِغْتِصَاصًا الْمَكَانَ: ئورۇن قىستاڭچىلىق بولدى، ئىققىمچىلىق بولدى.

إِغْتَطَى يَغْتَطِي إِغْتِطَاءً: يۆگەلدى، پۈركەندى، يوشۇرۇندى.

إِغْتَفَرَ يَغْتَفِرُ إِغْتِفَارًا: كەچۈرۈم سورىدى.

جَرِيْمَةٌ لاَ تُغْتَفَرُ: كەچۈرۈم قىلغىلى بولمايدىغان جىنايەت، كەچۈرگۈسىز گۇناھ.

«إِرْتَكَبَ جَرَائِمَ لاَ تُغْتَفَرُ»: ئۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى.

إِغْتَفَلَ يَغْتَفِلُ إِغْتِفَالاً: دىققەتسىزلىكنى كۈتتى.

إِغْتَلَمَ يَغْتَلِمُ إِغْتِلاَمًا: كۆيلىدى؛ جىنسىي ھەۋىسىنى باسالمىدى، دىخسىرىدى.

إِغْتَلَى يَغْتَلِي إِغْتِلاَءً: كۆپەيدى.

إِغْتَمَزَ يَغْتَمِزُ إِغْتِمَازًا: قارىلىدى، ئەيىبلىدى، بوھتان چاپلىدى، غەيۋەت قىلدى.

إِغْتَمَسَ يَغْتَمِسُ إِغْتِمَاسًا فِي كَذَا: كەينىگە كىرىپ كەتتى، چۆكۈپلا كەتتى.

إِغْتَمَضَ يَغْتَمِضُ إِغْتِمَاضًا طَرْفُهُ: كۆزى يۇمۇلدى، ئۇخلىدى.

إِغْتَمَّ يَغْتَمُّ إِغْتِمَامًا: قايغۇردى، ھەسرەت چەكتى، مەيۈسلەندى.

إِغْتِنَامٌ: غەنىيمەت ئالماق، غەنىيمەت بىلمەك.

إِغْتَنَمَ يَغْتَنِمُ إِغْتِنَامًا الْفُرْصَةَ: پۇرسەتتىن پايدىلاندى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

«إِغْتَنَمَ الْفُرْصَةَ لِتَحْقِيقِ أَهْدَافِهِ»: مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

إِغْتَنَى يَغْتَنِي إِغْتِنَاءً: باي بولدى، بېيىدى، پۇل-مېلى كۆپەيدى.

إِغْتِيَابٌ: غەيۋەت قىلماق.

إِغْتِيَاظٌ: غەزەپلەنمەك، دەرغەزەپ بولماق.

إِغْتِيَالٌ ج إِغْتِيَالاَتٌ: قەستلەپ ئۆلتۈرمەك، سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەك، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش.

«إِرْتَفَعَ عَدَدُ الْإِغْتِيَالاَتِ السِّيَاسِيَّةِ»: سىياسىي خاراكتېرلىك قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتتى.

أَغْدَرَ يُغْدِرُ إِغْدَارًا: قالدۇردى، تاشلىۋەتتى.

أَغْدَقَ يُغْدِقُ إِغْدَاقًا الْمَطَرُ: يامغۇر شارقىراپ ياغدى.

«أَغْدَقَ عَلَيْهِ وَابِلاً مِنَ الثَّنَاءِ»: ئۇنى مەدھىيەلەشتە كۆمىۋەتتى.

أَغْدَقَ عَلَيْهِ الْعَطَاءَ: ئۇنىڭغا كۆپ بەردى.

أَغْدَقَ عَلَيْهِ الْهَدَايَا: ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالامنى كۆپ بەردى.

أَغْدَقَتْ عَيْنُ الْمَاءِ: بۇلاق سۈيى كۆپەيدى.

أَغَدَّ يُغِدُّ إِغْدَادًا الْجُرْحُ: جاراھەت يىرىڭلىدى، يىرىڭ ئاقتى.

أَغَذَّ السَّيْرَ: يۈگۈردى، چاپتى.

«أَغَذُّوا السَّيْرَ فِي طَلَبِهِ وَلَكِنَّهُمْ لَمْ يُدْرِكُوهُ»: ئۇلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تېز يۈگۈرۈشتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى.

إِغْرَاءٌ: قۇتراتماق، ئاداشتۇرماق، قىزىقتۇرماق، قوزغىماق، تەرغىپ قىلماق.

إِغْرَاقٌ: مۇبالىغە قىلماق، كۆپتۈرمەك.

أَغْرَبَ يُغْرِبُ إِغْرَابًا: غەربكە كەلدى؛ غەربكە كەتتى؛ پاساھەتلىك سۆزلىدى؛ قىزىقارلىق ئىشلارنى قىلدى.

أَغْرَبَ فِي الْبِلَادِ: ئىچكىرىلەپ كىردى، چوڭقۇرلاپ كىردى.

أَغْرَبَ فِي الضِّحْكِ: غەلىتە كۈلدى، كۈلۈپ تىلىدىن قالدى.

أَغْرَدَ يُغْرِدُ إِغْرَادًا الطَّائِرُ: قۇش سايرىدى، قۇش ۋىچىرلىدى.

أَغَرُّ: ئاق قاشقىلىق ئات.

أَغْرَزَ يُغْرِزُ إِغْرَازًا الْإِبْرَةَ فِي الشَّيْءِ: يىڭنىنى سانجىدى، كىرگۈزدى.

أَغْرَزَ عُودًا بِالْأَرْضِ: جىرىم تىكتى.

أَغْرَسَ يُغْرِسُ إِغْرَاسًا الشَّجَرَ: دەرەخ تىكتى، كۆچەت تىكتى، ئورمان ئەھيا قىلدى.

أَغْرَضَ يُغْرِضُ إِغْرَاضًا الشَّخْصَ: (سۆز ياكى ھەرىكەتنى) غەرەزلىك قىلدى.

أَغْرَضَ الْغَرَضَ: مەقسەتكە يەتتى.

أَغْرَقَ يُغْرِقُ إِغْرَاقًا: ئاشۇرۇۋەتتى، كۆپتۈرۈۋەتتى، مۇبالىغە قىلدى؛ ئۇلتۇرغۇزدى.

أَغْرَقَ السَّفِينَةَ: كېمىنى چۆكتۈرۈۋەتتى، كېمىنى غەرق قىلىۋەتتى.

«فَانْتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَاهُمْ فِي الْيَمِّ» «قرآن»: ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق.

أَغْرَقَ فِي الضِّحْكِ: قاتتىق كۈلدى، تېلىققىپ كۈلدى.

أَغْرَقَ السُّوقَ بِالْبَضَائِعِ: تۆكمە قىلىپ ساتتى، ئەرزان ساتتى.

أَغْرَقَ فِي مَدِيحِهِ: ماختاپ كۆككە كۆتۈردى، ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى.

أَغْرَمَ يُغْرِمُ إِغْرَامًا الشَّخْصَ: جەرىمانە قويدى، قەرزدار قىلىپ قويدى.

أُغْرِمَ بِهِ: قاتتىق بېرىلدى، شەيدا بولدى، ئامراق بولۇپ كەتتى، ئاشىق بولدى.

«أُغْرِمَ بِالْقِمَارِ فَخَسِرَ مَالَهُ»: قىمارغا بېرىلىپ كېتىپ، مېلىنى زىيان تارتتى.

أُغْرُودٌ. أُغْرُودَةٌ ج أَغَارِيدُ: قۇشنىڭ سايرىشى؛ ناخشا.

طَائِرٌ أَوْ مُغَنٍّ مُسْتَمْلَحُ الْأَغَارِيدِ: چىرايلىق سايرايدىغان قۇش ياكى مۇڭلۇق ناخشىچى.

إِغْرَوْرَقَ يَغْرَوْرِقُ إِغْرِيرَاقًا: غەرق بولدى.

إِغْرَوْرَقَتِ الْعَيْنُ بِالدَّمْعِ: كۆز ياش بىلەن تولدى، كۆزدە ياش ئەگىدى.

أَغْرَى يُغْرِي إِغْرَاءً: قۇتراتتى، كۇشكۇرتتى، ۋەسۋەسىگە سالدى.

أُغْرِيَ بِالشَّيْءِ: قىزىقتۇردى؛ شەيدا بولۇپ قالدى، كۆيۈپ قالدى، قاتتىق بېرىلدى.

«فَأَغْرَيْنَا بَيْنَهُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ» «قرآن»: (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق.

أَغْرَاهُ بِقَبُولِ الْوَظِيفَةِ: ئۇنى مەنسەپكە قىزىقتۇردى.

أَغْرَى الْعَدَاوَةَ بَيْنَهُمْ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، دۈشمەنلىك پەيدا قىلدى.

إِغْرِيقٌ ج أَغَارِقَةٌ: قەدىمكى يۇنانلىقلار.

إِغْرِيقِيٌّ: يۇنان، قەدىمكى يۇنان تىلى، گرېك تىلى.

إِغْرِيقِيٌّ ج إِغْرِيقٌ: يۇنانلىق، قەدىمكى يۇنانلىق، گرېتسىيىلىك.

اَلْإِغْرِيقِيَّةُ: گرېك تىلى.

أَغْزَرَ يُغْزِرُ إِغْزَارًا: كۆپەيتتى، مول قىلدى.

أَغْزَرَ الْمَعْرُوفَ: كۆپ ياخشىلىق قىلدى.

«أَغْزَرَ اللّٰهُ مَالَهُ»: ئاللاھ ئۇنىڭ مېلىنى كۆپ قىلسۇن.

أَغَزَّ يُغِزُّ إِغْزَازًا الشَّجَرُ: دەرەخ تىكەنلىك بولدى.

أُغُسْطُس: ئاۋغۇست (مىلادىيە 8 ـ ئاي).

أَغْسَقَ يُغْسِقُ إِغْسَاقًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇ چۈشتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

أَغْشَى يُغْشِي إِغْشَاءً اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

«فَأَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لاَيُبْصِرُونَ» ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدۇ.

أَغَمَّ يُغِمُّ إِغْمَامًا: قىستىدى، سىقتى، دەم ئالغۇزمىدى.

إِغْمَاءٌ: كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق، كەڭچىلىك قىلماق، كۆز يۇمماق، سۈكۈت قىلماق، كۆرمەسكە سالماق.

أَغْضَبَهُ يُغْضِبُ إِغْضَابًا: تىرىكتۈردى، غەزەپلەندۈردى.

أَغْضَى يُغْضِي إِغْضَاءً عَنْهُ: كۆزىنى ئەپقاچتى، كۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى.

أَغْضَى عَلَى الشَّيْءِ: سەۋر قىلدى، جىم بولدى، سۈكۈت قىلدى.

أَغْضَى حَيَاءً: تارتىنىپ يەرگە قارىۋالدى.

أَغْضَى عَلَى أَخْطَاءِ صَدِيقِهِ: دوستىنىڭ خاتالىقلىرىغا كۆز يۇمدى.

«لاَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يُغْضِيَ عَلَى الظُّلْمِ»: ئۇ زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ.

أَغْضَى اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى.

أَغْضَى عَيْنَهُ: كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

أَغْطَشَ يُغْطِشُ إِغْطَاشًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى.

«وَأَغْطَشَ لَيْلَهَاوَ أَخْرَجَ ضُحَاهَا» ‹قرآن›: ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يورۇق قىلدى.

أَغْطَشُ م غَطْشَاءُ ج غُطْشٌ: كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ئادەم.

لَيْلٌ أَغْطَشُ: قاراڭغۇ كېچە.

أَغَطَّ يُغِطُّ إِغْطَاطًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: سۇغا چۆكتۈردى، پاتۇردى، شۇڭغۇتتى.

إِغْفَالٌ: بېپەرۋالىق قىلماق، دىققەتسىزلىك قىلماق.

إِغْفَالُ الْأُمُورِ: بۇيرۇقىقا سەل قارىماق، ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك.

أَغْفَلَ يُغْفِلُ إِغْفَالاً: ئېتىبارسىز قارىدى، بىخەستىلىك قىلدى، دىققەتسىزلىك قىلدى.

«وَلاَ تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَنْ ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ» ‹قرآن›: بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان ، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن.

«أَغْفَلَ وَاجِبَتَهُ فَخَسِرَ وَظِيفَتَهُ»: مەجبۇرىيىتىگە سەل قارىغانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

أَغْفَى يُغْفِي إِغْفَاءً: مۈگدەپ قالدى، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

إِغْلاَقٌ: ياپماق، تاقىماق، قۇلۇپلىماق، بېكىتمەك.

إِغْلاَقُ الرَّهْنِ: رەنە مالنىڭ قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش.

أَغْلَبُ: زور كۆپچىلىك، كۆپىنچىسى، تولىسى.

فِي الْأَغْلَبِ: كۆپىنچە.

فِي أَغْلَبِ الْأَحْيَانِ: كۆپ ۋاقىتلاردا.

«أَغْلَبُ النَّاسِ هُنَا فُقَرَاءُ»: بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەللەردۇر.

أَغْلَبِيَّةٌ: زور كۆپچىلىك، كۆپلىگەن، كۆپىنچىسى.

فِي الْأَغْلَبِيَّةِ: كۆپىنچە ھاللاردا.

«وَافَقَتْ أَغْلَبِيَّةُ الْأَعْضَاءِ عَلَى الْقَرَارِ»: ئەزالارنىڭ زور كۆپچىلىكى قارارغا قوشۇلدى.

«فَازَ فِي الْاِنْتِخَابَاتِ بِأَغْلَبِيَّةٍ سَاحِقَةٍ»: ئۇ سايلامدا مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن غەلىبە قىلدى.

حِزْبُ الْأَغْلَبِيَّةِ: كۆپ سانلىقلار پارتىيىسى.

أَغْلَبِيَّةٌ سَاحِقَةٌ: مۇتلەق كۆپ قىسمى، مۇتلەق كۆپچىلىكى.

أَلأَغْلَبِيَّةُ النِّسْبِيَّةُ: نىسبى كۆپ ئاۋاز.

أَغْلَطَ يُغْلِطُ إِغْلاَطًا ـ هُ: خاتالاشتۇردى.

أَغْلَظَ يُغْلِظُ إِغْلاَظًا اليَمِينَ: قاتتىق قەسەم ئىچتى.

أَغْلَظَ لَهُ القَوْلَ: قوپال گەپ قىلدى، قوپاللىق قىلدى، توڭلۇق قىلدى.

أَغْلَقَ يُغْلِقُ إِغْلاَقًا الشَّيْءَ: پېچەتلىدى، ئەتتى، يۆگىدى، ياپتى.

أَغْلَقَ الكِتَابَ: كىتابنى تۈپلىدى، كىتابنى مۇقاۋىلىدى.

أَغْلَقَ ج غُلُقٌ: خەتنە قىلىنمىغان.

أَغْلَقَ العَقْلِ: ئەخمەق، كالۋا.

قَلْبٌ أَغْلَقُ: دۆت، ھېچ نېمە بىلمەيدىغان.

أَغْلَقَ يُغْلِقُ إِغْلاَقًا: ياپتى، ئەتتى، تاقىدى.

أَغْلَقَ المَصْنَعَ: زاۋۇتنى تاقىدى.

«بَعْدَ الإِنْقِلاَبِ العَسْكَرِيِّ أَغْلَقَتِ الحُكُومَةُ الحُدُودَ وَالمَطَارَاتِ وَالمَوَانِئَ»: ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ھۆكۈمەت چېگرا، ئايرودروم ۋە پورتلارنى تاقىدى.

«أَغْلَقَتِ المَدْرَسَةُ أَبْوَابَهَا»: مەكتەپ دەرۋازىلىرىنى ئەتتى.

أَغْلَقَ البَابَ: ئىشىككە قۇلۇپ سالدى، قۇلۇپلىدى.

أَغْلَقَ الأَزْرَارَ: تۈگمىلىدى، توپچىلىدى.

«أَغْلَقَتِ الثُّلُوجُ الكَثِيفَةُ الطُّرُقَ الجَبَلِيَّةَ»: قېلىن قار تاغ يوللىرىنى توسۇۋالدى.

«أَغْلِقْ مِنْ فَضْلِكَ التِّلْفَازَ»: تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتكىنە.

أَغَلَّ يُغِلُّ إِغْلاَلاً الأَرْضُ: زېمىندا ئاشلىق مول بولدى.

«نَزَلَ مَطَرٌ غَزِيرٌ هَذَا العَامَ فَأَغَلَّتِ الأَرْضُ كَثِيرًا»: بۇ يىل يامغۇر كۆپ يېغىپ، يەردىن ئاشلىق كۆپ ئېلىندى.

أُغْلُوطَةٌ ج أَغَالِيطُ: خاتا قاراش، خاتالىق، سەپسەتە.

إِغْلَوْلَى يَغْلَوْلِي إِغْلِيْلاَءً الشَّجَرُ: دەرەخ بولۇق ئۆستى، بۇك ـ باراقسان بولدى.

أَغْلَى يُغْلِي إِغْلاَءً السِّعْرَ: باھانى ئۆستۈردى، باھانى ئۆرلەتتى.

أَغْلَى الشَّجَرُ: دەرەخ بولۇق ئۆستى.

أَغْلَى القِدْرُ: قازان قاينىدى.

أَغْلَى القِدْرَ: قازاننى قايناتتى.

أَغْلَى: ئەڭ قىممەت، باھاسى ئەڭ يۇقىرى.

«إِنَّ الوَطَنَ أَغْلَى شَيْءٍ فِي الوُجُودِ»: ۋەتەن ئەڭ قەدىرلىكتۇر.

«وَهِيَ أَغْلَى مَا يَمْلِكُهُ فِي الحَيَاةِ»: ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر.

إِغْمَاءٌ: ھوشسىدىن كەتمەك، ئايلىنىپ كەتمەك.

أَغْمَدَ يُغْمِدُ إِغْمَادًا السَّيْفَ: قىلىچنى غىلاپقا سالدى.

أَغْمَدَ سِكِّينًا فِي كَذَا: پىچاقنى تىقتى.

«أَغْمَدَ خَنْجَرَهُ فِي صَدْرِ عَدُوِّهِ»: ئۇ خەنجىرىنى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىگە سانجىدى.

أَغْمَضَ يُغْمِضُ إِغْمَاضًا عَيْنَيْهِ: كۆزىنى يۇمۇۋالدى، كۆرمەسكە سالدى.

أَغْمَضَ عَنْ كَذَا: خۇپسەنلىك قىلدى، ئۆزىنى باشقا قىياپەتكە سېلىۋالدى.

أَغْمَضَ فِي السِّلْعَةِ: سودىدا كەڭ بولدى.

«وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلاَّ أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ» (قرآن): ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار.

«أَغْمَضْتُ عَيْنَيَّ عَنْ عُيُوبِهِ وَإِسَاءَتِهِ إِلَيَّ»: ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ۋە ماڭا قىلغان يامانلىقلىرىنى كەچۈردۈم.

أَغَمَّ يُغِمُّ إِغْمَامًا: غەم ـ قايغۇغا سالدى، ئەندىشىگە سالدى، ھەسرەت چەكتۈردى.

أَغَمَّتِ السَّمَاءُ: ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى.

أَغَمُّ م غَمَّاءُ ج غُمٌّ: قويۇق بۇلۇت.

أُغْمِيَ يُغْمِي إِغْمَاءً عَلَيْهِ: ھوشسىدىن كەتتى، ھوشىنى يوقاتتى، ئايلىنىپ كەتتى.

«سَمِعَ النَّبَأَ فَأُغْمِيَ عَلَيْهِ»: خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشسىدىن كەتتى.

«أُغْمِيَ عَلَيَّ إِغْمَاءَةً» : مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

أَغْنَمَ يُغْنِمُ إِغْنَامًا: ئىنئام قىلدى، ھەدىيە قىلدى، ئىلتىپات قىلدى.

أَغَنَّ يُغِنُّ إِغْنَانًا الشَّجَرُ: دەرەخ بۇلۇڭ - باراقسان بولدى.

أَغَنَّ الْوَادِي: دەرەخلىق بولدى، دەرەخزارلىق بولدى.

أَغَنَّ الرَّجُلُ: دىمىغىدا غىڭشىدى.

أَغَنَّ الذُّبَابُ: چىۋىن غوڭۇلدىدى.

أَغَنَّتِ الْأَرْضُ: زېمىننىڭ ئوت - چۆپلىرى كۆپ بولدى.

أَغَنُّ م غَنَّاءُ ج غُنٌّ: بۇلۇڭ - باراقسان دەرەخلىق، ئورمانلىق.

وَادٍ أَغَنُّ: ئورمانلىق جىلغا.

أَغْنَى يُغْنِي إِغْنَاءً: باي قىلدى، بېيىتتى.

أَغْنَاهُ مِنَ الشَّيْءِ: ئۇنى ھەممىدىن بىھاجەت قىلدى.

«وَوَجَدَكَ عَائِلًا فَأَغْنَى» «قۇرئان» : سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟

«مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيَه» «قۇرئان» : مېنىڭ مال - مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى.

أَغْنَى عَنْهُ غَنَاءَ فُلَانٍ: ئۇنىڭ ئورنىنى دەسسە-دى.

مَاأَغْنَى عَنْهُ: ئۇنىڭ پايدىسى بولمىدى.

«لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ» «قۇرئان» : ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ.

أُغْنِيَّةٌ ج أَغَانِيُّ وَأَغَانٍ: ناخشا، غەزەل، ناخشا تېكىستى، ناخشا سۆزى.

«كَلِمَاتُ هَذِهِ الْأُغْنِيَّةِ جَمِيلَةٌ» : بۇ ناخشىنىڭ تېكىستلىرى چىرايلىق.

أَغْوَى يُغْوِي إِغْوَاءً: يولدىن چىقاردى، ئاداشتۇر-دى.

أَغْوَاهُ الشَّيْطَانُ: شەيتان ئۇنى ئازدۇردى.

«رَبَّنَا هَؤُلَاءِ الَّذِينَ أَغْوَيْنَا أَغْوَيْنَاهُمْ كَمَا غَوَيْنَا» «قۇرئان» : پەرۋەردىگارىمىز ! بىز (سىنىڭ يولۇڭدىن) ئازدۇرغانلارنى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرىمىزنى) ئۆزىمىز ئازغاندەك ئازدۇردۇق.

«لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَلَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ» «قۇرئان» : يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھ-لارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن.

أَغْيَا يُغْيِي إِغْيَاءً الرَّايَةَ: بايراق چىقاردى، بايراقنى قادىدى.

أَغْيَا الْغَايَةَ: نىشاننى بەلگىلىدى؛ نىشانغا يەتتى.

أَغْيَدُ م غَيْدَاءُ ج غِيدٌ: نازۇك، زىبا، گۈزەل قامەت، زىلۋا بوي.

أَغْيَمَ يُغْيِمُ إِغْيَامًا — تِ السَّمَاءُ: ھاۋا تۇتۇق بولدى، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى.

أَفَاءَ يُفِيئُ إِفَاءَةً اللَّهُ عَلَيْهِ الْخَيْرَ: ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەنىيمەت قىلىپ بەردى.

أَفَاءَ الظِّلُّ: سايە كەتتى.

«مَا آفَاءَ اللَّهُ عَلَى رَسُوْلِهِ مِنْ آهْلِ الْقُرَى»

«قۇرئان» : ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرانىڭ ماللىرىنى.

أَفَادَ يُفِيدُ إِفَادَةً مَالًا: ھاسىل قىلدى، قولغا كەلتۈردى، پايدىلاندى؛ پايدا يەتكۈزدى.

أَفَادَهُ: ھاسىل قىلدۇردى، ئېرىشتۈردى، پايدا بەردى.

«أَفَادَنِي عَمَلِي هَذَا خِبْرَةً كَبِيْرَةً» : مېنىڭ بۇ خىزمىتىم مېنى چوڭ تەجرىبىگە ئېرىشتۈر-دى.

إِفَادَةٌ: پايدا قىلماق، پايدا بەرمەك، ھاسىل قىلماق، ئالماق.

أَفَارَ يُفِيرُ إِفَارَةً: تاشتۇرۇۋەتتى، ئۇرغۇتۇۋەتتى.

أَفَاضَ يُفِيضُ إِفَاضَةً فِي الْحَدِيثِ: كەڭ دائىرىدە سۆزلىدى، سۆزنى ئۇزۇن قىلدى، بىلجىرلە-دى.

أَفَاضَ الدَّمْعَ: ياش تۆكتى.

أَفَاضَ اللّٰهُ الْخَيْرَ: ئاللاھ ياخشىلىقنى كۆپ قىلدى.

«وَنَادَى أَصْحَابُ النَّارِ أَصْحَابَ الْجَنَّةِ أَنْ أَفِيضُوا عَلَيْنَا مِنَ الْمَاءِ» «قرآن»: ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىمدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ.

أَفَاضَ الْحَاجُّ مِنْ عَرَفَاتٍ إِلَى مِنًى: ھاجىلار ئەرەفاتتىن مىناغا قايتتى.

إِفَاضَةٌ: قۇيماق، تۆكمەك، ئېقىتماق، ئاققۇزماق؛ قايتماق.

طَوَافُ الإِفَاضَةِ: ھاجىلار مىنادىن قايتىپ مەككىگە كىرىپ قىلىدىغان تاۋاپ.

أَفَاظَ يُفِيظُ إِفَاظَةً: ئۆلتۈردى، جېنىنى ئالدى.

أَفَاظَهُ اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنى قەبزى روھ قىلدى.

أَفَاعِيلُ: تۇراق (شېئىردا).

أَفَاقَ يُفِيقُ إِفَاقَةً: ئويغاندى، ھوشىغا كەلدى.

أَفَاقَ مِنْ نَدَمٍ: ئويغاندى.

«فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ» «قرآن»: ئۇ ھوشىغا كېلىپ: (پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، دېدى.

«أَفَاقَ عَلَى صَوْتِ جَرَسِ الْمُنَبِّهِ»: ئۇ قوڭغۇراقلىق سائەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغاندى.

أَفَاقَ الزَّمَانُ: زامان كۈلۈپ باقتى.

أَفَاقَ مِنْ جُنُونِهِ: ساقايدى.

أَفَاقَ مِنْ سُكْرِهِ: مەستلىكى يېشىلدى.

إِفَاقَةٌ: ئويغانماق، ھوشىغا كەلمەك، ئېسىگە كەلمەك.

إِفْتَاءٌ: پەتىۋا بەرمەك، پەتىۋا چىقارماق.

إِفْتِيَاتٌ: يالغان، ساختا، تۆھمەت.

اِفْتَاتَ يَفْتَاتُ اِفْتِيَاتًا بِرَأْيِهِ: ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، مۇستەبىتلىك قىلدى، ئۆزىنىڭكىنى راست قىلدى، دېگىنىدە چىڭ تۇردى.

«أَعْزَلُوهُ عَنِ الْقِيَادَةِ لِأَنَّهُ كَانَ يَفْتَاتُ بِرَأْيِهِ»: ئۇ ھاكىممۇتلەق بولىۋالغانلىقتىن ئۇنى رەھبەرلىكتىن قالدۇردى.

اِفْتَاتَ فِي الأَمْرِ: ئۆزۈمچە بولىۋالدى، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلدى.

اِفْتَاتَ الْكَلَامَ: گەپنى ئويدۇرۇپ چىقاردى، توقۇپ چىقاردى.

«هَذَا كَلَامٌ اِفْتَاتَهُ خُصُومِي»: بۇ دۈشمەنلىرىم توقۇپ چىققان سۆز.

اِفْتَأَتَ يَفْتَئِتُ اِفْتِئَاتًا الْقَوْلَ عَلَيْهِ: بوھتان چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى.

اِفْتَأَتَ بِرَأْيِهِ: مۇستەبىتلىك قىلدى، ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، باشباشتاقلىق قىلدى.

«اِفْتَأَتُوا عَلَيْهِ بِالْبَاطِلِ»: ئۇنىڭغا يالغان چاپلىدى.

«لَمْ يَنْتَخِبُوهُ رَئِيسًا لِلْجَنَةِ لِأَنَّهُمْ يَعْرِفُونَ أَنَّهُ يَفْتَئِتُ بِرَأْيِهِ»: ئۇلار ئۇنى كومىتېتنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىمىدى، چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ باش باشتاقلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

«حَرَّفَ خُصُومِي بَعْضَ مَا قُلْتُهُ وَافْتَأَتُوا عَلَيَّ مَا لَمْ أَقُلْهُ»: دۈشمەنلىرىم بەزى سۆزلىرىمنى ئۆزگەرتىپ مەن دېمىگەن گەپلەرنى ماڭا چاپلىدى.

اِفْتَأَدَ يَفْتَئِدُ اِفْتِئَادًا الرَّجُلُ: ئوت ياقتى، ئوت تۇتاشتۇردى.

اِفْتِتَاحٌ: باشلىماق، ئۇتتۇش قىلماق.

حَفْلَةُ اِفْتِتَاحِ الْمَعْرَضِ: كۆرگەزمە ئېچىلىش مۇراسىمى.

اِفْتِتَاحِيٌّ: مۇقەددىمە، كىرىش سۆز.

عَرْضٌ اِفْتِتَاحِيٌّ: ئېچىلىش يىغىنى.

مَقَالٌ اِفْتِتَاحِيٌّ: باش ماقالە.

اِفْتِتَاحِيَّةٌ ج اِفْتِتَاحِيَّاتٌ: باش ماقالە.

جَلْسَةٌ اِفْتِتَاحِيَّةٌ: ئېچىلىش مۇراسىمى.

«يُحَرِّرُ مُدِيرُ الْجَرِيدَةِ الْمَقَالَاتِ الإِفْتِتَاحِيَّةَ»: گېزىتنىڭ باش تەھرىرى باش ماقالىلەرنى يازىدۇ.

اِفْتَتَحَ يَفْتَتِحُ اِفْتِتَاحًا: باشلىدى، ئۇتتۇندى، كىرىشتى.

«اِفْتَتَحَ الرَّئِيسُ الدَّوْرَةَ الْبِرْلَمَانِيَّةَ وَأَلْقَى

خِطَابَ الْإِفْتِتَاحِ»: رەئىس پارلامېنت يىغىنىنى ئېچىپ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

«إِفْتَتَحَ الْكَلَامَ بِاسْمِ اللّٰهِ»: ئۇ سۆزىنى «بسم الله» بىلەن باشلىدى.

إِفْتَتَحَ الْبِلَادَ: يۇرتنى بويسۇندۇردى، ئىستىلا قىلدى، قولغا كىرگۈزدى، ئازاد قىلدى.

إِفْتَتَنَ يَفْتَتِنُ إِفْتِتَانًا بِالْمَرْأَةِ: ئايال كىشىگە مەپتۇن بولدى، شەيدا بولدى.

إِفْتَتَنَ بِالْأَمْرِ: ھەيران قالدى.

أُفْتُتِنَ بِهِ: قايمۇقۇپ قالدى، ئازدى.

إِفْتَجَأَ يَفْتَجِئُ إِفْتِجَاءً الرَّجُلَ: تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

إِفْتِخَارٌ: پەخىرلەنمەك، ئىپتىخارلانماق، ماختانچاقلىق قىلماق، كۆز ـ كۆز قىلماق، كۆرەڭلىمەك.

«الْإِفْتِخَارُ بِالْعِلْمِ وَالْأَدَبِ، لَا بِالْمَالِ وَالنَّسَبِ»: پەخىرلىنىش مال ـ دۇنيا ۋە نەسەب بىلەن ئەمەس، ئەدەپ بىلەن بولىدۇ.

إِفْتَخَرَ يَفْتَخِرُ إِفْتِخَارًا: پەخىرلەندى، ئىپتىخار قىلدى، ماختانچاقلىق قىلدى.

«إِنِّي أَفْتَخِرُ بِصَدَاقَتِكُمْ»: مەن سىلەرنىڭ دوستلىقىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.

إِفْتَدَى يَفْتَدِي إِفْتِدَاءً بِهِ: ھەق تۆلىدى، ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالدى.

إِفْتَدَى نَفْسَهُ بِمَالِهِ: مېلى بىلەن ئۆزىنى سېتىۋالدى.

«يَوَدُّ الْمُجْرِمُ لَوْ يَفْتَدِي مِنْ عَذَابِ يَوْمِئِذٍ بِبَنِيهِ» «قرآن»: گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى... بېرىپ بولسىمۇ بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

أَفْتَرَ يُفْتِرُ إِفْتَارًا: تىنجىتتى، پەسەيتتى، بېسىقتۇردى؛ ئاجىزلاشتۇردى، بوشاتتى.

أَفْتَرَ الْمَاءَ: سۇنى ئىسسىتتى، سۇنى ئىللىتتى.

إِفْتِرَاءٌ: تۆھمەت قىلماق، بوھتان چاپلىماق.

إِفْتِرَائِيٌّ: تۆھمەتكە ئالاقىدار، تۆھمەت خاراكتېرلىك.

إِفْتِرَاضٌ: پەرەز قىلماق، تەسەۋۋۇر قىلماق.

إِفْتِرَاضُ الْأَحْكَامِ: قانۇنلارنى تۈزمەك، قانۇنلارنى ئورناتماق.

«مَا قَالَهُ بِمُجَرَّدِ الْإِفْتِرَاضِ»: ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى نوقۇل پەرەزدىنلا ئىبارەت.

إِفْتِرَاضِيٌّ: تەخمىنەن، قىياسەن.

إِفْتِرَاقٌ: ئايرىلماق، بۆلۈنمەك، تارقالماق.

«لِكُلِّ إِجْتِمَاعٍ إِفْتِرَاقٌ»: ھەربىر جەم بولۇشنىڭ بىر ئايرىلمىقى بار.

إِفْتَرَّ يَفْتَرُّ إِفْتِرَارًا الشَّخْصُ: كۈلۈمسىرىدى، تەبەسسۇم قىلدى.

إِفْتَرَّ ثَغْرُهُ: يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

إِفْتَرَّ الْبَرْقُ: چاقنىدى، يورىدى.

إِفْتَرَسَ يَفْتَرِسُ إِفْتِرَاسًا الْكُتُبَ: كىتابلارغا قاراپ چىقتى، كۆزدىن كەچۈردى.

إِفْتَرَسَ الْأَسَدُ فَرِيسَتَهُ: شىر ئوۋنى ئوۋلىدى.

إِفْتَرَشَ يَفْتَرِشُ إِفْتِرَاشًا: يايدى.

إِفْتَرَشَ ثَوْبَهُ: كىيىمىنى سېلىنچا قىلدى.

إِفْتَرَشَ الْخَضْرَاءَ: چۆپلۈكتە ياتتى.

إِفْتَرَشَ الْغَبْرَاءَ: يەردە ياتتى.

إِفْتَرَشَ الرَّجُلَ: يىقىتتى.

إِفْتَرَشَ الْمَرْأَةَ: خوتۇن ئالدى، ئۆيلەندى.

«إِفْتَرَشَ الْأَرْضَ وَالْتَحَفَ السَّمَاءَ»: ئۇ يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلدى.

إِفْتَرَصَ يَفْتَرِصُ إِفْتِرَاصًا الْفُرْصَةَ: پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

إِفْتَرَضَ يَفْتَرِضُ إِفْتِرَاضًا الْأَمْرَ: تەسەۋۋۇر قىلدى، پەرەز قىلدى.

«إِفْتَرَضَتْ أَنَّ زَوْجَهَا قَدْ مَاتَ فَتَزَوَّجَتْ ثَانِيَةً بَعْدَ سَنَةٍ مِنِ اخْتِفَائِهِ»: بۇ ئايال ئېرىنى ئۆلدى دەپ پەرەز قىلىپ ئېرى غايىب بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم نىكاھلاندى.

إِفْتَرَقَ يَفْتَرِقُ إِفْتِرَاقًا عَنْهُ: ئايرىلدى، بۆلۈندى، پارچىلاندى؛ يىراقلاشتى.

«سَافَرْنَا مَعًا إِلَى مِصْرَ ثُمَّ افْتَرَقْنَا»: مىسىرغا بىرلىكتە سەپەر قىلىپ ئاندىن كېيىن ئايرى-

لىپ كەتتۇق.

«اِفْتَرَقَ أَهْلُ الْقَرْيَةِ بَعْدَ أَنِ اجْتَمَعُوا» : كەنت ئاھالىسى يىغىلغاندىن كېيىن تارقاپ كەتتى.

اِفْتَرَى يَفْتَرِي اِفْتِرَاءً: بوھتان قىلدى، قارا چاپلىدى، يالغان - ياۋىداق سۆز قىلدى.

«فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللّٰهِ كَذِبًا» «قرآن» : ئاللاھقا يالغان چاپلىغاندىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟

اِفْتَصَدَ يَفْتَصِدُ اِفْتِصَادًا الْعِرْقَ: داۋالاش ئۈچۈن تومۇردىن قان ئالدى.

اِفْتِضَاضُ الْبَكَارَةِ: قىزلىق پەردىسىنى بۇزۇۋېتىش، قىزلىقىنى ئالماق.

اِفْتَضَحَ يَفْتَضِحُ اِفْتِضَاحًا الْأَمْرُ: ئىچىپ تاشلاندى، ئاشكارىلاندى، پاش بولدى.

اِفْتَضَّ يَفْتَضُّ اِفْتِضَاضًا الْبِكْرَ: قىزلىقىنى ئالدى.

اِفْتَعَلَ يَفْتَعِلُ اِفْتِعَالًا الشَّيْءَ: ئويدۇرۇپ چىقاردى، ئويلاپ چىقاردى، توقۇپ چىقاردى.

اِفْتَعَلَ حُجَّةً: پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىقاردى.

اِفْتِقَادٌ: ئىزدىمەك، تەكشۈرمەك، ئىز - دېرىكىنى قىلماق.

اِفْتِقَارٌ: موھتاج بولماق، ھاجىتى چۈشمەك.

اِفْتَقَدَ يَفْتَقِدُ اِفْتِقَادًا الشَّيْءَ: يوقلۇقىنىڭ قەدرىگە يەتتى.

«فِي اللَّيْلَةِ الظَّلْمَاءِ يُفْتَقَدُ الْبَدْرُ» : قاپقاراڭغۇ كېچىدە تولۇن ئاينىڭ يوقلۇقى بىلىنىدۇ.

اِفْتَقَرَ يَفْتَقِرُ اِفْتِقَارًا: نامراتلىشىپ قالدى، موھتاج بولۇپ قالدى.

اِفْتَقَرَ إِلَى كَذَا: ھاجەت چۈشتى، ھاجەتمەن بولدى.

«اِفْتَقَرَ بَعْدَ غِنًى» : بايلىقتىن كېيىن نامراتلىشىپ قالدى.

«هٰذَا الشَّخْصُ يَفْتَقِرُ إِلَى الذَّكَاءِ» : بۇ ئادەم ئەقىل - پاراسەتكە موھتاج.

«هٰذَا الْمَكَانُ يَفْتَقِرُ إِلَى الْمَاءِ» : بۇ ئورۇندا سۇ قىس.

«مَنِ اسْتَغْنَى بِمَالِ النَّاسِ اِفْتَقَرَ» : كىشىنىڭ مىلى ئارقىلىق بايلىق ئىزدىگەن ئادەم گادايلىشىپ قالىدۇ.

اِفْتَكَرَ يَفْتَكِرُ اِفْتِكَارًا: ئەسلىدى، ياد ئەتتى، ئېسىگە ئەكەلدى.

«حَاوَلْتُ أَنْ أَفْتَكِرَ اسْمَهُ فَلَمْ أَسْتَطِعْ» : ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇنچە ئويلىنىپمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم.

اِفْتَكَّ يَفْتَكُّ اِفْتِكَاكًا الرَّهْنَ: گۆرۈنى قايتۇرۇۋالدى.

اِفْتَكَّ الشَّيْءَ: تارتىۋالدى.

اِفْتَلَى يَفْتَلِي اِفْتِلَاءً بِعَيْنَيْهِ: زەن قويدى، سىنچىلاپ قارىدى.

أَفْتَنَ يُفْتِنُ إِفْتَانًا: قايمۇقۇپ قالدى، گاڭگىراپ قالدى؛ قايمۇقتۇردى، ئازدۇردى، قىزىقتۇردى، ئالدىدى.

اِفْتَنَّ يَفْتَنُّ اِفْتِنَانًا فِي الْقَوْلِ: چىرايلىق ئۇسلۇبتا سۆزلىدى.

أَفْتَى يُفْتِي إِفْتَاءً: پەتىۋا بەردى، پەتىۋا چىقاردى.

أَفْتَى فِي الْمَسْأَلَةِ: ھۆكۈم چىقاردى، شەرىئەت ھۆكۈمىنى بايان قىلدى.

«قَالَتْ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ أَفْتُونِي فِي أَمْرِي» «قرآن» : ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ بۇ ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار».

«يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ أَفْتُونِي فِي رُؤْيَايَ إِنْ كُنْتُمْ لِلرُّؤْيَا تَعْبُرُونَ» «قرآن» : ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار.

«مَنْ أُفْتِيَ بِغَيْرِ عِلْمٍ كَانَ إِثْمُهُ عَلَى مَنْ أَفْتَاهُ» «حديث» : كىمكى بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بەرسە، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ.

أَفَجَّ يُفِجُّ إِفْجَاجًا فِي الْمَشْيِ: قەدەم تاشلىدى، چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

أَفْجَرَ يُفْجِرُ إِفْجَارًا: گۇناھ قىلدى، ناشايان ئىشلارنى قىلدى؛ يالغانچىلىق قىلدى.

أَفْجَعَ يُفْجِعُ إِفْجَاعًا — هُ: ئۇنى ھەسرەت چەكتۈردى، پەرىشان قىلدى، ئېچىندۇردى، ئازابلىدى.

إِفْحَامٌ: ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويماق، مات قىلماق.

أَلْحَجُ م فَحْجَاءُ ج فُحْجٌ: پۇتى مايماق ئادەم.

أَفْحَشَ يُفْحِشُ إِفْحَاشًا: ناشايان ئىشلارنى قىلدى، بەتقىلىقلىق قىلدى، ئۇياتسىز گەپ قىلدى.

أَفْحَشَ فِي قَوْلِهِ وَفِعْلِهِ: ناچار سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلدى.

أَفْحَمَ يُفْحِمُ إِفْحَامًا الْبُكَاءُ الصَّبِيَّ: بالا يىغلاپ ئۈنى پۈتۈپ كەتتى.

أَلْحَمَهُ: ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتتى، جاۋاب بېرەلمەس قىلىۋەتتى، لام ـ جىم دېگۈزمىدى.

«أَصَبْتَ وَأَخْطَأْتُ. لَقَدْ أَفْحَمْتَنِي»: سەن توغرا قىلدىڭ، مەن خاتالاشتىم، مېنى زۇۋان سۈرەلمەس قىلىپ قويدۇڭ.

أَفِدَ يَأْفَدُ أَفَدًا: يېقىنلاشتى، ئاز قالدى.

أَفِدَ السَّفَرُ: سەپەر يېقىنلاشتى.

أَفِرَ يَأْفِرُ أَفْرًا وَأُفُورًا: سوكۇلدىدى، يۈگۈردى؛ خوشال بولدى.

إِفْرَادٌ (في النحو): بىرلىك، يەككىلىك.

إِفْرَادٌ (في الفقه): ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىر ۋاقىتتا جەملىمەسلىك.

إِفْرَادًا وَ إِجْمَالاً: ئايرىم ـ ئايرىم ۋە توپ ـ توپ.

«اَلصِّفَةُ تُطَابِقُ الْمَوْصُوفَ فِي الإِفْرَادِ وَالتَّثْنِيَةِ وَالْجَمْعِ»: ئېنىقلىغۇچى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىدە ئېنىقلانغۇچىغا ماس كېلىشى كېرەك.

إِفْرَازٌ ج إِفْرَازَاتٌ: ئاجرالما (بەدەندىن چىقىدىغان تەرگە ئوخشاشلار).

إِفْرَازُ الْغُدَدِ: بەز ئاجراتمىسى.

«يُسَبِّبُ هَذَا الْمَرَضُ زِيَادَةً فِي إِفْرَازَاتِ بَعْضِ الْغُدَدِ»: بۇ كېسەل بەزى بەزلەرنىڭ ئاجراتمىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

إِفْرَاطٌ: ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، نورمالسىز.

إِفْرَاطُ الإِنْتَاجِ: مەھسۇلاتنىڭ ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىشى.

إِفْرَاغٌ: بوشاتماق، قۇرۇقدىماق، بىكار قىلماق.

أَفْرَجَ يُفْرِجُ إِفْرَاجًا عَنِ الشَّيْءِ: قويۇپ بەردى، بوشىتىۋەتتى، چىقاردى، ئايرىلدى، چەتنىدى.

«أَفْرَجَتِ الْحُكُومَةُ عَنْ جَمِيعِ الْمُعْتَقِلِينَ السِّيَاسِيِّينَ»: ھۆكۈمەت بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى.

أَفْرَحَ يُفْرِحُ إِفْرَاحًا: شادلاندۇردى، خۇشال قىلدى، خۇرسەن قىلدى.

«سَمِعْتُ الْيَوْمَ نَبَأً سَيُفْرِحُكَ»: بۈگۈن سېنى خۇشال قىلىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىدىم.

أَفْرَخَ يُفْرِخُ إِفْرَاخًا: چۈجە چىقاردى، چۈجىلىدى.

أَفْرَخَ الْقَوْمُ بَيْضَتَهُمْ: مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى.

أَفْرَخَ رَوْعُهُ: كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

أَفْرَدَ يُفْرِدُ إِفْرَادًا الشَّيْءَ: ئايرىۋەتتى، ئاجراتتى، بۆلدى.

أَفْرَدَ الإِسْمَ: ئىسىمنى تاق سانغا ئايلاندۇردى.

«أُفْرِدَ الطُّلاَّبُ الْمُتَفَوِّقُونَ فِي شُعْبَةٍ خَاصَّةٍ»: ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ئايرىم قىسىمغا ئايرىۋېتىلدى.

أَفَرَّ يُفِرُّ إِفْرَارًا: قاچۇرۇۋەتتى.

أَفَرَّ الْحِصَانَ: ئاتنى قاچۇرۇۋەتتى.

أَفْرَزَ يُفْرِزُ إِفْرَازًا: ئايرىدى، ئاجراتتى، بۆلدى، تاللىدى.

أَفْرَزَ الْعَرَقَ: تەرلىدى.

أَفْرَطَ يُفْرِطُ إِفْرَاطًا: ئاشۇرۇۋەتتى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى.

«أَفْرَطَ فِي تَأْدِيبِ صَاحِبِهِ»: ھەمراھىنى ئەيىبلەشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى.

أَفْرَغَ يُفْرِغُ إِفْرَاغًا الإِنَاءَ: قاچىلارنى بوشاتتى، قۇرۇقدىدى.

أَفْرَغَ الشَّحْنَةَ: يۈكنى چۈشۈردى.

أَفْرَغَ الْمَاءَ: سۇنى قۇيدى، سۇنى تۆكتى.

أَفْرَغَ فِي قَالِبٍ: قېلىپقا قۇيدى، تۆكتى.

أَفْرَغَ الْعُمَّالُ الْبِضَاعَةَ: ئىشچىلار مال يۆتكىدى.

«أَفْرَغَ الْعُمَّالُ السَّفِينَةَ»: ئىشچىلار پاراخوتنى

بوشاتتى.

أَفْرَغَ الْبَارُودَ: ئوق ئاتتى، ئوققا تولتتى.

أَفْرَغَ اللّٰهُ عَلَيْهِ صَبْرًا: ئاللاھ ئۇنىڭغا سەۋر ئاتا قىلسۇن.

إِفْرَنْجُ آلْوَاحِدُ إِفْرَنْجِيٌّ: ياۋروپالىق؛ ياۋروپاغا خاس.

بِلَادُ الْإِفْرَنْجِ: ياۋروپا.

آلْمَلَابِسُ الْإِفْرَنْجِيَّةُ: ياۋروپاچە كىيىم - كېچەك، كاستيۇم، شىم.

أَفْرَى يُفْرِي إِفْرَاءَ الشَّيْءَ: ياردى، پارچىلىدى، ئاجراتتى، بۆلدى.

إِفْرِيزٌ ج أَفَارِيزُ: لەمپە، پېشايۋان.

إِفْرِيزُ الطَّرِيقِ: يول ياقىسىدىكى پىيادىلەر يولى.

إِفْرِيزُ الْمَحَطَّةِ: ئىستانسىنىڭ ياكى بېكەتنىڭ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يولى.

إِفْرِيقَةُ. إِفْرِيقْيَا: ئافرىقا.

إِفْرِيقِيَا الْجَنُوبِيَّةُ: جەنۇبىي ئافرىقا.

جَنُوبِيُّ إِفْرِيقِيَا: ئافرىقىنىڭ جەنۇبى.

شِمَالِيُّ إِفْرِيقِيَا: ئافرىقىنىڭ شىمالى.

إِفْرِيقِيَا السَّوْدَاءُ: ئافرىقا سەھراسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان رايونلار.

إِفْرِيقِيٌّ: ئافرىقىلىق، ئافرىقىغا خاس.

أَفَزَّ يُفِزُّ إِفْزَازًا: ئۈركۈتتۈۋەتتى، ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتتى، ھاياجانلاندۇردى، چۆچۈتۈۋەتتى.

«حَلِمْتُ حُلْمًا أَفَزَّنِي فَصَحَوْتُ مِنْ نَوْمِي»: شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەنكى، مېنى قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئويغىنىپ كەتتىم.

أَفْزَعَ يُفْزِعُ إِفْزَاعًا: قورقۇتتى، تەھدىت سالدى، چۆچۈتتى، ئۈركۈتتى.

«أَفْزَعَتِ الْغَارَةُ الْجَوِّيَّةُ النَّاسَ فَانْدَفَعُوا إِلَى الْمَلَاجِيءِ»: ھاۋا ھۇجۇمى كىشىلەرنى قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپلىرىغا يۈگۈردى.

إِفْسَادٌ: بۇزماق، بۇزغۇنچىلىق قىلماق؛ چىرىتمەك.

أَفْسَحَ يُفْسِحُ إِفْسَاحًا الْمَكَانَ: ئورۇن كېڭەيتتى.

أَفْسَدَهُ يُفْسِدُ إِفْسَادًا: ئۇنى خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى، بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

أَفْسَدَ الْعَلَاقَاتِ: مۇناسىۋەتنى بۇزدى.

«إِنَّ الْمُلُوكَ إِذَا دَخَلُوا قَرْيَةً أَفْسَدُوهَا» «قرآن»: شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ.

«وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ» «قرآن»: ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ.

أَفْسَدَ الْآدَابَ: ئىستىلىنى بۇزدى، ئەخلاقىنى بۇزدى، ئۆرپ - ئادەتنى بۇزدى.

أَفْسَدَ الْجَوَّ بَيْنَهُمَا: ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى كەيپىياتنى بۇزدى.

أَفْسَدَ بَيْنَهُمْ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، بۆلگۈنچىلىك سالدى.

أَفْسَدَ عَلَى فُلَانٍ: يىراقلاشتى، ئايرىلدى.

أَفْسَدَ تَأْشِيرَةً: پاسپورتنى كۈچىدىن قالدۇردى.

إِفْشَاءٌ: تارقاتماق؛ ئاشكارا قىلماق، پاش قىلماق.

أَفْشَلَهُ يُفْشِلُ إِفْشَالًا: مەغلۇپ قىلدى، يەڭدى، تارمار قىلدى.

أَفْشَى يُفْشِي إِفْشَاءً: تاراتتى، ئاشكارىلىدى، پاش قىلدى.

أَفْشَى السِّرَّ: مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى.

أَفْصَحَ يُفْصِحُ إِفْصَاحًا: بىلدۈردى، ئىپادىلىدى؛ ئىخچام سۆزلىدى.

أَفْصَحَ عَنْ مُرَادِهِ: مەقسىتىنى بايان قىلدى.

أَفْصَحَ الْأَمْرُ: ئىش ئايدىڭلاشتى، ئېنىق بولدى.

«أَلْمَحَ إِلَى مَا يُرِيدُ وَلَكِنَّهُ لَمْ يُفْصِحْ عَنْهُ»: ئۇ كۆڭلىدىكى ئىشنى ئىشارە قىلىپ ئۆتتى، لېكىن ئوچۇق سۆزلىمىدى.

أَفْصَحَ النَّصَارَى: ناسارالار پاسخا بايرىمى ئۆتكۈزدى.

أَفْصَحُ م فُصْحَى: ئەڭ پاساھەتلىك، ئەڭ ئىخچام سۆزلەيدىغان، سۆزگە ماھىر، سۆزمەن.

«وَأَخِي هَارُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا» «قرآن»: قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋان-

-دۇر.

أَفْضَلَ يُفْضِلُ إِفْضَالاً عَلَيْهِ: ئاشۇرۇۋەتتى، ئېشىپ چۈشتى؛ ئارتۇق بولدى.

«أَفْضَلَ عَلَى أَصْحَابِهِ فِي الْجَدِّ وَ الْإِجْتِهَادِ»: ئۇ ئىخلاس ۋە تىرىشچانلىقتا ھەمراھلىرىدىن ئېشىپ چۈشتى.

«لاَ تَنْسَ فَضْلَ مَنْ يُفْضِلُ عَلَيْكَ»: ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمىغىن.

أَفْضَلُ ج أَفْضَلُونَ وَأَفَاضِلُ م فُضْلَى وَفُضْلَيَاتٌ وَفُضَلُ: ئەڭ ياخشى، ياخشىراق، ئەۋزەل، مۇنەۋۋەر.

أَفْضَلُ جِدًّا: ئىنتايىن ياخشى، ناھايىتى ياخشى.

«عَرَضَ الْمَوْضُوعَ بِصُورَةٍ أَفْضَلَ»: تېمىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويدى.

«صِحَّتُكَ الْيَوْمَ أَفْضَلُ كَثِيرًا مِنْ أَمْسِ»: بۈگۈن سالامەتلىكىڭ تۈنۈگۈنكىدىن كۆپ ياخشى.

«إِذَا أَرَدْتَ أَنْ تَزُورَهُ فَمِنَ الْأَفْضَلِ أَنْ تَتَّصِلَ بِهِ أَوَّلاً حَتَّى لاَ تَذْهَبَ وَهُوَ غَائِبٌ»: ئۇنى يوقلىماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ باق.

أَفْضَلِيَّةٌ: ئەۋزەللىك، ئارتۇقلۇق، ئېسىللىك (ئورۇن ۋە دەرىجە جەھەتتىن).

اَلْأَفْضَلِيَّةُ لِكَذَا: ئەڭ ئۈستۈنلۈك ... غا مەنسۇپ.

«نَسْتَوْرِدُ هَذَا الصِّنْفَ بِسَبَبِ أَفْضَلِيَّتِهِ عَلَى الْأَصْنَافِ الْأُخْرَى»: بۇ خىلدىكىلىرى باشقا خىلدىكىلىرىدىن ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى ئىمپورت قىلىمىز.

«اَلْأَفْضَلِيَّةُ فِي الْحُصُولِ عَلَى الْمُسَاعَدَةِ»: ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئۈستۈنلۈك.

أَفْضَى يُفْضِي إِفْضَاءً الْمَكَانُ: ئورۇن خالى بولدى، كەڭ بولدى.

أَفْضَى إِلَى: ئېلىپ كەلدى، سەۋەب بولدى.

أَفْضَى بِهِ إِلَى كَذَا: ئېرىشتى، يېتىشتى.

«وَكَيْفَ تَأْخُذُونَهُ وَقَدْ أَفْضَى بَعْضُكُمْ إِلَى بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنْكُمْ مِيثَاقًا غَلِيظًا» «قرآن»: ئۆز ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقىدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟

«لاَ تَسُبُّوا الْأَمْوَاتَ فَإِنَّهُمْ قَدْ أَفْضَوْا إِلَى مَا قَدَّمُوا» «حديث»: ئۆلگەن كىشىلەرنى ھاقارەتلىمەڭلار، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى.

أَفْضَى إِلَيْهِ بِكَذَا: مەلۇم قىلدى، دەپ قويدى، ئۇقتۇردى، خەۋەر قىلدى.

أَفْضَى إِلَى الْمَرْأَةِ: ئايال بىلەن بىر يەردە بولدى.

«أَفْضَتِ الْمُبَاحَثَاتُ إِلَى اتِّفَاقٍ بَيْنَ الْفَرِيقَيْنِ»: مۇزاكىرە ئىككى تەرەپنى بىرلىككە ئېلىپ كەلدى.

أَفْضَى بِسِرِّهِ: مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى.

أَفْضَى الْأَمْرُ إِلَى كَذَا: ئىش بۇ يەرگە يەتتى.

إِفْطَارٌ: ئىپتار؛ ئىپتار قىلماق.

أَفْطَحُ م فَطْحَاءُ: كەڭ.

رَأْسٌ أَفْطَحُ: ياپياڭ باش.

أَفْطَرَ يُفْطِرُ إِفْطَارًا الصَّائِمُ: ئىپتار قىلدى؛ ئەتىگەنلىك تاماق يېدى، ناشتا قىلدى.

أَفْطَرَهُ: ئەتىگەنلىك تاماق بەردى، ناشتا قىلدۇردى.

أَفْطَرَ الصَّائِمَ: ئىپتار قىلدۇردى، روزىسىنى بۇزۇۋەتتى.

يُفْطِرُ الصَّائِمُونَ عِنْدَ غُرُوبِ الشَّمْسِ: روزىدارلار كۈن پاتقاندا ئىپتار قىلىدۇ.

تَنَاوُلُ الطَّعَامِ يُفْطِرُ الصَّائِمَ: تاماق يېيىش روزىدارنىڭ روزىسىنى بۇزىۋېتىدۇ.

أَفْطَسُ م فَطْسَاءُ ج فُطْسٌ: پاناق، پاناق بۇرۇن، ياپىلاق بۇرۇن.

شَخْصٌ أَفْطَسُ: پاناق بۇرۇن ئادەم.

أَفْطَمَ يُفْطِمُ إِفْطَامًا: ئەمچەكتىن ئايرىلىش ۋاقتى بولدى.

«فَطَمَتْهُ أُمُّهُ قَبْلَ أَنْ يُفْطِمَ»: ۋاقتى توشۇشتىن بۇرۇن ئانىسى ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىۋەتتى.

أَفْظَعَ يُفْظِعُ إِفْظَاعًا: قورقۇتۇۋەتتى، چۆچۈتۈۋەتتى، ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

«أَفْظَعَهُ مَا رَأَى مِنْ جَرَائِمَ»: ئۇ كۆرگەن جىنايەتلەر ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى.

أَفْعَمَ يُفْعِمُ إِفْعَامًا: تولدۇردى، لىقمۇ لىق قاچىلىدى.

أُفْعُوَانٌ: ئەركەك زەھەرلىك يىلان.

أُفْعُوَانِيَّةٌ: زەھەرلىك، قەبىھ، مەككار، ھىيلىگەر، قارانىيەت، خەتەرلىك.

أُفْعُولَةٌ ج أَفَاعِيلُ: قەبىھ ئىش، قەبىھ ھەرىكەت، ناشايان ئىش.

«نَبَذَتْهُ عَشِيرَتُهُ بِسَبَبِ أَفَاعِيلَ»: ئۇنىڭ ناشايان ئىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنى قەۋم قېرىنداشلىرى تاشلىۋەتتى.

أَفْعَى ج أَفَاعٍ: زەھەرلىك چىشى يىلان.

أَفْغَرَ يُفْغِرُ إِفْغَارًا فَمَهُ: ئېغىزىنى ئاچتى.

أَفَّ يَؤُفُّ وَيَئِفُّ أَفًّا الرَّجُلُ: ئۇ ئۇھ دېدى، ئوش دېدى.

أُفٍّ: توفى! ھو.

«فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ» «قرآن»: ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن!

أُفُّ الْأُذُنِ: قۇلاق كىرى.

أُفٍّ لَكَ: مالڭ نېرى! سەندىن تويدۇم!

أَفَّاقٌ: سەيلە قىلغۇچى، ئېقىپ يۈرگۈچى، سەرگەردان.

أَفَّاكٌ: يالغانچى، كاززاپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچى، ئويدۇرمىچى.

أَفَّكَ يُؤَفِّكُ تَأْفِيكًا: يالغانچىلىق قىلدى.

أَفَّفَ يُؤَفِّفُ تَأْفِيفًا: ئۇھ تارتتى، ئوھوش دېدى، ھوي دېدى.

أَفَقَ يَأْفِقُ أَفْقًا: سەيلە قىلدى، سەرسان بولۇپ يۈردى.

أُفْقٌ. أُفُقٌ ج آفَاقٌ: ئۇپۇق، ئۇپۇق سىزىقى، ئاسمان گۈمبىزى.

«ذُو مِرَّةٍ فَاسْتَوَى وَهُوَ بِالْأُفُقِ الْأَعْلَى» «قرآن»: ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى.

ضَيِّقُ الْأُفُقِ أَوْ ذُو أُفُقٍ مَحْدُودٍ: بىلىدىغىنى چەكلىك.

«بَعُدَ عَنْ ضَيِّقِ الْأُفُقِ وَالْأَنَانِيَّةِ»: تار رامكىدىن، شەخسىي مەنپەتپەرەسلىكتىن خالىي بولدى.

وَاسِعُ الْأُفُقِ: كەڭ مەلۇماتلىق، بىلىمى كەڭ دائىرىلىك، كۆپنى بىلىدىغان.

ذُو أُفُقٍ وَاسِعٍ: كەڭ مەلۇماتلىق، بىلىمى كەڭ دائىرىلىك، كۆپنى بىلىدىغان.

«هُوَ يَتَطَلَّعُ إِلَى الْفَجْرِ الْجَدِيدِ وَرَاءَ الْأُفُقِ الْبَعِيدِ»: ئۇ يىراق ئۇپۇقنىڭ كەينىدىكى يېڭى تاڭغا قاراۋاتىدۇ.

آفَاقُ الْأَرْضِ: زېمىن ئەتراپى.

«اِجْتَازَتْ شُهْرَتُهُ الْآفَاقَ»: ئۇنىڭ شۆھرىتى جاھانغا پۇر كەتتى.

جَوَّابُ آفَاقٍ: كۆپ سەپەر قىلغۇچى، جاھان كېزەر.

أَفْقَدَ يُفْقِدُ إِفْقَادًا ـــ هُ الشَّيْءَ: ئايرىدى، قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى، يوقىتىپ قويدى، مەھرۇم قىلدى.

أَفْقَدَهُ صَوَابَهُ: ھوشىنى يوقاتتى.

أَفْقَدَهُ الْحَيَاةَ: ھاياتىدىن ئايرىدى.

أَفْقَدَ صَبْرَهُ: سەۋر ـ تاقىتىنى يوقاتتى.

أَفْقَدَهُ تَوَازُنَهُ: تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى.

أَفْقَرَ يُفْقِرُ إِفْقَارًا: كەمبەغەل قىلىۋەتتى، نامراتلاشتۇرۇۋەتتى.

«أَفْقَرَهُ الْقِمَارُ وَحُبُّ اللَّهْوِ»: قىمار ۋە ئويۇنپەرەسلىك ئۇنى نامراتلاشتۇرۇۋەتتى.

أَفْقَرَ الْمَكَانُ: چۆللىشىپ كەتتى، چۆلگە ئايلىنىپ قالدى.

أَفْقَمُ: ھەككاك چىش.

أَفْقَهَ يُفْقِهُ إِفْقَاهًا: ئەسلەتتى، ئېسىگە سالدى، يادىغا كەلتۈردى، بىلدۈردى، خەۋەردار قىلدى.

أُفُقِيٌّ: ئۇپۇقچە، توغرىسىغا.

أَفَكَ يَأْفِكُ أَفْكًا و أُفُوكًا و أَفِكَ يَأْفَكُ أَفَكًا

وَإِفْكًا: يالغانچىلىق قىلدى، يالغان ـ ياۋىداقلارنى توقىدى، بوھتان چاپلىدى، ئويدۇردى.

«فَأَلْقَى مُوسَى عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ تَلْقَفُ مَا

يَأْفِكُونَ» «قرآن»: مۇسا ھاسىسىنى تاشلىدى، (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

«قَالُوا أَجِئْتَنَا لِتَأْفِكَنَا عَنْ آلِهَتِنَا» «قرآن»: ئۇلار سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

أَفَكَهُ عَنِ الشَّيْءِ: ئۇ پەللەپ ئۇنى پىكرىدىن ياندۇردى.

إِفْكٌ، أَفَكٌ: يالغان ئېيتماق، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتماق.

«بَلْ ضَلُّوا عَنْهُمْ وَذَلِكَ إِفْكُهُمْ وَمَا كَانُوا يَفْتَرُونَ» «قرآن»: بەلكى ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى غايىب بولدى، بۇ (يەنى بۇتلار بىزنى خۇداغا يېقىن قىلىدۇ، دېگەن سۆزى) ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىسىدۇر ۋە ئاللاھقا چاپلىغان بوھتانلىرىدۇر.

أَفَكَ يَفْكِرُ إِفْكَارًا: ئويلاندى، مۇلاھىزە قىلدى، پىكىر قىلدى.

أُفْكُوهَةٌ ج أَفَاكِيهُ: ئاجايىپ خەۋەر، قىزىقارلىق خەۋەر، كىنايە سۆز.

أَفَلَ يَأْفُلُ وَيَأْفِلُ وَأَفِلَ يَأْفَلُ أُفُولاً النَّجْمُ أَوِ الْقَمَرُ: ئۆچتى، ئولتۇردى.

أَفَلَ نَجْمُ فُلَانٍ: ئامىتى قاچتى، تەلىيى ئولك كەلمىدى، بەختى قاچتى.

أَفِلَ يَأْفَلُ أَفْلاً وَ أُفُولاً: غايىب بولدى، يوقالدى، ئۆچتى.

«كَانَ مَشْهُورًا ثُمَّ أَفَلَ نَجْمُهُ فِي السَّنَوَاتِ الْأَخِيرَةِ» : ئۇ داڭدار ئىدى، يېقىنقى يىللاردا شۆھرىتى پەسىيىپ كەتتى.

إِفْلَاسٌ: سۇنماق، ۋەيران بولماق، خاراب بولماق، خانىۋەيران بولماق.

«أَعْلَنَ التَّاجِرُ إِفْلَاسَهُ» : سودىگەر ۋەيران بولغىنىنى ئېلان قىلدى.

أَفْلَاطُونِيٌّ: ئەپلاتونچى، ئەپلاتون پەلسەپىسىگە ئەگەشكۈچى.

حُبٌّ أَفْلَاطُونِيٌّ: روھىي مۇھەببەت، مەنىۋى مۇھەببەت.

اَلْأَفْلَاطُونِيَّةُ الْجَدِيدَةُ: يېڭى پىلاتونىزم.

اَلْأَفْلَاطُونِيَّةُ الْمُحْدَثَةُ: يېڭى پىلاتونىزم.

اَلْأَفْلَاطُونِيَّةُ الْحَدِيثَةُ: يېڭى پىلاتونىزم.

أَفْلَتَ يُفْلِتُ إِفْلَاتًا الشَّيْءَ: قۇتقۇزدى، بوشاتتى، قويۇۋەتتى.

أَفْلَتَ فُلَانٌ: قۇتۇلدى، خالاس تاپتى.

أَفْلَجُ م فَلْجَاءُ: كوماك ئادەم.

أَفْلَحَ يُفْلِحُ إِفْلَاحًا الرَّجُلُ: نىجات تاپتى، ئۇتۇق قازاندى، نەتىجىگە ئېرىشتى.

«قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا» «قرآن» : روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.

«قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ» «قرآن» : مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى.

أَفْلَسَ يُفْلِسُ إِفْلَاسًا: مېلىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولدى.

«أَفْلَسَ كَثِيرٌ مِنَ التُّجَّارِ بِسَبَبِ الْأَزْمَةِ الْاقْتِصَادِيَّةِ» : ئىقتىسادىي كرىزىس تۈپەيلىدىن نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋەيران بولدى.

أَفْلَقَ يُفْلِقُ إِفْلَاقًا الشَّاعِرُ: شائىر قالتىس شېئىر يازدى.

إِفْلِكَانٌ : بادامچە بەز، بادام تەنچە.

أَفَلٌ: پۇچۇق، كوماك.

سَيْفٌ أَفَلٌ: پۇچۇق قىلىچ.

إِفْلِيْكَانٌ: بادامچە بەز، بادام تەنچە.

أَفِنَ يَأْفَنُ أَفَنًا و أَفْنًا الرَّجُلُ: كالتا پەملىك قىلدى، دۆتلۈك قىلدى، ئەقلىي قىسقا بولدى.

أَفَنَ يَأْفِنُ أَفْنًا النَّاقَةَ: تۆگىنى ۋاقىتسىز ساغدى.

أَفَنَ اللّٰهُ فُلَانًا: ئاللاھ كالتە پەم قىلىپ قويدى.

أَفْنَدَ يُفْنِدُ إِفْنَادًا: رەددىيە بەردى، يالغانغا چىقاردى؛ مات قىلدى.

أُفْنُونٌ ج أَفَانِينُ: سەنئەت تۈرلىرى؛ گىرەلىشىپ كەتكەن شاخ، قويۇق شاخ، بولۇق شاخ.

أَفَانِيْنُ الْكَلَامِ: سۆزنىڭ ئۇسلۇبلىرى.

«اِخْتَفَى الطَّائِرُ بَيْنَ الْأَفَانِينِ» : قۇش قويۇق شاخلار ئارىسىغا مۆكۈندى.

أَلْفَى يُلْفِي إِلْفَاءً الشَّيْءَ: يوقاتتى، مۇنقەرز قىلدى، تۈگەتتى.

«أَلْفَى عُمْرَهُ فِي خِدْمَةِ وَطَنِهِ»: ئۆمرىنى ۋەتەن خىزمىتى يولىدا ئۆتكۈزدى.

«إِذَا أَلْفَيْتَ عُمْرَكَ فِي الْجَمْعِ فَمَتَى تَأْكُلُ»: ئۆمرۈڭنى پۇل - مال يىغىش بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، ئۇنى قاچان يەيسەن.

أَلْهَمَ يُلْهِمُ إِلْهَامًا الْأَمْرَ: چۈشەندۈردى، بىلدۈردى.

أَلْوَاجٌ: توپ - توپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ.

أَفْوَاهٌ ج أَفَاوِيهُ: دورا - دەرمەك.

يُكْثِرُ مِنَ الْأَفَاوِيهِ فِي طَعَامِهِ: ئۇ تاماقلىرىغا دورا-دەرمەكنى كۆپ سالىدۇ.

أُفُوقٌ: يالغان ئېيتماق.

أَفْوَهُ م فَوْهَاءُ ج فُوهٌ: ئېغىزى يوغان، يوغان ئېغىز.

أَفْيَحُ م فَيْحَاءُ ج فِيحٌ: كەڭ، پايانسىز.

أَفِينٌ: دۆت، گالۋاڭ.

أَقَاتَ يُقِيتُ إِقَاتَةً عَلَى فُلاَنٍ: يېمەكلىك بەردى، تەمىنات بەردى، ئوزۇقلاندۇردى.

أَقَالَ يُقِيلُ إِقَالَةً الْبَيْعَ: سودىنى بىكار قىلدى، ئەمەلدىن قالدۇردى.

أَقَالَ مِنْ وَظِيفَتِهِ: ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

أَقَالَ اللّٰهُ: ئاللاھ كەچۈرۈملۈك قىلىپ ئۇنى كەچۈردى.

«أَقَالَ الرَّئِيسُ الْوَزِيرَ»: رەئىس ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

إِقَالَةٌ: (كېلىشىم، توختام قاتارلىقلارنى) بىكار قىلماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق، بۇزماق.

أَقَامَ يُقِيمُ إِقَامَةً الشَّيْءَ: تۇرغۇزدى، تىكلىدى، بەرپا قىلدى، ئورناتتى، داۋاملاشتۇردى.

أَقَامَ الْمَعْرِضَ: كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمە ئاچتى.

أَقَامَ الصَّلاَةَ: ناماز ئوقۇدى.

أَقَامَ لِلصَّلاَةِ: نامازغا چاقىردى.

«وَأَقَامُوا الصَّلاَةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ» «قرآن»: ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

«وَأَقِيمُوا الصَّلاَةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللّٰهَ قَرْضًا حَسَنًا» «قرآن»: نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار.

«فَإِنْ خِفْتُمْ أَلاَّ يُقِيمَا حُدُودَ اللّٰهِ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا» «قرآن»: ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر - ئايال) نىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق ھېيتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر-خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ.

أَقَامَ فُلاَنًا: بەلگىلىدى، تەيىنلىدى.

أَقَامَ حَفْلَةً: يىغىن ئۇيۇشتۇردى.

«أَقَامَ حَفْلَةَ الْوِدَاعِ»: ئۇ خوشلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

أَقَامَ حَفْلَ عِشَاءٍ: كەچلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى.

أَقَامَ فِي بَلَدٍ: يۇرتتا توختىدى، تۇرۇپ قالدى.

«أَقَامَ بِالْعَاصِمَةِ»: ئۇ پايتەختتە تۇردى.

أَقَامَ بِالْمَكَانِ: ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى.

أَقَامَ الْحُجَّةَ: دەلىل - ئىسپات كۆرسەتتى.

«أَقَامَ الدَّلِيلَ عَلَى صِحَّةِ قَوْلِهِ»: ئۇ سۆزىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن دەلىل كەلتۈردى.

أَقَامَ الدَّعْوَى: ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى.

أَقَامَ الْمَائِلَ: قىڭغىرنى تۈزلىدى، تۈزەتتى.

أَقَامَ السُّوقَ: بازارنى گۈللەندۈردى، ئاۋاتلاشتۇردى.

أَقَامَ عَلَى كَذَا: چىڭ تۇردى، قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

أَقَامَ عَلَى الْعَهْدِ: ۋەدىگە ئەمەل قىلدى، لەۋزىدە تۇردى.

أَقَامَ لَهُ وَزْنًا: ئويلاپ كۆردى، مۆلچەرلىدى، پەرەز قىلدى.

«أُقِيمَتِ الْعَلاَقَاتُ الدِّبْلُومَاسِيَّةُ بَيْنَ الْبَلَدَيْنِ»: ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇنا-

سىۋەت ئورنىتىلدى.

«أُقِيمَتْ خَمْسَةُ جُسُورٍ فَوْقَ النَّهْرِ» : دەرياغا بەش كۆۋرۈك سېلىندى.

إِقَامَةٌ: قۇرماق، تەسىس قىلماق، بەرپا قىلماق، تۇرغۇزماق؛ كۆتۈرمەك.

إِقَامَةُ عَلاَقَاتٍ دِيبْلُومَاسِيَّةٍ: دىپلوماتىك ئالاقە ئورنىتىش، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت تىكلەش.

إِقَامَةٌ مُؤَقَّتَةٌ: ۋاقىتلىق تۇرماق، ۋاقىتلىق ماكانلاشماق.

إِقَامَةُ الْعَدْلِ: سوت قىلماق، قانۇن ئىجرا قىلماق.

إِقَامَةُ شَعَائِرِ الدِّيْنِ: دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزمەك.

إِقَامَةٌ جَبْرِيَّةٌ: نەزەربەنت قىلىش.

إِقَامَةُ نَدْوَةٍ: سۆھبەت يىغىنى ئېچىش.

إِقَامَةُ مَهْرَجَانٍ رِيَاضِيٍّ: تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىش.

إِقَامَةٌ ج إِقَامَاتٌ: تۇرالغۇ، ماكان، جاي.

مَحَلُّ الْإِقَامَةِ: ئۆي - ماكان، ھويلا - ئارام، ئولتۇراق ئۆي.

«إِقَامَةُ فُلاَنٍ بِشَارِعِ الْحُرِّيَّةِ» : پالانىنىڭ تۇرالغۇسى ئەركىنلىك كوچىسىدا.

أَقَاوِيلُ: ئىغۋا، سۆز - چۆچەك، ئۆسەك سۆز، غەيۋەت - شىكايەت.

إِقْبَالٌ: كەلمەك، باشلىماق، يېقىنلاشماق، بەخت، راۋاج تاپماق.

عَلَيْهِ إِقْبَالٌ: بازىرى ئىتتىك.

إِقْبَالاً وَإِدْبَارًا: بارماق ۋە كەلمەك.

أَقْبَرَ يُقْبِرُ إِقْبَارًا: قەبرە ياسىدى، قەبرە قوپاردى.

أَقْبَرَ الْقَضِيَّةَ: سەل قارىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى.

«ثُمَّ أَمَاتَهُ فَأَقْبَرَهُ» «قۇرئان» : ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى.

أَقْبَلَ يُقْبِلُ إِقْبَالاً الْوَقْتُ: ۋاقىت يېقىنلاشتى، ۋاقىت توشتى.

أَقْبَلَ عَلَى الْعَمَلِ: كۆڭۈل بۆلدى.

أَقْبَلَ الشَّخْصُ: يېتىپ كەلدى.

«يَامُوْسَى أَقْبِلْ وَلاَتَخَفْ إِنَّكَ مِنَ الْآمِنِيْنَ» «قۇرئان» : ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچىدىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن.

«أَقْبَلَ عَلَى دُرُوسِهِ» : ئۇ دەرسكە كۆڭۈل بۆلۈپ كىرىشتى.

«أَقْبَلَ مِنَ الْمَهْجَرِ» : ئۇ ھىجرەتگاھدىن قايتىپ كەلدى، ئۇ مۇھاجىرلىقتىن قايتىپ كەلدى.

أَقْبَلَ إِلَيْهِ: يېتىپ كەلدى، ئۇدۇل كەلدى.

أَقْبَلَ الرَّبِيْعُ بِدَفْئِهِ: ھەممە ياقنى باھار قاپلىدى.

«تَتَفَتَّحُ الْأَزْهَارُ كُلَّمَا أَقْبَلَ الرَّبِيعُ» : باھار كەلگەندە چېچەكلەر ئېچىلىدۇ.

«أَقْبَلَتِ السَّيَّارَةُ مُسْرِعَةً» : ماشىنا تېز چىقىپ كەلدى.

أَقْبَلَ عَلَى الْأَمْرِ: باشلىدى، كىرىشتى، تۇتۇش قىلدى.

أَقْبَلَتِ الدُّنْيَاعَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئامەت كەلدى، بەخت ئىقبالى ئېچىلدى.

إِقْتَاتَ يَقْتَاتُ إِقْتِيَاتًا الشَّخْصُ: يېمەكلىك تەييارلىدى، ئوزۇقلۇق راسلىدى.

إِقْتَادَهُ يَقْتَادُ إِقْتِيَادًا: يېتەكلىدى، يول باشلىدى، يولغا سالدى، ئېلىپ باردى.

إِقْتَادَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى يېتىلىدى.

إِقْتَاسَ يَقْتَاسُ إِقْتِيَاسًا الشَّيْءَ: ئۆلچىدى، مۆلچەرلىدى، قىياس قىلدى، سېلىشتۇردى.

إِقْتَاسَ بِهِ: دورىدى، تەقلىد قىلدى.

إِقْتَافَ يَقْتَافُ إِقْتِيَافًا إِثْرَ فُلاَنٍ: ئىزىغا چۈشتى، ئىز قوغلىدى، ئەگەشتى.

إِقْتِبَاسٌ ج إِقْتِبَاسَاتٌ: نەقلى قىلىنغان سۆز.

إِقْتِبَاسَاتٌ مِنَ الْقُرْآنِ الْكَرِيْمِ: قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان سۆزلەر.

إِقْتَبَّ يَقْتَبُّ إِقْتِبَابًا يَدَ فُلاَنٍ: قولىنى كەستى، چاپتى.

إِقْتَبَسَ يَقْتَبِسُ إِقْتِبَاسًا نَارًا: ئوتنى ئالدى.

إِقْتَبَسَ الْحُمَّى: يۇقۇملاندى، تەسىرلەندى.

إِقْتَبَسَ مِنْهُ عِلْمًا: ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالدى، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەندى.

«أُنْظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِنْ نُورِكُمْ» «قرآن»: بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى.

إِقْتَبَسَ عِبَارَةً: مىسال كەلتۈردى، نەقىل كەلتۈردى.

إِقْتَبَسَ الْمَالَ: مالنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

«إِقْتَبَسَتْ نَارًا مِنْ جَارَتِهَا»: ئۇ قوشنىسىدىن ئوت ئۆتنە ئالدى.

«إِقْتَبَسَ مَسْرَحِيَّةً مِنْ تَأْلِيفِ شِكِسْبِير»: ئۇ شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر سەھنە ئەسىرىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى.

إِقْتَبَلَ يَقْتَبِلُ إِقْتِبَالاً الْكَلَامَ: ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا سۆزلىدى، ئويلاپ تۇرمايلا سۆزلىدى.

إِقْتَبَلَ الرَّجُلُ: ئەقلى ـ ھوشىنى تاپتى.

إِقْتَبَلَ الْأَمْرَ: قايتا باشلىدى، قايتىدىن تۇتۇش قىلدى.

إِقْتَبَى يَقْتَبِي إِقْتِبَاءً الْمَتَاعَ: مالنى رەتلىدى، رەتكە سالدى، تۈزەشتۈردى.

إِقْتَتَّ يَقْتَتُّ إِقْتِتَاتًا الشَّيْءَ: تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى.

إِقْتَتَلَ يَقْتَتِلُ إِقْتِتَالاً الْقَوْمُ: ئۆزئارا ئۆلتۈرۈشتى، قىرغىنچىلىق قىلدى.

«وَإِنْ طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا» «قرآن»: ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار.

إِقْتَثَّ يَقْتَثُّ إِقْتِثَاثًا: يۇلدى، سۇغۇرىۋالدى، تارتتى، چىقاردى، قومۇردى.

إِقْتَحَفَ يَقْتَحِفُ إِقْتِحَافًا مَافِي الْإِنَاءِ: قاچىدىكىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، گويىيىدە ئىچىۋەتتى.

إِقْتَحَمَ يَقْتَحِمُ إِقْتِحَامًا الْمَكَانَ: بېسىپ كىردى، زور بىلەن كىردى، كۈچ بىلەن كىردى.

إِقْتَحَمَ اللُّصُوصُ الْبَنْكَ: ئوغرىلار بانكىغا بېسىپ كىردى.

إِقْتَحَمَ الْمَسْؤُلِيَّةَ: مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

إِقْتَحَمَ الْحَمْلَةَ الْإِنْتِخَابِيَّةَ: سايلام ھەرىكىتىگە دۈچ كەلدى.

إِقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ: داۋان ئاشتى، قىيىنچىلىقنى يەڭدى.

«فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ» «قرآن»: ئۇ داۋان ئاشمىدى.

«إِقْتَحَمَ مَوْقِعَ الْعَدُوِّ»: ئۇ دۈشمەننىڭ جايىغا بېسىپ كىردى.

إِقْتِدَاءٌ: ئەقتىدا قىلماق، ئەگەشمەك.

إِقْتِدَارٌ: كۈچ ـ قۇۋۋەت، قابىلىيەت، ئىقتىدار، قۇدرەت.

إِقْتَدَّ يَقْتَدُّ إِقْتِدَادًا الشَّيْءَ: ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

إِقْتَدَّ الْكَلَامَ: گەپنى ئۈزۈۋەتتى، گەپنىڭ بىلىگە تەپتى.

إِقْتَدَّ الْأُمُورَ: بىر تەرەپ قىلدى، بىر تەرەپ قىلىپ ئايرىدى.

إِقْتَدَرَ يَقْتَدِرُ إِقْتِدَارًا عَلَى الشَّيْءِ: كۈچى يەتتى، قادىر بولدى، قۇربى يەتتى.

إِقْتَدَرَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: سېلىشتۇردى، ئۆلچىدى، تەڭلەشتۈردى.

إِقْتَدَرَ الْأَمْرَ: پىلانلىدى، كۆڭلىگە پۈكتى.

إِقْتَدَرَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: پۈتكۈزدى، مەھكەم قىلدى، بەلگىلىدى، تەقدىر قىلدى.

إِقْتَدَى يَقْتَدِي إِقْتِدَاءً بِهِ: ئەگەشتى، دورىدى، تەقلىد قىلدى، ئۈلگە قىلدى.

«فَبِهُدَاهُمْ اقْتَدِهْ» «قرآن»: ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن.

«إِقْتَدَى التِّلْمِيذُ بِمُعَلِّمِهِ»: ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنى ئۈلگە قىلدى.

أَقْتَرَ يُقْتِرُ إِقْتَارًا: قىيىنچىلىقتا قالدى، غورىبەتچىلىكتە قالدى، كەمبەغەللىشىپ كەتتى.

أَقْتَرَ عَلَى عِيَالِهِ: بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى، ئائىلىسىنى خىراجەتتىن قىستى.

إِقْتِرَابٌ: يېقىنلاشماق.

إِقْتِرَاحٌ ج إِقْتِرَاحَاتٌ: تەكلىپ.

اِقْتِرَاحَاتُ الْمُشَارِكِينَ فِي الْاِجْتِمَاعِ: يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ تەكلىپلىرى.

«لَقِيَ هَذَا الْاِقْتِرَاحُ مُعَارَضَةً شَدِيدَةً مِنْ جَانِبِ الْجُمْهُورِ» : بۇ تەكلىپ ئاممىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

اِقْتِرَاضٌ: قەرز ئالماق.

اِقْتِرَاعٌ: ئاۋاز بەرمەك (سايلامدا ئاۋاز بەرمەك). چەك تاشلىماق.

حَقُّ الْاِقْتِرَاعِ: ئومۇمىي سايلامدا ئاۋاز بېرىش هوقۇقى.

صُنْدُوقُ الْاِقْتِرَاعِ: سايلام بېلەتتى تاشلاش ساندۇقى.

مَرْكَزُ الْاِقْتِرَاعِ: سايلام پونكىتى، سايلام نۇقتىسى.

اِقْتِرَاعٌ عَامٌّ: ئومۇمىي سايلام.

اِقْتِرَانٌ: چاپلاشماق، يېپىشماق، ئۇلاشماق.

اِقْتِرَانٌ «فَلَكِيًّا» : ساماۋى ئىككى جىسىمنىڭ تۈزسىزىق ئۈستىدە ئۇچرىشىشى.

اِقْتَرَأَ يَقْتَرِئُ اِقْتِرَاءً الْكِتَابَ: كىتاب ئوقىدى، قىرائەت قىلدى.

اِقْتَرَبَ يَقْتَرِبُ اِقْتِرَابًا: يېقىنلاشتى، يېقىن كېلىپ قالدى.

اِقْتَرَبَ الْوَقْتُ: ۋاقتى بولۇپ قالدى، ۋاقىت توشۇپ قالدى.

«وَاقْتَرَبَ الْوَعْدُ الْحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَاخِصَةٌ أَبْصَارُ الَّذِينَ كَفَرُوا» «قرآن» : راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كۇففارلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ.

اِقْتَرَحَ يَقْتَرِحُ اِقْتِرَاحًا: كەشىپ قىلدى، ئىختىرا قىلدى.

اِقْتَرَحَ الْخُطْبَةَ: تەييارلىقسىزلا نۇتۇق سۆزلىدى.

اِقْتَرَحَ الشَّخْصُ: ئەلگ بىرىگە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«اِقْتَرَحَ فَتْحَ مَكْتَبَةٍ عَامَّةٍ بِالْحَيِّ» : ئۇ مەھەللىدە ئاممىۋى كۇتۇپخانا ئېچىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

اِقْتَرَسَ يَقْتَرِسُ اِقْتِرَاسًا عَلَى كَذَا: زورلىدى، مەجبۇرلىدى، تاشىدى.

اِقْتَرَشَ يَقْتَرِشُ اِقْتِرَاشًا: پۇل تاپتى، كەسىپ قىلدى.

اِقْتَرَضَ يَقْتَرِضُ اِقْتِرَاضًا مِنْهُ: قەرز ئالدى، ئارىيەت ئالدى.

اِقْتَرَعَ يَقْتَرِعُ اِقْتِرَاعًا الْقَوْمُ: چەك تاشلىدى.

اِقْتَرَعَ الشَّخْصُ: سايلامدا ئاۋاز بەردى.

«اِقْتَرَعَ لِفَائِدَةِ مُرَشَّحِ حِزْبِهِ» : ئۆز پارتىيىسىنىڭ نامزاتى ئۈچۈن ئاۋاز بەردى.

اِقْتَرَفَ يَقْتَرِفُ اِقْتِرَافًا: گۇناھ قىلدى، گۇناھقا يېقىنلاشتى.

اِقْتَرَفَ الذَّنْبَ: جىنايەت ئۆتكۈزدى، يامان ئىش قىلدى.

«وَ مَنْ يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَزِدْ لَهُ فِيهَا حُسْنًا» «قرآن» : كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا بىز ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز.

«إِنَّ الَّذِينَ يَكْسِبُونَ الْإِثْمَ سَيُجْزَوْنَ بِمَا كَانُوا يَقْتَرِفُونَ» «قرآن» : شۈبھىسىزكى ، گۇناھ قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ.

اِقْتَرَفَ فُلَانٌ مِنْ مَرَضٍ: كېسەل يۇقتۇرۇۋالدى.

اِقْتَرَفَ الْمَالَ: مال توپلىدى، پۇل تاپتى.

«اِقْتَرَفَ سَرِقَةً وَاعْتَرَفَ بِهَا» : ئۇ ئوغرىلىق قىلدى ۋە ئوغرىلىق قىلغىنىنى ئېتىراپ قىلدى.

اِقْتَرَنَ يَقْتَرِنُ اِقْتِرَانًا الشَّيْءُ بِالشَّيْءِ: بىرلەشتى، يېقىنلاشتى، ئۇلاشتى.

اِقْتَرَنَ بِامْرَأَةٍ: تۇرمۇش قۇردى.

اِقْتَرَنَ الشَّخْصُ: توي قىلدى، ئۆيلەندى.

اِقْتَرَنَتْ بِهِ: ياتلىق قىلدى، تۇرمۇشقا چىقتى.

«اِقْتَرَنَ فُلَانٌ بِفُلَانَةٍ» : پالانى پوكۇنى ئايال بىلەن توي قىلدى.

«اِقْتَرَنَتْ زِيَارَتُهُ بِعِيدِ الْفِطْرِ» : ئۇنىڭ زىيارىتى روزا ھېيتقا توغرا كەلدى.

اِقْتَرَى يَقْتَرِي اِقْتِرَاءً الضَّيْفَ: مېھمان قىلدى، مېھمانىنى كۈتۈۋالدى.

اِقْتَسَرَ يَقْتَسِرُ اِقْتِسَارًا عَلَى الْأَمْرِ: مەجبۇرلىدى،

زورلىدى، قىستىدى.

اِقْتَسَمَ يَقْتَسِمُ اِقْتِسَامًا: بۆلۈشۈۋالدى، تەقسىم قىلىشۋالدى.

اِقْتِصَادٌ: تېجەمەك، ئىقتىساد قىلماق.

اِقْتِصَادٌ فِي الْكَلَامِ: ئىخچام سۆزلىمەك.

اِقْتِصَادٌ فِي الْوَقْتِ: ۋاقىتنى تېجىمەك.

أُسْتَاذٌ فِي الْاِقْتِصَادِ السِّيَاسِيِّ: سىياسىي ئىقتىساد كەسپىدە پروفېسسور.

اَلْاِقْتِصَادُ الْقَوْمِيُّ: مىللىي ئىقتىساد.

اَلْاِقْتِصَادُ الْمُوَجَّهُ: پىلانلىق ئىقتىساد، پىلانلىق ئىگىلىك.

اَلْاِقْتِصَادُ الْحُرُّ: بازار ئىگىلىكى، ئەركىن ئىقتىساد.

اِقْتِصَادٌ فِي الْمَعِيشَةِ: تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولماق.

وَزِيرُ الْاِقْتِصَادِ: ئىقتىساد مىنىستىرى.

عِلْمُ الْاِقْتِصَادِ: ئىقتىسادشۇناسلىق.

اَلْاِقْتِصَادُ الرَّأْسِمَالِيُّ: كاپىتالىستىك ئىگىلىك.

اَلْاِقْتِصَادُ الزِّرَاعِيُّ: يېزا ئىگىلىكى.

اِقْتِصَادِيٌّ ج اِقْتِصَادِيُّونَ: ئىقتىسادشۇناس، ئىقتىسادىي، ئىقتىسادچىللىق، ئىقتىسادشۇناس.

بَاحِثٌ اِقْتِصَادِيٌّ: ئىقتىسادشۇناس.

تَخْطِيطٌ اِقْتِصَادِيٌّ: ئىگىلىك پىلانى.

اَلْعَوَامِلُ الْاِقْتِصَادِيَّةُ: ئىقتىسادىي ئامىللار.

مِنَ الْجِهَةِ الْاِقْتِصَادِيَّةِ: ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا.

حَرْبٌ اِقْتِصَادِيَّةٌ: ئىقتىسادىي ئۇرۇش.

اَلْعَلَاقَاتُ الْاِقْتِصَادِيَّةُ: ئىقتىسادىي ئالاقە، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت.

وِزَارَةُ الشُّؤُونِ الْاِقْتِصَادِيَّةِ: ئىقتىسادىي ئىشلار مىنىستىرلىكى.

اِقْتِصَادِيَّاتٌ: ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىقتىسادىي مەسىلە، ئىقتىسادىي ئىگىلىك.

اِقْتِصَادِيَّاتُ الْبِلَادِ: دۆلەت ئىگىلىكى.

«اِقْتِصَادِيَّاتُ الْبِلَادِ فِي نُمُوٍّ مُنْذُ خَمْسِ سَنَوَاتٍ» : بەش يىلدىن بۇيان خەلق ئىگىلىكى راۋاجلانماقتا.

اِقْتِصَاصٌ: قىساس ئالماق، ئىنتىقام ئالماق، ئۆچ ئالماق، ئەننىنى ئالماق.

اِقْتَصَدَ يَقْتَصِدُ اِقْتِصَادًا الشَّخْصُ: تېجىمىدى، ئىقتىساد قىلدى، ئىقتىسادچىل بولدى.

اِقْتَصَدَ فِي النَّفَقَةِ: تېجەپ خىراجەت قىلدى.

«يَقْتَصِدُ كُلَّ شَهْرٍ مَبْلَغًا مِنَ الْمَالِ» : ئۇ ھەر ئايدا مەلۇم مىقداردا پۇل تېجەيدۇ.

اِقْتَصَرَ يَقْتَصِرُ اِقْتِصَارًا عَلَى كَذَا: قانائەتلەندى، مەمنۇن بولدى، رازى بولدى، كۇپايىلەندى.

اِقْتَصَرَ بِقَصَرَتِهِ: شىللىسىدىن ئالدى، پاتمىقىدىن ئالدى.

«اِقْتَصَرَ عَلَى تَنَاوُلِ وَجْبَةٍ وَاحِدَةٍ فِي الْيَوْمِ» : ئۇ كۈندە بىر ۋاق تاماق يېيىش بىلەن قانائەتلەندى.

اِقْتَصَّ يَقْتَصُّ اِقْتِصَاصًا الْخَبَرَ: بايان قىلدى، ھېكايە قىلىپ بەردى، قىسسە قىلىپ بەردى.

اِقْتَصَّ الشَّخْصُ: قىساس ئالدى، ئىنتىقام ئالدى.

اِقْتَصَّ أَثَرَهُ: ئىز قوغلىدى، ئىزىغا چۈشتى، ئەگەشتى.

اِقْتَصَّ الْحَدِيثَ: رىۋايەت قىلدى، سۆزلەپ بەردى، ھېكايە قىلدى.

اِقْتَصَلَ يَقْتَصِلُ اِقْتِصَالًا الشَّيْءَ: ئۈزدى، كەستى، ياردى.

اِقْتِضَاءٌ: زۆرۈر بولماق، تەقەززا بولماق، موھتاج بولماق.

عِنْدَ الْاِقْتِضَاءِ: زۆرۈر تېپىلغاندا، لازىم بولغاندا.

«أُسَاعِدُكَ عِنْدَ الْاِقْتِضَاءِ» : زۆرۈر تېپىلغاندا ساڭا ياردەم بېرىمەن.

اِقْتَضَبَ يَقْتَضِبُ اِقْتِضَابًا: قىرقىدى، چاتىدى، پۇتىدى، كەستى، توغرىدى.

اِقْتَضَبَ الْغُصْنَ: شاخنى چاتىدى.

اِقْتَضَبَ خُطْبَتَهُ: نۇتقىنى ئۈزۈپ قويدى.

اِقْتَضَبَ الْكَلَامَ: تەييارلىقسىز سۆزلىدى.

اِقْتَضَبَ حَدِيثَهُ: سۆزىنى يىغىنچاقلىدى،

ئىختىيار قىلدى.

إِقْتَضَى يَقْتَضِي إِقْتِضَاءً: سورىدى، تەلەپ قىلدى، تەقەززا قىلدى، لايىق كەلدى، ھەقلىق بولدى.

إِقْتَضَى دَيْنَهُ: قەرزنى تەلەپ قىلدى.

«إِفْعَلْ مَا يَقْتَضِيهِ الْوَاجِبُ»: سەن مەسئۇلىيەتكە لايىق كېلىدىغان ئىشنى قىلغىن.

«نَحْنُ مُسْتَعِدُّونَ لِمُسَاعِدَتِكُمْ إِذَا اقْتَضَى الْأَمْرُ»: زۆرۈر تېپىلغاندا بىز سىلەرگە ياردەم بېرىشكە تەييار.

إِقْتَضَى الْحَالُ ذَلِكَ: ئەھۋال مۇشۇنى تەقەززا قىلدى.

إِقْتِطَافٌ: (مېۋىنى) ئۈزمەك.

إِقْتَطَّ يَقْتَطُّ إِقْتِطَاطًا: ئۈچلىدى، قىسقارتتى، ياسىدى، يونتىدى.

إِقْتَطَعَ يَقْتَطِعُ إِقْتِطَاعًا الشَّيْءَ: ئۈزۈۋالدى، بۆلۈۋالدى، ئېلىۋالدى.

إِقْتَطَعَ الْحَجَرَ مِنَ الْجَبَلِ: تاغدىن تاشنى قومۇرۇۋالدى.

إِقْتَطَفَ يَقْتَطِفُ إِقْتِطَافًا الثَّمَرَ: مېۋە ئۈزدى، يىغدى، توپلىدى.

إِقْتَطَفَ الشَّيْءَ: ئېلىۋالدى، تارتىۋالدى، بۇلىۋالدى.

إِقْتَطَفَ مِنَ الْأَشْيَاءِ كَذَا: تاللىۋالدى، ئىلغىۋالدى.

إِقْتَطَفَ الْقَوْلَ: سۆزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئالدى، سۆزنىڭ مېغىزىنى چاقتى.

«إِقْتَطَفَ مِنَ الْقَصِيدَةِ بَيْتَيْنِ»: ئۇ قەسىدىدىن ئىككى بېيىتنى تاللىۋالدى.

إِقْتَعَدَ يَقْتَعِدُ إِقْتِعَادًا: ئىگىلىۋالدى، بېسىۋالدى، ئىشغال قىلدى.

إِقْتَعَدَ الدَّابَّةَ: مىنىدىغان ئۇلاغ قىلىۋالدى.

إِقْتَعَدَ الْكُرْسِيَّ: ئورۇندۇقنى ئولتۇرىدىغان جاي قىلىۋالدى.

إِقْتِفَاءُ الْأَثَرِ: ئىزىغا چۈشمەك، ئىز قوغلىماق، ئارقىسىدىن ئەگەشمەك.

إِقْتَفَرَ يَقْتَفِرُ إِقْتِفَارًا الشَّخْصُ الْأَثَرَ: ئىز قوغلىدى، ئىزىغا چۈشتى، پېيىغا چۈشتى.

إِقْتَفَى يَقْتَفِي إِقْتِفَاءً: ئەگەشتى.

إِقْتَفَى بِفُلَانٍ: ئۈرنەك قىلدى، ئۈلگە قىلدى.

«إِقْتَفَى أَثَرَ اللِّصِّ»: ئۇ ئوغرىنىڭ ئىزىدىن قوغلىدى.

إِقْتِلَاعٌ: قومۇرماق، يۇلماق.

إِقْتَلَعَ يَقْتَلِعُ إِقْتِلَاعًا: يۇلىۋەتتى، قومۇرۇۋەتتى.

إِقْتَلَعَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى.

«إِقْتَلَعَ الدَّاءَ مِنْ أَصْلِهِ»: ئۇ كېسەلنى تۈپتىن ساقايتتى.

أَقْتَمُ م قَتْمَاءُ ج قُتْمٌ: قىزغۇچ، ساغۇچ.

إِقْتَمَّ يَقْتَمُّ إِقْتِمَامًا: قارايدى.

إِقْتِنَاءٌ: ئىگە بولماق، قولغا كەلتۈرمەك، مالىك بولماق.

إِقْتِنَاعٌ: مەمنۇن بولماق، رازى بولماق، قانائەت قىلماق، مەمنۇنىيەت.

إِقْتَنَصَ يَقْتَنِصُ إِقْتِنَاصًا الصَّيْدَ: ئوۋ ئوۋلىدى، شىكارغا چىقتى.

إِقْتَنَصَ الْفُرْصَةَ: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى، پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

إِقْتَنَعَ يَقْتَنِعُ إِقْتِنَاعًا بِخَطَئِهِ: خاتالىقىغا قايىل بولدى.

«إِقْتَنَعَ بِصِحَّةِ رَأْيِ خَصْمِهِ»: دۈشمىنىنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىغا قايىل بولدى.

«قَدِاقْتَنَعَ الطَّرَفَانِ تَمَامًا بِنَتِيْجَةِ الْمُحَادِثَاتِ»: سۆھبەت نەتىجىسىدىن ئىككى تەرەپ تولۇق مەمنۇن بولدى.

إِقْتَنَّ يَقْتَنُّ إِقْتِنَانًا الرَّجُلُ: قۇل قىلىۋالدى، قۇلغا ئىگە بولدى، قۇل قىلىپ ئىشلەتتى؛ سۈكۈت قىلدى.

إِقْتَنَى يَقْتَنِي إِقْتِنَاءً الشَّيْءَ: ئىگە بولدى، ھاسىل بولدى، قولغا كەلتۈردى.

إِقْتَنَى السَّيَّارَةَ: ماشىنىغا ئېرىشتى.

إِقْتَوَّرَ يَقْتَوِّرُ إِقْتِوَّارًا الشَّيْءَ: ئويدى، كولىدى، ئويۇپ ئېلىۋەتتى.

أَقْحَطَ يُقْحِطُ إِقْحَاطًا: قەھەتچىلىك بولدى، قۇرغاقچىلىق بولدى.

أَقْحَطَ الْعَامُ: بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى.

«أَقْحَطَتْ بُلْدَانُ السَّاحِلِ فِى إِفْرِيقِيَا» : ئافرى-
قىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەردە قۇرغاق-
چىلىق يۈز بەردى.

أَقْحَلَ يُقْحِلُ إِقْحَالاً الشَّيْءَ: قۇرۇتىۋەتتى،
سولاشتۇردى.

«أَقْحَلَ الْقَحْطُ الْأَرْضَ» : قۇرغاقچىلىق زېمىن-
نى قۇرۇتىۋەتتى.

أَقْحَمَ يُقْحِمُ إِقْحَامًا فُلاَنًا فِى الْأَمْرِ: ئويلىمايلا
كىرگۈزىۋەتتى، ئىتتىرىۋەتتى.

أَقْحَمَ نَفْسَهُ فِيمَا لاَ يَعْنِيهِ: مۇناسىۋەتسىز
ئىشلارغا ئارىلاشتى.

إِقْدَامٌ: قەھرىمانلىق قىلماق، باتۇرلۇق قىلماق،
قەيسەرلىك، جۈرئەتلىك.

إِقْدَامُ رِجَالِ الْأَعْمَالِ: كارخانىچىلارنىڭ دادىللى-
قى.

إِقْدَامُ الْجُنْدِيِّ: جەڭچىنىڭ باتۇرلۇقى.

«اَلْمَوْتُ مَعَ الْإِقْدَامِ وَالشَّجَاعَةِ خَيْرٌ مِنَ الْحَيَاةِ
مَعَ الذُّلِّ وَالْاِسْتِعْبَادِ» : ... قەھرىمانلىق ۋە
قەيسەرلىك بىلەن ئۆلۈش خارلىق ۋە قۇللۇق
ئاستىدا ياشىغاندىن ئەلا.

أَقْدَرَ يُقْدِرُ إِقْدَارًا هُ: ئۇنى ئىقتىدارلىق ھېسابلىدى، ئۇنى كۈچى يېتىدۇ دەپ بىلدى، ئۇنى
قولىدىن كېلىدىغان كۆردى.

أَقْدَرَهُ عَلَى كَذَا: ئۇنى كۈچى يېتىدىغان قىلدى،
ئۇنى قىلالايدىغان قىلدى.

أَقْدَرَهُ كَذَا: سېلىشتۇرىدىغان قىلدى، تەڭلەشتۈ-
رىدىغان قىلدى.

«أَقْدَرَ الْمُوَظَّفَ عَلَى تَحَمُّلِ مَهَامِّهِ» : خىزمەت-
چىنى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان دەپ
بىلدى.

اَلْأَقْدَرُ: پاكار ئادەم، بويىنى كالتا ئادەم.

اَلْأَقْدَرُ مِنَ الْخَيْلِ: قەدىمى چولڭ ئات.

أَقْدَمَ يُقْدِمُ إِقْدَامًا عَلَى قِرْنِهِ: جۈرئەت قىلدى،
پېتىندى، جاسارەتلىك بولدى.

أَقْدَمَ عَلَى الْعَمَلِ: شۇغۇللاندى، ئۈستىگە ئالدى،
مەسئۇل بولدى؛ باشلىدى؛ ئورۇنداشقا ئالدىر-
دى.

«أَقْدَمَ عَلَى فِلاَحَةِ أَرْضِهِ» : ئۇ زېمىنىنى ئېرىش-
قا كىرىشتى.

أَقْدَمَ عَلَى الشَّيْءِ: كىرىشتى، باشلىدى.

أَقْدَمَ عَلَى الْأَمْرِ: توختىماي ھۇجۇم قىلدى.

«أَقْدَمَ عَلَى مُوَاجَهَةِ خُصُومِهِ بِكُلِّ شَجَاعَةٍ» :
ئۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن
ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلدى.

أَقْدَمُ: ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ كونا.

اَلْأَقْدَمُونَ: قەدىمكىلەر، قەدىمكى كىشىلەر،
پېشقەدەملەر، ئالدىنقىلار، كونىلار.

«أَنْتُمْ وَ آبَاؤُكُمُ الْأَقْدَمُونَ» «قۇرئان» : سىلەر-
نىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىڭلار
(نىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟)

أَقْدَمِيَّةٌ: پېشقەدەملىك، ستاژى ئۇزۇن.

تَرْقِيَةٌ بِالْأَقْدَمِيَّةِ: ستاژىغا قاراپ ئۆستۈرۈش.

«مُوَظَّفٌ لَهُ أَقْدَمِيَّةٌ فِى الْإِدَارَةِ» : ئۇ باشقۇرۇش-
تا ئالدىدا تۇرىدىغان خىزمەتچى.

«طَبِيبٌ مُمْتَازٌ لَهُ أَقْدَمِيَّةٌ» : ئۇ پېشقەدەم
مۇنەۋۋەر دوختۇر.

أَقْذَعَ يُقْذِعُ إِقْذَاعًا فُلاَنًا: يامان گېپىنى
قىلدى.

أَقْذَعَ الْقَوْلَ: سەت گەپ قىلدى، قەبىھ سۆز
قىلدى، ئاغزىنى بۇزدى.

أَقْذَى يُقْذِى إِقْذَاءً عَيْنَهُ: كۆزىگە توپا چاچتى.

إِقْرَارٌ ج إِقْرَارَاتٌ: ئىقرار قىلماق، ئېتىراپ
قىلماق، تونۇماق.

إِقْرَاضٌ: قەرز بەرمەك.

أَقْرَأَ يُقْرِئُ إِقْرَاءً الشَّخْصَ: ئوقۇتتى.

أَقْرَأَهُ السَّلاَمَ: ئۇنىڭغا سالام يوللىدى.

«سَنُقْرِئُكَ فَلاَتَنْسَى إِلاَّ مَاشَاءَ اللّٰهُ» «قۇرئان» :
(ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتى-
مىز، ئاللاھ (نەسخى) قىلماقچى بولغان
نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن.

أَقْرَأَهُ الْقُرْآنَ: ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگەتتى، قۇرئان
ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى تەلىم بەردى.

أَقْرَأَتِ الْمَرْأَةُ: ھەيز كۆردى؛ پاك بولدى.

أَقْرَبَ يُقْرِبُ إِقْرَابًا السَّيْفَ: قىلىچىنى قىنىغا
سالدى.

أَقْرَبَتِ الْحُبْلَى: ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاپ قالدى.

أَقْرَبُ: ئەڭ يېقىن.

«اِعْدِلُوْا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى» «قرآن»: (دۈشمەنلىرىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر.

اِهْتَمَّ بِشُؤُونِ الْأَقْرَبِ فَالْأَقْرَبِ: ئۇ يېقىنلىرىغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە كۆڭۈل بۆلدۇ.

أَقْرَبُ ج أَقَارِبُ: قانداش تۇغقانلار.

أَقْرَبُ ج أَقْرَبُونَ: يېقىنلار.

«لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ» «قرآن»: ئاتا - ئانىلىرى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار.

أَقَرَّ يُقِرُّ إِقْرَارًا: مەمنۇن بولدى، رازى بولدى، قوبۇل بولدى، قوشۇلدى، ئىسپاتلىدى، تەستىقلىدى.

أَقَرَّهُ: مۇقىملاشتۇردى، تۇراقلاشتۇردى.

«قَالُوْا أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُوْا وَ أَنَا مَعَكُمْ مِنَ الشَّاهِدِيْنَ» «قرآن»: ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ «(ئۆز-ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى.

أَقَرَّ الْمُعَاهَدَةَ: كېلىشىمنى تەستىقلىدى.

أَقَرَّ بِالشَّيْءِ: ئېتىراپ قىلدى.

أَقَرَّ فُلَانًا: ئورۇنلاشتۇردى، ماكانلاشتۇردى.

أَقَرَّ الْعَامِلَ عَلَى الْعَمَلِ: ئىشچىنىڭ ئىشىدىن رازى بولدى.

«وَ نُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى» «قرآن»: بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز.

أَقَرَّ اللهُ عَيْنَهُ: خۇشال قىلدى، مەمنۇن قىلدى، ئاتا قىلدى، رازى قىلدى، قانائەتلەندۈردى.

أَقَرَّ بِالْجَمِيلِ لَهُ: مىننەتدارلىق بىلدۈردى، تەشەككۈر ئېيتتى.

«أَقَرَّ الْمُوَظَّفَ فِي وَظِيفَتِهِ»: ئۇ خىزمەتچىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى ۋەزىپىسىدە قالدۇردى.

«أَقَرَّ بِانْتِصَارِ خَصْمِهِ عَلَيْهِ»: ئۇ دۈشمىنىدىن يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

«مَنْ أَقَرَّ بِذَنْبِهِ فَلَا ذَنْبَ لَهُ»: گۇناھىنى ئىقرار قىلغان كىشى گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ.

«أَقَرَّتِ الدَّوْلَتَانِ السِّلْمَ»: ئىككى دۆلەت تىنچلىقنى مۇقىملاشتۇردى.

أَقْرَسَ يُقْرِسُ إِقْرَاسًا الْمَاءَ: سۇنى قاتتىق مۇزلىتىۋەتتى.

أَقْرَسَ الْبَرْدُ أَصَابِعَهُ: سوغۇق ئۇنىڭ بارماقلىرىنى ئۈششۈتۈۋەتتى.

أَقْرَضَ يُقْرِضُ إِقْرَاضًا: قەرز بەردى، ئارىيەت بەردى، ئۆتنە بەردى.

أَقْرَضَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن قەرز ئالدى.

«وَأَقْرِضُوا اللهَ قَرْضًا حَسَنًا» «قرآن»: ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار.

«أَقْرَضَهُ أَلْفَ دِينَارٍ»: ئۇ ئۇنىڭغا مىڭ دىنار قەرز بەردى.

أَقْرَطُ م قَرْطَاءُ ج قُرْطٌ: ھالقىلىق، ھالقا سالغان.

أَقْرَعُ م قَرْعَاءُ قُرْعٌ: پاينەكباش، ئايپاڭباش.

أَقْرَنَ يُقْرِنُ إِقْرَانًا الْأَمْرَ: ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈردى، ئىككى ئىشنى بىر ۋاقىتتا قىلدى.

أَقْرَنُ م قَرْنَاءُ ج قُرْنٌ: مۈڭگۈزلۈك، قوشۇما قاش.

أَقْرَى يُقْرِي إِقْرَاءً: مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

أَقْزَلُ م قَزْلَاءُ ج قُزْلٌ: ئاقساق، توكۇر.

إِقْسَامٌ: قەسەم قىلماق، قەسەم ئىچمەك، قەسەمياد قىلماق.

أَقْسَطَ يُقْسِطُ إِقْسَاطًا الشَّخْصُ: ئادىل ئىش قىلدى، توغرا ئىش قىلدى، ھەققانى ئىش قىلدى.

أَقْسَطَ فِي حُكْمِهِ: توغرا ھۆكۈم چىقاردى.

«فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا» «قرآن»: ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، ئادىل بولۇڭلار.

أَقْسَمَ يُقْسِمُ إِقْسَامًا: قەسەمياد قىلدى، قەسەم بەردى.

«وَاَقْسَمُوْا بِاللّٰهِ جَهْدَ اَيْمَانِهِمْ لَئِنْ اَمَرْتَهُمْ لَيَخْرُجُنَّ» «قۇرئان»: (مۇناپىقلار) ئەگەر سەن ئۇلارنى (جىھادغا) چىقىشقا ئەمر قىلساڭ، چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ.

«لاَ أُقْسِمُ بِهَذَا الْبَلَدِ» «قۇرئان»: بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن.

«أَقْسَمَ بِاللّٰهِ أَلاَّ يَقُولَ إِلاَّ الْحَقَّ»: ئۇ پەقەت ھەقتىن باشقىنى سۆزلىمەسلىككە قەسەم قىلدى.

أَقْسَى يُقْسِي إِقْسَاءً الشَّيْءَ: قاتتىقلىق قىلدى، شەپقەتسىزلىك قىلدى، باغرى تاشلىق قىلدى.

أَقْشَعَ يُقْشِعُ إِقْشَاعًا الْقَوْمُ: تارقاپ كەتتى.

أَقْشَعَتِ السَّمَاءُ: ھاۋا ئېچىلدى.

اِقْشَعَرَّ يَقْشَعِرُّ اِقْشِعْرَارًا جِلْدُهُ: قورقۇنچتىن بەدىنىنى تىترەك باستى.

«اَللّٰهُ نَزَّلَ اَحْسَنَ الْحَدِيْثِ كِتَابًا مُتَشَابِهًا مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِيْنَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ» «قۇرئان»: ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى، (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ.

شَيْءٌ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ الأَبْدَانُ: بەدەنگە تىترەك ئولتىشىپ كېتىدىغان ئىش.

أَقْصَدَ يُقْصِدُ إِقْصَادًا: شېئىر يازدى، قەسىدە يازدى.

أَقْصَدَهُ إِلَى: قىلدۇردى، قىلىشقا زورلىدى، مەجبۇرلىدى.

أَقْصَدُ: ئەڭ تېجەشلىك، ئەڭ ئىقتىسادچىل.

أَقْصَرَ يُقْصِرُ إِقْصَارًا الشَّيْءَ: قىسقارتتى، كېمەيتتى، چىقىرىپ تاشلىدى.

أَقْصَرَ عَنِ الشَّيْءِ: كارى بولمىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى، سەل قارىدى، پەرۋاسىز قارىدى.

«وَإِخْوَانُهُمْ يَمُدُّونَهُمْ فِي الْغَيِّ ثُمَّ لاَيُقْصِرُوْنَ» «قۇرئان»: شەيتانلار (كۇففار) بۇرادەرلىرىنى بولۇشىچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ.

أَقَصَّ يُقِصُّ إِقْصَاصًا الشَّخْصُ مِنْ نَفْسِهِ: باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن قىساس ئېلىشىغا يول قويدى.

أُقْصُوصَةٌ ج أَقَاصِيصُ: ھېكايە، قىسقا ھېكايە، چۆچەك.

«مَحْمُوْدْ تَيْمُورْ كَاتِبٌ لِلأُقْصُوصَةِ»: مەھمۇد تەيمۇر ھېكايە يازىدىغان يازغۇچىدۇر.

أَقْصَى يُقْصِي إِقْصَاءً: قوغلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

أَقْصَى الشَّيْءَ: ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكۈزدى، يۇقىرى پەللىگە چىقاردى.

«أَقْصَاهُ عَنْ عَمَلِهِ»: ئۇنى خىزمىتىدىن ھەيدىدى.

أَقْصَى ج أَقَاصٍ م قُصْوَى: ئەڭ يىراق.

«وَجَاءَمِنْ اَقْصَى الْمَدِينَةِرَجُلٌ يَسْعَى» «قۇرئان»: شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كەلدى.

مِنْ أَقْصَاهَا إِلَى أَقْصَاهَا: ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە.

«عَمِلَ بِأَقْصَى جُهُودِهِ»: ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە ئىشلىدى.

«عِنْدَمَا تُلْقِي كَلِمَةً لِيَكُنْ حَدُّهَا الأَقْصَى خَمْسَ عَشَرَةَ دَقِيْقَةً»: سۆز قىلغىنىڭدا ئۇنىڭ يۇقىرى چېكى 15 مىنۇت بولسۇن.

اَلأَقْصَى: ئېرۇسالىم (قۇددۇس شەھىرى) دىكى چوڭ مەسچىت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلىپىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان.

اَلْمَسْجِدُ الأَقْصَى: ئەقسا مەسچىتى.

«سُبْحَانَ الَّذِى أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلاً مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الأَقْصَى» «قۇرئان»: ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ (قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) بەندىسىنى بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسچىتى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى.

أَقَضَّ يُقِضُّ إِقْضَاضًا الشَّخْصُ: ئۇخلىمىدى.

أَقَضَّ الْهَمُّ مَضْجَعَهُ: بىئارام قىلدى، پاراكەندە

قىلدى، ئىچىنى پۇشۇردى، ئىچى تىتىلدىدى.

أَقِطٌ. إِقْطٌ. أُقْطٌ. أَقِطٌ. أُقُطٌ: قۇرت، ئىرىمچىك.

إِقْطَاعٌ وَإِقْطَاعَةٌ ج إِقْطَاعَاتٌ: يەر ـ زېمىننى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش.

هُوَ مِنْ ذَوِي الْإِقْطَاعِ: ئۇ سۇيۇرغاللىقتا ئىگە بولغان كىشىلەردىن.

طَبَقَةُ الْإِقْطَاعِ: سۇيۇرغاللىقتىن بەھرىمەن بولغۇچى سىنىپ، فېئوداللار سىنىپى.

حُكْمُ الْإِقْطَاعَاتِ: فېئودال ھۆكۈمرانلىق، فېئو- داللىق.

إِنْقَضَى عَهْدُ الْإِقْطَاعِ: سۇيۇرغاللىق دەۋرى تۈگە- دى.

إِقْطَاعِيٌّ ج إِقْطَاعِيُّونَ: زېمىننى سۇيۇرغال قىلىش تۈزۈمى، فېئودالىزملىق.

نِظَامٌ إِقْطَاعِيٌّ: فېئودالىق تۈزۈم.

حُكْمٌ إِقْطَاعِيٌّ: فېئودالىق ھاكىمىيەت.

إِقْطَاعِيَّةٌ ج إِقْطَاعِيَّاتٌ: فېئودالىزم.

أَقْطَرَ يُقْطِعُ إِقْطَارًا الْمَاءَ: سۇنى سۇزۇلدۇردى.

أَقْطَعَ يُقْطِعُ إِقْطَاعًا مِنْهُ: ۋاز كەچتى، تاشلىۋەت- تى، ئۈزۈۋەتتى.

أَقْطَعَ الشَّخْصُ: مات بولدى، مۇلزىم بولدى.

أَقْطَعَهُ الرَّئِيسُ الْأَرْضَ: باشلىق زېمىننى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەتتى.

أَقْطَعَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر توختىدى.

«سَنُقْطِعُ أُجْرَةَ الْمَسْكَنِ مِنْ رَاتِبِ كُلِّ شَهْرٍ» : ئۆي ئىجارىسى ھەر ئايلىق ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ ئېلىنىدۇ.

أَقْطَفَ يُقْطِفُ إِقْطَافًا الثَّمَرُ: مېۋىنىڭ ئۈزۈش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

أَقْطَفَ الرَّجُلُ: مېۋە ئۈزدى.

«فِي فَصْلِ الصَّيْفِ يُقْطِفُ الْعَسَلُ» : ياز پەسلىدە ھەسەل يىغىۋېلىنىدۇ.

أَقْعَدَ يُقْعِدُ إِقْعَادًا: چەكلىدى، مەنئى قىلدى، تىزگىنلىدى.

أَقْعَدَهُ عَنِ الْعَمَلِ: ئۇنى ئەمگەكتىن ئايرىدى.

«أَقْعَدَهُ عَنْ وَظِيفَتِهِ» : ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

أَقْعَدَ فُلَانٌ: ئولتۇرۇپ قالدى، ئورۇن تۇتۇپ قالدى.

أَقَامَ الدُّنْيَا وَأَقْعَدَهَا: ئالەمنى مالەم قىلدى، جاھاننى بېشىغا كىيدى.

أَقْعَدَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ: تۇرۇپ قالدى، ئولتۇراق- لاشتى، ماكانلاشتى.

أَقْعَدَهُ: ئولتۇرغۇزدى.

أَقْعَرَ يُقْعِرُ إِقْعَارًا الْبِئْرَ: قۇدۇقنى چوڭقۇر كولىدى، قۇدۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

أَقْعَسُ م قَعْسَاءُ ج قُعْسٌ: كۆكرىكى چىقىپ تۇرغان، دەمكۆتە.

أَقْعَى يُقْعِي إِقْعَاءً الْكَلْبُ فِي جُلُوسِهِ: ئىت زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

أَقْفَرَ يُقْفِرُ إِقْفَارًا الْمَكَانُ: جاي چۆل ـ باياۋانغا ئايلاندى، چۆللىشىپ قالدى.

أَقْفَرَ الرَّأْسُ مِنَ الشَّعْرِ: چېچى چۈشۈپ كەتتى، تاقىر باش بولۇپ قالدى، پايىنەك باش بولۇپ قالدى.

«أَقْفَرَ الْحَيُّ بَعْدَ الْقَصْفِ الْجَوِّيِّ» : ھاۋا ھۇجۇ- مىدىن كېيىن شەھەر رايونى چۆللىشىپ كەتتى.

أَقْفَعُ م قَفْعَاءُ ج قُفْعٌ: قورۇلۇپ قالغان قولاق، بېشى ساڭگىلاپ قالغان.

أَقْفَلَ يُقْفِلُ إِقْفَالاً الْبَابَ: ئىشىكنى ئەتتى، تاقىدى، قۇلۇپلىدى.

أَقْفَلَ الْكَهْرَبَاءَ: توكنى ئۆچۈردى.

أَقَّتَ يُؤَقِّتُ تَأْقِيتًا الْأَمْرَ: ۋاقتىنى توغرىلىدى، ۋاقتىنى بېكىتتى.

أُقَّةٌ ج أُقَّاتٌ و أُقَقٌ: مىسىردا قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، 1248 گرامغا تەڭ كېلىدۇ.

اَلْإِقْلَاعُ: كۆتۈرۈلمەك، چەكلەنمەك.

إِقْلَاعُ الْحُمَّى: قىزىتمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى.

اَلْإِقْلَاعُ عَنِ التَّدْخِينِ: تاماكا تاشلاش.

إِقْلَاقٌ: چۆچۈتىۋەتمەك، ئۈركۈتىۋەتمەك.

أَقْلَصَ يُقْلِصُ إِقْلَاصًا ـ تِ النَّاقَةُ: تۆگىنىڭ سۈتى سوغۇلۇپ كەتتى، تۆگىنىڭ سۈتى تارتىـ

لىپ كەتتى.

أَقْلَعَ يُقْلِعُ إِقْلاَعًا: قوزغالدى، قەلئە سالدى، قورغان بىنا قىلدى.

أَقْلَعَتِ الطَّائِرَةُ: ئايروپىلان قوزغالدى.

أَقْلَعَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر توختىدى.

«وَقِيْلَ يَاأَرْضُ ابْلَعِي مَاءَكِ وَيَاسَمَاءُأَقْلِعِي» «قرآن»: «ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن» دېيىلدى.

أَقْلَعَ السَّحَابُ: بۇلۇت تارقىدى.

أَقْلَعَ عَنِ الشَّيْءِ: چەكلەندى، تاشلىدى، ساقلاندى، قول ئۈزدى، توختىدى.

«أَقْلَعَ عَنْ شُرْبِ الْخَمْرِ»: ئۇ هاراق ئىچىشتىن قول ئۈزدى.

أَقْلَعَ الْمَلاَّحُ السَّفِيْنَةَ: ماتروس كېمىنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن يەلكەننى كۆتۈردى.

أَقْلَعَتِ الْحُمَّى: قىزىتما ياندى.

اِقْلَعَطَّ يَقْلَعِطُّ اِقْلِعْطَاطًا: (چاچنى) بۆدرە قىلدى.

أَقْلَفُ: خەتنە قىلىنمىغان ئادەم.

هُوَ أَقْلَفُ الْقَلْبِ: ياخشى ئاڭقىرالمايدىغان ئادەم.

عَامٌ أَقْلَفُ: مەمۇرچىلىق يىل.

أَقْلَقَ يُقْلِقُ إِقْلاَقًا ـ هُ: ئۇنى چۆچىتىۋەتتى، ئۈركىتىۋەتتى، بىئارام قىلدى، ئەنسىرەتتى.

«أَقْلَقَ الرَّاحَةَ الْعَامَّةَ»: جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى.

«أَقْلَقَ الضَّجِيجُ النَّائِمَ»: ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى بىئارام قىلدى.

أَقْلَقَ بَالَهُ: خاتىرجەمسىزلەندۈردى.

أَقْلَقَ الْخَبَرُ الْعَائِلَةَ: خەۋەر ئائىلىنى ئەنسىرەتتى.

أَقَلَّ يُقِلُّ إِقْلاَلاً الشَّيْءَ: كۆتۈردى، ئۈستىگە ئېلىۋالدى.

أَقَلَّ الشَّيْءَ إِلَى: يەتكۈزۈپ بەردى.

«حَتَّى إِذَا أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالاً لِبَلَدٍ مَيِّتٍ» «قرآن»: شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (ياكى قاغجىراپ ياتقان گىياھسىز) جايلارغا سۈرىمىز.

أَقَلَّهُ: كېمەيتتى، قىسقارتتى، ئازايتتى.

أَقَلَّ الرَّجُلُ: كەمبەغەللىشىپ قالدى.

أَقَلُّ: ئاز، كەم، ئەڭ ئاز، ئازراق، نىسبەتەن ئاز.

أَقَلُّ مِنَ الْقَلِيْلِ: ئەڭ ئاز، كەمدىن ـ كەم.

«ثَرْوَتُهُ أَقَلُّ مِنْ ثَرْوَةِ شَقِيقِهِ»: ئۇنىڭ بايلىقى قېرىندىشىنىڭ بايلىقىغا قارىغاندا ئازدۇر.

«جِسْرٌ كَبِيْرٌ مِثْلُ هَذَا سَيَحْتَاجُ إِلَى سَنَتَيْنِ عَلَى الأَقَلِّ حَتَّى يَنْجَزَتَمَامًا»: مۇنداق چوڭ كۆۋرۈكنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 2 يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

بِأَقَلِّ التَّكَالِيْفِ: ئەڭ تۆۋەن سەرپىيات بىلەن.

اَلأَقْطَارُ الأَقَلُّ تَطَوُّرًا: تەرەققىياتى ئەڭ تۆۋەن رايونلار.

فِي أَقَلَّ مِنْ لَمْحِ الْبَصَرِ: كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە.

لاَ أَقَلَّ وَلاَ أَكْثَرَ: كەم ـ زىيادە ئەمەس، چەكلىك دائىرە.

أَقَلِّيَّةٌ ج أَقَلِّيَاتٌ: ئاز سانلىق.

قَوْمٌ أَقَلِّيَّةٌ: ئاز سانلىق مىللەت.

أَقَلِّيَّةٌ ضَئِيْلَةٌ جِدًّا: ناهايىتى ئاز سانلىق.

«اَلأَقْبَاطُ أَقَلِّيَّةٌ فِي مِصْرَ»: قىبتىلار مىسىردا ئاز سانلىقتۇر.

أَقْلَمَ يُقْلِمُ إِقْلاَمًا نَفْسَهُ: ئۆزىنى ئادەتلەندۈردى، كۆندۈردى.

«كَانَتِ الْبِيْئَةُ غَرِيبَةً عَلَيْهِ وَلَكِنَّهُ اِسْتَطَاعَ أَنْ يُقْلِمَ نَفْسَهُ وَيُكَيِّفَهَا»: شارائىت ئۇنىڭغا يات ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئادەتلەندۈرۈپ كېتەلىدى ۋە كۆندۈرەلىدى.

إِقْلِيْبٌ: ئاچقۇچ.

إِقْلِيمٌ ج أَقَالِيمُ: ئىقلىم، رايون، يەر جاي.

«كَانَتْ الْخِلاَفَةُ الْعَبَّاسِيَّةُ تَضُمُّ عَدَدًا مِنَ الأَقَالِيمِ»: ئاباسىيلار خەلىپىلىكى بىرقانچە ئىقلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

إِقْلِيمٌ مُنَاخِيٌّ: هاۋا كېلىماتى ئالاهىدە بولغان ئىقلىم.

إِقْلِيمِيٌّ: ئىقلىمغا تەۋە، ئىقلىمغا مەنسۇپ.

إِقْلِيمِيَّةٌ: يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تەكىتلەيدىغان خاھىش.

إِقْلِيمِيَّةٌ: مەلۇم رايوندىكى تۇرمۇشنى مىللىي ئەدەبىيات رامكىسى دائىرىسىدە تەسۋىرلەيدىغان خاھىش (ئەدەبىياتتا).

إِقْلِيمِيَّةٌ: مەركەزسىزلىك تۈزۈمى (ھاكىمىيەتتە).

حُكُومَةٌ إِقْلِيمِيَّةٌ: يەرلىك ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت.

اَلْمِيَاهُ الْإِقْلِيمِيَّةُ: مەلۇم ئىقلىمغا تەۋە سۇ.

أَقْمَحَ يُقْمِحُ إِقْمَاحًا السُّنْبُلُ: باشاق دان تۇتتى.

أَقْمَرَ يُقْمِرُ إِقْمَارًا الْهِلَالُ: ئاي تولدى، ئاي تولۇپ بولدى.

أَقْمَرَ اللَّيْلُ: كېچە ئايدىڭ بولدى.

أَقْمَرُ م قَمْرَاءُ ج قُمْرٌ: ئايدەك، يورۇق، نۇرلۇق.

وَجْهٌ أَقْمَرُ: نۇرلۇق يۈز.

أَقْمَسَ يُقْمِسُ إِقْمَاسًا ـ هُ الْمَاءَ: سۇغا چىلىۋەتتى، ھۆل قىلىۋەتتى.

أَقْمَعَهُ يُقْمِعُ إِقْمَاعًا: بويسۇندۇردى، توختاتتى، كونترول قىلدى، باشقۇردى، ئۆچۈردى.

أَقْمَعَ الثَّوْرَةَ: ئىنقىلابنى باستۇردى، ئىنقىلابنى ئۇجۇقتۇردى.

إِقْنَاعٌ: رازى قىلماق، مەمنۇن قىلماق، قانائەتلەندۈرمەك، قايىل قىلماق.

«لَاتُضِعْ وَقْتَكَ فِي الْحَدِيثِ مَعَهُ لِأَنَّكَ لَنْ تَكُونَ قَادِرًا فِي النِّهَايَةِ عَلَى إِقْنَاعِهِ»: ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقتىڭنى زايا قىلما، چۈنكى ئاخىر ئۇنى قايىل قىلالمايسەن.

أَقْنَطَ يُقْنِطُ إِقْنَاطًا ـ هُ: مەيۇسلەندۈردى، ئۈمىدسىزلەندۈردى.

«أَقْنَطَهُ مِنَ الْمُسَاعَدَةِ»: ياردەم بېرىشتىن ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى.

أَقْنَعَ يُقْنِعُ إِقْنَاعًا: قانائەتلەندۈردى، رازى قىلدى، مەمنۇن قىلدى، قايىل قىلدى.

أَقْنَعَ الْإِنَاءَ: قاچىدىكى سۇنى كۆمتۈرۈپ تۆكتى.

«أَقْنَعَهُ بِالْحُجَّةِ وَالدَّلِيلِ»: ئۇنى دەلىل ئىسپات بىلەن قايىل قىلدى.

«أَقْنَعْتُهُ بَعْدَ جَهْدٍ جَهِيدٍ»: مەن ئۇنى ئاران قانائەتلەندۈردۈم.

أَقْنُومٌ ج أَقَانِيمُ: ناسارالارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، خۇدا، ئىسا ۋە جىبرىئىلدىن ئىبارەت «ئۈچىنىڭ بىرلىششى».

اَلْأَقَانِيمُ الثَّلَاثَةُ: ناسارالارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، خۇدا ئىسا ۋە جىبرىئىلدىن ئىبارەت «ئۈچىنىڭ بىرلىششى»، «ئۈچ بىر تەن» تەلىماتى.

أَقْنَى يُقْنِي إِقْنَاءً: ھايالىق بولدى، ئۇياتچان بولدى.

أَقْنَاهُ اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنى باي قىلدى، مەمنۇن قىلدى.

«وَأَنَّهُ هُوَ أَغْنَى وَأَقْنَى» «قرآن»: ئاللاھ ئىنسانىنى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ.

أَقْنَى م قَنْوَاءُ: ئەگرى، دوناي.

أَقْنَى الْأَنْفِ: ئىلمەك بۇرۇن.

أَقْهَى يُقْهِي إِقْهَاءً الشَّخْصُ: قەھۋە ئىچتى، قەھۋە ئىچىشنى داۋاملاشتۇردى.

إِقْوَاءٌ: چۆلدەرەپ قالماق.

«اَلْإِقْوَاءُ مِنْ عُيُوبِ الشِّعْرِ»: بىر مىسرانىڭ ئاخىرىنىڭ پىش بىلەن، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىنىڭ زىر بىلەن تۈگىشى شېئىردىكى ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

أَقْوَرُ م قَوْرَاءُ ج قُورٌ: كەڭ، كەڭچىلىك، ئازادە.

أَقْوَسُ م قَوْسَاءُ ج قُوسٌ: دوك، دوڭغاق.

أَقْوَلَ يُقْوِلُ إِقْوَالًا فُلَانًا: تۆھمەت قىلدى، بوھتان چاپلىدى.

أَقْوَمُ: ئەڭ توغرا.

هَذَا الرَّأْيُ أَقْوَمُ مِنْ غَيْرِهِ: بۇ پىكىر باشقىسىغا قارىغاندا ئەڭ توغرا.

«إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ» «قرآن»: بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ.

أَقْوَى يُقْوِي إِقْوَاءً الشَّخْصُ: كەمبەغەللىشىپ قالدى، يوقسۇل بولۇپ قالدى.

أَقْوَى الدَّارُ: قورۇ چۆلدەرەپ قالدى.

أُقْيَانُوس: ئوكيان.

أَكَادِيمِيٌّ ج أَكَادِيمِيُّونَ: ئاكادېمىك (ئىلمىي ياكى ئەدەبىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى).

«كَانَ بَحْثُهُ أَكَادِيمِيًّا»: ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئىلمىي ئىدى.

أَكَادِمِيَّةٌ. أَكَادِيْمِيَّةٌ: ئاكادېمىيە، ئىلمىي جەمئىيەت.

أَكَادِمِيَّةُ الْعُلُومِ الإِجْتِمَاعِيَّةِ: ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

«لَقَدْ قُدِّرَتْ مُنْجَزَاتُ هَذَا الْبَاحِثِ الرِّيَاضِيِّ تَقْدِيرًا عَالِيًا فِي الأَوْسَاطِ الأَكَادِمِيَّةِ»: ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن بۇ ماتېماتىكا ئالىمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى يۇقىرى باھالاندى.

أَكَاكٌ ج أُكُكٌ و آكِفَةٌ: ئوچۇلۇق.

أَكْأَبَ يُكْئِبُ إِكْئَابًا: غەم - قايغۇغا دۇچارقىلدى، پەرىشان قىلدى، غەمگە قالدۇردى.

أَكَبَّ يُكِبُّ إِكْبَابًا عَلَى وَجْهِهِ: يوزىچە يىقىلىپ چۈشتى، دۈم چۈشتى.

أَكَبَّ عَلَى الأَمْرِ: پۈتۈن دىققىتىنى بېغىدى، بېرىلىپ كەتتى.

أَكَبَّ عَلَى الْبَحْثِ: بېرىلىپ تەتقىق قىلدى، قېتىرقىنىپ ئىزدەندى.

أَكْبَرَ يُكْبِرُ إِكْبَارًا الأَمْرَ: چوڭ بىلدى، چوڭ ھېسابلىدى.

أَكْبَرَ الشَّخْصَ: چوڭ كۆردى، ئەتىۋا بىلدى، قەدىرلىدى.

«فَلَمَّا رَأَيْنَهُ أَكْبَرْنَهُ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ» «قرآن»: ئۇلار يۈسۈپنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى.

«أَكْبَرَ الْمُشْكِلَةَ وَهِيَ صَغِيرَةٌ»: ئۇ كىچىك مەسىلىنى چوڭ دەپ ھېسابلىدى.

«نُكْبِرُهُ لِمَوَاقِفِهِ الشَّرِيفَةِ»: ئىشلاردا ئۇنىڭ تۇتقان ياخشى پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئۇنى چوڭ بىلىمىز.

أَكْبَرُ ج أَكَابِرُ و أَكْبَرُونَ م كُبْرَى ج كُبَرُ و كُبْرَيَاتٌ: ئۇلۇغ، ئەڭ زور، يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدىغان لەقەم.

هُوَ أَكْبَرُ مِنْهَا: ئۇ ئۇنىڭدىن چوڭراق.

«وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ» «قرآن»: پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھدۇر.

اَلْوَزِيرُ الأَكْبَرُ: ئەڭ چوڭ ۋەزىر، باش ۋەزىر.

اَلْمُفْتِي الأَكْبَرُ: ئەڭ كاتتا مۇپتى، شەيخ.

أَكَابِرُ الْقَوْمِ: يۇرت كاتتىلىرى.

هُوَ مِنْ أَبْنَاءِ الأَكَابِرِ: ئۇ ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئۇ چوڭ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئەۋلادى.

«إِرْتَقَى اللاَّعِبُ مِن صِنْفِ الأَصَاغِرِ إِلَى صِنْفِ الأَكَابِرِ»: تەنھەرىكەتچى كىچىكلەر قاتارىدىن چوڭلار قاتارىغا ئۆتتى.

اَلأَكْبَرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە.

إِكْتَالَ يَكْتَالُ إِكْتِيَالاً الشَّخْصَ مِنْهُ: ئۆلچەپ ئالدى.

«وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِيْنَ الَّذِيْنَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ» «قرآن»: (ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ.

«كَالَ الْمُعْطِي وَاكْتَالَ الآخِذُ»: بەرگۈچى ئۆلچەپ بەردى، ئالغۇچى ئۆلچەپ ئالدى.

اِكْتِئَابٌ: قايغۇرماق، غەمگە پاتماق، ھەسرەت چەكمەك، پەرىشان بولماق.

إِكْتِئَابُ الْمَهْمُومِ: غەمكىنىنىڭ ھەسرەت چېكىشى.

إِكْتَأَبَ يَكْتَئِبُ إِكْتِئَابًا الشَّخْصُ: قايغۇردى، ئىچى پۇشتى، بىئارام بولدى، ھەسرەت چەكتى.

إِكْتَأَبَ اللَّوْنُ: قارايدى، قارامتۇل بولدى.

أَكْتَبَ يُكْتِبُ إِكْتَابًا ـ هُ: يازدۇردى، يازغىلى سالدى.

إِكْتِتَابٌ: كۆچۈرۈپ يازماق، قاتناشماق.

إِكْتِتَابٌ لإِعَانَةِ الْيَتَامَى: يېتىملەرگە ئىئانە قىلماق.

اِكْتِتَامٌ: يوشۇرماق.

اِكْتَتَبَ يَكْتَتِبُ اِكْتِتَابًا: كۆچۈردى، كۆچۈرۈپ يازدى، قاتناشتى، ئىئانە قىلدى.

«وَقَالُوا آَسَاطِيرُ الْأَوَّلِيْنَ اكْتَتَبَهَا» «قۇرئان»: ئۇلار ئېيتتى: (بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان.

«اِكْتَتَبَ فِي بِنَاءِ مَسْجِدٍ»: ئۇ مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى.

اِكْتِحَالٌ: سۈرمە تارتماق، سۈرمە سۈرمەك.

اِكْتَحَلَ يَكْتَحِلُ اِكْتِحَالاً ـ تِ عَيْنُهُ بِرُؤْيَةِ أَهْلِهِ: ئۇنىڭ كۆزى بالا ـ چاقىلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى.

مَا اكْتَحَلَتْ عَيْنَاهُ بِالنَّوْمِ: ئۇخلىمىدى.

اِكْتَدَحَ يَكْتَدِحُ اِكْتِدَاحًا لِعِيَالِهِ: ئائىلىسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىدى.

اِكْتَدَّ يَكْتَدُّ اِكْتِدَادًا ـ هُ: ھەيدەكچىلىك قىلدى، رىغبەتلەندۈردى.

اِكْتِرَاءٌ: ئىجارىگە ئالماق، كىراغا ئالماق.

اِكْتِرَاثٌ: دىققەت قىلماق، كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق.

إِنَّكَ قَلِيْلُ الْاِكْتِرَاثِ بِهَذَا الْمَوْضُوعِ: بۇ مەسىلىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيسەن.

عَدَمُ اِكْتِرَاثٍ: كۆڭۈل بۆلمەسلىك، پەرۋا قىلماسلىق.

اِكْتَرَبَ يَكْتَرِبُ اِكْتِرَابًا: قايغۇردى، غەم قىلدى، ھەسرەت چەكتى، مەيۈسلەندى.

«اِكْتَرَبَ الْأَبُ لِإِخْفَاقِ وَلَدِهِ»: بالىسى مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن دادا غەمگە چۆمدى.

اِكْتَرَثَ يَكْتَرِثُ اِكْتِرَاثًا لِلْأَمْرِ: دىققەت قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى.

اِكْتَرَثَ لَهُ: ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇردى.

اِكْتَرَى يَكْتَرِى اِكْتِرَاءً الدَّارَ: ئۆي ئىجارىگە ئالدى.

«اِكْتَرَى سَيَّارَةً لِمُدَّةِ أُسْبُوعٍ»: ئۇ ماشىنىنى بىر ھەپتىلىك كىراغا ئالدى.

اِكْتِسَابٌ: ئېرىشمەك، ھاسىل قىلماق، قولغا كەلتۈرمەك.

اِكْتِسَابُ الْوَقْتِ: ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرمەك.

اِكْتِسَابِيٌّ: كېيىن شەكىللەنگەن، كېيىن پەيدا بولغان.

اِكْتَسَبَ يَكْتَسِبُ اِكْتِسَابًا مَالاً: مال توپلىدى، پايدىغا ئېرىشتى، نەپ ئالدى، كەسىپ قىلدى.

اِكْتَسَبَ الشَّخْصُ: تەسەررۇپ قىلدى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

اِكْتَسَبَ الْإِثْمَ: گۇناھ ئارتتۇۋالدى.

«لَهَا مَاكَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَااكْتَسَبَتْ» «قۇرئان»: كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر.

«اِكْتَسَبَ اللَّوْنُ صِبْغَةً زَرْقَاءَ»: رەڭ كۆك رەڭگە كىردى.

اِكْتَسَحَ يَكْتَسِحُ اِكْتِسَاحًا الشَّيْءَ: يوقاتتى، تازىلىدى، تۈگەتتى، قومۇرۇپ تاشلىدى.

اِكْتَسَحَ الشَّخْصُ: ھۇجۇم قىلدى.

«اِكْتَسَحَ الرِّيَاحُ الْأَشْجَارَ»: بوران دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىدى.

«اِكْتَسَحَ الْعَدُوُّ الْأَرَاضِيَ»: دۈشمەن زېمىنغا ھۇجۇم قىلدى.

«اِكْتَسَحَ الْبَالُوعَةَ»: يەر ئاستى ئېرىقىنى تازىلىدى.

اِكْتَسَى يَكْتَسِي اِكْتِسَاءً الشَّخْصُ: كىيىم كىيدى.

«اِكْتَسَتِ الْأَرْضُ بِالنَّبَاتِ»: زېمىن ئۆسۈملۈك بىلەن يېپىلدى.

«لَمْ أَغِبْ عَنْ مَسْقَطِ رَأْسِي سِوَى عَامَيْنِ غَيْرَأَنَّ مَلَامِحَهُ الْقَدِيْمَةَ قَدْتَغَيَّرَتْ وَاكْتَسَى بِمَلَامِحَ جَدِيْدَةٍ»: يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى پەقەت ئىككى يىل بولدى، لېكىن ئۇنىڭ كونا قىياپىتى ئۆزگىرىپ يېڭى تۈس ئېلىپتۇ.

اِكْتِشَافٌ ج اِكْتِشَافَاتٌ: كەشپىيات، ئىختىرا، ئىجادىيەت، كەشىپ قىلماق، ئىختىرا قىلماق.

اِكْتِشَافُ كَنْزٍ: خەزىنە تاپماق.

اِكْتِشَافُ الْحِجَابِ: يوپۇق ئاچماق.

اِكْتَشَفَ يَكْتَشِفُ اِكْتِشَافًا الْأَمْرَ: ئاشكارىلىدى،

ئېچىپ تاشلىدى، پاش قىلدى.

إِكْتَشَفَ السِّرَّ: سىرنى پاش قىلدى.

«إِكْتَشَفَ الْقَاضِي مُلاَبَسَاتِ الْقَضِيَّةِ»: سوتچى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئاچتى.

«إِكْتَشَفَ كُولُومْبُوسُ أَمْرِيكَا سَنَةَ ٨٩٨ هـ ١٤٩٢م»: كولۇمبو ئامېرىكىنى ھىجرىيە 898 ـ يىلى يەنى مىلادىنىڭ 1492 ـ يىلى تاپقان.

إِكْتَشَمَ يَكْتَشِمُ إِكْتِشَامًا الأَنْفَ: بۇرنىنى كەستى.

إِكْتَظَّ يَكْتَظُّ إِكْتِظَاظًا الْمَكَانُ: جاي تولۇپ كەتتى.

إِكْتَظَّ مِنَ الطَّعَامِ: تاماققا تويۇپ كەتتى، چىڭقىلىپ كەتتى.

«تَكْتَظُّ الشَّوَارِعُ بِالْمُتَظَاهِرِينَ»: كوچىلار نامايىشچىلار بىلەن تولۇپ كەتمەكتە.

أَكْتَعُ م كَتْعَاءُ ج كُتْعٌ: بارمىقى مېيىپ بولۇپ قالغان.

إِكْتِفَاءٌ: قانائەتلەنمەك، كۇپايىلەنمەك.

اَلإِكْتِفَاءُ الذَّاتِيُّ: ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش.

«اَلإِكْتِفَاءُ الذَّاتِيُّ فِي الْمَوَادِّ الْغِذَائِيَّةِ»: ئاشلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش.

إِكْتَفَأَ يَكْتَفِئُ إِكْتِفَاءً الإِنَاءَ: قاچىنى ئۆردى، كۆمتۈردى.

أَكْتَفُ م كَتْفَاءُ ج كُتْفٌ: دولىسى ئاغرىق ئادەم.

اَلأَكْتَفُ مِنَ الْخَيْلِ: ئاقساق ئات.

إِكْتَفَى يَكْتَفِي إِكْتِفَاءً بِكَذَا: كۇپايىلەندى، قانائەتلەندى، كۇپايە قىلدى، يېتەرلىك بولدى.

إِكْتَفَى بِالأَمْرِ: ئۇستىگە ئالدى.

«إِكْتَفَى بِأَجْرٍ زَهِيدٍ»: ئۇ ئازغىنا ھەق بىلەن كۇپايىلەندى.

إِكْتَلَأَ يَكْتَلِئُ إِكْتِلاَءً ـ تِ الْعَيْنُ: بىدار بولدى، ئۇخلىمىدى.

إِكْتَمَلَ يَكْتَمِلُ إِكْتِمَالاً الشَّيْءُ: تولۇقلاندى، تاكامۇللاشتى.

إِكْتَمَنَ يَكْتَمِنُ إِكْتِمَانًا: يوشۇرۇندى، مۆكۈۋالدى، بېكىنىۋالدى.

إِكْتِنَازٌ: توپلىماق، يىغماق، يىغىلماق.

إِكْتِنَازُ الْمَالِ: مال توپلاش.

أَكْتَنَ يُكْتِنُ إِكْتَانًا الشَّيْءَ: يەملىدى، چاپلىدى، يېپىشتۇردى.

إِكْتَنَزَ يَكْتَنِزُ إِكْتِنَازًا: توپلاندى، يىغىلدى، جۇغلاندى، ساقلاندى.

إِكْتَنَزَ اللَّحْمُ: گۆش يىغىلدى، سەمرىدى.

إِكْتَنَزَ الْمَالَ: مال توپلىدى.

«إِكْتَنَزَ الْمَالَ كَهْلاً لِيَجِدَهُ شَيْخًا»: ئۇ قېرىغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىران ۋاقتىدا مال توپلىدى.

إِكْتَنَفَ يَكْتَنِفُ إِكْتِنَافًا الشَّيْءَ: ئورىۋالدى، قورشىۋالدى، مۇھاسىرىگە ئالدى.

إِكْتَنَفَ الشَّخْصَ: ھىمايىسىگە ئالدى، تەربىيىسىگە ئالدى.

تَكْتَنِفُهُ الْمَصَائِبُ: قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى.

إِكْتَنَّ يَكْتَنُّ إِكْتِنَانًا: يوشۇرۇندى، مۆكۈۋالدى.

إِكْتَنَهَ يَكْتَنِهُ إِكْتِنَاهًا الأَمْرَ: پۈتۈنلەي چۈشەندى، ماھىيىتىگە يەتتى.

إِكْتَنَى يَكْتَنِي إِكْتِنَاءً بِكَذَا: لەقەم قويۇلدى، باشقا ئىسىم بىلەن ئاتالدى.

إِكْتَهَفَ يَكْتَهِفُ إِكْتِهَافًا الشَّخْصُ: غارغا ماكانلاشتى.

إِكْتَهَفَ الْمُتَصَوِّفُ: سوپى غارنى ماكان قىلىۋالدى.

إِكْتَهَلَ يَكْتَهِلُ إِكْتِهَالاً الشَّخْصُ: ئوتتۇرا ياش بولدى.

أُكْتُوبَرُ: ئۆكتەبىر (مىلادىيە 10 ـ ئاي).

إِكْتَوَى يَكْتَوِي إِكْتِوَاءً: كۆيدى، قىزىتىلدى، داغلاندى.

إِكْتَوَى الشَّخْصُ: ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدى.

أَكْثَرَ يُكْثِرُ إِكْثَارًا الرَّجُلُ: كۆپ نەرسە كەلتۈردى.

أَكْثَرَ الشَّيْءَ: كۆپەيتتى، جىقلاتتى.

«قَالُوْا يَانُوْحُ قَدْجَادَلْتَنَا فَأَكْثَرْتَ جِدَالَنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَا إِنْ كُنْتَ مِنَ الصّٰدِقِيْنَ»

«قۇرئان»: ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ، ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابىنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى.

«اَلَّذِينَ طَغَوا فِى الْبِلاَدِ فَأَكْثَرُوافِيهَا الْفَسَادَ» «قۇرئان»: ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى، ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى.

أَكْثَرَ مِنَ الصَّدَقَةِ: سەدىقىنى كۆپ بەردى.

هُوَ يُكْثِرُ مِنَ الْإِبْتِسَامِ: ئۇ تولا كۈلىدۇ.

أَكْثَرُ: ئەڭ كۆپ، تولاراق.

«مَا أَكْثَرَ الْأَعْمَالَ الَّتِى تَحْتَاجُ إِلَيْهَا تَحْوِيلَ الْقُطْنِ إِلَى قُمَاشٍ»: پاختىنىڭ رەخت بولۇپ چىقىشىغا نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك كېتىدۇ.

أَكْثَرُ عَدَدًا: سان جەھەتتىن بەك كۆپ.

«إِنَّ اللّٰهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُوْنَ» «قۇرئان»: ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ.

عَلَى أَكْثَرِ تَقْدِيرٍ: ئەڭ كۆپ مۆلچەرلىگەندە، ئەڭ كۆپ بولغاندا.

أَكْثَرُ أَهَمِّيَّةً: ئەھمىيىتى تېخىمۇ كۆپ.

أَكْثَرِيَّةٌ ج أَكْثَرِيَّاتٌ: كۆپچىلىك، كۆپ سانلىق.

«نَجَحَ فِى الْإِنْتِخَابَاتِ بِأَكْثَرِيَّةِ الثُّلُثَيْنِ»: سايلامدا ئۈچتىن ئىككى قىسىم كۆپ سانلىق بىلەن غەلىبە قىلدى.

«تَلْقَى مُعَارَضَةَ الْأَكْثَرِيَّةِ»: ئۇ كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

أَكْحَلَ يُكْحِلُ إِكْحَالاً ـ تِ السِّنُونَ الْقَوْمَ: قەۋمگە قەھەتچىلىك يەتتى.

أَكْحَلَتِ الْأَرْضُ بِالْخُضْرَةِ: زېمىندا يېشىللىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

أَكْحَلُ م كَحْلاَءُ ج كُحْلٌ: سۈرمە تارتىۋالغان كىشى.

أَكْحَلُ م كَحْلاَءُ ج كُحْلٌ و كَحْلاَوَاتٌ: كۆزى، قارا كۆز: قان ئېلىنىدىغان ياكى ئوكۇل قىلىنىدىغان بىلەكتىكى تومۇر.

هَذَا عَامٌ أَكْحَلُ: بۇ قۇرغاقچىلىق يىل.

أَكْدَى يُكْدِى إِكْدَاءً: بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى، نامراتلىشىپ كەتتى، مەغلۇپ بولدى، يېڭىلدى.

أَكْدَى الْعَامُ: يىل قۇرغاقچىلىقى بولدى، يىل قەھەتچىلىك بولدى (قۇرغاقچىلىق يىلى بولدى، قەھەتچىلىك يىلى بولدى).

«أَفَرَأَيْتَ الَّذِى تَوَلَّى وَأَعْطَى قَلِيْلاً وَأَكْدَى»: (ئى مۇھەممەد!) ئىماندىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىن خەۋەر بەرگىن، ئۇ (شەرت قىلىنغان مالدىن) ئازغىنا بەردى، قالغىنىنى بەرمىدى.

أَكْذَبَ يُكْذِبُ إِكْذَابًا ـ هُ: يالغان ئېيتقۇزدى، يالغان گەپ قىلدۇردى.

أُكْذُوبَةٌ ج أَكَاذِيْبُ: يالغان ـ ياۋىداق، يالغان خەۋەر.

إِكْرَاءٌ: ئىجارىگە بەرمەك، كىراغا بەرمەك.

إِكْرَامٌ: ھۆرمەتلىمەك، ئىززەتلىمەك، قەدىرلىمەك، ئىكرام قىلماق.

إِكْرَامُ الضَّيْفِ: مېھمان قوبۇل قىلماق، كۈتمەك.

إِكْرَامًا لِخَاطِرِ فُلاَنٍ: ... گە يۈز خاتىرە قىلىپ، ... نىڭ يۈزىنى قىلىپ، ... نىڭ يۈزىدىن.

إِكْرَامًا لِوُجُودِهِ: ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىپ.

«قَامَ بِهَذَا الْعَمَلِ إِكْرَامًا لَهُ»: ئۇ بۇ خىزمەتنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلدى.

إِكْرَامِيٌّ: شەرەپلىك، شان ـ شەرەپلىك، ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتلىك.

إِكْرَامِيَّةٌ ج إِكْرَامِيَّاتٌ: مۇكاپات پۇل، ئىنئام پۇل.

إِكْرَامِيَّةُ الْمُحَامِي: ئادۋوكاتلىق ھەققى.

إِكْرَاهٌ: زورلىماق، مەجبۇرلىماق، بېسىم ئىشلەتمەك.

مِنْ غَيْرِ إِكْرَاهٍ: زورلىماستىن، مەجبۇرلىماستىن، ئىختىيارى.

اِعْتَرَفَ تَحْتَ الْإِكْرَاهِ: مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىقرار قىلدى.

إِكْرَاهِيٌّ: زورلۇق، مەجبۇرىي، زورمۇ زور، مەجبۇرەن.

أَكَرَ يأْكُرُ أَكْرًا الْأَرْضَ: يەر تېرىدى، دېھقانچە-لىق قىلدى.

أَكَرَ النَّهْرَ: ئۆستەڭ قازدى.

أَكْرَبَ يُكْرِبُ إِكْرَابًا فِي السَّيْرِ: تېز ماڭدى، ئالدىراپ ماڭدى، يېقىنلاشتى، يېقىن كەلدى.

أَكْرَبَ الْأَمْرُ: يۈز بەرگىلى تاس قالدى.

أُكْرَةٌ ج أُكَرٌ: ئورا، ئازگال، خەندەك، گودالڭ؛ شار.

أُكْرَةُ الْبَابِ: ئىشىكنىڭ تۇتقۇچى.

أَكْرَثَ يُكْرِثُ إِكْرَاثًا الْغَمُّ فُلَانًا: غەم بېسىۋال-دى، غەم - قايغۇدا قالدى.

أَكْرَجَ يُكْرِجُ إِكْرَاجًا الْخُبْزُ: نان بۇزۇلۇپ قالدى، نان كۆكىرىپ قالدى.

أَكْرَشَ م كَرْشَاءُ ج كُرْشٌ و كَرْشَوَاتٌ: يوغان قورساق، بادالڭ قورساق.

أَكْرَفَ يُكْرِفُ إِكْرَافًا الشَّيْءَ: پۇرىدى، ھىدلىدى.

أَكْرَفَ الْحِمَارُ: ئېشەك سۈيدۈكىنى پۇراپ تۇمشۇ-قىنى ئاسمانغا قىلدى.

أَكْرَمَ يُكْرِمُ إِكْرَامًا الشَّخْصَ: ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى، ئىززەت - ئىكرام قىلدى.

أَكْرَمَ اللّٰهُ مَثْوَاهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن.

«فَأَمَّا الْإِنْسَانُ إِذَا مَاابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ» ‹قرآن›: پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى دېيدۇ».

«أَكْرَمَ نَفْسَهُ عَنِ الْمَعَاصِي»: ئۇ گۇناھلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتتى.

«أَكْرَمَ نَفْسَهُ عَنْ سَيِّ الْأَفْعَالِ»: ناچار قىلمىق-لاردىن يىراق بولدى، ناچار قىلمىقلاردىن پاك بولدى.

أَكْرَمَ اللّٰهُ وَجْهَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا شەرەپ ئاتا قىلسۇن.

أَكْرَمُ: ئەلا، سېخى، ئەڭ مەرد، ئەڭ ئېسىل.

«إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللّٰهِ أَتْقَاكُمْ» ‹قرآن›: ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.

أَكْرَهَ يُكْرِهُ إِكْرَاهًا عَلَى الْأَمْرِ: زورلىدى، مەجبۇرلىدى، قىستىدى.

أَكْرَهَهُ عَلَى الطَّاعَةِ: مەجبۇرىي باش ئەگدۈردى، بېسىم ئىشلەتتى، بويسۇندۇردى.

«أَفَأَنْتَ تُكْرِهُ النَّاسَ حَتَّى يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ» ‹قرآن›: سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟

«إِلَّامَنْ أُكْرِهَو قَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ» ‹قرآن›: قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەربۇنىڭدىن مۇستەسنا.

أَكْرَى يُكْرِي إِكْرَاءً دَارَهُ: ئۆيىنى ئىجارىگە بەردى.

أَكْسَبَ يُكْسِبُ إِكْسَابًا فُلَانًا مَالًا: پايدىغا ئېرىشتۈردى، نەپ بەردى.

أَكْسَبَ حَقًّا: ھوقۇقدار قىلدى.

«أَكْسَبَ الْأُسْتَاذُ تِلْمِيذَهُ الْعِلْمَ»: ئۇستاز شاگىرتىنى ئىلىمگە ئىگە قىلدى.

«يُكْسِبُ التَّطْعِيمُ الْجِسْمَ مَنَاعَةً ضِدَّ الْمَرَضِ»: بەدەنگە ئوكۇل سېلىش كېسەللىكگە قارشى كۈچ پەيدا قىلىدۇ.

أَكْسَحُ م كَسْحَاءُ ج كُسْحٌ و كُسْحَانٌ: راخىت كېسەللىكگە دۇچار بولغۇچى، پارالىچ كېسەللىكگە دۇچار بولغۇچى.

رَجُلٌ أَكْسَحُ: پالەچ ئادەم.

أَكْسَدَ يُكْسِدُ إِكْسَادًا الْقَوْمُ: بازىرى كاساتلاشتى، راۋاج تاپمىدى.

أَكْسَدَتِ السُّوقُ: بازار كاساتلاشتى، روناق تاپالمى-دى.

أَكْسَدَهُ: تاشلىۋەتتى، تاشلاتقۇزىۋەتتى، ئۇنى داتلاشتۇردى.

أَكْسَدَ الْمَادَّةَ: ماددىنى ئوكسىدلاشتۇردى، دات باستۇردى.

أَكْسَدَ يُكْسِدُ أَكْسَدَةً: ئوكسىگېن ئارىلاشتۇردى.

أُكْسِيدُ الْحَدِيدِ: تۆمۈر ئوكسىدى، دات.

أُكْسِيدُ الرَّصَاصِ: ئالىيۇمىن ئوكسىدى.

أَكْسَلَ يُكْسِلُ إِكْسَالاً الْأَمْرُ فُلَانًا: ھورۇن قىلىپ قويدى، ھالىنى قويمىدى.

أَكْسَى يُكْسِي إِكْسَاءً الثَّوْبَ: كىيىم كىيگۈزدى.

«أَكْسَى حَدِيثَهُ مُلَحًا وَنَوَادِرَ» : ئۇ سۆزىگە يۇمۇر ۋە لەتىپىلەرنى قوشتى.

أُكْسِيجِين: ئوكسىگېن.

إِكْسِيرٌ: ئارىلاشما ماددا (قەدىمقىلار ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر، مىس، تەك، مەدەن مەھسۇلاتلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى، يەنە ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدىغان ئىچىملىك).

إِكْسِيرُ الْحَيَاةِ: قېرىماسلىق دورىسى.

أَكْفَأَ يُكْفِئُ إِكْفَاءً الْإِنَاءَ: قاچىنى ئۆرىدى، كۆمتۈردى، سىندۇردى.

أَكْفَرَ يُكْفِرُ إِكْفَارًا الرَّجُلَ: كاپىر دەپ قارىدى، كاپىرغا چىقاردى، كۇپۇرغا نىسبەت بەردى.

أَكْفَرَهُ: گۇناھقا مەجبۇرلىدى.

أَكْفَسُ م كَفْسَاءُ ج كُفْسٌ: مايماق پاچاق، پۇتى قىڭغىر.

أَكْفَلَ يُكْفِلُ إِكْفَالاً: كېپىل قىلدى، كاپالەتلىك قىلدى، كېپىل قىلىۋردى.

أَكْفَلَ فُلَانًا مَالَهُ: مېلىنى كېپىللىككە بەردى، ساقلاپ بېرىشكە بەردى.

«فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِي فِي الْخِطَابِ» «قرآن» : قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقنىمۇ ماڭا بەرگىن دەيدۇ، (ئارىمىزدا بۇ توغرىلىق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى.

إِكْفِهْرَارٌ: قاراڭغۇ، تۇتۇق.

إِكْفَهَرَّ يَكْفَهِرُّ إِكْفِهْرَارًا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇ بولدى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

إِكْفَهَرَّ السَّحَابُ: بۇلۇت قويۇقلىشىپ ھاۋا قاراڭغۇلاشتى.

إِكْفَهَرَّ وَجْهُهُ: قاپىقى تۈرۈلدى، چىرايى تۇتۇلدى.

أَكَّارٌ ج أَكَرَةٌ وَأَكَّارُونَ: دېھقان، تېرىقچى.

أَكَّاقٌ: ئۇچۇلۇقچى.

أَكَّالٌ: قارنى يامان، كۆزى ئاچ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچكۈچى، ئوپقان.

«سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ أَكَّالُونَ لِلسُّحْتِ» «قرآن» : ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، ھارامنى يېگۈچىلەردۇر.

أَكَّدَ يُؤَكِّدُ تَأْكِيدًا الْأَمْرَ: تەكىتلىدى، كۈچەيتتى.

أَكَّدَ الْفَرَسَ: ئاتنى ئىگەرلىدى.

أَكَّدَ الْخَبَرَ: تەكىتلىدى.

أَكَّدَ صِحَّةَ النَّبَإِ: ئۇ خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى تەكىتلىدى.

أَكَّدَ الشَّائِعَاتِ: ئۇ ئېپقاچتى گەپلەرنى ئىسپاتلىدى.

«أَكَّدَعَلَيْهِضَرُورَةَحُضُورِهِ قَبْلَمَوْعِدِ السَّفَرِ» : ئۇنىڭغا سەپەرگە چىقىش ۋاقتىدىن بۇرۇن ھازىر بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

أَكَّفَ يُؤَكِّفُ تَأْكِيفًا الْحِمَارَ: ئېشەككە ئۇچۇلۇق توقىدى.

أَكَّلَ يُؤَكِّلُ تَأْكِيلاً الطَّعَامَ: تاماقنى يېگۈزۈپ تويغۇزدى.

«يُؤْمِنُ الْمَسِيحِيُّونَ بِأُلُوهِيَّةِ الْمَسِيحِ وَنَاسُوتِيَّتِهِ مَعًا»: ناسارالار مەسىھنى ھەم ئىلاھ ھەم ئىنسان دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

أَلْوَى يُلْوِي إِلْوَاءً بِيَدِهِ: قول ئىشارىتى قىلدى، قول پۇلاڭلاتتى.

أَلْوَى الشَّخْصُ: ئارزۇ ـ ئارمانىنى كۆپ قىلدى، ئۆزى ئۇچۇن ياكى مېھمان ئۈچۈن ساقلاپ قويغان نەرسىنى يېدى.

أَلْوَى بِهِ: ئېلىپ كەتتى، ئايرىپ بەردى.

أَلْوَى الشَّخْصُ بِحَقِّهِ: ھەققىنى ئىنكار قىلدى، ھەققىدىن تېنىۋالدى.

أَلْوَى الشَّخْصُ بِرَأْسِهِ: بېشىنى ئەگدى، بېشىنى ساڭگىلاتتى.

أَلْوَى الشَّخْصُ بِيَدِهِ أَوْبِثَوْبِهِ: قولى ياكى كىيىمىنى پۇلاڭلاتتى.

أَلْوَى الْبَقْلُ: ئوت ـ چۆپ قۇرۇپ قالدى.

أَلْوَى الشَّخْصُ اللِّوَاءَ: تۇغ ياسىدى، تۇغنى كۆتۈردى.

أَلْوَى بِهِمُ الدَّهْرُ: زامان ئۇلارنى ھالاك قىلدى.

أَلْوَى الْعُودَ: ياغاچنى ئەگدى، قىڭغايتتى، ئەگرى قىلدى.

إِلَى: غا، قا، گە، كە.

إِلَى آخِرِهِ (إلَخْ): قاتارلىقلار ۋە باشقىلار.

«هُنَاكَ كَلِمَاتٌ تَجْرِي عَلَى أَلْسِنَتِنَا الْيَوْمَ مِثْلُ الشَّعْبِ وَالْحُرِّيَّةِ وَالْمُسَاوَاةِ وَحَقِّ الْإِنْتِخَابِ إِلَى آخِرِهِ أَوْإِلَخْ»: بۇ يەردە بۈگۈنكى كۈندە ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان خەلق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، سايلاش ھوقۇقى قاتارلىق سۆزلەر بار.

إِلَى أَيْنَ: قەيەرگە، نەگە.

إِلَى أَنْ: ... غىچە، گىچە.

إِلَى مَتَى: قاچانغىچە، نەۋاققىچە.

«إِلَى مَتَى نَبْقَى وَنَنْتَظِرُ الْحَلَّ الْمَوْعُودَ»: ۋەدە قىلىنغان جاۋابنى ساقلاپ قاچانغىچە قالىمىز.

وَمَاإِلَى ذَلِكَ: قاتارلىقلار، دېگەنلەرگە ئوخشاش ۋە باشقىلار.

«اِنْتَظَرَهُ مِنَ السَّاعَةِ الثَّانِيَةِ إِلَى الرَّابِعَةِ»: ئۇ ئۇنى سائەت ئىككىدىن تۆتكىچە ساقلىدى.

«اَلشِّعْرُ أَحَبُّ إِلَيَّ مِنَ النَّثْرِ»: شېئىر مەن ئۈچۈن نەسرى ئەسەردىن ياخشى، شېئىر ماڭا نەسرگە قارىغاندا يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

«اَلْقَلِيلُ إِلَى الْقَلِيلِ كَثِيرٌ»: تاما ـ تاما كۆل بولۇر (ئازغا ـ ئاز قوشۇلسا كۆپ بولىدۇ).

«يَقَعُ الْمَصْنَعُ إِلَى الْجَنُوبِ مِنْ مَدِينَةٍ كَبِيرَةٍ»: زاۋۇت چوڭ شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان.

إِلَى جَانِبِ ذَلِكَ: شۇنىڭ بىلەن بىللە.

إِلَى غَيْرِ ذَلِكَ: شۇنىڭ بىلەن بىللە.

إِلَى يَمِينِهِ: ئوڭ تەرىپىدە.

جَلَسَ إِلَى الْمَائِدَةِ: داستىخاندا ئولتۇردى.

«دَخَلْتُ عَلَى الْمُدِيرِ وَ جَلَسْتُ إِلَىيَمِيْنِهِ»: مەن مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردىم، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردۇم.

هَذَا إِلَى أَنَّ الْأَمْرَ: شۇنىڭ بىلەن بىللە.

إِلَى غَدٍ: ئەتە كۆرۈشەرمىز.

إِلَى الْجَنُوبِ مِنْهُ: جەنۇبقا.

إِلَى اللِّقَاءِ: خەير ـ خوش، ئەتە كۆرۈشەرمىز.

إِلاَمَ / إِلاَمَا: قاچانغىچە، نەۋاققىچە.

«إِلاَمَ/إِلاَمَا الْخُلْفُ بَيْنَكُمَا؟»: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىختىلاپ قاچانغىچە تۈگىمەيدۇ.

إِلْيٌ. إِلَى ج آلاَءٌ: ئىلتىپات، مەرھەمەت، نېمەت.

«فَبِأَيِّ آلاَءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ» (قرآن): (ئى ئىنسانلار! جىنلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

أَلْيَةٌ ج أَلاَيَا وَأَلَيَاتٌ: قوينىڭ قۇيرۇقى؛ ساغرا، كاسا.

أَلْيَسُ م لَيْسَاءُ لِيْسٌ لُوْسٌ: قەھرىمان، باتۇر، ئەزىمەت، مەرد.

أَلِيقٌ: كۆنۈك، كۆندۈرۈلگەن، ياۋاش، ئۆلپەتچىل، چىقىشقاق.

أَلِيقٌ ج أَلاَئِقُ: دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ئۈلپەت.

إِلَيْكَ لَكَ: ئىختىيارىڭىز، مەيلىڭىز.

إِلَيْكَ هَذَا الْكِتَابَ: بۇ كىتابنى ئالە، ئال بۇ كىتابنى.

اَلأَمْرُ إِلَيْكَ: بۇ ئىشقا سىز ئىگە بولۇڭ.

إِلَيْكَ هَذَا: بۇنى ئېلىڭ.

إِلَيْكَ عَنِّي: نېرى كەت، نېرى تۇر.

إِلَيْكَ الْبَيَانَ: چۈشەندۈرۈشكە قۇلاق سېلىڭ.

وَمَا إِلَيْهِ: شۇنىڭغا ئوخشاش، قاتارلىق.

«تَنَاوَلَ الْكَاتِبُ الْفَقْرَ وَ الْجَهْلَ وَالْمَرَضَ وَمَا إِلَى ذَلِكَ ‹إِلَيْهِ› مِنْ عَوَامِلِ التَّأَخُّرِ»: يازغۇچى قالاقلىقنىڭ ئامىللىرىغا كەمبەغەللىك، بىلىمسىزلىك (مەدەنىيەتسىزلىك) ۋە كېسەللىككە ئوخشاش سەۋەبلەرنى كەلتۈردى.

أَلْيَلُ: زۇلمەتلىك، قاپقاراڭغۇ.

لَيْلٌ أَلْيَلُ: زۇلمەتلىك كېچە.

أَلِيْمٌ: ئاغرىتقۇچى، ئەلەم تارتقۇزغۇچى، ئەلەملىك.

«فَوَيْلٌ لِلَّذِيْنَ ظَلَمُوا مِنْ عَذَابِ يَوْمٍ أَلِيْمٍ» ‹قرآن›: زالىملارغا قاتتىق كۈن ئازابىدىن ۋاي!

أَلْيَنُ: ئەڭ يۇمشاق، ئەڭ مۇلايىم.

فُلاَنٌ أَلْيَنُ مِنْ فُلاَنٍ: پالانى پوكۇنىدىن مۇلايىمراق.

«هُوَ أَلْيَنُ قَوْمِهِ»: ئۇ قەۋمى ئىچىدە ئەڭ رايىش.

أَلِيٌّ: قەسەمخور.

أَلِيَّةٌ ج أَلاَيَا: ئەھدە، قەسەم.

أَمْ: تاللاش باغلىغۇچىسى بولۇپ، ياكى، يا دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

أَقَرِيْبٌ أَمْ بَعِيْدٌ: يېقىنمۇ يا يىراقمۇ؟

«هَلْ يَسْتَوِي الأَعْمَى وَ الْبَصِيْرُ أَمْ هَلْ تَسْتَوِي الظُّلُمَاتُ وَالنُّورُ» ‹قرآن›: قارىغۇ بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم تەڭ تۇرامدۇ يا قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئوخشاشمۇ؟

«سَوَاءٌ عِنْدِي حَضَرْتَ أَمْ لَمْ تَحْضُرْ»: مەيلى كەل، مەيلى كەلمە، مەن ئۈچۈن بەرىبىر.

أَمَا: سۆزنىڭ بېشىدا سۆزگە كىرىش ھەرپ بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەسەم ئىچىلىدۇ.

«أَمَا أَنَّكَ كَرِيْمٌ»: سەن راستىنلا مەرد.

«أَمَا وَاللَّهِ مَاقَصَدْتُ الإِسَاءَةَ إِلَيْكَ»: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا يامانلىق قىلىشنى ئويلىمىدىم.

أَمَاتَ يُمِيتُ إِمَاتَةً غَيْرَهُ: ئۆلتۈردى.

أَمَاتَ نَفْسَهُ: ئۆزىنى تىزگىنلىدى، ئۆزىنى تۇختىتىۋالدى.

أَمَاتَ غَضَبَهُ: غەزىپىنى بېسىۋالدى.

أُمِيتَتِ الْكَلِمَةُ: ئەمەلدىن قالدى.

«رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَ يُمِيْتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَ أُمِيْتُ» ‹قرآن›: «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى، ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى.

إِمَاتَةٌ: ئۆلتۈرمەك، ھاياتىدىن ئايرىماق.

إِمَاتَةُ الشَّهَوَاتِ: شەھۋانىي نەپسىنى باسماق، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك.

أَمَارَ يُمِيرُ إِمَارَةً: تەمىنلىدى، باقتى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

أَمَارَتِ الرِّيْحُ التُّرَابَ: شامال توپا - چاڭ توزۇتتى.

إِمَارَةٌ ج إِمَارَاتٌ: كېنەزلىك، بەگلىك، ئەمىرلىك، شاھزادىلىك، مەرتىۋە.

أَلإِمَارَاتُ الْعَرَبِيَّةُ الْمُتَّحِدَةُ: ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكى.

أَمَارَةٌ ج أَمَارَاتٌ: ئالامەت، نىشان، بەلگە؛ قوماندا، شوئار.

«بَدَتْ عَلَيْهِ أَمَارَاتُ التَّعَبِ»: ئۇنىڭدا چارچىغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

ٱلْغَيْمُ أَمَارَةُ الْمَطَرِ: بۇلۇت يامغۇرنىڭ ئالامىتى.

أَمَازَ يُمِيزُ إِمَازَةً: تاللىۋالدى، خىللىۋالدى.

أَمَاطَ يُمِيطُ إِمَاطَةً: يىراقلاشتۇردى، نېرى قىلىۋەتتى، چەتنەتتى.

أَمَاطَ اللِّثَامَ عَنْ وَجْهِهِ: چۈمپەردىنى ئېلىۋەتتى.

إِمَاطَةٌ: نېرى قىلماق، يىراق قىلماق، چەتنەتمەك.

«إِمَاطَةُ الْأَذَى عَنِ الطَّرِيقِ صَدَقَةٌ» (حديث): يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىنى ئېلىۋېتىش سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

أَمَاعَ يُمِيعُ إِمَاعَةً الْجَامِدَ: ئېرىتتى، سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇردى.

إِمَاعَةٌ: ئېرىتمەك، سۇيۇقلاندۇرماق.

أَمَالَ يُمِيلُ إِمَالَةً الشَّيْءَ: قىڭغايتتى، قىيسايتتى، ئاغدۇردى.

أَمَالَ قَارِئُ الْقُرْآنَ: قارى قۇرئاننى ئىمالە بىلەن ئوقۇدى.

أَمَالَهُ: مال بەردى.

إِمَالَةٌ (في التجويد): ئېلىپنى ئېلىپ بىلەن يانداش كۈتتۈرۈسىدا تەلەپپۇز قىلىش، فەتھەنى كەسرىگە مايىلراق قىلىپ ئوقۇش.

ٱلْأَمَالِيُّ: خاتىرە؛ خاتىرە يازماق، خاتىرىلىمەك.

إِمَامٌ ج أَئِمَّةٌ و أَيِمَّةٌ: ئىمام، رەھبەر، يېتەكچى، داھىي، باشلىق، يولباشچى؛ چوڭ يول؛ خەلىپە، يۇرت چوڭى؛ بىرەر پەندە كامالەتكە يەتكەن زات؛ دەپتەر.

«قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا» (قرآن): ئاللاھ (ئۇنىڭغا: «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى).

«وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِي إِمَامٍ مُبِينٍ» (قرآن): ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز.

إِمَامُ الْمَسْجِدِ: مەسچىتنىڭ ئىمامى.

أَئِمَّةُ الْمَذَاهِبِ: مەزھەپ ئىماملىرى.

أَئِمَّةٌ أَرْبَعَةٌ: تۆت ئىمام (سۈننى مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى).

ٱلْإِمَامُ الْأَكْبَرُ: جامىئۇل ئەزھەر شەيخى.

إِمَامٌ (عند الشيعة): شىئەلەردە خەلىپە ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاتىلىشى.

«يُعْتَبَرُ سِيبَوَيْهِ مِنْ أَئِمَّةِ النَّحْوِ الْعَرَبِيِّ»: سىبەۋەيھى ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىنىڭ پېشۋاسى ئىدى.

«لِكُلِّ جَامِعٍ إِمَامٌ يَأْتَمُّ بِهِ الْمُصَلُّونَ»: ھەر بىر جامەنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلار ئىقتىدا قىلىدىغان ئىمامى بار.

«مَنْ ذَا الَّذِي يَسْتَطِيعُ أَنْ يَفْصِلَ عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ إِمَامَ الْمُسْلِمِينَ عَنْ عَلِيٍّ إِمَامِ الْبَلَاغَةِ وَالْفَصَاحَةِ الْعَرَبِيَّةِ؟»: كىممۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان ئەلى ئىبنى تالىبنى ئەرەب تىلىدىكى پاساھەت بالاغەتنىڭ پېشۋاسى بولغان ئەلىدىن ئايرىپ قارىيالايدۇ؟

أَمَامَ: ئالدىدا، ئالدى تەرىپىدە، ئۇدۇلىدا.

أَمَامَ عَيْنَيْهِ: كۆز ئالدىدا.

إِلَى الْأَمَامِ: ئالغا، ھۇررا.

«وَقَفَ أَمَامَ الْحَاضِرِينَ يَخْطُبُ فِيهِمْ»: ئۇ مەيداندىكى كىشىلەر ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەپ تۇردى.

أَمَامَكَ: ئېھتىيات قىل، ھېزى بول.

إِمَامَةٌ: رىياسەتچىلىك، قوماندانلىق، يېتەكچىلىك.

أَمَامِيٌّ: ئالدىنقى، ئالدىدا، ئالدىغا تەۋە.

مَقْعَدٌ أَمَامِيٌّ: ئالدىنقى رەت، ئالدىنقى ئورۇن.

ٱلْخُطُوطُ الْأَمَامِيَّةُ: ئالدىنقى سەپ.

أَمَانٌ: ئامانلىق، تىنچلىق، بىخەتەرلىك.

«لَا يَحُسُّ النَّاسُ بِأَمَانٍ إِلَّا فِي ظِلِّ حُكْمٍ عَادِلٍ»: كىشىلەر پەقەت ئادىل ھاكىمىيەت سايىسىدىلا ئامانلىق ھېس قىلىدۇ.

بِكُلِّ أَمَانٍ: تامامەن بىخەتەر.

حِزَامُ أَمَانٍ: بىخەتەرلىك تاسمىسى.

فِي أَمَانِ اللَّهِ: ئاللاھ ئامان قىلسۇن، خۇدا ساقلىسۇن.

أَمَانُ الْمُرُورِ: قاتناش بىخەتەرلىكى.

«طَلَبَتِ السُّلُطَاتُ إِلَى الْمُتَمَرِّدِينَ أَنْ يُسَلِّمُوا

أَنْفُسَهُم وَوَعَدَتْهُم بِالْأَمَانِ» : هۆكۈمەت دائىرىلىرى تويىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

أَمَانَةٌ: ساداقەتلىك، راستچىللىق، سەمىمىيلىك.

«لاَ إِيْمَانَ لِمَنْ لاَ أَمَانَةَ لَهُ» «حديث» : راستچىل بولمىغان كىشىدە ئىمان بولمايدۇ.

«قَامَ بِأَدَاءِ وَاجِبِهِ بِكُلِّ إِخْلاَصٍ وَأَمَانَةٍ» : ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي سەمىمىيلىك ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلدى.

أَمَانَةٌ ج أَمَانَاتٌ: ئامانەت، ساقلىغىلى بەرگەن مال، ئامانەت قويۇلغان نەرسە؛ كاتىبات باشقارمىسى.

أَمَانَةُ الْعَاصِمَةِ: شەھەرلىك هۆكۈمەت (ئىراقتا).

«إِنَّ اللّٰهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا» «قرآن» : شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

اَلْأَمَانَةُ الْوَطَنِيَّةُ: مىللىي غۇرۇر.

أَلْأَمَانَةُ الْعَامَّةُ لِلْجَامِعَةِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب ئىتتىپاقى كاتىبات باشقارمىسى.

اَلْأَمَانَةُ الْعَامَّةُ لِمُنَظَّمَةِ الْوَحْدَةِ الْإِفْرِيقِيَّةِ: ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى باش سېكرېتارىياتى.

اَلْأَمَانَةُ الْعَامَّةُ لِلْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش سېكرېتارىياتى.

مَخْزَنُ الْأَمَانَاتِ: يۈك تاق ـ ساقلاش ئورنى.

أَمَاهَ يُمِيهُ إِمَاهَةً الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: ئارىلاشتۇردى.

أَمَاهَ السِّكِّينَ: پىچاقنى سۇغاردى.

أَمَاهَتِ الْأَرْضُ: زېمىننىڭ سۈيى كۆپ بولدى، زېمىننىڭ سۈيى ئەلۋەك بولدى.

إِمْبِرَاطُورٌ ج أَبَاطِرَةٌ: ئىمپېراتور، ئىمپېراتورلار.

إِمْبِرَاطُورُ الْحَبَشَةِ: ھەبەشىستان ئىمپېراتورى.

إِمْبِرَاطُورُ الْيَابَانِ: ياپون ئىمپېراتورى.

«تَقَلَّدَ إِمْبِرَاطُورٌ جَدِيْدٌ زِمَامَ الْحُكْمِ» : يېڭى ئىمپېراتور هاكىمىيەتنى ئىگىلىدى.

إِمْبِرَاطُورِيَّةٌ: ئىمپېراتورلۇق.

إِمْبِرِيَالِيٌّ: جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك.

حُكْمٌ إِمْبِرِيَالِيٌّ: جاھانگىرلىك هاكىمىيىتى.

إِمْبِرِيَالِيَّةٌ: مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك.

أَمْبِيرٌ: ئامپېر.

أَمْتٌ ج أُمُوتٌ وَإِمَاتٌ: تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

«فَيَذَرُهَا قَاعًا صَفْصَفًا لاَتَرَى فِيهَا عِوَجًا وَلاَ أَمْتًا» «قرآن» : ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن.

أَمَةٌ ج إِمَاءٌ و أَمَوَاتٌ وآمٌ: دېدەك، چۆرە، ئايال قۇل.

«لاَ تَضْرِبُوا إِمَاءَ اللّٰهِ» «حديث» : ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدىن بولغان ئاياللارنى ئۇرماڭلار.

اِمْتَاحَ يَمْتَاحُ اِمْتِيَاحًا الْمَاءَ: سۇنى ئۇچۇملاپ ئالدى.

اِمْتَارَ يَمْتَارُ اِمْتِيَارًا: سەپەر ئوزۇقى تەييارلىدى؛ ئاشلىق جۇغلىدى.

اِمْتَازَ يَمْتَازُ اِمْتِيَازًا: پەرقلىق بولدى، ئايرىم بولدى، ئالاھىدە بولدى.

«وَامْتَازُو الْيَوْمَ اَيُّهَاالْمُجْرِمُونَ» «قرآن» : (گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ).

اِمْتَازَ الشَّخْصُ: ئۈستۈن بولدى، ئالاھىدە بولدى، يېگانە بولۇۋالدى؛ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

اِمْتَازَ لِكِبْرِيَائِهِ: چوڭچىلىقتىن ئايرىم بولۇۋالدى.

اِمْتِثَالٌ: بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق؛ بەجا كەلتۈرمەك.

اِمْتَثَلَ يَمْتَثِلُ اِمْتِثَالاً الْأَمْرَ: باش ئەگدى، ئىتائەت قىلدى.

اِمْتَثَلَ الْمَثَلَ: ئۈلگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

اِمْتَثَلَ طَرِيْقَةَ فُلاَنٍ: پالانىنىڭ يولىغا ئەگەشتى.

اِمْتَثَلَ مِنْ فُلاَنٍ: قىساس ئالدى.

إِمْتَثَلَ الشَّيْءَ: دورىدى، تەقلىد قىلدى، ئۈلگە قىلدى.

إِمْتِحَانٌ ج إِمْتِحَانَاتٌ: ئىمتىھان، تەجرىبە، سىناق؛ تەكشۈرۈش، كۆرۈپ چىقىش.

إِمْتِحَانُ الْإِلْتِحَاقِ بِالْجَامِعَةِ: ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانى.

إِمْتِحَانُ الطَّلَبَةِ آخِرَ السَّنَةِ: ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىمتىھانى.

إِمْتِحَانٌ تَحْرِيرِيٌّ: يازما ئىمتىھان، قەغەز ئىمتىھانى.

إِمْتَحَنَ يَمْتَحِنُ إِمْتِحَانًا الشَّخْصَ: سىناق قىلدى، تەجرىبە قىلدى، ئىمتىھان ئالدى؛ تەكشۈردى.

إِمْتَحَنَ قُوَاهُ: ئۇنىڭ كۈچىنى سىناپ كۆردى.

«يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا إِذَاجَاءَكُمُ الْمُؤْمِنَاتُ مُهَاجِرَاتٍ فَامْتَحِنُوْهُنَّ» ‹قۇرئان›: ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار.

«إِمْتَحَنَ الْمُعَلِّمُ تَلَامِيذَهُ»: مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئالدى.

«إِمْتَحَنَ تَصَرُّفَاتِ الشَّبَابِ»: ئۇ ياشلارنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

إِمْتَحَنَ الشَّيْءَ: كۆرۈپ چىقتى، قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

أُمْتُحِنَ فُلَانٌ: قىيىن سىناقتا دۇچ كەلدى.

إِمْتَحَى يَمْتَحِي إِمْتِحَاءً الشَّيْءُ: ئۆچتى، يوقالدى، تۈگىدى، بىكار قىلىندى.

إِمْتَخَضَ يَمْتَخِضُ إِمْتِخَاضًا الْجَنِيْنُ: قورساقتىكى بالا تەۋرىدى.

إِمْتَخَضَ اللَّبَنُ: سۈت ئۇيۇپ قالدى.

إِمْتَخَطَ يَمْتَخِطُ إِمْتِخَاطًا الْمُخَاطَ: مىشقاردى، بۇرنىنى تاشلىدى.

إِمْتِدَادٌ: سوزۇلماق، ئۇزارماق.

إِمْتَدَحَ يَمْتَدِحُ إِمْتِدَاحًا: ماختىدى، مەدھىيىلىدى، ئالقىشلىدى، تەرىپلىدى.

إِمْتَدَّ يَمْتَدُّ إِمْتِدَادًا: سوزۇلدى، كېڭەيدى، يېيىلدى.

إِمْتَدَّ الشَّخْصُ فِي مِشْيَتِهِ: كېرىلىپ ماڭدى.

«يَمْتَدُّ الْعَالَمُ الْعَرَبِيُّ إِلَى الْبَحْرِ الْأَبْيَضِ الْمُتَوَسِّطِ شِمَالًا»: ئەرەب دۇنياسى شىمال تەرەپتىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە سوزۇلىدۇ.

إِمْتَرَى يَمْتَرِي إِمْتِرَاءً الشَّيْءَ: چىقاردى.

إِمْتَرَى اللَّبَنَ: سۈت ساغدى.

«ذَلِكَ عِيْسَى بْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ الْحَقِّ الَّذِي فِيْهِ يَمْتَرُوْنَ» ‹قۇرئان›: ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسىسىدۇر) ئىسا ئۇلاردا تالاش قىلىشۋاتقان ئۇزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى.

إِمْتَرَى فِي الشَّيْءِ: شەك قىلدى، شەك كەلتۈردى، شەكلەندى، گۇمانلاندى.

إِمْتِزَاجٌ: بىرىكمەك، ئارىلاشماق، ئارىلاشما، بىرىكمە.

إِمْتَزَجَ يَمْتَزِجُ إِمْتِزَاجًا بِهِ: ئارىلاشتى.

إِمْتَسَحَ يَمْتَسِحُ إِمْتِسَاحًا السَّيْفَ: قىلىچنى سۇغاردى، قىلىچىنى چىقاردى.

إِمْتَشَطَ يَمْتَشِطُ إِمْتِشَاطًا الشَّخْصُ: باش تارىدى، چاچ تارىدى.

إِمْتَشَقَ يَمْتَشِقُ إِمْتِشَاقًا الشَّيْءَ: بۇلاپ كەتتى، ئوغرىلىدى.

إِمْتَشَقَ السَّيْفَ: قىلىچنى سۇغۇرۇپ چىقاردى.

إِمْتِصَاصٌ: شورىماق، سۈمۈرمەك، ھاۋانى ئىچىگە تارتماق.

إِمْتَصَّ يَمْتَصُّ إِمْتِصَاصًا: شورىدى، سۈمۈردى.

إِمْتَصَّ الْهَوَاءَ: نەپەس ئالدى.

إِمْتَطَلَ يَمْتَطِلُ إِمْتِطَالًا النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك ئۆستى، شاخلار چىرمىشىپ كەتتى.

إِمْتَطَى يَمْتَطِي إِمْتِطَاءً الدَّابَّةَ: ئۇلاغقا مىندى.

أَمْتَعَهُ يُمْتِعُ إِمْتَاعًا اللّٰهُ بِكَذَا: ئاللاھ ئۇنى پايدىلانسۇن دەپ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلدى؛ ئاللاھ ئۇنى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلسۇن.

إِمْتَعَضَ يَمْتَعِضُ إِمْتِعَاضًا: غەزەپلەندى، ئازابلاندى.

إِمْتَغَطَ يَمْتَغِطُ إِمْتِغَاطًا الشَّيْءُ: سوزۇلدى، ئۇزۇرىدى.

إِمْتَغَطَ النَّهَارُ فِي فَصْلِ الصَّيْفِ: ياز پەسلىدە كۈن ئۇزۇردى.

إِمْتَغَطَ السَّيْفَ: قىلىچنى سۇغاردى.

إِمْتَقَعَ يَمْتَقِعُ إِمْتِقَاعًا وَلَدُالنَّاقَةِ مَا فِي الضَّرْعِ: بوتىلاق ئانىسىنىڭ سۈتىنىڭ ھەممىسىنى ئېمىۋالدى.

أُمْتُقِعَ: رەڭگى ئۆڭدى، رەڭگى ئۆزگەردى.

إِمْتَكَّ يَمْتَكُّ إِمْتِكَاكًا الْعَظْمَ: يىلىكىنى شوردى.

إِمْتَلَأَ يَمْتَلِئُ إِمْتِلَاءً: تولدى، تولدۇرۇلدى، توشتى.

إِمْتَلَأَ فُلَانٌ غَيْظًا: پالانىنىڭ غەزىپى تاشتى.

«يَوْمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ امْتَلَأْتِ وَتَقُولُ هَلْ مِنْ مَزِيدٍ» «قرآن»: ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ.

إِمْتِلَاءٌ: تولماق، توشماق؛ تولدۇرماق.

إِمْتِلَاكٌ: ئىگە بولماق، مالىك بولماق، ئىگىلىمەك.

حَقُّ الْإِمْتِلَاكِ الْفَرْدِيِّ: خۇسۇسى مۈلۈك ھوقۇقى.

إِمْتَلَجَ يَمْتَلِجُ إِمْتِلَاجًا: ئەمدى، شوردى.

إِمْتَلَجَ الْفَصِيلُ مَافِي الضَّرْعِ: بوتىلاق ئەمچەكنى ئەمدى.

إِمْتَلَخَ يَمْتَلِخُ إِمْتِلَاخًا الشَّيْءَ: يۇلدى، سۇغۇرۇۋالدى.

إِمْتَلَخَ اللَّحْمَةَ عَنْ عَظْمِهَا: گۆشنى سۆڭەكتىن شىلدى.

إِمْتَلَخَ عَقْلُهُ: ئەقلىدىن ئازدى، ئەقلىنى يوقاتتى.

إِمْتَلَكَ يَمْتَلِكُ إِمْتِلَاكًا الشَّيْءَ: ئىگە بولدى، ئىگىلىدى.

إِمْتَلَكَ نَوَاحِيَ الْأُمُورِ: ئىشنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى.

إِمْتَلَّ يَمْتَلُّ إِمْتِلَالًا الْخُبْزَةَ: كۆمەچ ياقتى، قوقاستا كۆمەچ پىشۇردى.

إِمْتَلَّ الشَّخْصُ مِلَّةَ الْإِسْلَامِ: ئىسلام دىنىغا كىردى.

إِمْتِنَاعٌ: رەت قىلماق؛ مۇمكىن بولماسلىق، باش تارتماق.

إِمْتِنَانٌ: مەمنۇن بولۇش، مەمنۇنىيەت، قىلغاننى بىلىش، ياخشىلىقنى ياندۇرۇش.

«بِكُلِّ امْتِنَانٍ أُقَدِّمُ لَكَ جَزِيلَ شُكْرِي»: مەمنۇنىيەت بىلەن ساڭا كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

إِمْتَنَعَ يَمْتَنِعُ إِمْتِنَاعًا عَنْ كَذَا: توسالدى، چەكلەندى.

إِمْتَنَعَ الشَّيْءُ: ئېرىشىش قىيىن بولدى، مۇمكىن بولمىدى.

«إِمْتَنَعَ عَنْ تَنَاوُلِ الطَّعَامِ الَّذِي وَقَعَ عَلَيْهِ الذُّبَابُ»: ئۇ چىۋىن قونۇپ قالغان تاماقنى يېيىشتىن باش تارتتى.

إِمْتَنَعَ الشَّخْصُ بِهِ: كۈچەيدى، قوغدالدى.

إِمْتَنَّ يَمْتَنُّ إِمْتِنَانًا عَلَيْهِ بِكَذَا: ئىنئام قىلدى، ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى، ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى.

إِمْتَنَّ عَلَيْهِ: مىننەت قىلدى، مىننەت قىلىپ رەنجىتتى.

إِمْتِهَانٌ: كۆزگە ئىلماسلىق، مەنسىتمەسلىك، سەل قارىماق.

إِمْتَهَنَ يَمْتَهِنُ إِمْتِهَانًا الشَّخْصُ: بىرەر كەسىپ بىلەن بولدى.

إِمْتَهَنَ التِّجَارَةَ: تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى.

إِمْتَهَنَ الشَّيْءَ: خورلىدى، كەمسىتتى.

إِمْتَهَنَ الْعَمَلَ الْيَدَوِيَّ: قول ھۈنىرىنى كۆزگە ئىلمىدى.

إِمْتَهَنَ الرَّجُلَ: خىزمەتچى قىلىۋالدى، چاكار قىلىۋالدى.

إِمْتِيَازٌ: پەرقلىق بولماق، ئايرىم بولماق، ئالاھىدە بولماق.

إِمْتِيَازٌ ج إِمْتِيَازَاتٌ: ئەۋزەل، ئۈستۈنلۈك، ئالاھىدە، ئىمتىياز، پەرق، ئايرىمىلىق؛ ئالاھىدە رۇخسەت.

صَاحِبُ امْتِيَازِ الْجَرِيدَةِ: گېزىتنىڭ قانۇنىي مەسئۇلى.

آلْإِمْتِيَازَاتُ: دىپلوماتلار ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى بەھرىمەن بولىدىغان

ئىمتىياز.

إِلْغَاءُ الْإِمْتِيَازَاتِ الْأَجْنَبِيَّةِ: چەت ئەل ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

أَمْثَلُ ج أَمَاثِلُ وَمُثْلٌ م مُثْلَى: ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىپىك، ئەڭ مۇنەۋۋەر.

أَمْثَلُ الْقَوْمِ: قەۋمنىڭ كاتتىسى، مىللەتنىڭ ئىپىك ئادىمى.

اَلْمَرِيضُ الْيَوْمَ أَمْثَلُ: ئاغرىق بۈگۈن خېلى ياخشى.

أَمَاثِلُ النَّاسِ: كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى، ئىلغارلىرى.

أُمْثُولَةٌ ج أُمْثُولَاتٌ و أَمَاثِيلُ: ھېكمەتلىك سۆز، ئىبرەتلىك سۆز، ئاتىلار سۆزى؛ تەمسىل قىلىنىدىغان بېيىتلەر؛ ئوقۇغۇچىغا بەلگىلەنگەن دەرس؛ ئۈلگە.

«جَعَلَهُ أُمْثُولَةً لِلْجَمِيعِ» : ئۇ ئۇنى ھەممىگە تەمسىل قىلىپ كۆرسەتتى.

أَمْجَدَ يُمْجِدُ إِمْجَادًا فُلَانًا: قەدىرلىدى، ئىززەتلىدى، ئۇلۇغلىدى، ماختىدى.

أَمْجَدُ ج أَمَاجِدُ: ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىيجاناب.

أَمْجَلَ يُمْجِلُ إِمْجَالاً الْعَمَلُ يَدَهُ: ئەمگەك قولىنى قاپارتىۋەتتى.

أَمْجَلَتْ يَدُهُ: قولى قاپاردى.

أَمْحَصَ يُمْحِصُ إِمْحَاصًا الشَّمْسُ: كۈن تۇتۇلغاندىن كېيىن ئېچىلدى.

أَمْحَضَ يُمْحِضُ إِمْحَاضًا فُلَانًا النُّصْحَ: سەمىمىي نەسىھەت قىلدى، دوستلۇق ئىزھار قىلدى.

أَمْحَضَهُ الثَّنَاءَ: ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى.

أَمْحَقَ يُمْحِقُ إِمْحَاقًا الْمَالُ: مال زىيانغا ئۇچرىدى.

أَمْحَقَ الْقَمَرُ: ئاي تۇتۇلدى، نۇرى ئۆچتى.

أَمْحَكَ يُمْحِكُ إِمْحَاكًا الشَّخْصُ: جېدەلخور بولدى، تالاشقاق بولدى.

أَمْحَلَ يُمْحِلُ إِمْحَالاً الْمَطَرُ: قۇرغاقچىلىق بولدى، ھۆل - يېغىن بولمىدى.

أَمْحَلَ الْأَرْضُ: يەر قاقاسلىققا ئايلاندى.

أُمْحُوضَةٌ: سەمىمىي نەسىھەت، خەيرىخاھلىق.

أَمَخَّ يُمِخُّ إِمْخَاخًا الْعَظْمُ: سۆڭەككە يىلىك قوندى.

أَمَدٌ ج آمَادٌ: مۇددەت، ۋاقىت، قەرەل، مەزگىل، دائىرە؛ غايە.

مُنْذُ أَمَدٍ بَعِيدٍ: ئۇزۇندىن بۇيان.

«قُلْ إِنْ أَدْرِي أَقَرِيبٌ مَاتُوعَدُونَ أَمْ يَجْعَلُ لَهُ رَبِّي أَمَدًا» «قرآن» : (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ؟ ياكى پەرۋەردىگارىم ئۇنىڭغا (ئۇزاق) ۋاقىت تەيىن قىلامدۇ؟ ئۇقمايمەن».

«تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ أَمَدًا بَعِيدًا» «قرآن» : ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

قَصِيرُ الْأَمَدِ: قىسقا مۇددەت.

أَمَدُ الْحَيَاةِ: ھايات مۇددىتى.

«أَقَامَ فِي هَذِهِ الْبِلَادِ أَمَدًا طَوِيلاً» : بۇ مەملىكەتتە ئۇزۇن زامان تۇردى.

إِمْدَادٌ: ياردەم؛ ياردەملەشمەك، ياردەم قىلماق، قوللىماق، ئىئانە قىلماق.

أَمَدَّ يُمِدُّ إِمْدَادًا الرَّجُلَ: ياردەم بەردى، ياردەم قىلدى؛ ئاتا قىلدى، مۆھلەت بەردى، مۇددەتنى سوزدى.

أَمَدَّهُ بِمَالٍ كَثِيرٍ: ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

«أَمَدَّكُمْ بِأَنْعَامٍ وَبَنِينَ وَجَنَّاتٍ وَعُيُونٍ» «قرآن» : ئۇ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى.

«فَلَمَّا جَاءَ سُلَيْمَانَ قَالَ أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٍ» «قرآن» : ئەلچى سۇلايماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلايمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟».

أَمَدَّ الْجُرْحُ: جاراھەت يىرىڭلىدى.

أَمَدَّهُ اللّٰهُ فِي الْخَيْرِ: ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلدى.

أَمَدَّ اللّٰهُ عُمْرَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

أَمْدَرُ م مَدْرَاءُ ج مُدْرٌ: يوغان قورساق ئادەم؛ تازىلىمىغان كۆتۈك بۆلمەيدىغان ئادەم.

أَمْدُوحَةٌ ج أَمَادِيحُ: مەدھىيە شېئىرى.

أَمْدَى يُمْدِي إِمْدَاءً الشَّخْصُ: ياشىنىپ قالدى، يېشى چوڭايدى.

أَمْدَاهُ: مۆھلەت بەردى، مۇددەتنى ئۇزارتتى.

أَمْذَرُ م مَذْرَاءُ ج مُذْرٌ: ھاجەتخانىغا كۆپ بارىدىغان ئادەم.

أَمَرَ يَأْمُرُ أَمْرًا وَآمَرَةً وَإِمَارًا الشَّيْءَ وَبِالشَّيْءِ: بۇيرىدى، بۇيرۇق قىلدى، بۇيرۇق چۈشۈردى.

«وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلى الْخَيْرِ وَيأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ» «قرآن»: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن.

«أَمَرَ الرَّئِيسُ بِإِطْلَاقِ سَرَاحِ السُّجَنَاءِ»: باشلىق تۇرمىدىكىلەرنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.

أَمَرَ عَلَيْهِمْ: ئۇلارغا باشلىق بولدى، ئۇلارغا بەگ بولدى.

أَمِرَ يَأْمَرُ أَمْرًا و إِمَارَةً وَ أَمَرَ يَأْمُرُ أَمْرًا وَ إِمْرَةً وَإِمَارَةً: ئەمىر بولدى، بەگ بولدى، باشلىق بولدى.

أَمْرٌ: بۇيرۇق قىلىش، تاپىلاش، تەيىنلەش، بەلگىلەش.

صِيغَةُ الْأَمْرِ: بۇيرۇق پېئىلى.

اَلْأَمْرُ الْمَلِكِيُّ: خاننىڭ يارلىقى، خاننىڭ پەرمانى.

صَاحِبُ الْأَمْرِ وَالنَّهْيِ: ھۆكۈمران.

مَهْمَا يَكُنْ مِنْ أَمْرٍ: قانداقلا بولمىسۇن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر.

أَمْرٌ ج أُمُورٌ: مەسىلە، ئىش، ماۋزۇ.

«مَهْمَا يَكُنْ مِنْ أَمْرٍ فَإِنَّهُ لَا بُدَّ مِنْ إِيْجَادِ حَلٍّ سَرِيعٍ لِهَذِهِ الْمُشْكِلَةِ»: قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، تېز سۈرئەتتە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىشى كېرەك.

فِي أَوَّلِ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ بېشىدىلا، دەسلەپىدە، بېشىدا، ئالدىدا.

أَوَّلَ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ بېشىدا، ئالدىدا.

فِي بَادِئِ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ بېشىدا، ئالدىدا.

بَادِئَ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ بېشىدا، ئالدىدا.

«وَافَقَ أَوَّلَ الْأَمْرِ عَلَى الْمُشَارَكَةِ فِي الْمَشْرُوعِ وَلَكِنَّهُ اِعْتَذَرَ فِيمَا بَعْدُ»: ئۇ دەسلەپتە پىلانغا قوشۇلدى، لېكىن كېيىن ئۇ ئۆزرە بايان قىلدى.

اَلْأَمْرُ الْوَاقِعُ: ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت.

«لَا يَعْرِفُ مِنْ أَمْرِهِ إِلَّا أَنَّهُ تَرَكَ الرِّيفَ وَانْتَقَلَ إِلَى الْعَاصِمَةِ لِلدِّرَاسَةِ»: ئۇ يېزىنى تاشلاپ پايتەختتە ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن باشقا ئىشنى بىلمەيدۇ.

«كَانَ بِيَدِهِ الْأَمْرُ وَالنَّهْيُ»: ئۇ دېگىنىنى دېگەن، قىلغىنىنى قىلغان ئادەم ئىدى.

صَاحِبُ الْأَمْرِ وَالنَّهْيِ فِي كُلِّ مَوْضُوعٍ: ھەر ماۋزۇدا گېپى ئۆتىدىغان ئادەم.

«أَصْدَرَتِ الْحُكُومَةُ أَمْرًا «أَوْ أُمُورًا» بِمَنْعِ السَّفَرِ إِلَى الْخَارِجِ»: ھۆكۈمەت چەت ئەلگە سەپەر قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

«تُقَاسِي الطَّبَقَاتُ الْفَقِيْرَةُ الْمَغْلُوبَةُ عَلَى أَمْرِهَا مِنْ فَسَادِ الْحُكْمِ»: مەھكۇملۇقتىكى نامرات تەبىقە كىشىلىرى چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ دەردىنى تارتىدۇ.

بَيْنَ أَمْرَيْنِ: ئىككى خىل تاللاش ئارىسىدا.

«نَحْنُ بَيْنَ أَمْرَيْنِ إِمَّا أَنْ نَقْبَلَ سِيَاسَةَ الْأَمْرِ الْوَاقِعِ أَوْ نُوَاصِلَ كِفَاحَنَا»: بىز ئىككى خىل تاللاش ئارىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، يا ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشىمىز، يا كۈرۈشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

أَمْرٌ مَّا: مەلۇم ئىش.

«لَيْسَ لَكَ مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ» «قرآن»: ھېچ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس.

«وَأَمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ صَدَقَةٌ» «حديث»: ئەمر -

مەئرۇف سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

أَمْرٌ بَدِيهِيٌّ: چۈشىنىشلىك ئىش، ئوچۇق مەسىلە.

أَمْرٌ وَاقِعِيٌّ: ئەمەلىي ئىش، نەق ئىش، رېئال ئىش، ئوبيېكتىپ ئىش.

تَحْتَ أَمْرِكَ: خىزمىتىڭگە تەييار، باش ئۈستىگە.

أُولُو الْأَمْرِ: ئىش ئۈستىدىكىلەر، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر.

لِأَمْرٍ مَّا: مەلۇم سەۋەبتىن.

أَمْرٌ مَعْلُومٌ: مەلۇم ئىش، بەلگىلىك ئىش.

أَمْرٌ ذُوْبَالٍ: مۇھىم مەسىلە.

غُلِبَ عَلَى أَمْرِهِ: قاتتىق مەغلۇپ بولدى، تەلتۆكۈس يېڭىلدى.

وَلِيُّ الْأَمْرِ: ھۆكۈمران، ئىش بېشىدىكى ئادەم، باشلىق.

قُضِيَ الْأَمْرُ: ئىش تۈگىدى، ئىش پۈتتى.

صَغَائِرُ الْأُمُورِ: ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار، پارچە - پۇرات ئىشلار.

إِمْرٌ: چوڭ ئىش، قاتتىق ئىش، قىزىق ئىش، ئاجايىپ.

«قَالَ آخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا لَقَدْ جِئْتَ شَيْئًا إِمْرًا» «قرآن»: مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن، دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنۇچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ» دېدى.

أَمْرَأَ يُمْرِئُ إِمْرَاءً الطَّعَامَ: تاماقنى سىڭىشلىق ئۆتىدىغان قىلدى.

أَمْرَأَهُ الطَّعَامُ : ئۇنىڭغا تاماق ياقتى.

أَمْرُؤٌ. إِمْرَأٌ. إِمْرِئٌ: ئىنسان، ئادەم، كىشى، ئەر.

إِمْرَأَةٌ ج نِسَاءٌ: ئايال كىشى.

أَمَرَةٌ: مۇساپە بەلگىسى، مۇساپە كۆرسەتكۈچ.

إِمَرَةٌ: بۇيرۇق؛ قوماندان.

أَمْرَحَ يُمْرِحُ إِمْرَاحًا الشَّخْصَ: خۇشال قىلدى، خۇشاللاندۇردى.

أَمْرَخَ يُمْرِخُ إِمْرَاخًا: يۇمشاتتى.

أَمْرَدُ ج مُرْدٌ: بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىت؛ ساقالسىز، كۆسا.

غُصْنٌ أَمْرَدُ: ياپراقسىز شاخ.

أَمَرَّ يُمِرُّ إِمْرَارًا: ئاچچىق بولدى.

أَمَرَّهُ بِكَذَا: بەردى، سۇنۇپ بەردى، ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ ئالەمدىن ئۆتكۈزدى، ۋاپات قىلدۇردى.

أَمَرَّ بِنَظَرِهِ: كۆزدىن كەچۈردى، قاراپ چىقتى.

أَمَرَّ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى ئەشتى، ئارغامچىنى تولغىدى.

أَمَرَّ الشَّيْءَ: ئۆتكۈزدى، ئۆتكۈزىۋەتتى.

أَمَرَّ الْأَمرَ: پۇختىلىدى.

أَمَرُّ: ئىنتايىن جاپالىق، ئىنتايىن قىيىن.

«بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ والسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ» «قرآن»: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر.

أَمَرَّانِ: كەمبەغەللىك ۋە قېرىلىق؛ قېرىلىق ۋە كېسەللىك.

لَقِيَ مِنْهُ الْأَمَرَّيْنِ: يامانلىق ۋە چوڭ ئىشقا يولۇقتى.

أَمْرَضَ يُمْرِضُ إِمْرَاضًا الشَّخْصُ: كېسەل بولدى، ئاغرىپ قالدى.

أَمْرَضَ الشَّخْصَ: كېسەل قىلىپ قويدى، ئاغرىتىپ قويدى.

أَمْرَضَ الضَّجِيجُ أَعْصَابَهُ: ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى قوچىۋەتتى.

أَمْرَطُ م مَرْطَاءُ ج مُرْطٌ: قاش - كىرپىكلىرى شالاڭ ئادەم.

أَمْرَعَ يُمْرِعُ إِمْرَاعًا الْمَكَانُ: جاي مۇنبەت بولدى، ئۈنۈملۈك بولدى، ھوسۇللۇق بولدى.

أَمْرَغَ يُمْرِغُ إِمْرَاغًا عِرْضَهُ: نومۇسىنى بۇلغىدى؛ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزدى.

أَمْرَكَهُ يُمْرِكُ أَمْرَكَةً: ئۇنى ئامېرىكىغا تەۋە قىلدى.

أَمْرِيكَا. أَمْرِيكِيَّةٌ: ئامېرىكا.

أَمْرِيكَا اللَّاتِينِيَّةُ: لاتىن ئامېرىكىسى.

أَمْرِيكَا الْوُسْطَى: ئوتتۇرا ئامېرىكا.

أَمْرِيكَانٌ: ئامېرىكا پۇقراسى، ئامېرىكىلىق.

أَمْرِيكِيٌّ: ئامېرىكىلىق، ئامېرىكا پۇقراسى.

اَلْحُكُومَةُ الْأَمْرِيكِيَّةُ: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى.

اَلسِّيَاسَةُ الْأَمْرِيكِيَّةُ: ئامېرىكا سىياسىتى.

أَمْسِ: تۈنۈگۈن.

أَمْسِ الْأَوَّلِ: ئۈلۈشكۈن، بۇرناكۈن، ئالدىنقى كۈن.

«كَانَ الْجَوُّ أَمْسِ صَافِيًا»: تۈنۈگۈن ھاۋا ئوچۇق ئىدى.

«اَلَّذِي جَاءَ مِنْ كَاشِغَرَ أَمْسِ هُوَ مَحْمُودٌ»: قەشقەردىن تۈنۈگۈن كەلگەن ئادەم مەھمۇددۇر.

«كَانَ أَمْسُنَا طَيِّبًا»: تۈنۈگۈنىمىز ياخشى بولدى.

«هَلْ هُمْ تَحَدَّثْتُمْ عَنْهُمْ أَمْسِ الْأَوَّلِ»: ئۈلۈشكۈن سىلەر گېپىنى قىلغان كىشىلەر شۇلارمۇ؟

أَوَّلَ أَمْسِ: ئۈلۈشكۈن، بۇرناكۈن، ئالدىنقى كۈنى.

أَوَّلَ مِنْ أَمْسِ: ئۈلۈشكۈن، بۇرناكۈن، ئالدىنقى كۈنى.

«سَافَرَ الْوَفْدُ الْيَوْمَ وَكَانَ قَدْ وَصَلَ الْعَاصِمَةَ أَوَّلَ أَمْسِ»: ئۆمەك بۈگۈن يولغا چىقتى، ئۈلۈشكۈن پايتەختكە يېتىپ كەلگەنىدى.

اَلْأَمْسُ ج آمُسٌ و أُمُوسٌ وآمَاسٌ: يېقىندىن بۇيان.

اَلْأَمْسُ الْبَعِيدُ: يىراق ئۆتمۈش.

اَلْأَمْسُ الْقَرِيبُ: يېقىن ئۆتمۈش.

إِمْسَاكٌ: بېخىللىق قىلماق؛ باش تارتماق؛ قەۋزىيەت بولماق.

إِمْسَاكُ النَّفْسِ: قول ئۈزمەك، تاشلىماق.

بِهِ إِمْسَاكٌ لَا يُطَاقُ: ئۇ چىدىغۇسىز قەۋزىيەت.

إِمْسَاكِيَّةٌ ج إِمْسَاكِيَّاتٌ: رامزان ئېيىدا سۆھۇرلۇق ۋە ئىپتار ۋاقتى بەلگىلەنگەن ۋاقىت جەدۋىلى.

أَمْسَحُ م مَسْحَاءُ ج مُسْحٌ: سىلىق، تەكشى.

أَمَسَّ إِلَى: ئىنتايىن ئېھتىياجلىق.

أَمْسَكَ يُمْسِكُ إِمْسَاكًا الشَّيْءَ: چىڭ تۇتتى، تۇتتى.

أَمْسَكَ اللّٰهُ الْغَيْثَ: ئاللاھ تائالا يامغۇرنى توختاتتى.

«قُلْ لَوْ أَنْتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي إِذًا لَأَمْسَكْتُمْ خَشْيَةَ الْإِنْفَاقِ» «قۇرئان»: ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار.

أَمْسَكَ بِغَيْرِهِ: ئېسىلدى.

أَمْسَكَ عَنِ الْكَلَامِ: سۆزلىمىدى، سۆكۈت قىلدى، جىم تۇردى.

أَمْسَكَ الرَّجُلُ: بېخىللىق قىلدى.

أَمْسَكَهُ: ئۇنى تۇتۇۋالدى.

«أَمْسَكَ الْفَرِيقُ الْأَوَّلُ بِطَرَفِ الْحَبْلِ»: ئا گورۇپپا ئارغامچىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتتى.

«لَا تَنْتَظِرْ غَدَكَ. فَأَمْسِكِ الْمُنْبِئَ عَنْهُ»: ئەتىنى كۈتمە، ئۇنىڭدىن خەۋەر بەرگۈچىنى تۇت.

أَمْسَكَ بِهِ: يېپىشتى، چاپلاشتى، يېقىندى؛ ساقلىدى.

أَمْسَكَ بِرَقَبَتِهِ: گەجگىسىدىن ئالدى.

أَمْسَكَ عَنِ الشَّيْءِ: چەكلەندى، باش تارتتى.

أَمْسَكَ الْمَرِيضُ عَنِ الطَّعَامِ: كېسەل پەرھىز تۇتتى.

أَمْسَكَ رَمَقَهُ: ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

أَمْسَى يُمْسِي إِمْسَاءً: كېچە بولدى، كەچ بولدى؛ ئايلاندى، ئۆزگەردى.

«فَسُبْحَانَ اللّٰهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ» «قۇرئان»: سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

أَمْسَى الْجَوُّ صَحْوًا: ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى.

أَمْسَى الرَّجُلُ: كەچقۇرۇندا بولدى؛ كەچلەندى،

كەچ قىلدى.

أُمْسِيَّةٌ ج أُمْسِيَّاتٌ وَأَمَاسِيُّ: كەچقۇرۇن، كېچە، تۈن.

أَتَاهُ أُمْسِيَّةَ أَمْسِ: ئۇنىڭ يېنىغا تۈنۈگۈن كەچتۇرۇن كەلدى.

أُمْسِيَّةٌ شِعْرِيَّةٌ: شېئىرىيەت كېچىلىكى.

يُنَظِّمُ النَّادِي أُمْسِيَّةً ثَقَافِيَّةً: كۇلۇب مەدەنىيەت كېچىلىكى تەشكىللەيدۇ.

أَمْشَى يُمْشِي إِمْشَاءً: ماڭغۇزدى، يۈرگۈزدى.

أَمْشَاهُ الدَّوَاءُ: دورا ئۇنىڭ ئىچىنى ماڭغۇزدى، ئىچىنى سۈرگۈزدى.

أَمَضَّ يُمِضُّ إِمْضَاضًا الشَّيْءَ: شورىتقۇزدى، سۆمۈرگۈزدى.

إِمْضَاءٌ ج إِمْضَاءَاتٌ: ئىمزا قويماق، قول قويماق؛ ئىمزا؛ كۆرۈنلىماق.

مُعَاهَدَةٌ بِإِمْضَاءِ رَئِيسِ الدَّوْلَةِ: دۆلەت رەئىسىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان كېلىشىم.

صَاحِبُ الْإِمْضَاءِ: ئىمزا قويغۇچى، قول قويغۇچى.

إِمْضَاءٌ مُسْتَعَارٌ: تەخەللۇس.

«يَحْتَاجُ إِقْرَارُ هَذَا الْمَوْضُوعِ إِلَى إِمْضَاءَاتٍ كَثِيرَةٍ»: بۇ ماۋزۇنى مۇقىملاشتۇرۇش نۇرغۇن ئىمزالارغا موھتاج.

أَمَضَّ يُمِضُّ إِمْضَاضًا الْأَمْرُ الرَّجُلَ: قىيىن بولدى، جاپالىق بولدى.

أَمَضَّ الْجُرْحُ فُلَانًا: يارا ئاغرىتتى، ئەلەم قىلدى، ئازابلىدى.

أَمْضَى يُمْضِي إِمْضَاءً الْحُكْمَ: ھۆكۈمنى يۈرگۈزدى، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى.

أَمْضَى الْبَيْعَ: سودىنى كېلىشتى.

أَمْضَى الْوَثِيقَةَ: توختامغا قول قويدى.

أَمْطَرَ يُمْطِرُ إِمْطَارًا السَّمَاءُ: يامغۇر ياغدى.

أُمْطِرَهُ: يامغۇردا قالدى.

«وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِمْ حِجَارَةً» (قرآن): ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (يامغۇردەك) ساپال تاش ياغدۇردۇق.

«أَمْطَرَهُ بَوَابِلٍ مِنَ الشَّتَائِمِ»: ئۇنى تىل - ئاھانەتكە كۆمۈۋەتتى.

أَمْطَى يُمْطِي إِمْطَاءً الدَّابَّةَ: ئۇلاغقا مىندى.

إِمْعَانٌ: چوڭقۇرلىماق، ئىنچىكىلىمەك.

إِمْعَانُ النَّظَرِ: دىققەت قىلماق، كۆڭۈل بۆلمەك؛ چوڭقۇر ئويلىماق.

إِمْعَانٌ فِي الْعَمَلِ: جاپاغا چىداپ ئىشلىمەك، تىرىشىپ ئىشلىمەك، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىمەك.

إِمْعَانٌ فِي الْبَغْيِ وَالطُّغْيَانِ: زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىش.

أَمْعَرَ يُمْعِرُ إِمْعَارًا الشَّعْرُ: چاچ چۈشتى.

أَمْعَرَ الْحَيَوَانُ: ھايۋان تۈكى تاشلىدى.

أَمْعَرَ الرَّجُلُ: نامراتلىشىپ كەتتى.

أَمْعَرَ الْأَرْضُ: زېمىن قاقاسلىشىپ كەتتى.

الْأَمْعَرُ: تاز، تۈكسىز، تاقىر.

أَمْعَزُ م مَعْزَاءُ ج مُعْزٌ: قاتتىق؛ ئۆچكە كۆپ جاي.

مَكَانٌ أَمْعَزُ: قاتتىق يەر.

أَمْعَطُ: قاقاس، تاقىر.

رَأْسٌ أَمْعَطُ: پايىنەكباش.

أَمْعَنَ يُمْعِنُ إِمْعَانًا فِي كَذَا: چوڭقۇرلىدى، ئىنچىكىلىدى.

أَمْعَنَ النَّظَرَ فِي الْمَسْأَلَةِ: مەسىلىنى چوڭقۇر كۆزەتتى.

أَمْعَنَ الشَّخْصُ: قاچتى، يىراقلاشتى؛ پۇلدار بولدى، مالدار بولدى.

أَمْعَنَ الشَّخْصُ بِالْحَقِّ: ھەقنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن ئېتىراپ قىلدى.

أَمْعَنَ فِي الْأَمْرِ: ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى.

أَمْعَنَ فِي السَّيْرِ: تېز ماڭدى.

«أَمْعَنْتُ النَّظَرَ فِي هَذِهِ الْمَسْأَلَةِ»: بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر قاراپ چىقتىم.

أَمْعَنَتِ الْأَرْضُ: زېمىن سۇغا قاندى.

أَمْغَرُ م مَغْرَاءُ ج مُغْرٌ: قوڭۇر رەڭلىك، جىگەر رەڭلىك.

أَمْقٌ ج آمَاقٌ: كۆز قۇيرۇقى، كۆز ئۇچى، كۆز

بۆرجىكى.

مَاءُ الْآمَاقِ: كۆز يېشى.

أَمْقَرَ يُمْقِرُ إِمْقَارًا السَّمَكَةَ الْمَالِحَةَ: تۇزلۇق بېلىقنى (سۇغا) چىلىدى.

إِمْكَانٌ: قابىلىيەتلىك بولماق، ئىقتىدارلىق بولماق؛ مۇمكىن بولماق.

عِنْدَ الْإِمْكَانِ: مۇمكىن بولغان چاغدا.

عَلَى قَدْرِ الْإِمْكَانِ: مۇمكىن قەدەر، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە.

عَدَمُ الْإِمْكَانِ: مۇمكىن ئەمەس، ئىمكانىيەت يوق.

إِمْكَانِيَّةٌ ج إِمْكَانِيَاتٌ: ئىمكانىيەت؛ قۇدرەت، كۈچ - قۇۋۋەت.

«إِمْكَانِيَاتُ الدَّوْلَةِمَحْدُودَةٌ»: دۆلەتنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى چەكلىك.

أَمْكَنَ يُمْكِنُ إِمْكَانًا الشَّخْصَ: تۇرغۇزدى، تۇرۇشقا زورلىدى.

أَمْكَنَ يُمْكِنُ إِمْكَانًا: ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

أَمْكَنَ الْأَمْرُ: ئاسانلاشتى، قولايلاشتى، شارائىت هازىرلاندى، پۇرسەت چىقتى.

«وَإِنْ يُرِيدُوا خِيَانَتَكَ فَقَدْ خَانُوا اللّٰهَ مِنْ قَبْلُ فَأَمْكَنَ مِنْهُمْ» ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئىلگىرى ئۇلار ئاللاھقا خىيانەت قىلغانىدى، ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى.

أَمْكَنَهُ: قادىر بولدى، قۇدرىتى يەتتى.

«أَمْكَنَهُ الْقَاضِي مِنَ التَّصَرُّقِ فِيثَرْوَةِوَالِدِهِ»: سوتيە ئۇنى دادىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«أَمْكَنَهُ مِنَ الشَّيْءِ»: ئۇنى بىر ئىشنى قىلالايدىغان قىلدى.

«يُمْكِنُ أَنْ تُمَارِسَ الرِّيَاضَةَ»: سەن تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللانساڭ بولىدۇ.

«فُلَانٌ لَايُمْكِنُهُ النُّهُوضُ»: پالانىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

أَمَلَ يَأْمُلُ أَمَلًا: ئۈمىد قىلدى، ئارزۇ قىلدى.

أَمَلَ مِنْهُ: ئۈمىد قىلدى، كۈتتى.

«كَانَ يَأْمُلُ مِنْهُ الْعَوْنَ»: ئۇ ئۇنىڭدىن ياردەم كۈتەتتى.

«كَانَ يَأْمُلُ أَنْ يَنْجَحَ فِي مُهِمَّتِهِ»: ئۇ ۋەزىپىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

أَمَلٌ ج آمَالٌ: ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

«ذَرْهُمْيَأْكُلُوْاوَيَتَمَتَّعُوْاوَ يُلْهِهِمُ الْأَمَلُ» ‹قرآن›: ئۇلارنى مەيلىگە قويۇۋەت، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇشۇۋەرسۇن.

أَمَلٌ كَاذِبٌ: قۇرۇق خىيال، خام خىيال.

كُلُّهُ أَمَلٌ: قاتتىق ئارزۇ، تولۇپ تاشقان ئۈمىد.

«خَرَجْنَا مِنَ الْاِجْتِمَاعِ وَكُلُّنَا أَمَلٌ بِأَنَّ قَرَارَاتِنَا سَتُنَفَّذُ»: بىزنىڭ قارارلىرىمىزنىڭ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىغا تولۇپ - تاشقان ئۈمىد بىلەن يىغىندىن قايتىپ چىقتۇق.

أَمَلٌ وَطِيدٌ: كۈچلۈك ئارزۇ.

«لَنَا وَطِيْدُ الْأَمَلِ بِأَنَّ قَرَارَكُمْ سَيَكُونُ عَادِلًا»: قارارىڭلارنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا ئۈمىدىمىز زور.

«كَانَ لَهُ أَمَلٌ فِي التَّوَصُّلِ إِلَى حَلٍّ»: ئۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىنى كۈتەتتى.

«حَضَرَ فِي الْمَوْعِدِ عَلَى أَمَلِ أَنْ يَلْتَقِيَ بِهِ فَلَمْ يَحْضُرْ»: ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسىدا دەل ۋاقتىدا كېلىۋىدى، ئۇ كەلمىدى.

«مَتَى تُتْقِنُ الْعَمَلَ تَبْلُغُ الْأَمَلَ»: ئىشنى پۇختا قىلساڭ، مەقسەتكە يېتىسەن.

«مَنْ عَرَفَ أَجَلَهُ قَصَّرَ أَمَلَهُ»: ئەجىلىنى بىلگەن ئادەم ئۇزاقنى ئارزۇ قىلمايدۇ.

«مَنْ بَذَلَ مَالَهُ أَدْرَكَ آمَالَهُ»: مېلىنى سەرپ قىلغان ئادەم مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

إِمْلَاءٌ: ئاڭلاپ يازماق؛ ئاغزاكى ئېيتىپ بەرمەك.

اِخْتِبَارُ إِمْلَاءٍ: يېزىق ئىمتىھانى.

حِصَّةُ إِمْلَاءٍ: ئىملا دەرسى.

إِمْلَاقٌ: نامراتلىق ، كەمبەغەللىك ، يوقسۇل.

لىۋق، يېقىرلىق.

«وَلاَ تَقْتُلُوْا أَوْلاَدَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلاَقٍ» «قۇرئان»: كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.

أَمْلَحَ يُمْلِحُ إِمْلاَحًا الْمَاءُ: سۇ تۇزلۇق بولدى.

أَمْلَحَ الشَّخْصُ: چىرايلىق سۆز قىلدى.

أَمْلَحَ الطَّعَامَ: تاماقنى تۇزلۇق قىلىۋەتتى.

أَمْلَحُ م مَلْحَاءُ ج مُلْحٌ ج مُلْحَوَاتٌ: تاغىل، ئالىچىپار.

كَبْشٌ أَمْلَحُ: ئالا قوشقار.

أَمْلَدُ م مَلْدَاءُ ج مُلْدٌ: يۇمشاق، مۇلايىم.

رَجُلٌ أَمْلَدُ: كۆسا ئادەم.

أَمْلَسُ م مَلْسَاءُ ج مُلْسٌ: سىلىق، تۈز.

جِلْدُهُ أَمْلَسُ: ئۇنىڭ تېرىسى سىلىق.

«سَطْحُ هَذِهِ الْمَائِدَةِ أَمْلَسُ»: بۇ ئۈستەلنىڭ ئۈستى سىلىق.

أَمْلَصَ يُمْلِصُ إِمْلاَصًا الرَّجُلُ: يېقىر بولۇپ قالدى.

أَمْلَصَ الشَّيْءَ: سىيرىلدۇردى.

أَمْلَصَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال بالىسىنى چۈشۈرىۋەتتى.

أَمْلَصُ م مَلْصَاءُ ج مُلْصٌ: ھۆل.

رَجُلٌ أَمْلَصُ: تاقىر باش، پايىنەكباش.

«اَلصَّابُونُ أَمْلَصُ»: سوپۇن ھۆل ھەم يۇمشاق.

أَمْلَطُ م مَلْطَاءُ ج مُلْطٌ: تۈكسىز ئادەم.

رَجُلٌ أَمْلَطُ: تاقىر باش، پايىنەك باش.

أَمْلَقَ يُمْلِقُ إِمْلاَقًا الشَّخْصُ: كەمبەغەل بولۇپ قالدى، نامراتلاشتى.

أَمْلَقَ الْجِلْدَ: تېرىنى ئاشلىدى.

أَمْلَقَ الدَّهْرُ مَالَهُ: زامان ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى قولىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

أَمْلَقَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال بالىسىنى چۈشۈرىۋەتتى.

أَمْلَكَ يُمْلِكُ إِمْلاَكًا الشَّيْءَ: ئىگىدارچىلىقىغا ئالدى، مۈلكىگە ئايلاندۇردى؛ تەقدىم قىلدى، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

أَمْلَكَ الْقَوْمُ فُلاَنًا عَلَيْهِمْ: پادىشاھ قىلىۋالدى.

أَمْلَكَهُ اِمْرَأَةً: نىكاھلاپ بەردى.

«أَمْلَكَتْ فُلاَنَةُ أَمْرَهَا»: تالاق ئىشى ئايالنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى.

أَمَلَّ يُمِلُّ إِمْلاَلاً الشَّيْءُ الشَّخْصَ: زېرىكتۈردى، مالال قىلدى، مالاللىق يەتكۈزدى؛ ئېغىزچە ئېيتىپ بەردى.

«فَإِنْ كَانَ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ سَفِيهًا أَوْضَعِيفًا أَوْ لاَيَسْتَطِيعُ أَنْ يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُ بِالْعَدْلِ» «قۇرئان»: ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق بولسا، ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن.

أَمْلَى يُمْلِي إِمْلاَءً الْكِتَابَ: ئېيتىپ بېرىپ يازدۇردى.

«أَمْلَى اللّٰهُ الظَّالِمَ»: ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بەردى.

«فَأَمْلَيْتُ لِلْكَافِرِيْنَ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ» «قۇرئان»: كۇففارلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم.

«وَأُمْلِي لَهُمْ إِنَّ كَيْدِي مَتِيْنٌ» «قۇرئان»: ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

«أَمْلاَهُ اللّٰهُ الْعَيْشَ»: ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلدى.

أَمَّ يَؤُمُّ أَمًّا الشَّيْءَ: يۈزلەندى، يۈز تۇتتى.

«يَؤُمُّ السَّيَّاحُ فِلَسْطِينَ لِزِيَارَةِ الأَرَاضِي الْمُقَدَّسَةِ فِيْهَا»: ساياھەتچىلەر پەلەستىندىكى مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بېرىشنى كۆزلەيدۇ.

أَمَّ يَؤُمُّ إِمَامَةً وَأَمًّا وَإِمَامًا: ئىمام بولدى، رەھبەر بولدى، يېتەكچى بولدى.

أَمَّ الْقَوْمَ وَبِهِمْ: ئىمام بولۇپ ناماز ئۆتىدى.

أَمَّ يَؤُمُّ و يَأَمُّ أُمُومَةً ـ تِ الْمَرْأَةُ: ئانا بولدى.

أُمٌّ ج أُمَّاتٌ و أُمَّهَاتٌ: ئانا، ئاپا.

«كَأَنَّكُمْ مَوْلُودُونَ مِنْ أُمٍّ وَأَبٍ وَاحِدَةٍ»: سىلەر خۇددى بىر ئانا، بىر ئاتىدىن تۇغۇلغاندەك.

«إِنَ أُمَّهَاتُهُمْ إِلَّاللَّائِي وَلَدْنَهُمْ» «قرآن» : پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر.

«آدَمُ أَبُوالْبَشَرِ وَحَوَّاءُ أُمُّهُمْ» : ئادەم بولسا ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر ، ھەۋۋا بولسا ئۇلارنىڭ ئانىسىدۇر.

أُمَّهَاتُ الصُّحُفِ: نوپۇزلۇق گېزىتلەر.

أُمُّ الْخَلِّ: ھاراق.

أُمُّ حُبَابٍ: دۇنيا.

أُمُّ دَرْزَةٍ: دۇنيا.

«لَيْسَ هُنَاكَ خَطَأٌ فَلَقَدْ رَأَيْتُهُ بِأُمِّ عَيْنِي» : بۇ يەردە ھېچقانداق سەۋەنلىك يوق ، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

أُمَّهَاتُ الْكُتُبِ: ئاساسلىق مەنبەلەر.

اَللُّغَةُ الْأُمُّ: ئانا تىل.

اَلْوَطَنُ الْأُمُّ: ئانا يۇرت.

أُمَّهَاتُ الْمُدُنِ: ئاساسلىق شەھەرلەر، مۇھىم شەھەرلەر.

أُمُّ الشُّعُوْرِ: مەجنۇنتال.

أُمُّ الْقِرَى: ئوت.

أُمُّ الْقُرْآنِ: سۈرە فاتىھە.

أُمُّ الْقُرَى: مەككە ـ مۇكەررەمە.

«وَهَذَا كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ مُصَدِّقُ الَّذِيْ بَيْنَ يَدَيْهِ وَلِتُنْذِرَ أُمَّ الْقُرَى وَمَنْ حَوْلَهَا» «قرآن» : بۇ (قۇرئان)نى مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشىڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان.

أُمُّ دَرَنٍ: دۇنيا.

أُمُّ دَفَارٍ: دۇنيا.

أُمُّ الْبَشَرِ: ھاۋا ئانا.

أُمُّ الْخَبَائِثِ: يامانلىقنىڭ ئانىسى (ھاراق).

أُمُّ الرَّأْسِ: دىماغ.

أُمُّ حِلْسٍ: ئىدە ئېشەك.

أُمُّ دَرِينٍ: قاقاس زېمىن.

أُمُّ الدِّمَاغِ: دىماغ ئۈستىدىكى نېپىز تېرە.

أُمُّ دَفْرٍ: دۇنيا؛ مۇسىبەت.

أُمُّ الْكِتَابِ: لەۋھۇلمەھفۇز.

أُمُّ الْمَلِكِ: خانىش، پادىشاھنىڭ ئانىسى، خان ئانا.

أُمُّ قَشْعَمٍ: ئۆلۈم؛ ئۇرۇش؛ سىرتلان؛ ھادىسە.

أُمُّ الدُّهَيْمِ: بالايىئاپەت، مۇسىبەت.

أُمُّ الرَّبِيسِ: دۇنيا؛ مۇسىبەت.

أُمُّ الرَّقُوبِ: مۇسىبەت.

أُمُّ الرِّمَالِ: سىرتلان.

أُمُّ الْخُلُولِ: قۇلۇلە.

أُمُّ زَنْبَقٍ: ھاراق.

أُمُّ السَّمْعِ: دىماغ.

أُمُّ السَّمِيعِ: دىماغ.

أُمُّ شَمْلَةٍ: ھاراق؛ دۇنيا.

أُمُّ حَبَّارٍ: بالا ـ قازا، ئاپەت، ھادىسە.

أُمُّ صَبُّورٍ: بالا ـ قازا، ئاپەت، ھادىسە.

أُمُّ طَبَقٍ: بالا ـ قازا، ئاپەت، ھادىسە.

أُمُّ عَامِرٍ: سىرتلان.

أُمُّ عَمْرٍو: سىرتلان.

أُمُّ عَوْفٍ: چىشى چېكەتكە.

أُمُّ قَشْعَلٍ: بالا ـ قازا، ھادىسە، ئاپەت، مۇسىبەت، ئۆلۈم.

أُمُّ الْمَسَائِلِ: ئاساسىي تېما، تۈپ مەزمۇن.

أُمُّ النُّجُوْمِ: سامان يولى.

أُمُّ قُوبٍ: بالا ـ قازا، مۇسىبەت، ھادىسە.

أُمُّ كَلْبَةٍ: قىزىتما.

أُمُّ اللُّهَيْمِ: ئۆلۈم، قىزىتما، مۇسىبەت.

أُمُّ لَيْلَى: قىزىل ھاراق.

أُمُّ مِلْدَمٍ: قىزىتما.

أُمُّ هُبَيْرَةٍ: چىشى پاقا.

أُمُّ الْوَلِيدِ: مېكىيان.

يَاأُمَّاهْ: ئانام، ئانامەي.

أَمَمٌ: يېقىن، ئېلىش ئوڭاي.

أَمَّا: يۈزىلىنىش قوشۇمچىسى: غا، قا، گە، كە؛ . . . گە كەلسەك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

أَمَّا الْعُلُومُ فَكُلُّهَا نَافِعٌ: ئىلىملەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پايدىلىقتۇر.

أَمَّا: كېلىدىغان بولساق، . . . بولسا.

«وَأَمَّا مَنْ جَاءَكَ يَسْعَى وَهُوَ يَخْشَى فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهَّى» ‹قرآن›: سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن.

«فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ» ‹قرآن›: مۆمىنلەر بولسا ئۇنى ھەق دەپ بىلىدۇ.

«تَدْعُوا الْقَوْمِيَّةُ الْعَرَبِيَّةُ إِلَى وَحْدَةِ الْعَرَبِ أَمَّا الْحَرَكَاتُ الْإِسْلَامِيَّةُ فَتَسْعَى إِلَى تَوْحِيدِ الْمُسْلِمِينَ»: ئەرەب مىللەتچىلىكى ئەرەبلەرنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە كېلىدىغان بولساق، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

أَمَّابَعْدُ: (سۆزنىڭ يېڭى باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىبارە بولۇپ، كۆپىنچە خەت ـ چەكلەردە، نۇتۇقلاردا كىتابلارنىڭ مۇقەددىمىسىدە قوللىنىلىدۇ.)

«أَمَّا بَعْدُ. وَصَلَتْنِي رِسَالَتُكَ بَعْدَ إِنْتِظَارٍ طَوِيلٍ»: سېنىڭ خېتىڭ ئۇزۇن كۈتكەندىن كېيىن ماڭا تەگدى.

إِمَّا: ياكى.

اَلْعَدَدُ إِمَّافَرْدٌ وَ إِمَّا زَوْجٌ: رەقەم، تاق سان ياكى جۈپ ساندۇر.

«لَكَ أَنْ تَزُورَنِي إِمَّا فِي الْمَكْتَبِ وَإِمَّا فِي بَيْتِنَا»: سەن مېنى ئىشخانىدا ياكى ئۆيىمىزدە يوقلىساڭ بولىدۇ.

«صَدَرَ الْكِتَابُ إِمَّا فِي أَوَائِلِ هَذَا الْعَامِ وَإِمَّا فِي أَوَاخِرِ السَّنَةِ الْمَاضِيَةِ»: كىتاب ياكى بۇ يىلنىڭ بېشىدا ياكى ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا نەشىردىن چىقتى.

«سَيَأْتِي إِمَّا يَوْمَ السَّبْتِ وَإِمَّايَوْمَ الْأَحَدِ»: شەنبە كەلمىسە يەكشەنبە كېلىدۇ.

أَمَّارٌ: قۇترىتقۇچى، يامانلىققا باشلىغۇچى.

اَلنَّفْسُ الْأَمَّارَةُ بِالسُّوءِ: يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇغۇچى؛ نەپس.

«وَمَا أُبَرِّىءُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ» ‹قرآن›: مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: «نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ».

أُمَّةٌ ج أُمَمٌ: مىللەت، جامائە، ئۇممەت، خەلق؛ ياخشى خىسلەتلىك ئادەم؛ ئانا؛ مەزھەپ؛ زامان، مۇددەت، ۋاقىت.

«إِنَّا وَجَدْنَا آبَاءَنَا عَلَى أُمَّةٍ» ‹قرآن›: بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

«إِنَّ إِبْرَاهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتًا لِلّٰهِ حَنِيفًا» ‹قرآن›: ئىبراھىم ھەقىقەتەن پېشۋا، ئاللاھقا ئىتائەتمەن ئىدى.

«وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ» ‹قرآن›: شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانىدەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.

أُمَّةُ مُحَمَّدٍ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى.

مَجْلِسُ الْأُمَّةِ: پارلامېنت، مىللىي كېڭەش.

«اَلْأُمَّةُ بِعُلَمَائِهَا»: ئۇممەت ئالىملىرى بىلەن ئۇممەت بولىدۇ.

«قِيمَةُ الْأُمَّةِ بِشَبَابِهَا»: ئۇممەتنىڭ قەدرى ـ قىممىتى ياشلىرى بىلەن بولىدۇ.

إِمَّحَقَ يَمَّحِقُ إِمِّحَاقًا النَّبَاتُ: ئوت ـ چۆپ قۇرۇپ كەتتى، خازان بولدى.

إِمَّحَقَ الشَّيْءُ: بەربات بولدى، يوقالدى.

إِمَّحَقَ الْقَمَرُ: ئاي ئاخىرىدا ئاي كۆرۈنمەسكە تاس قالدى.

إِمَّحَى يَمَّحِي إِمِّحَاءً الشَّيْءُ: ئۆچتى، يوقالدى،

تۈگـىدى، بىكار قىلىندى؛ ئۆچۈرۈلدى.

«اِمَّحَتْ آثَارُ الْعَهْدِ الْبَائِدِ» : قەدىمكى زاماننىڭ ئىزلىرى يوقالدى.

أَمَّرَ يُؤَمِّرُ تَأْمِيْرًا: ھوقۇق بەردى، ئەمىرلىككە تەيىنلىدى.

«أَمَّرَ فُلَانًا عَلَيْهِمْ» : پالانىنى ئۇلارغا باشلىق قىلدى، پالانىنى ئۇلارغا ئەمىر قىلدى.

اِمَّسَحَ يَمَّسِحُ اِمِّسَاحًا الشَّيْءُ: ئىلىشىپ قالغان نەرسە چۇشۇپ كەتتى.

إِمَّعٌ. إِمَّعَةٌ جِ إِمَّعُوْنَ: شامالغا قاراپ ئىش تۇتقۇچى، ئىككى يۈزلىمچى.

إِمَّعِيَّةٌ: ئوپپورتونىزىم، ئاغمىچىلىق.

أَمَّلَ يُؤَمِّلُ تَأْمِيْلًا الرَّجُلُ الشَّيْءَ: ئۈمىد بېغىشلىدى، ئۈمىدلىك قىلدى.

«عَرَضَ عَلَيَّ مُشْكِلَتَهُ وَأَمَّلْتُهُ خَيْرًا» : ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرسەتتى، مەن ئۇنى ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن ئۈمىدلەندۈردۈم.

اِمَّلَصَ يَمَّلِصُ اِمِّلَاصًا الشَّيْءُ: سىيرىلدى، تېيىلدى، سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

أَمَّمَ يُؤَمِّمُ تَأْمِيْمًا: ئومۇمنىڭ قىلدى، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى.

أَمَّمَ الشَّرِكَةَ: شىركەتنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى.

«أَمَّمَتِ الْحُكُومَةُ شَرِكَاتِ النِّفْطِ الْأَجْنَبِيَّةِ فِي الْبِلَادِ» : ھۆكۈمەت ۋەتىنىمىزدىكى چەتئەل نېفىت شىركەتلىرىنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى.

مُنَظَّمَةُ (هَيْئَةُ) الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

عُصْبَةُ الْأُمَمِ (جَمْعِيَّةُ الْأُمَمِ) : خەلقئارا ئىتتىپاق.

أَمَّنَ يُؤَمِّنُ تَأْمِيْنًا: كاپالەت بەردى، كاپالەتلەندۈردى؛ قوغىدىدى؛ ۋەدە بەردى.

أَمَّنَ ضِدَّ الْحَرِيْقِ: ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنى سۇغۇرتا قىلدى.

أَمَّنَ ضِدَّ السَّرِقَةِ: ئوغرىلىقتا قارشى سۇغۇرتا قىلدى.

أَمَّنَ عَلَى سَيَّارَةٍ: ماشىنىسىنى سۇغۇرتا قىلدى.

أَمَّنَ عَلَى دُعَائِهِ: (ئامىن) دېدى.

أَمَّنَ الرَّجُلَ عَلَى مَالِهِ: ئۇ مېلىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

أَمَّنَ الشَّخْصَ: خاتىرجەم قىلدى، ئەمىن قىلدى.

أَمَّنَ عَلَى الشَّيْءِ: كاپالەت بەردى، سۇغۇرتا قىلدۇردى.

أَمَّنَ ضِدَّ الْحَرِيقِ أَوْ ضِدَّ السَّرِقَةِ: ئوت ئاپىتىگە ياكى ئوغرىلىققا قارشى سۇغۇرتا قىلدۇردى.

«أَمَّنَتِ الْحُكُومَةُ مَصَالِحَهَا» : ھۆكۈمەت ئۆز مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈردى.

«يُؤَمِّنُ كَثِيْرٌ مِنَ النَّاسِ عَلَى حَيَاتِهِمْ وَدُوْرِهِمْ وَمَحَلَّاتِ أَعْمَالِهِمْ» : نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ھاياتىنىڭ، ئۆيلىرىنىڭ ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئىستراخوۋانىيىگە قاتنىشىدۇ.

أُمَمِيٌّ: خەلقئارالىق ئىنتېرناتسىئونال.

اَلنَّشِيْدُ الْأُمَمِيُّ: ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى.

أُمَمِيَّةٌ: ئىنتېرناتسىئونال، ئىنتېرناتسىئوناللىق، خەلقئارا، خەلقئارالىق.

أُمِّيٌّ: ئانا جەمەت، ماترىئارخال (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق)؛ ساۋاتسىز؛ جاھىل، نادان.

«اَلَّذِيْنَ يَتَّبِعُوْنَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ» (قرآن) : ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ.

«قَلَّتْ نِسْبَةُ الْأُمِّيِّيْنَ فِي الْبِلَادِ بِفَضْلِ سِيَاسَةِ التَّعْلِيْمِ الْإِلْزَامِيِّ» : مەجبۇرىي مائارىپ سىياسىتىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن ۋەتىنىمىزدە ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى ئازايدى.

أُمِّيَّةٌ: ئانا مېھرى، ئانىلىق؛ ساۋاتسىزلىق، نادانلىق.

مَحْوُ الْأُمِّيَّةِ: ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش.

مُكَافَحَةُ الْأُمِّيَّةِ: ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش.

«تَدْرُسُ الْحُكُومَةُ مَشْرُوعًا جَدِيْدًا لِمُكَافَحَةِ الْأُمِّيَّةِ» : ھۆكۈمەت ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ يېڭى پىلانىنى مۇھاكىمە قىلماقتا.

«مِنْ أَمْرَاضِ الْمُجْتَمَعِ الْكُبْرَى الْفَقْرُ وَالْأُمِّيَّةُ» : كەمبەغەللىك ۋە جاھالەتلىك جەمئىيەتتىكى

چولۇق كىيسەللەردىندۇر.

أَمَنَ يَأْمَنُ أَمَانَةً اَلرَّجُلُ: ۋەدىسىدە تۇردى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمىدى.

أَمِنَ يَأْمَنُ أَمْنًا وَ أَمْنًا وَأَمَانًا وَ أَمَانَةً: خاتىرجەم بولدى، كۆڭلى ئارام تاپتى، كۆڭلى ئەمىن بولدى.

«أَفَأَمِنَ أَهْلُ الْقُرَاى أَنْ يَأْتِيَهُمْ بَأْسُنَا بَيَاتًا وَهُمْ نَآئِمُونَ» «قۇرآن»: پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۇلارغا كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقمامدۇ.

أَمِنَ الشَّرَّ وَ مِنْهُ: ئامان قالدى، قۇتۇلدى، ئامانلىق تاپتى، ساق قالدى.

أَمِنَ فُلاَنًا: ئىشەندى.

«فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُمْ بَعْضًا فَلْيُؤَدِّ الَّذِي اؤْتُمِنَ أَمَانَتَهُ» «قۇرآن»: ئاراڭلاردا بىرىڭلار ـ بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن.

أَمِنَهُ عَلَى الشَّيْءِ: ساقلىغىلى بەردى، ئامانەت قويدى.

«اِنْتَشَرَ الْوَبَاءُ فِي الْمَدِينَةِ وَلَمْ يَأْمَنْ مِنْهُ حَيٌّ مِنْ أَحْيَائِهَا»: ۋابا كېسىلى شەھەرگە تارالدى، شەھەر رايونلىرىدىن ھېچبىرى ۋابادىن ئامان قالمىدى.

«يَأْمَنُ النَّاسُ فِي ظِلِّ حُكْمٍ يَلْتَزِمُ بِالْعَدْلِ»: كىشىلەر ئادالەتپەرۋەر ھاكىمىيەت سايىسىدا تىنچ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

أَمْنٌ: ئامانلىق، بىخەتەرلىك، تىنچلىق.

«وَإِذْجَعَلْنَاالْبَيْتَ مَثَابَةًلِلنَّاسِ وَأَمْنًا» «قۇرآن»: ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۇچۇن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق.

أَمْنٌ عَامٌّ: جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئاممىۋى ئامانلىق، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك، جەمئىيەت ئامانلىقى.

«رِجَالُ الشُّرْطَةِ يَحْفَظُونَ الْأَمْنَ»: ساقچىلار ئامانلىق ساقلىماقتا.

مَجْلِسُ الْأَمْنِ: خەۋپسىزلىك كېڭىشى.

رِجَالُ الْأَمْنِ: ساقچىلار.

قُوَّاتُ الْأَمْنِ: ساقچىلار.

اَلْأَمْنُ الدَّاخِلِيُّ: ئىچكى ئامانلىق، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش.

اَلْأَمْنُ الْخَارِجِيُّ: دۆلەت زېمىنى ۋە چېگرىسىنى تاشقى تاجاۋۇزچىلىقتىن قوغداش.

إِمْنَاءٌ: مەنى چىقارماق، سىپىرما ئېتىلىپ چىقماق.

أَمَنَةٌ: چىداملىق، مۇدۇرمەيدىغان ئۇلاغ؛ ئەمىنلىك.

«ثُمَّ أَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ بَعْدِ الْغَمِّ أَمَنَةً نُعَاسًا يَغْشَى طَائِفَةً مِنْكُمْ» «قۇرآن»: غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى.

إِنْحَمَقَ يَنْحَمِقُ إِنْحِمَاقًا: ئەخمەق بولدى.

إِنْحِنَاءٌ: ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك.

إِنْحِنَاءُ الظَّهْرِ: بەلنى ئەگمەك.

«طَرِيقُ الْحَيَاةِ الْبَشَرِيَّةِ حَافِلٌ بِالْمُنْعَطَفَاتِ وَالْإِنْحِنَاءَاتِ» : كىشىلىك تۇرمۇش يولى ئەگرى ـ توقايلىقلار بىلەن تولغان.

إِنْحَنَى يَنْحَنِي إِنْحِنَاءً: ئېگىلدى، ئەگدى.

«إِنَّ ضُلُوعِي لَا تَنْحَنِي عَلَى ضِغْنٍ» : مەن ئاداۋەت ساقلىمايمەن.

إِنْحَنَى إِحْتِرَامًا: تەزىم قىلدى.

إِنْحَنَى خُضُوعًا: بويسۇنۇپ باش ئەگدى.

أَنْحَى يُنْحِي إِنْحَاءً عَلَيْهِ ضَرْبًا: ھۇجۇم قىلدى، زەربە بەردى.

أَنْحَى عَلَيْهِ: يۈزلەندى.

أَنْحَى عَلَيْهِ بِاللَّوْمِ: ئۇنى ئەيىبلىدى.

أَنْحَى الشَّخْصُ فِي سَيْرِهِ: بىر تەرەپكە قىيسىيىپ ماڭدى.

أَنْحَى عَلَيْهِ ضَرْبًا: ئۇنىڭغا زەربە بەردى.

إِنْحِيَازٌ: بۇرالماق، مايىل بولماق.

إِنْخِدَاعٌ: ئالدانماق.

إِنْخَدَعَ يَنْخَدِعُ إِنْخِدَاعًا: ئالداندى.

إِنْخَدَعَ بِمَظْهَرِهِ: ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئالدىنىپ قالدى.

إِنْخَذَلَ يَنْخَذِلُ إِنْخِذَالًا: مەغلۇپ بولدى، ئۈمىد ئۈزدى.

إِنْخِرَاطٌ: قاتناشماق.

«أَقْبَلَ التَّلَامِيذُ وَالطُّلَّابُ عَلَى الْإِنْخِرَاطِ فِي الْجَمْعِيَّاتِ الْخَيْرِيَّةِ» : شاگىرتلار ۋە ئوقۇغۇچىلار خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا يۈزلەندى.

إِنْخَرَطَ يَنْخَرِطُ إِنْخِرَاطًا فِي سِلْكِ كَذَا: قاتناشتى، كىردى.

«إِنْخَرَطَ فِي سِلْكِ الْجُنْدِيَّةِ» : ئۇ ھەربىي ساھەگە قاتناشتى.

إِنْخَرَطَ فِي الْبُكَاءِ: قاتتىق يىغلىدى.

إِنْخَرَعَ يَنْخَرِعُ إِنْخِرَاعًا الرَّجُلُ: كىشى ئاجىزلاپ كەتتى، بوشاپ كەتتى.

إِنْخَرَقَ يَنْخَرِقُ إِنْخِرَاقًا الشَّيْءُ: يىرىلدى، يىرتىلدى.

إِنْخَرَمَ يَنْخَرِمُ إِنْخِرَامًا الشَّيْءُ: يىرتىلدى.

إِنْخَرَمَ الْأَمْرُ: ئىش بۇزۇلدى.

إِنْخَرَمَ الْعَامُ: يىل ئۆتۈپ كەتتى.

إِنْخِسَاقٌ: كېمەيمەك؛ ئۆزۈلمەك، يىقىلماق؛ غايىب بولماق.

إِنْخَسَأَ يَنْخَسِئُ إِنْخِسَاءً الْكَلْبُ: ئىت قوغلىۋېتىلدى.

إِنْخَسَقَ يَنْخَسِقُ إِنْخِسَاقًا: كېمەيدى، يوقالدى، غايىب بولدى، يىمىرىلدى، بىتچىت بولدى.

إِنْخَسَقَ الْأَرْضُ: يەر ئۆلتۈرۈشۈپ كەتتى، يەر كۆمتۈرۈلدى.

إِنْخَسَقَ الْقَمَرُ: ئاي تۇتۇلدى.

إِنْخَفَشَ يَنْخَفِشُ إِنْخِفَاشًا: سىلكىنىدى، تەۋرەندى؛ چۈچۈتۈلدى.

إِنْخِفَاضٌ: تۆۋەنلىمەك، پەسلىمەك.

إِنْخِفَاضُ النِّيلِ: نىل دەرياسى سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى.

«بَدَأَتْ دَرَجَةُ حَرَارَتِهِ فِي الْإِنْخِفَاضِ» : ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى چۈشۈشكە باشلىدى.

«وَتَنْخَفِضُ دَرَجَةُ الْحَرَارَةِ إِنْخِفَاضًا مَلْحُوظًا، وَتَبْلُغُ أَدْنَى دَرَجَاتِ الْحَرَارَةِ دَرَجَتَيْنِ تَحْتَ الصِّفْرِ» : تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ئىككى گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى.

إِنْخَفَضَ يَنْخَفِضُ إِنْخِفَاضًا الشَّيْءُ: يۇقىرىدىن چۈشتى، يۇقىرىدىن تاشلاندى.

إِنْخَفَضَ السِّعْرُ: باھاسى چۈشتى، باھاكېمەيدى.

إِنْخَفَضَ مُسْتَوَى الْمَعِيشَةِ: تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى.

إِنْخَفَضَ ضَغْطُ الْهَوَاءِ: ھاۋا بېسىمى تۆۋەنلىدى.

إِنْخَفَضَتْ دَرَجَةُ الْهَوَاءِ: تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىدى.

«إِنْخَفَضَتْ أَسْعَارُ أَدْوِيَةٍ إِنْخِفَاضًا كَبِيرًا» : دورا باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

إِنْخَلَعَ يَنْخَلِعُ إِنْخِلَاعًا مِنْهُ: ساقلاندى؛ بوشۇتۇلدى، قالدۇرۇلدى (ۋەزىپىسىدىن).

«اِنْخَلَعَ قَلْبُهُ مِنَ الْهَوْلِ» : قورقۇنچتىن يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالدى.

اِنْخَنَقَ يَنْخَنِقُ اِنْخِنَاقًا الشَّخْصُ: تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، بوغۇلۇپ ئۆلدى.

اِنْخَنَقَتِ الْكَلِمَاتُ فِى حَلْقِهِ: بوغۇزىغا گەپ كەپلىشىپ قالدى.

اِنْدَاحَ يَنْدَاحُ اِنْدِيَاحًا: چوڭايدى.

اِنْدَبَغَ يَنْدَبِغُ اِنْدِبَاغًا: ئاشلاندى، ئەيلەندى.

«جِلْدُ الْخِنْزِيرِ لَايَنْدَبِغُ» ‹مثل› : تۇڭگۇز تېرىسى ئاش يېمەيدۇ (نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تەمسىل).

اِنْدَبَقَ يَنْدَبِقُ اِنْدِبَاقًا: چاپلاشتى.

اِنْدِثَارٌ: يوقالماق، مۇنقەرز بولماق، ھالاك بولماق.

اِنْدَثَرَ يَنْدَثِرُ اِنْدِثَارًا: ئۆچۈپ كەتتى، چىرىپ كەتتى.

«اِنْدَثَرَتْ آثَارُ الْفَرَاعِنَةِ تَحْتَ مِيَاهِ السَّدِّ الْعَالِي» : فىرئەۋنلەرنىڭ يادىكارلىق ئىزلىرى ئېگىز توسما ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى.

اِنْدِحَارِيٌّ: مەغلۇبىيەتچى.

اِنْدِحَارِيَّةٌ: مەغلۇبىيەتچىلىك.

اِنْدَحَرَ يَنْدَحِرُ اِنْدِحَارًا: مەغلۇپ بولدى، قوغلاندى، يېڭىلدى.

أَنْدَرَ يُنْدِرُ إِنْدَارًا عَلَيْنَا: بىزگە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەردى، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

اِنْدِرَاسٌ: يوقالماق، ئىزى ئۆچمەك، سۈپۈرۈپ تاشلانماق.

اِنْدَرَجَ يَنْدَرِجُ اِنْدِرَاجًا الشَّيْءُ فِى الشَّيْءِ: كىردى، ئارىلاشتى، كىرەلەشتى، كىرىشىپ كەتتى.

إِنْدَسَّ يَنْدَسُّ اِنْدِسَاسًا فِي كَذَا: تىقىلدى.

اِنْدَسَّ بَيْنَهُمْ: ئارىسىغا سوقۇنۇۋالدى، ئارىسىغا تىقىلىۋالدى.

اِنْدَغَمَ يَنْدَغِمُ اِنْدِغَامًا: قوشۇلدى.

اِنْدِفَاعٌ: كويىغا چۈشمەك، يۈگۈرمەك.

اِنْدِفَاعٌ وَرَاءَ الذَّهَبِ: پۇلنىڭ كويىغا چۈشمەك، پۇلنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرمەك.

اِنْدِفَاعُ الدَّمِ: قان چۈشمەك، قان تولماق.

طَائِرَاتٌ ذَاتُ اِنْدِفَاعٍ نَافُورِيٍّ: رېئاكتىپ ئايروپىلان.

اِنْدِفَاقٌ: ئېتىلىپ چىقماق، ئۇرغۇپ چىقماق.

اِنْدَفَعَ يَنْدَفِعُ اِنْدِفَاعًا فِى الْأَمْرِ: يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆردى.

اِنْدَفَعَ وَرَاءَ شَهَوَاتِهِ: ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى.

اِنْدَفَعَ فِى السَّيْرِ: تېز ماڭدى.

«خَلَعَ سُتْرَتَهُ وَانْدَفَعَ يَلْعَبُ الْكُرَةَ» : چاپىنىنى سېلىۋېتىپ توپ ئوينىغىلى كەتتى.

اِنْدَفَعَ الْمُحَارِبُونَ إِلَى الْأَمَامِ: جەڭچىلەر ئالغا ئىنتىلدى.

إِنْدَفَقَ يَنْدَفِقُ اِنْدِفَاقًا الْمَاءُ: سۇ ئېتىلىپ چىقتى.

اِنْدَفَنَ يَنْدَفِنُ اِنْدِفَانًا: كۆمۈلدى، دەپنە قىلىندى.

اِنْدَقَّتْ يَنْدَقُّ اِنْدِقَاقًا عُنُقُهُ: بويىنى ئۈزۈلدى.

اِنْدَكَّ يَنْدَكُّ اِنْدِكَاكًا: ئۆرۈلدى، بۇزۇلدى.

أَنْدَلُسٌ: ئاندالۇسىيە (ئەرەبلەر ئىسپانىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قويغان نامى).

اِنْدَلَعَ يَنْدَلِعُ اِنْدِلَاعًا النَّارُ: ئوت ياندى.

«اِنْدَلَعَتِ الْحَرْبُ الْعَالَمِيَّةُ الثَّانِيَةُ سَنَةَ ١٩٣٩» : 1939 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى.

اِنْدَلَقَ يَنْدَلِقُ اِنْدِلَاقًا الشَّيْءُ: چىقىرىلدى.

أَنْدَمَهُ يُنْدِمُ إِنْدَامًا: ئۇنى پۇشايمان قىلدۇردى، نادامەت چەككۈزدى، خاتالىقىنى تونۇتتى، ئەپسۇسلاندۇردى، ئۆكۈندۈردى، تووۋا قىلدۇردى.

اِنْدِمَاجٌ: بىرلەشمەك، قوشۇلماق.

اِنْدَمَجَ يَنْدَمِجُ اِنْدِمَاجًا: بىرىكتى، قوشۇلدى، بىرلەشتى.

اِنْدَمَجَتِ الشَّرِكَتَانِ: ئىككى شىركەت بىرلەشتى.

«مَا أَنْ وَصَلَ إِلَى الرِّيْفِ حَتَّى انْدَمَجَ فِى

الشَّكَّانِ الْمَحَلِّيِّينَ» : يېزىغا بېرىپلا يەرلىك ئاھما بىلەن ئىچقۇيۇن ـ تاشقۇيۇن بولۇپ كەتتى.

اِنْدَمَلَ يَنْدَمِلُ اِنْدِمَالاً الْمَرِيْضُ: كېسەل ساقىيىشقا ئاز قالدى.

اِنْدَمَلَ الْجُرْحُ: يارا پۈتتى، يارا ساقايدى.

اِنْدَهَسَ يَنْدَهِسُ اِنْدِهَاسًا : دەسسىۋېتىلدى، يانجىۋېتىلدى.

اِنْدَهَشَ يَنْدَهِشُ اِنْدِهَاشًا الرَّجُلُ: ھەيران قالدى، چۆچىدى، تېڭىرقاپ قالدى، ئەندىكتى.

أَنْدَى يُنْدِي إِنْدَاءً: كەڭ قورساق بولدى، سېخىيلىق قىلدى، مەرد بولدى، ئوچۇق قول بولدى، ھىممەتلىك بولدى.

اِنْذَارٌ ج إِنْذَارَاتٌ: ئاگاھلاندۇرۇش، ئېلان، ئۇقتۇرۇش؛ قورقۇتماق.

إِنْذَارٌ قَضَائِيٌّ: چاقىرماق، چاقىرتىلماق، چاقىرىق، چاقىرىقنامە.

إِنْذَارٌ «فِي السِّيَاسَةِ» : ئۇلتىماتۇم.

إِنْذَارٌ نِهَائِيٌّ: ئۇلتىماتۇم، ئەڭ ئاخىرقى قەتئىي تەلەپ.

بِدُونِ سَابِقِ إِنْذَارٍ: ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەستىن.

صَفَّارَةُ الْإِنْذَارِ: ھاۋا ترېلوگىيىسى، ھاۋا مۇداپىئەسى سىگنالى.

جَرَسُ الْإِنْذَارِ: ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى.

إِنْذَارٌ كَاذِبٌ: يالغان ئاگاھلاندۇرۇش.

إِنْذَارٌ بِوُقُوعِ غَارَةٍ جَوِّيَّةٍ: ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش سىگنالى.

إِنْذَارِيٌّ «فِي الطِّبِّ» : كېسەلنىڭ ئاقىۋىتى.

أَنْذَرَ يُنْذِرُ إِنْذَارًا: ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويدى، ئالدىن بىلدۈردى.

«وَلَقَدْ أَنْذَرَهُمْ بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْا بِالنُّذُرِ» «قرآن» : شۈبھىسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى.

«أَنْذَرَهُ بِتَسْلِيمِ نَفْسِهِ» : ئۆزىنى تاپشۇرۇشقا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

«مَنْ أَنْذَرَ فَقَدْ أَعْذَرَ» : ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگۈچى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولمايدۇ.

هَذَا يُنْذِرُ بِنُزُولِ الْمَطَرِ: بۇ يامغۇردىن بېشارەت بېرىدۇ.

اِنْذَرَقَ يَنْذَرِقُ اِنْذِرَاقًا: ئاقتى، تۆكۈلدى.

اِنْذَعَرَ يَنْذَعِرُ اِنْذِعَارًا الشَّخْصُ: قورقتى، چۆچىدى.

اِنْذَهَلَ يَنْذَهِلُ اِنْذِهَالاً: ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

اِنْزَاحَ يَنْزَاحُ اِنْزِيَاحًا: يوقالدى، تۈگىدى، يىراقلاشتى، چەتنىدى، ئايرىلدى.

اِنْزَاحَ مَرَضُهُ: كېسىلى ساقايدى.

«اِنْزَاحَ عَنْ مَقْعَدِهِ لِلضَّيْفِ» : مېھمان ئۈچۈن ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بەردى.

«اِنْزَاحَ الْمَرَضُ عَنْ فُلاَنٍ» : كېسەل كۆتۈرۈلۈپ كەتتى (ساقايدى).

اِنْزَالَ يَنْزَالُ اِنْزِيَالاً: تاراپ كەتتى، ئايرىلىپ كەتتى، بۆلۈنۈپ كەتتى.

اِنْزَالٌ ج اِنْزَالاَتٌ: چۈشۈرمەك، تۆۋەنلەتمەك.

اِنْزَبَقَ يَنْزَبِقُ اِنْزِبَاقًا: يوشۇرۇن كىرىۋالدى، ئوغرىلىقچە كىرىۋالدى، غىپپىدە كىرىۋالدى.

اِنْزَجَّ يَنْزَجُّ اِنْزِجَاجًا فِي: ئاتلاندى، كىرىشتى.

اِنْزَجَرَ يَنْزَجِرُ اِنْزِجَارًا: مەنئى قىلىندى، نەھى قىلىندى، چەكلەندى، قالدۇرۇلدى.

أَنْزَحَ يُنْزِحُ إِنْزَاحًا: تارتتى، تارتىپ ئالدى، تارتىپ چىقاردى.

أَنْزَرَ يُنْزِرُ إِنْزَارًا: ئازايتتى، كېمەيتتى.

اِنْزَرَعَ يَنْزَرِعُ اِنْزِرَاعًا: ھەيدىدى، تېرىدى.

اِنْزَرَقَ يَنْزَرِقُ اِنْزِرَاقًا الشَّيْءُ: تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، تېشىپ ئۆتتى، ئاقتى.

اِنْزَرَقَ السَّهْمُ: ئوق تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

اِنْزَرَقَتِ الرِّيحُ: شامال ئۆتتى.

اِنْزَرَقَ يَنْزَرِقُ اِنْزِرَاقًا السَّهْمُ: ئوق تەگدى.

اِنْزَرَقَ فِي الشَّيْءِ: كىردى.

اِنْزَرَّ يَنْزَرُّ اِنْزِيزَازًا: سىلكىندى، تىترىدى، دىرىلدىدى، مىدىرلىدى، تەۋرىدى.

اِنْزِعَاجٌ: ئالاقزادە بولماق، ھودۇقۇپ كەتمەك.

إِنْزِعَاجُ الْإِنْسَانِ مِنَ الضَّجِيجِ: ئىنساننىڭ چۇقان ـ سۈرەندىن پاراكەندە بولۇشى.

إِنْزَعَجَ يَنْزَعِجُ إِنْزِعَاجًا الشَّخْصُ: پاراكەندە بولدى، باش قاتۇردى، دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى، ئالاقزادە بولدى.

«لَا تَنْزَعِجْ لِذَلِكَ الْأَمْرِ»: بۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كەتمە.

أَنْزَفَ يُنْزِفُ إِنْزَافًا: ئالدى، تارتتى، چىقاردى، تارتىپ ئالدى.

«لَافِيهَا غَوْلٌ وَلَاهُمْ عَنْهَا يُنْزَفُونَ» (قرآن): ئۇنىڭدا مەست قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ.

أَنْزَفَ الدَّمَ: قان ئالدى، قان ئېلىپ داۋالىدى.

أَنْزَلَ يُنْزِلُ إِنْزَالًا الشَّيْءَ: چۈشۈردى، نازىل قىلدى؛ پەسەيتتى، تۆۋەنلەتتى؛ قوندۇردى، پاتۇردى.

«وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً» (قرآن): ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى.

أَنْزَلَ الدَّلْوَ فِي الْبِئْرِ: قۇدۇققا سوغىنى چۈشۈردى.

أَنْزَلَ اللهُ كَلَامَهُ عَلَى: ۋەھى قىلدى، ئىلھام قىلدى، يول كۆرسەتتى.

أَنْزَلَ بِهِ الْعِقَابَ: جازا بەردى، جازالىدى، جازاغا تارتتى.

أَنْزَلَهُ عَنْ عَرْشِهِ: تەختتىن چۈشۈردى، ئېلىپ تاشلىدى، بىكار قىلدى.

أَنْزَلَ بِهِ الْخَسَارَةَ: ئۇنى زىيانغا ئۇچراتتى.

«أَنْزَلَ رَائِدُ الْفَضَاءِ الْمَرْكَبَةَ عَلَى سَطْحِ الْقَمَرِ»: ئالەم ئۇچقۇچىسى ئالەم كېمىسىنى ئايغا قوندۇردى.

أَنْزَلَهُ مَنْزِلَ الْعُلَمَاءِ: ئۇنى ئۆلىمالار قاتارىدا كۈتۈۋالدى.

إِنْزِلَاقٌ: (مۇز) تېيىلماق.

إِنْزِلَاقٌ أَرْضِيٌّ: يامغۇر ياكى يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن تاغ چوققىلىرىدىن قورام تاش ياكى توپىنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈشى.

مَلْهَى الْإِنْزِلَاقِ: مۇز تېيىلىش مەيدانى.

جُنُودُ الْإِنْزِلَاقِ: چاڭغا تېيىلىش ئەترىتى، مۇز تېيىلىش ئەترىتى.

«فَضْلًا عَنِ السِّبَاحَةِ أُحِبُّ الْإِنْزِلَاقَ عَلَى الْجَلِيدِ»: سۇ ئۈزۈشتىن تاشقىرى مۇز تېيىلىشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

إِنْزَلَقَ يَنْزَلِقُ إِنْزِلَاقًا ـ تِ الْقَدَمُ: پۇت تېيىلدى.

إِنْزَلَقَ إِلَى: تېيىلدى.

إِنْزَلَقَ عَنِ الشَّيْءِ: تېيىلىپ كەتتى.

«إِنْزَلَقَتِ الْقَدَمُ بِسَبَبِ قِشْرَةِ مَوْزٍ»: بانان شۆپۈكىگە دەسسەپ سىلىپ تېيىلىپ كەتتى.

«يَنْزَلِقُ بِسُرْعَةٍ عَلَى الثَّلْجِ»: قار ئۈستىدە تېز تېيىلىدۇ.

إِنْزَمَّ يَنْزَمُّ إِنْزِمَامًا: يۆگەلدى، ئورالدى، باغلاندى، تىگىلدى.

إِنْزَوَى يَنْزَوِي إِنْزِوَاءً الشَّخْصُ: بىكىنىۋالدى، يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

«إِنْزَوَى فِي رُكْنِ الْمَسْجِدِ»: مەسچىتنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىۋالدى.

«إِنْزَوَى فِي جِلْدِهِ»: تۈگۈلۈۋالدى.

إِنْزَوَى فُلَانٌ: تۈگۈلۈۋالدى.

إِنْزَوَى الْقَوْمُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ: بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى.

أَنْزِيمٌ ج أَنْزِيمَاتٌ: فېرمېنت.

أَنَسَ يَأْنُسُ أَنِسَ يَأْنَسُ أَنَسًا وَأَنَسَةً وَأَنَسَ يَأْنِسُ أُنْسًا بِهِ وَإِلَيْهِ: مۇلايىم بولدى، ئىناق ئۆتتى، ئۈنسى، ئۈلپەت ئالدى.

أَنَسَ يَأْنُسُ أُنْسًا الرَّجُلُ بِالشَّيْءِ وَإِلَيْهِ: دوستلاشتى، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولدى، ئىناق بولدى، ئۇنىڭ بىلەن گېپى ـ مىڭى ئۆتتى.

أَنَسَ الشَّيْءَ: كۆندى، ئادەتلەندى.

أَنَسَ بِلِقَاءِ صَدِيقِهِ: دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ خۇشاللاندى.

أَنِسَ لِحَدِيثِهِ: زەن قويۇپ ئاڭلىدى.

«كَانَ يُفَنِّدُ كُلَّ حُجَّةٍ يَأْنَسُ مِنْهَا هُجُومًا»: ئۇ ھۇجۇمنىڭ ھىدىنى ئالغان ھەر بىر پاكىتنى يوققا چىقىراتتى.

إِنْسٌ اَلْوَاحِدَةُ إِنْسِيٌّ و أَنَسِيٌّ ج أُنَاسٌ و أَنَاسِيَّةٌ و آنَاسٌ و أَنَاسِيٌّ: ئىنسان، ئادەم، ئادەمزات.

مَافِي الدَّارِ إِنْسٌ: قورۇدا ھېچ ئەھەدى يوق.

«وَمَاخَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُوْنِ» «قرآن» : جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.

أُنْسٌ: خۇشخۇيلۇق، مۇلايىملىق، سىلىقلىق، يېقىنچىلىق.

مَجْلِسُ أُنْسٍ: دوستلار يىغىلىپ مۇڭدىشىدىغان سورۇن.

«اَلْأُنْسُ بِالدِّيْنِ طَبِيْعَةُ النَّفْسِ إِذَا سُلِبَتْ مَنْ تَأَنَّسَ بِهِ أَحَسَّتْ بِالْوَحْشَةِ» : دىن بىلەن زىچ ئالاقىلىشىش ئىنساننىڭ خاراكتېرىدۇر، ئەگەر كىشى دوستلاشقان ئادەمدىن ئايرىلىپ كەتسە ياتسىراپ قالىدۇ.

إِنْسَابَ يَنْسَابُ إِنْسِيَابًا : سىرغىپ كىردى، تەپچىرەپ كىردى، ئېقىپ كىردى، سىڭدى، ئىچكىرىلەپ كىردى.

إِنْسَابَ عَلَيْهِ الشَّيْءُ: تېز ئۆتتى، شۇڭغىدى.

إِنْسَابَ إِلَى الشَّيْءِ أَوِ الْمَكَانِ: سىرغىپ كىردى.

إِنْسَابَ فِي الْغَابَاتِ: ئورمانلىققا كىردى.

«يَنْسَابُ مَاءُ النَّهْرِ تَحْتَ الْجِسْرِ» : دەريا سۈيى كۆۋرۈك ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

إِنْسَاعَ يَنْسَاعُ إِنْسِيَاعًا الْمَاءُ: سۇ قالايمىقان ئاقتى.

إِنْسَاقَ يَنْسَاقُ إِنْسِيَاقًا: بويسۇندى، ئەگەشتى.

إِنْسَاقَ بِقَدَمَيْهِ إِلَى: چامدىدى، قەدەم تاشلىدى، قەدەم قويدى.

إِنْسَانٌ ج أَنَاسِيُّ وأَنَاسِيَّةٌ وأُنَاسٌ : ئىنسان، ئادەم، بىر ئىنسان.

«وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا» «قرآن» : ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق.

إِنْسَانُ الْعَيْنِ: كۆز قارىچۇقى.

حُقُوقُ الْإِنْسَانِ: ئىنسان ھەقلىرى، ئىنسان ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇق.

«مَا الْإِنْسَانُ إِلاَّ بِالْقَلْبِ وَاللِّسَانِ» : ئادەم دېگەن پەقەت دىل ۋە تىل بىلەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

إِنْسَانِيٌّ: ئىنسانىي، ئىنسانپەرۋەر.

إِنْسَانِيَّةٌ: ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادەمگەرچىلىك.

«إِنَّ الْمِثَالَ الْأَسَاسِيَّ لِلتَّطَوُّرِ الْإِنْسَانِيِّ يَقُومُ عَلَى تَغَلُّبِ إِنْسَانِيَّتِهِ عَلَى حَيَوَانِيَّتِهِ» : كىشىلىك تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى كىشىنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنىڭ ھايۋانىي تەبىئىتىدىن ئۈستۈن كېلىشىدۇر.

اَلدِّرَاسَاتُ الْإِنْسَانِيَّةُ: فىلولوگىيە تەتقىقاتى، گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتى، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى.

كُلِّيَّةُ الدِّرَاسَاتِ الْإِنْسَانِيَّةِ: فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى.

اَلْإِنْسَانِيَّاتُ: گۇمانىتار پەنلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر.

أَنْسَبُ: ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ مۇناسىپ، ئەڭ ياخشى.

«مِنَ الْأَنْسَبِ أَنْ تَزُورَهُ فِي بَيْتِهِ» : ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۇنىڭ ئۆيىدە يوقلىغىن.

إِنْسَبَتَ يَنْسَبِتُ إِنْسِبَاتًا: ئۇزارتتى، سوزدى.

إِنْسَبَكَ يَنْسَبِكُ إِنْسِبَاكًا: قۇيۇلدى، قۇيۇپ ياسالدى.

أَنْسَةٌ: مۇلايىملىق، يېقىنچىلىق، خۇشخۇيلۇق.

إِنْسَتَرَ يَنْتَسِرُ انْسِتَارًا: يوشۇرۇندى.

إِنْسَتَلَ يَنْتَسِلُ إِنْسِتَالاً الْقَوْمُ: ئارقىمۇ ئارقا چىقتى، كەينى ـ كەينىدىن چىقتى.

إِنْسِجَامٌ: (سۆز) رەتلىك بولماق، راۋان بولماق، ماسلاشماق.

إِنْسَجَمَ يَنْسَجِمُ إِنْسِجَامًا الدَّمْعُ أَوِالْمَاءُ: ئاقتى، تاشتى.

إِنْسَجَمَ الْكَلَامُ: راۋان بولدى، سۆز ئاغزىدىن بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقتى.

إِنْسَجَمَ الْأَمْرُ مَعَ غَيْرِهِ: ئۇيغۇنلاشتى، مۇۋاپىقلاشتى، ماسلاشتى، ماس كەلدى.

إِنْسَجَنَ يَنْسَجِنُ إِنْسِجَانًا: مەھبۇس بولۇپ قالدى، تۇتقۇن بولۇپ قالدى.

إِنْسِحَابٌ: چېكىنمەك، چېقىپ كەتمەك.

قَابِلِيَّةُ الْإِنْسِحَابِ: سوزۇلۇشچانلىق.

إِنْسَحَبَ يَنْسَحِبُ إِنْسِحَابًا: تارتىلدى، سۆرەلدى، چېكىندى، قايتۇرۇپ كەتتى.

إِنْسَحَبَ الْجَيْشُ و نَحْوُهُ: قوشۇن چېكىندى.

إِنْسَحَبَ الرَّأْيُ ونَحْوُهُ عَلَى عَدَدٍ مِنَ الْأُمُورِ: ئۇيغۇن كەلدى.

إِنْسَحَبَ مِنَ الْإِجْتِمَاعِ ونَحْوِهِ: يىغىندىن قايتىپ چىقتى، چېكىنىپ چىقتى.

إِنْسَحَطَ يَنْسَحِطُ إِنْسِحَاطًا مِنَ الْيَدِ: سىرىلدى، سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

إِنْسَحَقَ يَنْسَحِقُ إِنْسِحَاقًا: ئېزىلدى، تالقانلاندى، پارە ـ پارە بولدى.

إِنْسِدَادٌ: توسۇلۇپ قالماق.

اَلْإِنْسِدَادُ التَّاجِيُّ: قىزىل قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، ئارتېرىيىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى.

إِنْسِدَادُ عَضَلَةِ الْقَلْبِ: يۈرەك قان تومۇرنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى.

إِنْسَدَّ يَنْسَدُّ إِنْسِدَادًا الشَّيْءُ: ئېتىلدى، يېپىلدى، تاقالدى، توسالدى.

إِنْسَدَلَ يَنْسَدِلُ إِنْسِدَالاً: چۈشۈرۈلدى، ساڭگىلىتىلدى.

إِنْسَرَبَ يَنْسَرِبُ إِنْسِرَابًا الْمَاءُ وَنَحْوُهُ: سۇ ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى ئاقتى.

إِنْسَرَحَ يَنْسَرِحُ إِنْسِرَاحًا: پۇتىنى سوزۇپ ئوڭدا ياتتى.

إِنْسَرَحَتِ الدَّابَّةُ: ئۇلاغ چاپسان ماڭدى، يەڭگىل ماڭدى.

إِنْسَرَقَ يَنْسَرِقُ إِنْسِرَاقًا عَنْهُ: ئوغرىلىقچە تىكىۋەتتى، قېچىپ كەتتى.

إِنْسَرَقَتْ مَفَاصِلُهُ: ئۇنىڭ ئۇگىلىرى ئاجىزلاشتى، بوشاپ كەتتى.

إِنْسَرَى يَنْسَرِي إِنْسِرَاءً الْهَمُّ عَنْهُ: غەم ـ قايغۇ كۆتۈرۈلدى.

إِنْسَطَحَ يَنْسَطِحُ إِنْسِطَاحًا: يېيىلدى، ياپىلاق بولدى.

إِنْسَطَلَ يَنْسَطِلُ إِنْسِطَالاً: تېڭىرقاپ قالدى.

إِنْسِعَابٌ: چېكىنمەك، يانماق، ئارقىغا داجىماق، چىقىپ كەتمەك.

إِنْسَعَرَ يَنْسَعِرُ إِنْسِعَارًا الْكَلْبُ: ئىت غالجىر كېسەللى بولۇپ قالدى.

أَنْسَقَ يُنْسِقُ إِنْسَاقًا الشَّيْءَ: تارقاتتى، چاچتى، تەرتىپسىز قىلىۋەتتى.

إِنْسَفَكَ يَنْسَفِكُ إِنْفِسَاكًا الْمَاءُ: سۇ تۆكۈلدى، ئاقتۇرۇلدى، قۇيۇلدى.

إِنْسِكَابٌ: ئېقىپ چىقماق، ئېقىپ كەتمەك.

إِنْسَكَبَ يَنْسَكِبُ إِنْسِكَابًا: تۆكۈلدى، قۇيۇلدى.

إِنْسَكَّ يَنْسَكُّ إِنْسِكَاكًا الْبَابُ: ئىشىك تاقالدى، ئىشىك قۇلۇپلاندى.

أَنْسَلَ يُنْسِلُ إِنْسَالاً: نەسلى كۆپ بولدى، نەسلى ئاۋۇدى.

إِنْسَلَبَ يَنْسَلِبُ إِنْسِلاَبًا: تېز ماڭدى.

إِنْسَلَتَ يَنْسَلِتُ إِنْسِلاَتًا: سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى، تىكىۋەتتى.

إِنْسَلَخَ يَنْسَلِخُ إِنْسِلاَخًا الشَّيْءُ: ئايرىلدى، ئاجرالدى، سويۇلدى.

إِنْسَلَخَ الشَّهْرُ: ئاي چىقىپ كەتتى، ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

إِنْسَلَخَ الثُّعْبَانُ مِنْ قِشْرِهِ: يىلان پوست تاشلىدى، قاسىراق تاشلىدى.

«فَإِذَا انْسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِيْنَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوْهُمْ» «قرآن» : (ئۇرۇش قىلىش) هارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار.

إِنْسَلَقَ يَنْسَلِقُ إِنْسِلاَقًا: سۇدا پىشۇرۇلدى، سۇدا قاينىتىلدى.

إِنْسَلَكَ يَنْسَلِكُ إِنْسِلاَكًا فِي الشَّيْءِ: كىردى، قەدەم باستى.

إِنْسَلَّ يَنْسَلُّ إِنْسِلاَلاً: سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى، مەخپىي يۈردى، تىكىۋەتتى.

إِنْسَلَى يَنْسَلِي إِنْسِلاَءً عَنْهُ الْهَمُّ أَوِ الْحُزْنُ أَوْنَحْوُ ذَلِكَ: غەم ـ قايغۇ كۆتۈرۈلدى.

إِنْسَمَّ يَنْسَمُّ إِنْسِمَامًا: زەھەرلەندى.

أَنْسَى يُنْسِي إِنْسَاءً الشَّيْءَ: ئۇنتۇلغۇزدى، ئېسىدىن چىقىرىۋەتتى.

«اِسْتَحْوَذَعَلَيْهِمُ الشَّيْطَانُ فَأَنْسَاهُمْ ذِكْرَاللّٰهِ» «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلدى، (شەيتان) ئۇلارغا ئاللاھنىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

إِنْسِيَابٌ: شامال چىقىقاندا سۇ ياكى قۇم يۈزىدىكى تەۋرىنىش.

إِنْسِيَابِيٌّ: سۈيۈر شەكىل (ئالدى دۈگىلەك، يۈزى سىلىق، كەينى تەرىپى ئۇچلۇق شەكىل).

إِنْسِيٌّ: كىشىلىككە مەنسۇپ، ئادىمىي، بەدەننىڭ چاپ تەرىپى.

إِنْشَاءٌ ج إِنْشَاءَاتٌ: ئىنشا يازماق، ماقالە يازماق؛ ئىجاد قىلماق، پەيدا قىلماق، بىنا قىلماق.

اَلْإِنْشَاءُ الْإِشْتِرَاكِيُّ: سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش.

إِعَادَةُ الْإِنْشَاءِ: قايتا قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش.

إِعَادَةُ إِنْشَاءِ الْجِسْرِ: كۆۋرۈكنى قايتا سېلىش، كۆۋرۈكنى قايتا ياساش.

مَوَادُّ الْإِنْشَاءِ: قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى.

اَلْبَنْكُ الدُّوَلِيُّ لِلْإِنْشَاءِ وَالتَّعْمِيرِ: خەلقئارا قۇرۇلۇش بانكىسى.

«تَهْتَمُّ الْحُكُومَةُ بِإِنْشَاءِ مَدَارِسَ»: ھۆكۈمەت مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە.

إِنْشَاءَاتٌ صِحِّيَّةٌ: ساقلىقنى ساقلاش قۇرۇلۇشى.

إِنْشَائِيٌّ: ئىجادىي، ئىجادچان، ئىجادچانلىق، ئىجادىيەت.

اَلنَّمَطُ الْإِنْشَائِيُّ: يېزىش ئۇسلۇبى، يېزىش شەكلى.

مَوْضُوعٌ إِنْشَائِيٌّ مُمْتَازٌ: ياخشى ماقالە ماۋزۇسى.

عَمَلٌ إِنْشَائِيٌّ هَامٌّ: مۇھىم قۇرۇلۇش ئىشى.

جُمْلَةٌ إِنْشَائِيَّةٌ: ئىنشا جۈملە (سوراق جۈملىلەرگە ئوخشاش).

اَلْأَلْفَاظُ الْإِنْشَائِيَّةُ: ئىستىلىستىكىلىق سۆزلەر.

مَقَالَةٌ إِنْشَائِيَّةٌ: باش ماقالە.

بَرَامِجُ إِنْشَائِيَّةٌ مُخَطَّطَةٌ: پىلانلىق قۇرۇلۇش پروگراممىلىرى.

إِنْشَادٌ: شېئىر يازماق، شېئىر ئوقۇماق.

إِنْشَالَ يَنْشَالُ إِنْشِيَالاً الشَّيْءُ: كۆتۈرۈلدى.

أَنْشَأَ يُنْشِئُ إِنْشَاءً الْوَلَدَ: بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، پەرۋىش قىلدى.

أَنْشَأَهُ اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنى ياراتتى، ئاللاھ ئۇنى خەلق ئەتتى.

«فَأَهْلَكْنَاهُمْ بِذُنُوبِهِمْ وَأَنْشَأْنَامِنْ بَعْدِهِمْ قَرْنًا آخَرِيْنَ» «قۇرئان»: ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق.

«أَنْشَأَ الْكَاتِبُ مَقَالَةً»: بازغۇچى ماقالە يازدى.

أَنْشَأَ الشَّيْءَ: پەيدا قىلدى، بارلىققا كەلتۈردى، تۇرغۇزدى، تىكلىدى، ئاساس سالدى.

أَنْشَأَ يَقُولُ: ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى.

«أَنْشَأَ مَصْنَعَ نَسِيجٍ فِي قَرْيَتِهِ»: ئۇ يېزىسىدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

أَنْشَأَ مَدْرَسَةً: مەكتەپ بىنا قىلدى.

أَنْشَبَ يُنْشِبُ إِنْشَابًا الشَّيْءَ فِي غَيْرِهِ: سانجىدى، ئىلىقتى.

أَنْشَبَ الصَّائِدُ: ئوۋچى قاپقان قۇردى.

«أَنْشَبَ النَّسْرُ مَخَالِبَهُ فِي الْفَرِيسَةِ»: بۈركۈت تىرنىقىنى ئوۋغا سانجىدى.

إِنْشَجَرَ يَنْشَجِرُ إِنْشِجَارًا الرَّجُلُ: ئالغا باستى، ئىلگىرىلىدى.

أَنْشَدَ يُنْشِدُ إِنْشَادًا: شېئىر ئوقۇدى؛ سۆزلەپ بەردى، بايان قىلدى؛ شېئىر يازدى.

أَنْشَدَ الْمُغَنِّي لَحْنًا: ناخشىچى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا ئوقۇدى.

إِنْشَدَخَ يَنْشَدِخُ إِنْشِدَاخًا رَأْسُهُ: ئۇنىڭ بېشى يېرىلدى.

إِنْشَدَهَ يَنْشَدِهُ إِنْشِدَاهًا الشَّخْصُ: ئېڭىرقاپ قالدى، ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

أَنْشَرَ يُنْشِرُ إِنْشَارًا اللّٰهُ الْمَوْتَى: ئاللاھ ئۆلۈكلەر-

نى تىرىلدۈردى.

«ثُمَّ أَمَاتَهُ فَأَقْبَرَهُ ثُمَّ إِذَا شَاءَ أَنْشَرَهُ» «قۇرئان»: ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ.

أَنْشَرَ الْأَرْضَ: يەرنى سۇ بىلەن كۆكەرتتى.

«وَالَّذِي نَزَّلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ فَأَنْشَرْنَا بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا» «قۇرئان»: ئاللاھ بۇلۇتتىن ئۆلچەمدە يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق.

إِنْشِرَاحٌ: خۇشال بولماق، كۆڭۈلدە ئازادە بولماق، مەمنۇنىيەت.

إِنْشَرَحَ يَنْشَرِحُ إِنْشِرَاحًا: كېڭەيدى، ئازادىلاشتى.

إِنْشَرَحَ صَدْرُهُ: خۇشال بولدى.

إِنْشَرَمَ يَنْشَرِمُ إِنْشِرَامًا الشَّيْءُ: يېرىلدى، پارچىلاندى، يىرتىلدى.

أَنْشَزَ يُنْشِزُ إِنْشَازًا الشَّيْءَ: ئۆز جايىدىن قوزغىدى، ئۆز جايىدىن كۆتۈردى.

«أَنْشَزَ اللّٰهُ عِظَامَ الْمَيِّتِ»: ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۆز جايىغا ئېلىپ بېرىپ قوراشتۇردى.

«وَانْظُرْ إِلَى الْعِظَامِ كَيْفَ نُنْشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا» «قۇرئان»: بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز.

أَنْشَطَ يُنْشِطُ إِنْشَاطًا ـ هُ: روھلاندۇردى، جانلاندۇردى، غەيرەتكە كەلتۈردى، ئىلھام بەردى، ئىشەنچنى ئاشۇردى، خۇشاللاندۇردى.

إِنْشِطَارٌ: بۆلۈنمەك، پارچىلانماق.

إِنْشِطَارٌ نَوَوِيٌّ: ئاتومنىڭ پارچىلىنىشى.

إِنْشَطَرَ يَنْشَطِرُ إِنْشِطَارًا: پارچىلاندى، بۆلۈندى.

إِنْشَعَبَ يَنْشَعِبُ إِنْشِعَابًا أَغْصَانُ الشَّجَرَةِ: دەرەخ شاخلىدى، شاخ چىقاردى.

إِنْشَعَبَ الشَّيْءُ: چېچىلىپ كەتتى، تاراپ كەتتى.

«إِنْشَعَبَ النَّهْرُ»: دەريا تارماقلارغا بۆلۈندى.

إِنْشِغَالٌ: ئالدىراش، ئالدىراشلىق.

إِنْشِغَالُ الْبَالِ: ئەندىشە، غەم، تەشۋىش.

إِنْشَغَفَ يَنْشَغِفُ إِنْشِغَافًا بِهِ: ئۆزىنى يوقاتتى، سەۋدايى بولدى، مەپتۇن بولدى، ئىشقىۋاز بولدى، مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

إِنْشَغَلَ يَنْشَغِلُ إِنْشِغَالًا: ئالدىراش بولدى، ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

أَنْشَقَ يُنْشِقُ إِنْشَاقًا ـ هُ النَّشُوقَ: ناسىۋالنى سۈمۈرگۈزدى، ئىچىگە تارتقۇزدى.

إِنْشِقَاقٌ: ئايرىلماق، بۆلۈنمەك، پارچىلانماق، ئاجرالماق، يېرىلماق، چاك كەتمەك.

إِنْشَقَّ يَنْشَقُّ إِنْشِقَاقًا: يېرىلدى، دەز كەتتى، بۇزۇلدى.

«إِقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَ انْشَقَّ الْقَمَرُ» «قۇرئان»: قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى.

إِنْشَقَّ النَّهَارُ: تاڭ يورىدى.

إِنْشَقَّ عَنْ: ئاجرالدى، ئايرىلدى، ئۈزۈلدى.

إِنْشَقَّ الرَّأْيُ: پىكىر بۆلۈندى.

إِنْشَقَّ الْفَجْرُ: تاڭ يورىدى، تاڭ ئاتتى.

إِنْشَكَّ يَنْشَكُّ إِنْشِكَاكًا: گۇمانلاندى، شەكلەندى.

إِنْشَلَّ يَنْشَلُّ إِنْشِلَالًا فُلَانٌ: پالەچ بولۇپ قالدى.

إِنْشَمَرَ يَنْشَمِرُ إِنْشِمَارًا: ئالدىراپ ماڭدى، تېز ماڭدى.

إِنْشَمَصَ يَنْشَمِصُ إِنْشِمَاصًا: قورقۇپ تىترەپ كەتتى.

إِنْشَنَجَ يَنْشَنِجُ إِنْشِنَاجًا: تارايدى، قىسقىرىدى، قورۇلدى، يىغىلدى.

أُنْشُودَةٌ ج أَنَاشِيدُ: كىشىلەر بىردەك ئاۋازدا ئوقۇيدىغان شېئىر ۋە ناخشا، ئومۇمىي خور.

اَلْأُنْشُودَةُ الْوَطَنِيَّةُ: دۆلەت شېئىرى.

أُنْشُودَةٌ مَدْرَسِيَّةٌ: مەكتەپ شېئىرى.

اَلْأُنْشُودَةُ الْأُمَمِيَّةُ: ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى.

أُنْشُودَةُ الْمَوْتِ: ماتەم مۇزىكىسى.

أُنْشُوطَةٌ ج أَنَاشِيطُ: سىرتماق، كىرمەك، قاپقان، چىگىك.

إِنْشَوَى يَنْشَوِي إِنْشِوَاءً: كاۋاپ قىلىندى.

إِنْصَابَ يَنْصَابُ إِنْصِيَابًا الْمَاءُ: سۇ قۇيۇلدى.

إِنْصَاحَ يَنْصَاحُ إِنْصِيَاحًا: يېرىلدى، پارچىلاندى، يېچىلدى.

إِنْصَاحَ الْفَجْرُ: تاڭ يورىدى، تاڭ سوزۇلدى.

أَنْصَارٌ: ياردەمچىلەر، ئەگەشكۈچىلەر.

أَنْصَارُ السِّلْمِ: تىنچلىقنى قوغدىغۇچىلار، تىنچلىق تەرەپدارلىرى.

اَلْأَنْصَارُ: ئەنسار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار).

«وَمَالِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ» «قرآن»: زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

«لَقَدْتَابَ اللّٰهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ «قرآن»: ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

أَنْصَارُ الْحِزْبِ الْحَاكِمِ: ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيىنىڭ تەرەپدارلىرى.

أَنْصَارُ الْمَلَكِيَّةِ: مونارخىست پارتىيە.

إِنْصَاعَ يَنْصَاعُ إِنْصِيَاعًا: تېزدىن ئارقىغا قايتتى، يول قويدى، رازى بولدى، بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى.

إِنْصَاعَ الرَّجُلُ: ئالدىراپ - تېنەپ قايتتى.

إِنْصَاعَ الطَّيْرُ: قوش ئېگىز ئۇچتى، ئۆرلىدى.

إِنْصَاعَ الشَّخْصُ لَهُ: بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى، ئەگەشتى.

إِنْصَاعَتْ لِزَوْجِهَا: ئېرىگە بويسۇندى.

إِنْصَافٌ: ئادىل بولماق، ھەققانىي بولماق، ئىنساپ، ئادىللىق.

«يُعَالِجُ الْقَضَايَا بِإِنْصَافٍ»: ھەققانىي ئىش قىلىدۇ.

أَنْصَبَ يُنْصِبُ إِنْصَابًا ـ هُ: چارچىتىۋەتتى، ھارغۇزىۋەتتى؛ ئۇنىڭغا بىر ئۇلۇشنى بەردى.

إِنْصِبَابٌ: تۆكۈلمەك، قۇيۇلماق.

إِنْصَبَّ يَنْصَبُّ إِنْصِبَابًا: قۇيۇلدى، ئېقىپ كىردى، تۇيۇقسىز زەربە بەردى، شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

إِنْصَبَّ اِهْتِمَامُهُ إِلَى كَذَا: ... غا بېرىلدى، ... غا يۈزلەندى.

إِنْصَبَّ عَلَى عَمَلٍ: ئىشقا دىققىتىنى يىغدى، ئىشقا پۈتۈنلەي بېرىلدى.

إِنْصَبَّ عَلَى الدِّرَاسَةِ: قېتىرقىنىپ ئۆگەندى.

«إِنْصَبَّ النَّاسُ عَلَى الْمَاءِ»: كىشىلەر سۇغا توپلاندى، كىشىلەر سۇغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

إِنْصَبَّ الْبَازِى عَلَى الصَّيْدِ»: قارچىغا ئوۋغا ئۆزىنى ئاتتى.

«إِنْصَبَّ اِهْتِمَامَهُ إِلَى الْفِلاَحَةِ»: دېھقانچىلىققا بېرىلدى، دېھقانچىلىققا يۈزلەندى.

«إِنْصَبَّ النَّهْرُ فِى الْبَحْرِ»: ئېقىپ كىردى، دېڭىزغا قۇيۇلدى.

أَنْصَتَ يُنْصِتُ إِنْصَاتًا: كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

«وَإِذَا قُرِىءَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنْصِتُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ» «قرآن»: ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار).

إِنْصَدَّ يَنْصَدُّ إِنْصِدَادًا: چېكىندى.

إِنْصَدَعَ يَنْصَدِعُ إِنْصِدَاعًا: يېرىلدى؛ چاك كەتتى.

إِنْصَدَعَ الصَّبَاحُ: تاڭ يورىدى.

إِنْصِرَافٌ: كەتمەك، قوزغالماق، يولغا چىقماق.

مَوْعِدُ إِنْصِرَافِ الْمُوَظَّفِينَ: خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىش ۋاقتى.

إِنْصَرَحَ يَنْصَرِحُ إِنْصِرَاحًا الْحَقُّ: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئايدىڭلاشتى.

إِنْصَرَعَ يَنْصَرِعُ انْصِرَاعًا: يىقىلدى، ئۆرۈلدى، ئاغدۇرۇلدى؛ سەۋدايى بولدى.

إِنْصَرَفَ يَنْصَرِفُ إِنْصِرَافًا: كەتتى، قايتتى، تىكىۋەتتى.

«ثُمَّ انْصَرَفُوا صَرَفَ اللّٰهُ قُلُوبَهُمْ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَايَفْقَهُونَ» «قرآن»: ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار (ھەقىقەت-

ـنى) چۈشـەنمەس قـەۋم بولغانلـىقـى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

إِنْصَرَفَ عَنْهُ: ياندى، تەرك ئەتتى، قايتتى.

إِنْصَرَفَ إِلَيْهِ: ئۆزگەردى.

إِنْصَرَفَ إِلَى وَظِيفَةٍ أُخْرَى: ئىككىنچى ۋەزىپىگە ئۆزگەردى.

إِنْصَرَفَ يَفْعَلُ كَذَا: قىلىشقا باشلىدى.

إِنْصَرَفَ عَنْ مُخَالَطَةِ الْأَشْرَارِ: يامانلارغا ئارىلىشىشنى تەرك ئەتتى.

إِنْصَرَفَ يَشْتَغِلُ فِي التِّجَارَةِ: تىجارەت قىلىشقا باشلىدى.

إِنْصَرَفَتِ الْكَلِمَةُ: كەلىمە تەنۋىنلىك ئوقۇلىدىغان بولدى.

إِنْصَرَمَ يَنْصَرِمُ إِنْصِرَامًا أَجَلُهُ: ئۇنىڭ ئەجىلى توشتى، ئۆلدى.

إِنْصَرَمَ الْوَقْتُ: ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

إِنْصَرَمَ الشَّيْءُ: ئۈزۈلدى، كېسىلدى.

إِنْصَرَمَ الْحَبْلُ: ئارغامچا ئۈزۈلدى.

إِنْصَرَمَ الْعَامُ: يىل ئۆتتى.

أَنْصَعَ يُنْصِعُ إِنْصَاعًا بِالْحَقِّ: ئىقرار قىلدى، بويىنغا ئالدى.

أَنْصَعَ لِلشَّرِّ: يامانلىققا يولۇقتى، ئۇچرىدى.

إِنْصَعَرَ يَنْصَعِرُ إِنْصِعَارًا: غالجىرلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى.

أَنْصَفَ يُنْصِفُ إِنْصَافًا الشَّخْصُ: ئىنساپلىق بولدى.

أَنْصَفَ الْقَاضِي: سودىيە ئادىل بولدى، سودىيە ھەققانىي بولدى.

لَوْ أَنْصَفَ النَّاسُ إِسْتَرَاحَ الْقَاضِي: كىشىلەر ئىنساپلىق بولسا قازى ئارام تاپاتتى.

أَنْصَفَهُ مِنْهُ: ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بەردى.

أَنْصَفَ الشَّيْءَ: يېرىمىنى ئالدى.

أَنْصَفَ الْمَاءُ الْإِنَاءَ: سۇ قاچىنىڭ يېرىمىغا كەلدى.

إِنْصَفَقَ يَنْصَفِقُ إِنْصِفَاقًا: (ئىشىك) غىچىرلىدى.

إِنْصَقَلَ يَنْصَقِلُ إِنْصِقَالًا: ئېرتىلدى، سۈرتۈلدى، پارقىرىتىلدى.

إِنْصَلَحَ يَنْصَلِحُ إِنْصِلَاحًا: ياخشىلاندى، ئىسلاھ قىلىندى.

إِنْصِهَارٌ: ئېرىمەك.

نُقْطَةُ الْإِنْصِهَارِ: ئېرىش نۇقتىسى.

إِنْصَهَرَ يَنْصَهِرُ إِنْصِهَارًا الشَّيْءُ: ئېرىدى.

إِنْصَهَرَ الرَّصَاصُ: قوغۇشۇن ئېرىدى.

إِنْضَافَ يَنْضَافُ إِنْضِيَافًا إِلَيْهِ: قوشۇلدى، بىرىكتى، نىسبەت بېرىلدى.

«ثُمَّ انْضَافَ إِلَى الدِّينِ الشُّعُورُ الْقَوْمِيُّ فَأَخَذَ الشَّرْقُ يَحْتَذِي حَذْوَ الْغَرْبِ فِي مُثُلِهِ الْعُلْيَا»: ئاندىن كېيىن دىنغا مىللىي تۇيغۇ قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن شەرق غەربنىڭ تىپىك ئىشلىرىغا ئەگىشىشكە باشلىدى.

إِنْضِبَاطٌ: تۈزۈۋېلىنماق، قامالماق، قولغا ئېلىنماق، چۈشەپ قويۇلماق، كونترول قىلىنماق، تەرتىپكە سېلىنماق؛ تەرتىپ ـ ئىنتىزام.

قَلِيلُ الْإِنْضِبَاطِ: ئىنتىزامسىز، تەرتىپسىز.

لَجْنَةُ الْإِنْضِبَاطِ: ئىنتىزام كومىتېتى.

إِنْضِبَاطِيٌّ: تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا دائىر، تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا مەنسۇپ.

«يَتَمَتَّعُ بِرُوحٍ إِنْضِبَاطِيَّةٍ»: ئىنتىزامچانلىق روھقا ئىگە.

إِنْضَبَطَ يَنْضَبِطُ إِنْضِبَاطًا: تۈزۈۋېلىنندى، قولغا ئېلىندى، قامالدى، چۈشەپ قويۇلدى؛ رەتلەندى، تەرتىپكە سېلىندى.

ضَبَطَهُ فَانْضَبَطَ: ئۇنى تۈزۈۋالغانىدى، تۈزۈلۈپ قالدى.

أَنْضَجَ يُنْضِجُ إِنْضَاجًا اللَّحْمَ: گۆشنى پىشۇردى.

أَنْضَجَ الرَّأْيَ: پىكرىنى پۇختىلىدى، بىر پىكىرگە كەلدى.

«فُلَانٌ لَا يُنْضِجُ كُرَاعًا»: پالانى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، پالانىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ.

«أَنْضَجَ آرَاءَهُ بِالْمُطَالَعَةِ»: كىتاب ئوقۇش

ئارقىلىق پىكىرلىرىنى پىشۇردى.

إِنْفَضَخَ يَنْفَضِخُ إِنْفِضَاخًا الْمَاءُ: سۇ تۆكۈلدى، تەپچىرىدى.

أَنْضَرَ يُنْضِرُ إِنْضَارًا: چىرايلىق قىلدى، ياشارتتى.

أَنْضَرَ الشَّجَرُ: دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى يايپېشىل بولدى.

اَلْأَنْضَرُ: ئالتۇن.

إِنْضَرَجَ يَنْضَرِجُ إِنْضِرَاجًا الطَّيَّارُ: ئۇچقۇچى پاراشوت بىلەن سەكرىدى.

إِنْضَرَجَ الطَّائِرُ: قۇش شۇڭغىدى.

إِنْضَرَّ يَنْضَرُّ إِنْضِرَارًا: زىيانغا ئۇچرىدى، زىيان تارتتى، بالا ـ قازاغا ئۇچرىدى.

إِنْضَغَطَ يَنْضَغِطُ إِنْضِغَاطًا: قىسىلدى، سىقىلدى.

إِنْضَمَّ يَنْضَمُّ إِنْضِمَامًا الشَّيْءُ: قوشۇلدى، توپلاشتى.

إِنْضَمَّ عَلَى الشَّيْءِ: قاتلاشتى.

إِنْضَمَّ إِلَى الْجَمْعِيَّةِ وَنَحْوِهَا: جەمئىيەتكە كىردى، جەمئىيەتكە قوشۇلدى.

«إِنْضَمَّ إِلَى النَّادِي الرِّيَاضِيِّ الْجَدِيدِ عَدَدٌ كَبِيرٌ مِنَ الْمُوَاطِنِينَ»: يېڭى تەنھەرىكەت كۇلۇبىغا يۇقىرالاردىن نۇرغۇن كىشى قاتناشتى.

«يَكُونُ وَسِيلَةً إِلَى تَحْقِيقِ مَقَاصِدِهِ مَعَ مَا يَنْضَمُّ إِلَى ذَلِكَ مِنَ الْفَوَائِدِ»: مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ۋاسىتە بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن پايدىلار قوشۇلىدۇ.

إِنْضَوَى يَنْضَوِي إِنْضِوَاءً إِلَى: قوشۇلدى، بىرىكتى، ئۇيۇشتى.

«يَنْضَوِي تَحْتَ لِوَاءِهِ أَقْوَامٌ فِي مُخْتَلِفِ بِقَاعِ الْمَعْمُورَةِ»: يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك جايلاردىكى قەۋملەر ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان.

إِنْطَادَ يَنْطَادُ إِنْطِيَادًا: ھاۋا بوشلۇقىغا ئۆرلىدى.

إِنْطَارَ يَنْطَارُ إِنْطِيَارًا: بۆزۈلدى، دەز كەتتى.

إِنْطَاعَ يَنْطَاعُ إِنْطِيَاعًا: بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى، باش ئەگدى.

إِنْطِبَاعٌ ج إِنْطِبَاعَاتٌ: تەسىرات، تەسىر.

«تَرَكَ لَدَيَّ إِنْطِبَاعًا جَيِّدًا»: مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

إِنْطِبَاعِيَّةٌ: تەسىرلىك.

إِنْطَبَخَ يَنْطَبِخُ إِنْطِبَاخًا الطَّعَامُ: تاماق پىشۇرۇلدى، قورۇلدى.

إِنْطَبَعَ يَنْطَبِعُ إِنْطِبَاعًا: بېسىلدى.

«إِنْطَبَعَتْ صُورَتُهَا فِي ذِهْنِهِ»: ئۇنىڭ سۈرىتى ئۇنىڭ زېھنىدە ئۆچمەس بولۇپ قالدى.

إِنْطَبَقَ يَنْطَبِقُ إِنْطِبَاقًا الْقَانُونُ عَلَيْهِ: ئۇيغۇن كەلدى، قانۇن توغرا كەلدى.

إِنْطَبَقَ الشَّيْءُ عَلَى الشَّيْءِ: كۆمتۈرۈلدى، ياپتى، يوشۇردى.

إِنْطَبَقَ عَلَى كَذَا: ماس كەلدى، مۇۋاپىق كەلدى، لايىق كەلدى.

«لَنْ أَبِيعَ ضَمِيرِي وَلَوِ انْطَبَقَتِ السَّمَاءُ عَلَى الْأَرْضِ»: ئاسمان يەرگە كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ ۋىجدانىمنى ساتمايمەن.

«تَنْطَبِقُ عَلَى جَرِيمَتِهِ الْمَادَّةُ كَذَا مِنْ قَانُونِ الْعُقُوبَاتِ»: ئۇنىڭ جىنايىتىگە جازا قانۇنىنىڭ مۇنچىنچى ماددىسى توغرا كېلىدۇ.

إِنْطَحَنَ يَنْطَحِنُ إِنْطِحَانًا: ئۇن تارتىلدى، ئۇن بولدى، ئۇن قىلىندى.

إِنْطَرَحَ يَنْطَرِحُ إِنْطِرَاحًا: ئوڭدىسىغا ياتتى.

«سَمِعَ صَوْتَ الْإِنْفِجَارِ فَانْطَرَحَ أَرْضًا»: ئۇ پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلاپ يەرگە يىقىلدى.

إِنْطَرَدَ يَنْطَرِدُ إِنْطِرَادًا: قوغلاندى، ھەيدەلدى، پالاندى، بوشىتىلدى.

إِنْطَرَقَ يَنْطَرِقُ إِنْطِرَاقًا: پىروكاتلاندى، پىرىسلاندى.

إِنْطَفَأَ يَنْطَفِئُ إِنْطِفَاءً النَّارُ أَوِ الْفِتْنَةُ أَوِ الْحَمَاسُ: ئوت ياكى پىتنە ۋە ياكى قىزغىنلىق ئۆچتى، پەسەيدى.

أَنْطَقَ يُنْطِقُ إِنْطَاقًا غَيْرَهُ: سۆزلەتتى.

«أَنْطَقَ اللّٰهُ الْأَلْسُنَ»: ئاللاھ تائالا تىللارنى زۇۋانغا كىرگۈزدى.

«وَقَالُوالِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدْتُمْ عَلَيْنَاقَالُواأَنْطَقَنَا

«اللّٰهُ الَّذِي أَنْطَقَ كُلَّ شَيْءٍ» «قۇرئان»: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ، تېرىلىرى: «ھەرقانداق نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنى سۆزلەتتى...» دەيدۇ.

إِنْطِلَاقٌ: بارماق، كەتمەك، ئايرىلماق.

نُقْطَةُ الْإِنْطِلَاقِ: چىقىش نۇقتىسى.

إِنْطَلَقَ يَنْطَلِقُ إِنْطِلَاقًا: ماڭدى، يۈرۈپ كەتتى.

«وَيَضِيقُ صَدْرِي وَلَا يَنْطَلِقُ لِسَانِي» «قۇرئان»: (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن) يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم كېكەچ.

إِنْطَلَقَ وَجْهُهُ: چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇردى.

إِنْطَلَقَ مِنْ قُيُودِهِ: ئازاد بولدى، ئەركىنلىككە چىقتى.

إِنْطَلَقَ لِسَانُهُ: راۋان سۆزلىدى.

إِنْطَلَقَ يَفْعَلُ كَذَا: قىلىشقا باشلىدى.

إِنْطَلَقَ إِلَى بَيْتِهِ: ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

«إِنْطَلَقَتِ السَّيَّارَاتُ تَؤُمُّ الْمَدِينَةَ»: ماشىنىلار شەھەرگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

«عِنْدَمَا وَصَلُوا كَانَتِ السَّيَّارَةُ قَدِ انْطَلَقَتْ»: ئۇلار يېتىپ بارغان چاغدا ماشىنا مېڭىپ كەتكەنىدى.

إِنْطَلَقَ مِنْ: ئامان قالدى، قۇتۇلدى.

«إِنْطَلَقَ مِنَ الْوَاقِعِ»: ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتتى.

إِنْطَلَقَ مُسْرِعًا: ئالدىراپ - سالدىراپ يۈرۈپ كەتتى، ئالدىراپ - تېنەپ مېڭىپ كەتتى.

إِنْطَلَقَتِ الزَّوْبَعَةُ: قارا بوران كۆتۈرۈلدى.

إِنْطَلَقَتِ الْبُنْدُقِيَّةُ: مىلتىقتىن ئوق چىقىپ كەتتى.

إِنْطَلَقَتِ الطَّائِرَةُ: ئايروپىلان كۆتۈرۈلدى، ئايروپىلان ئۇچتى، ئايروپىلان قوزغالدى.

إِنْطَلَى يَنْطَلِي إِنْطِلَاءً عَلَيْهِ الْحِيلَةُ: ئەخمەق بولۇپ قالدى، ئالداندى، قىلتاققا چۈشتى، ئالدام خالتىغا چۈشتى.

إِنْطَمَسَ يَنْطَمِسُ إِنْطِمَاسًا: يوقالدى، تۈگىدى، ئۆچتى.

إِنْطَمَسَ ذِكْرُهُ: ئۇنىڭ نامى ئۆچتى.

«إِنْطَمَسَتْ مَعَالِمُ تِلْكَ الْمَدِينَةِ»: ئۇ شەھەرنىڭ ئىزلىرى ئۆچتى.

إِنْطِوَائِيٌّ: تار مەھكىمىچى، ئۆزەمچى.

إِنْطِوَائِيٌّ ج إِنْطِوَائِيُّونَ: تەركىدۇنيا، باشقىلارغا ئارىلاشماي يېگانە بولىدىغان ئۇلغۇچى.

إِنْطَوَى يَنْطَوِي إِنْطِوَاءً: قاتلاندى، پۈكلەندى، تۈگۈلدى.

إِنْطَوَى عَلَى شَيْءٍ: ئۆز ئىچىگە ئالدى.

إِنْطَوَى عَلَى نَفْسِهِ: باشقىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، يالغۇز بولۇۋالدى.

أَنْظَرَ يُنْظِرُ إِنْظَارًا: كېچىكتۈردى، كېيىنگە سۈردى، ئارقىغا سۈردى.

أَنْظَرَ الشَّخْصَ: ساقلاتتى، قاراتتى، مۆھلەت بەردى.

«قَالَ رَبِّ فَأَنْظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ» «قۇرئان»: ئىبلىس: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى.

إِنْظَلَمَ يَنْظَلِمُ إِنْظِلَامًا: زۇلۇمغا ئۇچرىدى، ئازابلاندى، خورلاندى.

إِنْعَادَ يَنْعَادُ إِنْعِيَادًا: تەكرارلاندى، قايتىلاندى.

إِنْعَاشٌ: جانلاندۇرۇش، يۈكسەلدۈرۈش، تۇرغۇزماق، ئەسلىگە كەلتۈرمەك.

غُرْفَةُ الْإِنْعَاشِ فِي الْمُسْتَشْفَى: دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش بۆلۈمى.

سَيَّارَةُ إِسْعَافٍ مُزَوَّدَةٌ بِأَجْهِزَةِ الْإِنْعَاشِ: قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جابدۇلغان ماشىنا.

إِنْعَامٌ ج إِنْعَامَاتٌ: سوۋغا، ھەدىيە، ئىنئام.

إِنْعَبَطَ يَنْعَبِطُ إِنْعِبَاطًا: كالۋا بولدى، دۆت بولدى، ھاماقەت بولدى، قاپاقباش بولدى.

إِنْعَتَقَ يَنْعَتِقُ إِنْعِتَاقًا: ئازاد قىلىندى، ئازادلىققا ئېرىشتى، بوشىتىلدى، قويۇپ بېرىلدى، ئازاد بولدى.

إِنْعَجَمَ يَنْعَجِمُ إِنْعِجَامًا عَلَيْهِ: مۇجمەل بولۇپ قالدى، ئوچۇق بولمىدى، چۈشىنىكسىز بولدى.

إِنْعَجَنَ يَنْعَجِنُ إِنْعِجَانًا: خېمىر بولدى.

إِنْعِدَامٌ: يوقالماق، تۈگىمەك.

إِنْعَدَلَ يَنْعَدِلُ إِنْعِدَالاً: ئوڭلاندى، تۈزەلدى.

إِنْعَدَلَ عَنِ الطَّرِيقِ: يولدىن چىقىپ كەتتى، يولدىن ئازدى.

إِنْعَدَمَ يَنْعَدِمُ إِنْعِدَامًا: يوقالدى، يوشۇرۇندى، غايىب بولدى، تۈگىدى.

«يَكَادُالْإِحْسَاسُ بِالطُّمَأْنِينَةِيَنْعَدِمُ فِيعَصْرِنَا»: خاتىرجەملىك تۇيغۇسى زامانىمىزدا يوقىلاي دەپ قالدى.

إِنْعَدَى يَنْعَدِي إِنْعِدَاءً بِكَذَا: يۇقۇملاندى.

إِنْعَدَى مِنْهُ: يۇقۇملاندى، يۇقتۇرىۋالدى.

إِنْعَرَجَ يَنْعَرِجُ إِنْعِرَاجًا الطَّرِيقُ أَوِ النَّهْرُ: يول ياكى ئۆستەڭ ئېگىلدى، مايىل بولدى، بۇرۇلدى.

إِنْعَرَجَ الشَّخْصُ عَنِ الطَّرِيقِ: يولدىن بۇرۇلدى.

إِنْعَرَّ يَنْعَرُّ إِنْعِرَارًا: ھاقارەتلەندى، ئۇياتقا قالدى، تۆھمەتكە ئۇچرىدى.

إِنْعَزَلَ يَنْعَزِلُ إِنْعِزَالاً: خىزمەتتىن چېكىندى، ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

«لَمْ يَجِدْتَقْدِيْرًالِأَعْمَالِهِفَانْعَزَلَ عَنِالنَّاسِ»: قىلغان ئىشلىرى توغرا باھاغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

أَنْعَسَ يُنْعِسُ إِنْعَاسًا الشَّخْصَ: مۈگدەتتى، مۈگدىتىپ قويدى.

أَنْعَشَ يُنْعِشُ إِنْعَاشًا: يۈكسەلدۈردى، تۇرغۇزدى، تىكلىدى، ئۆرە قىلدى، جانلاندۇردى.

أَنْعَشَ اِقْتِصَادَ الْبَلَدِ: دۆلەت ئىقتىسادىنى جانلاندۇردى.

«أَنْعَشَ الْمُمَرِّضُ الْغَرِيْقَ»: سېستىرا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەمنىھوشىغاكەلتۈردى.

«أَنْعَشَ الدَّوَاءُ الْمَرِيْضَ»: دورا كېسەلنى جانلاندۇردى.

إِنْعَصَرَ يَنْعَصِرُ إِنْعِصَارًا: سىقىلدى، قىسىلدى، بېسىلدى.

«إِنْعَصَرَ فُؤَادُهَا لِفَقْدِ وَلَدِهَا»: بالىسىنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن يۈرىكى ئېزىلدى.

إِنْعَصَمَ يَنْعَصِمُ إِنْعِصَامًا: بوّلەندى، تاياندى، ئۈمىد قىلدى، سىغىندى، ئىلتىجا قىلدى.

إِنْعَضَّ يَنْعَضُّ إِنْعِضَاضًا: چىشلەندى، چىشلەپ تۇتۇلدى.

إِنْعِطَافٌ: خەيرىخاھلىق، ھېسداشلىق، ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش، ئېغىش، قىڭغىر، قىيپاش، يانتۇ، مايىل؛ تاغنىڭ يۆنىلىشىدىكى تاسادىپىي ئۆزگىرىش.

إِنْعَطَبَ يَنْعَطِبُ إِنْعِطَابًا: بۇزۇلدى، كاردىن چىقتى، ۋەيران بولدى.

إِنْعَطَفَ يَنْعَطِفُ إِنْعِطَافًا: قاتلاندى، پۈكلەندى؛ ئىرغاڭلىدى، مايىل بولدى؛ ئەگىدى، بۇرالدى.

إِنْعَطَفَ الْغُصْنُ: شاخ ئىرغاڭلىدى.

إِنْعَطَفَ الرَّجُلُ إِلَى بَيْتِهِ: كىشى ئۆيى تەرەپكە ئەگىدى.

إِنْعَطَفَ نَاحِيَةَ الْيَمِينِ: ئۇ ئوڭ تەرەپكە بۇرالدى.

«إِنْعَطَفَتِ السَّيَّارَةُ يَسَارًا»: ماشىنا سولغا بۇرالدى.

أَنْعَظَ يُنْعِظُ إِنْعَاظًا الرَّجُلُ: جىنسىي ھەۋىسى قوزغالدى.

إِنْعَفَرَ يَنْعَفِرُ إِنْعِفَارًا: چاڭ ـ توزانغا تولۇپ كەتتى.

إِنْعَفَسَ يَنْعَفِسُ إِنْعِفَاسًا فِي التُّرَابِ: توپىغا مىلەندى.

إِنْعَفَسَ فِي الْمَاءِ: سۇغا چۆمۈلدى.

إِنْعِقَادٌ: يىغىن ئېچىلماق؛ چىگىلمەك.

دَوْرُانْعِقَادِ الْبَرْلَمَانِ: پارلامېنت يىغىنىنىڭ ۋاقتى.

يَوْمُ انْعِقَادِ السُّوقِ: بازار كۈنى.

إِنْعَقَدَ يَنْعَقِدُ إِنْعِقَادًا: قاتتى، ئۇيۇدى، قويۇقلاشتى.

إِنْعَقَدَ الْمَجْلِسُ: يىغىن ئېچىلدى.

إِنْعَقَدَ الْاِتِّفَاقُ: كېلىشىم ئىمزالاندى، ئىتتىپاق تۈزۈلدى.

إِنْعَقَدَ الْاِجْتِمَاعُ فِي مَوْعِدِهِ: يىغىن ۋاقتىدا ئېچىلدى.

إِنْعَقَرَ يَنْعَقِرُ إِنْعِقَارًا ظَهْرُ الدَّابَّةِ مِنَ الرَّحْلِ أَوِ

السَّرْجُ: هايۋاننىڭ دۈمبىسى ئىگەر ياكى توقۇمدىن سۈركىلىپ يارا بولۇپ كەتتى.

إِنْعَقَقَ يَنْعَقِقُ إِنْعِقَاقًا: ئەگرى بولدى، قىڭغىر بولدى.

إِنْعَقَقَ الْغُصْنُ: شاخ ئەگرى بولدى.

إِنْعِكَاسُ النُّورِ أَوِ الْحَرَارَةِ: نۇر ياكى هارارەتنىڭ قايتىشى؛ رېفلېكس.

إِنْعَكَسَ يَنْعَكِسُ إِنْعِكَاسًا الشَّيْءُ عَلَيْهِ: ئەكس ئەتتى، ئىز قالدى، ئىنكاس بولدى.

«إِنْعَكَسَتْ مَبَادِئُهُ عَلَى سُلُوكِهِ»: ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئەكس ئەتتى.

«إِنْعَكَسَ إِنْفِعَالُهُ عَلَى تَصَرُّفَاتِهِ»: ئۇنىڭ تەسىرلىنىشى ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىدە ئەكس ئەتتى.

إِنْعَكَفَ يَنْعَكِفُ إِنْعِكَافًا: يوشۇرۇندى، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى.

أَنْعَلَ يُنْعِلُ إِنْعَالاً الْحِصَانَ: ئاتنى تاقىلىدى.

أَنْعَمَ يُنْعِمُ إِنْعَامًا الشَّخْصُ: راهەت - پاراغەتتە ياشىدى، باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، ئېهسان قىلدى، ياخشىلىق قىلدى.

أَنْعَمَ الشَّيْءَ: يۇمشاتتى، يۇمشاق قىلدى.

«أُذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ» «قۇرئان»: مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار.

أَنْعَمَ الشَّخْصَ: پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، باي قىلدى.

أَنْعَمَ لَهُ: ماقۇللۇق بىلدۈردى.

أَنْعَمَ عَلَيْهِ: بەردى، ئاتا قىلدى.

أَنْعَمَ النَّظَرَ فِي الأَمْرِ: دىققەت بىلەن قارىدى.

«أَنْعَمَ اللّٰهُ عَلَيْهِ بِمَالٍ كَثِيرٍ وَصِحَّةٍ وَافِرَةٍ»: ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپ مال - مۈلۈك ۋە ناهايىتى ساغلام بەدەن ئاتا قىلدى.

«أَنْعَمَ عَلَى جِيرَانِهِ مِنْ فَضْلِهِ»: قوشنىلىرىغا مەرھەمىتىنى ئايىمىدى.

أَنْعِمْ صَبَاحًا: ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن.

إِنْعَوَى يَنْعَوِي إِنْعِوَاءً: ئىگىلدى.

أَنْعَى يُنْعِي إِنْعَاءً عَلَيْهِ قَبِيحًا: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

أَنْعَاهُ الشَّيْءَ: ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى.

«أَنْعَى عَلَيْهِ اِرْتِكَابَ الْفَوَاحِشِ»: ئۇنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى.

إِنْغَاضَ يَنْغَاضُ إِنْغِيَاضًا الْمَاءُ: سۇ قۇرۇپ كەتتى، قاغجىراپ كەتتى.

إِنْغَاظَ يَنْغَاظُ إِنْغِيَاظًا: چىچىلدى، ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

إِنْغَبَنَ يَنْغَبِنُ إِنْغِبَانًا: ئالداندى.

إِنْغَدَرَ يَنْغَدِرُ إِنْغِدَارًا: ئالداندى.

إِنْغَرَسَ يَنْغَرِسُ إِنْغِرَاسًا: كۆچەت تىكىلدى، ئورمان ئەھيا قىلىندى.

إِنْغَسَلَ يَنْغَسِلُ إِنْغِسَالاً: يۇيۇلدى.

«إِنْغَسَلَتِ الْبُيُوتُ بِمَاءِ الْمَطَرِ»: ئۆيلەر يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلدى.

إِنْغَشَّ يَنْغَشُّ إِنْغِشَاشًا: ئالداندى.

«إِنْغَشَّ فِي مَعْسُولِ حَدِيثِهِ»: ئۇنىڭ شېرىن سۆزىگە ئالداندى.

أَنْغَضَ يُنْغِضُ إِنْغَاضًا رَأْسَهُ: بېشىنى چايقىدى.

«فَسَيُنْغِضُونَ إِلَيْكَ رُؤُوسَهُمْ وَيَقُولُونَ مَتَى هُوَ» «قۇرئان»: ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ: «ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ.

إِنْغَطَّ يَنْغَطُّ إِنْغِطَاطًا: چۆكۈپ كەتتى.

إِنْغَلَقَ يَنْغَلِقُ إِنْغِلاَقًا الْبَابُ: ئىشىك تاقالدى، ئىشىك قۇلۇپلاندى.

إِنْغَلَقَ الشَّخْصُ: ئۆزىنى خىلۋەتكە ئالدى، يوشۇرۇندى.

«إِنْغَلَقَ عَلَى نَفْسِهِ بَعْدَ وَفَاةِ وَالِدِهِ»: ئۇ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى خىلۋەتكە ئالدى.

إِنْغَلَّ يَنْغَلُّ إِنْغِلاَلاً فِي الشَّيْءِ: قەدەم قويدى، ئىچكىرىلەپ كىردى، چوڭقۇر كىردى.

إِنْغَمَرَ يَنْغَمِرُ إِنْغِمَارًا الْمَاءَ: سۇغا چۆكتى، سۇ ئاستىدا قالدى.

«فَاضَ النَّهْرُ فَانْغَمَرَ جُزْءٌ مِنَ الْقَرْيَةِ تَحْتَ الْمَاءِ»: دەريا تېشىپ كېتىپ، يېزىنىڭ بىر قىسمى سۇ ئاستىدا قالدى.

اِنْغَمَسَ يَنْغَمِسُ اِنْغِمَاسًا فِي كَذَا: ... نىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى، چۆكۈپلا كەتتى.

«اِنْغَمَسَ فِي الْمَلَذَّاتِ»: ئەيش - ئىشرەتكە چۆمۈپ كەتتى.

اِنْغَمَضَ يَنْغَمِضُ اِنْغِمَاضًا طَرْفُهُ: كۆزى يۇمۇلدى، ئۇخلىدى.

اِنْغَمَّ يَنْغَمُّ اِنْغِمَامًا: قايغۇردى، ھەسرەت چەكتى، مەيۈسلەندى.

«فَشِلَ فِي تَحْقِيقِ أَهْدَافِهِ فَانْغَمَّ»: ئۇ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن قايغۇردى.

أَنْغَى يُنْغِي إِنْغَاءً إِلَيْهِ: گەپىنى چۈشىنىشلىك قىلدى.

أَنِقَ يَأْنَقُ أَنَقًا مِنْهُ: سەسكەندى، بىزار بولدى.

أَنِقَ الشَّيْءَ وَمِنْهُ: يامان كۆردى، باش تارتتى، چەك - چېگرا ئايرىدى.

يَأْنَقُ الضَّيْمَ: ئۇ زۇلۇمنى يامان كۆرىدۇ.

يَأْنَقُ مِنَ الْكَذِبِ: يالغانچىلىقتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

«بَعْضُ النَّاسِ يَأْنَفُونَ مِنَ الْقِيَامِ بِبَعْضِ الْأَعْمَالِ الصَّغِيرَةِ»: بەزى كىشىلەر بىر قىسىم كىچىك ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتىدۇ.

أَنْفٌ ج أُنُوفٌ وآنَافٌ و آنُفٌ: بۇرۇن، تۇمشۇق، خارتۇم.

«وَكَتَبْنَا عَلَيْهِمْ فِيهَا أَنَّ النَّفْسَ بِالنَّفْسِ وَالْعَيْنَ بِالْعَيْنِ وَالْأَنْفَ بِالْأَنْفِ» «قرآن»: ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ). كۆزگە كۆز (يەنى ناھەق كىشىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قويۇۋېتىلىدۇ) بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى) ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ.

أَنْفُ الْقَوْمِ: قەۋمنىڭ باشلىقى، قەۋمنىڭ چوڭى.

أَنْفُ الْجَبَلِ: تاغنىڭ دېڭىز ئىچىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قىسمى.

حَشَرَ أَنْفَهُ: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشتى.

حَمِيَ أَنْفُهُ: غەزەپلەندى، قاتتىق ئاچچىقلاندى.

شَمَخَ بِأَنْفِهِ: ھاكاۋۇرلۇق قىلدى.

يَتْبَعُ أَنْفَهُ: پۇرىغان ھىدقا قاراپ ئەگىشىدۇ.

رَغْمَ أَنْفِهِ. رَغْمًا لِأَنْفِهِ. عَلَى رَغْمِ أَنْفِهِ.

بِالرَّغْمِ مِنْ أَنْفِهِ: ئۇنىڭ خالىمىغىنىغا قارىماي، قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئۇ خالىمىغان تەقدىردىمۇ.

مَاتَ حَتْفَ أَنْفِهِ: ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى.

أُنُقٌ: يېڭى.

كَلَأٌ أُنُقٌ: چارۋا يېقىلمىغان يايلاق.

كَأْسٌ أُنُقٌ: ئىشلىتىلمىگەن رومكا.

إِنْفَاضٌ: كەم، كەمچىل، يېتەرسىز؛ يوقسۇللۇق.

إِنْفَاقٌ: سەرپ قىلماق، خىراجەت قىلماق.

«قُلْ لَوْ أَنْتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي إِذًا لَأَمْسَكْتُمْ خَشْيَةَ الْإِنْفَاقِ» «قرآن»: ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، دېگىن.

أَنَفَةٌ: غورۇر، ئىپتىخار.

اِنْفِتَاحٌ: ئېچىلماق.

إِنْفِتَاحٌ عَلَى الْعَالَمِ الْخَارِجِيِّ: سىرتقا ئېچىلىش.

إِنْفَتَّ يَنْفَتُّ إِنْفِتَاتًا: ئۇۋۇلۇپ كەتتى، پارچىلىنىپ كەتتى.

«اِنْفَتَّ الصَّخْرُ تَحْتَ ضَرَبَاتِ مِطْرَقَتِهِ»: ئۇنىڭ بازغىنىنىڭ زەربىسى بىلەن قورام تاش پارچىلىنىپ كەتتى.

اِنْفَتَحَ يَنْفَتِحُ إِنْفِتَاحًا: ئېچىلدى.

اِنْفَتَحَ الْبَابُ: ئىشىك ئېچىلدى.

اِنْفَتَقَ يَنْفَتِقُ إِنْفِتَاقًا مِنْ ...: ... دىن ئاجرىدى، ... دىن ئايرىلدى.

«اِنْفَتَقَ قَمِيصُهُ فَأَعْطَاهُ إِلَى خَيَّاطٍ لِيَرْتِقَهُ»: ئۇنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتكەنىدى، ياماش

ئۇچۇن ماشىنچىغا بەردى.

اِنْفَتَلَ يَنْفَتِلُ اِنْفِتَالاً الشَّيْءُ: تولغاندى، ئېگىلدى.

اِنْفَتَلَ الشَّخْصُ: كەتتى، قايتتى.

اِنْفَثَأَ يَنْفَثِئُ اِنْفِثَاءً الْحَرُّ: قىزىقلىق پەسەيدى.

اِنْفِجَارٌ ج اِنْفِجَارَاتٌ: پارتلىماق، ئېتىلماق، يېرىلماق، تاشماق.

«حَدَثَ الْاِنْفِجَارُ الْأَوَّلُ قَبْلَ سَاعَةٍ ثُمَّ تَوَالَتِ الْاِنْفِجَارَاتُ بَعْدَ ذَلِكَ» : بىرىنچى پارتلاش بىر سائەت بۇرۇن يۈز بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن كەينى ـ كەينىدىن پارتلاش يۈز بەردى.

اِنْفِجَارِيٌّ: پارتلاشنىڭ، پارتلاش خاراكتېرلىك.

صَوْتٌ اِنْفِجَارِيٌّ: پارتلاش ئاۋازى.

«عُثِرَ مَعَهُ عَلَى مَوَادٍّ اِنْفِجَارِيَّةٍ» : ئۇنىڭ يېنىدىن پارتلىتىش دورىلىرى تېپىلدى.

اِنْفَجَرَ يَنْفَجِرُ اِنْفِجَارًا الْمَاءُ: سۇ تېشىپ چىقتى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى.

«فَانْفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا» «قرآن» : تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى.

اِنْفَجَرَتِ الْقُنْبُلَةُ: بومبا پارتلىدى.

اِنْفَجَرَ ضَاحِكًا: قاقاقلاپ كۈلدى.

اِنْفَحَةٌ ج أَنَافِحُ: سۈتنى ئۇيۇتقۇچى فېرمېنت، كۆنەلگە.

أَنْفَدَ يُنْفِدُ إِنْفَادًا الشَّيْءَ: تۈگەتتى، تۈگىتىۋەتتى، يوقاتتى.

أَنْفَدَ الْقَوْمُ: مال ـ مۈلكى تۈگىدى، مال ـ مۈلكى قالمىدى.

اِنْفَدَغَ يَنْفَدِغُ اِنْفِدَاغًا: چېقىلدى، پاچاقلاندى.

أَنْفَذَ يُنْفِذُ إِنْفَاذًا: تەشتى، تۆشۈك ئاچتى، ئۆتكۈزدى.

أَنْفَذَ الْقَوْمَ: قەۋمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ماڭدى.

أَنْفَذَ الْعَهْدَ: ئەھدىگە ۋاپا قىلدى، ۋەدىسىدە تۇردى، ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

أَنْفَذَ عَقْدَ الْبَيْعِ: سودا توختىمىنى ئىجرا قىلدى.

أَنْفَذَ الصَّيْدَ: ئوۋغا ئوقنى تەگكۈزدى.

أَنْفَذَ إِلَيْهِ الْكِتَابَ: ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا خەت ماڭغۇزدى.

اِنْفِرَاجٌ: پەسەيمەك، كۆتۈرۈلمەك.

اِنْفِرَاجُ الْأَزْمَةِ: كرىزىسنى يوقاتماق.

اَلْاِنْفِرَاجُ الدُّوَلِيُّ: خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ پەسىيىشى، يۇمشىشى.

اِنْفِرَادٌ: يالغۇز بولماق، تەنها بولماق.

عَلَى انْفِرَادٍ: ئايرىم، باشقىچە، يالغۇز، يەككە.

اِنْفِرَادِيٌّ: يالغۇزلۇق، تەنهالىق، ئايرىملىق.

حَبْسٌ إِنْفِرَادِيٌّ: يالغۇز سولانماق.

«وُضِعَ فِي سِجْنٍ اِنْفِرَادِيٍّ» : ئۇ ئايرىم كامېرغا سولاندى.

اِنْفَرَجَ يَنْفَرِجُ انْفِرَاجًا: تارقىدى، يوقىدى، كېڭەيدى.

اِنْفَرَجَتْ هُمُومُهُ: غەملىرى تارقالدى.

«اِنْفَرَجَتِ الْأَزْمَةُ وَعَادَتِ الْعَلَاقَاتُ بَيْنَ الْبَلَدَيْنِ إِلَى طَبِيعَتِهَا» : كرىزىس تۈگەپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە نورماللاشتى.

اِنْفَرَدَ يَنْفَرِدُ اِنْفِرَادًا: يېگانە بولۇۋالدى، يالغۇز بولۇۋالدى.

اِنْفَرَدَ بِالْعِنَايَةِ بِالشُّؤُونِ: پەقەت مۇشۇ ئىشلارغىلا كۆڭۈل بۆلدى.

اِنْفَرَدَ بِنَفْسِهِ: خالى بولدى، خىلۋەتتە بولدى، يالغۇز بولدى.

اِنْفَرَطَ يَنْفَرِطُ اِنْفِرَاطًا: يېشىلدى، ئېچىلدى، ھەل بولدى.

اِنْفَرَطَ عِقْدُهُمْ: ئۇلار تاراپ كەتتى، چېچىلىپ كەتتى، تارقىلىپ كەتتى، بۆلۈنۈپ كەتتى.

اِنْفَرَطَ عَقْدُ الْاِجْتِمَاعِ: يىغىن تارقالدى.

اِنْفَرَطَ الدَّمْعُ مِنْ مَآقِيهَا: ياش كۆزىنىڭ چاناقلىرىدىن تۆكۈلدى.

اِنْفَرَقَ يَنْفَرِقُ اِنْفِرَاقًا عَنْ: ... دىن ئايرىلدى، ئاجرىدى، بۆلۈندى.

اِنْفَرَكَ يَنْفَرِكُ اِنْفِرَاكًا: ئۈۋۈلۈپ كەتتى، تىتىلىپ كەتتى، چۇشۇپ كەتتى.

اِنْفَزَرَ يَنْفَزِرُ اِنْفِزَارًا الثَّوْبُ: كىيىم يىرتىلىپ

كەتتى، تىتىلىپ كەتتى.

«اِنْفَزَرَ إِطَارُ السَّيَّارَةِ» : ماشىنىنىڭ چازىسى پارچە بولۇپ كەتتى.

اِنْفَزَعَ يَنْفَزِعُ اِنْفِزَاعًا: قورقتى، ۋەھىمىگە چۈشتى، تەشۋىشلەندى، چۆچىدى.

اِنْفَسَخَ يَنْفَسِخُ اِنْفِسَاخًا الْعَقْدُ: توختام بىكار قىلىندى، ئەمەلدىن قالدى.

عَقْدٌ لاَ يَنْفَسِخُ: بۇزۇلماس كېلىشىم.

اِنْفَشَّ يَنْفَشُّ اِنْفِشَاشًا الْوَرَمُ: ئىششىق ياندى.

اِنْفِصَالٌ: ئايرىلماق، بۆلۈنمەك، ئاجرالماق، ئۈزۈلمەك.

اِنْفِصَالُ الْمَوْجَاتِ الْإِذَاعِيَّةِ: رادىئو دولقۇنلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى.

اِنْفِصَالِيٌّ ج اِنْفِصَالِيُّونَ: ئايرىم، بۆلەك، پارچە؛ بۆلگۈنچى، بۆلگۈنچىلىك، ئايرىلىپ چىقىش تەرەپدارى.

«شَنَّ الْجَيْشُ هُجُومًا عَلَى الْاِنْفِصَالِيِّينَ» : قوشۇن بۆلگۈنچىلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى.

اِنْفِصَامٌ: ئۈزۈلمەك، كېسىلمەك.

«فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللّٰهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لاَ انْفِصَامَ لَهَا»

«قرآن» : كىمىكى تاغۇت (ئاللاھدىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتسا ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ.

اِنْفَصَدَ يَنْفَصِدُ اِنْفِصَادًا الدَّمُ: قان ئاقتى.

اِنْفَصَلَ يَنْفَصِلُ اِنْفِصَالاً عَنْهُ: ئايرىلدى، ئاجرىدى، يىراقلاشتى، بۆلۈندى، چېكىندى.

«اِنْفَصَلَ أَحَدُ الْأَقَالِيمِ عَنِ الْجُمْهُورِيَّةِ وَأَعْلَنَ اِسْتِقْلاَلَهُ» : رايونلارنىڭ بىرى جۇمھۇرىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىدى.

اِنْفَصَمَ يَنْفَصِمُ اِنْفِصَامًا: ئۈزۈلۈپ كەتتى، سۇندى، توختاپ قالدى، بۇزۇلدى.

اِنْفَصَمَ ظَهْرُهُ: بېلى ئاجراپ كەتتى.

اِنْفَصَمَ عُرَى الصَّدَاقَةِ: دوستلۇق مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى.

اِنْفَصَمَتِ الْعُرْوَةُ: ساپاق ئۈزۈلۈپ كەتتى.

صِلَةٌ لاَ تَنْفَصِمُ: ئۈزۈلمەس باغلىنىش.

اَنْفَضَ يُنْفِضُ إِنْفَاضًا الْوِعَاءُ: قاچىدىكى نەرسە تۆكۈلدى، قاچا قۇرۇقدالدى.

اَنْفَضَ زَادَهُ: ئوزۇقىنى تۈگەتتى.

اَنْفَضَ الْقَوْمُ: پۇل - مېلى قولىدىن كەتتى.

اَنْفَضَهُ عَنْهُ: يىراقلاشتۇردى، دوستلۇقنى ئىنكار قىلدى.

اَنْفَضَتِ الْإِبِلُ: تۆگە بوتۇلاقلىدى.

اِنْفَضَحَ يَنْفَضِحُ اِنْفِضَاحًا: شەرمەندە بولدى، رەسۋا بولدى، يۈزى تۆكۈلدى.

اِنْفَضَّ يَنْفَضُّ اِنْفِضَاضًا: تارقىدى، تارقاپ كەتتى.

اِنْفَضَّ الْجَمْعُ: توپ تارىلىپ كەتتى.

اِنْفَضَّ الْاِجْتِمَاعُ: يىغىن تارقىدى.

«وَلَوْكُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ»

«قرآن» : ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.

اَنْفَطَ يُنْفِطُ إِنْفَاطًا الْعَمَلُ يَدَهُ: ئەمگەك ئۇنىڭ قولىنى قاپارتىۋەتتى.

اِنْفَطَرَ يَنْفَطِرُ اِنْفِطَارًا: يېرىلدى، پارچىلاندى.

اِنْفَطَرَ قَلْبُهُ حُزْنًا: غەمدىن يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

«إِذَا السَّمَاءُ انْفَطَرَتْ» «قرآن» : ئاسمان يېرىلغان چاغدا.

اِنْفَطَمَ يَنْفَطِمُ اِنْفِطَامًا: ئەمچەكتىن ئايرىلدى.

أَنْفَعُ: ئەڭ پايدىلىق، مەنپەئەتلىكرەك.

«اَلشَّمْسُ أَنْفَعُ الْكَوَاكِبِ السَّمَاوِيَّةِ» : پلانېتلار ئىچىدىكى ئەڭ پايدىلىقى قۇياشتۇر.

اِنْفِعَالٌ ج اِنْفِعَالاَتٌ: تەسىرات، تەسىرلەنمەك، ھاياجانلانماق.

سَرِيعُ الْاِنْفِعَالِ: ھېسسىياتچان، ئوڭاي ھاياجانلىنىدىغان.

سَهْلُ الْاِنْفِعَالِ: ئاسان تەسىرلىنىدىغان.

«إِنَّ الْاِنْفِعَالَ يُدَمِّرُ الْأَعْصَابَ» : ھاياجانلىنىش نېرۋىلارنى كاردىن چىقىرىدۇ.

«خُفِّقَ مِنْ شِدَّةِ اِنْفِعَالِهِ» : ئۇنىڭ قاتتىق هاياجانلىنىشى يەسكويغا چۈشتى.

اِنْفَعَلَ يَنْفَعِلُ اِنْفِعَالاً بِأَمْرٍ: تەسىرلەندى، هاياجانلاندى.

«رَأَى مَشْهَدًا حَزِينًا اِنْفَعَلَ بِهِ» : قايغۇلۇق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ تەسىرلەندى.

اِنْفَغَرَ يَنْفَغِرُ اِنْفِغَارًا الْفَمُ: ئېغىز ئېچىلدى.

أَنْفَقَ يُنْفِقُ إِنْفَاقًا الشَّخْصُ: كەمبەغەللەشتى، نامراتلاشتى، يوقسۇل بولۇپ قالدى.

أَنْفَقَ السِّلْعَةَ: مالنى ئۆبوروت قىلدى.

أَنْفَقَ بِلاَحِسَابٍ: هېسابسىز پۇل خەجلىدى.

أَنْفَقَ عَلَيْهِ: نەپىقە بەردى.

أَنْفَقَ الْمَالَ: خىراجەت قىلدى، چىقىم قىلدى، سەرپ قىلدى، خەجلىدى.

«لَوْ أَنْفَقْتَ مَافِي الْأَرْضِ جَمِيْعًا مَاأَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ» «قرآن» : سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ.

اِنْفَقَأَ يَنْفَقِئُ اِنْفِقَاءًا الشَّيْءُ: يېرىلدى، پارچىلاندى.

اِنْفَقَئَتِ الْعَيْنُ: كۆز ئويۇلدى.

اِنْفَقَعَ يَنْفَقِعُ اِنْفِقَاعًا الشَّيْءُ الْمَنْفُوخُ: كۆپۈك يېرىلىپ ئاۋاز چىقتى.

اِنْفَكَّ يَنْفَكُّ اِنْفِكَاكًا: ئاجرالدى، بۆلۈندى، ئايرىلدى، يېشىلدى.

مَا انْفَكَّ يَفْعَلُ كَذَا: ئۇ داۋاملىق ئىشلەۋاتىدۇ.

اِنْفِلاَقٌ: يېرىلماق، پارچىلانماق، بۆلۈنمەك، ئاجرىماق.

اِنْفَلَتَ يَنْفَلِتُ اِنْفِلاَتًا: قويۇۋېتىلدى، بوشاندى، قۇتۇلدى، خالاس بولدى.

اِنْفَلَتَ مِنْ قَيْدِهِ: كىشەندىن بوشاندى.

اِنْفَلَعَ يَنْفَلِعُ اِنْفِلاَعًا: يېرىلدى، دەز كەتتى.

اِنْفَلَعَتِ الْبَيْضَةُ: تۇخۇمغا دەز كەتتى.

اِنْفَلَقَ يَنْفَلِقُ اِنْفِلاَقًا: يېرىلدى، پارچىلاندى، يىرتىلدى، دەز كەتتى.

اِنْفَلَقَ الصُّبْحُ: تاڭ ئاتتى، تاڭ يورىدى.

«فَانْفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَالطَّوْدِ الْعَظِيْمِ» «قرآن» : (مۇسا هاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (هەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى.

اِنْفَلَّ يَنْفَلُّ اِنْفِلاَلاً السَّيْفُ: قىلىچ سۇنۇپ كەتتى.

«ضَرَبَ الصَّخْرَةَ بِالسَّيْفِ فَانْفَلَّ» : قورام تاشنى قىلىچ بىلەن چاپقانىدى، قىلىچ سۇنۇپ كەتتى.

أَنْفِيٌّ: بۇرۇنغا تەۋە، بۇرۇنغا مەنسۇپ.

صَوْتٌ أَنْفِيٌّ: بۇرۇندىن چىقىدىغان ئاۋاز.

أَنِقَ يَأْنَقُ أَنَقًا و أَنَاقَةً: چىرايلىق بولدى، گۈزەللەشتى، رەتلىك بولدى، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان بولدى.

اِنْقَابَتْ يَنْقَابُ اِنْقِيَابًا الْبَيْضَةُ: تۇخۇم چېقىلدى، يېرىلدى.

اِنْقَادَ يَنْقَادُ اِنْقِيَادًا: بويسۇندى.

«اِنْقَادَ السَّجِيْنُ لِأَوَامِرِ الْحَارِسِ» : مەھبۇس گۈندىپاينىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇندى.

إِنْقَاذٌ: قۇتۇلدۇرماق، ياردەم بەرمەك.

قَارِبُ إِنْقَاذٍ: قۇتقۇزۇش قېيىقى.

إِنْقَاذُ الضَّحَايَامِنْ تَحْتِ الْأَنْقَاضِ: خارابە ئاستىدىن قۇربان بولغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقماق.

إِنْقَاصٌ: كېمەيتمەك، قىسقارتماق؛ ئازايماق؛ چۈشۈرمەك، تۆۋەنلەتمەك.

اِنْقَاضَ يَنْقَاضُ اِنْقِيَاضًا الْجِدَارُ: تام بۇزۇلدى، ئۆرۈلدى، غۇلىدى.

اِنْقَامَ يَنْقَامُ اِنْقِيَامًا الشَّيْءُ: تۈزلەندى، توغرىلاندى، ئوڭشالدى، رۇسلاندى.

اِنْقِبَاضٌ: تارايماق، قورۇلماق، يىغىلماق، پۈرلەشمەك.

اِنْقِبَاضُ الْبَطْنِ: ئىچى قاتماق، قەۋزىيەت بولماق.

اِنْقِبَاضُ الصَّدْرِ: ئىچى پۇشماق، يۈرىكى سىقىلماق، كۆڭلى غەش بولماق.

اِنْقَبَرَ يَنْقَبِرُ اِنْقِبَارًا: كۆمۈلدى، دەپنە قىلىندى.

اِنْقَبَضَ يَنْقَبِضُ اِنْقِبَاضًا الشَّيْءُ: تارايدى، قىسقىرىدى، قورۇلدى، يىغىلدى.

إِنْقَبَضَ الْبَطْنُ: ئىچى قېتىپ قالدى، قەۋزىيەت بولۇپ قالدى.

إِنْقَبَضَ صَدْرُهُ: روھى چۈشۈپ كەتتى، يۈرىكى سىقىلدى.

«إِنْقَبَضَ بَعْدَ وَفَاةِ زَوْجَتِهِ»: ئۇ ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن روھى چۈشۈپ كەتتى.

إِنْقَبَضَ الْمَالُ: مال تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

إِنْقَبَعَ يَنْقَبِعُ إِنْقِبَاعًا: كىردى، كىرىۋالدى؛ قايتتى.

إِنْقَبَعَ الرَّجُلُ: بېشىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

أَنْقَحَ يُنْقِحُ إِنْقَاحًا: تۈزەتتى، تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئۆزگەرتتى، ئوڭشىدى.

إِنْقَحَلَ يَنْقَحِلُ إِنْقِحَالاً: قۇرغاقچىلىق بولدى.

أَنْقَذَ يُنْقِذُ إِنْقَاذًا مِنْ: قۇتۇلدۇردى، خالاس قىلدى.

أَنْقَذَهُ مِنَ الإِفْلاَسِ: ئۇنى ۋەيران بولۇشتىن قۇتۇلدۇردى.

«وَكُنْتُمْ عَلَى شَفَا حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ فَأَنْقَذَكُمْ مِنْهَا»

‹قرآن›: سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى.

«أَنْقَذَ الزَّعِيمُ الْبِلاَدَ مِنَ الإِسْتِعْمَارِ»: داھىي دۆلەتنى مۇستەملىكە بولۇشتىن قۇتقۇزدى.

إِنْقَذَفَ يَنْقَذِفُ إِنْقِذَافًا فِي: تاشلاندى، ئېتىلدى.

إِنْقِرَاضٌ: ھالاك بولماق، يوقالماق، مۇنقەرز بولماق، نەسلى قۇرۇماق.

«تَتَعَرَّضُ بَعْضُ الْحَيَوَانَاتِ النَّادِرَةِ النَّفِيسَةِ الآنَ لِخَطَرِ الإِنْقِرَاضِ»: بەزى ئەتىۋارلىق ھايۋانلار ھازىر نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

إِنْقَرَصَ يَنْقَرِصُ إِنْقِرَاصًا: چىمقىۋېلىندى.

إِنْقَرَضَ يَنْقَرِضُ إِنْقِرَاضًا: يوقالدى، مۇنقەرز بولدى.

إِنْقَرَضَ نَسْلُهُ: نەسلى قۇرۇپ كەتتى، نەسلى ئۈزۈلدى.

إِنْقَرَضَ الْقَوْمُ: ئۆلۈپ تۈگىدى.

إِنْقَسَمَ يَنْقَسِمُ إِنْقِسَامًا الشَّيْءُ إِلَى: بۆلۈندى، تەقسىم قىلىندى.

إِنْقَسَمَ الْقَوْمُ: ئايرىلدى، پارچىلاندى.

«إِنْقَسَمَ الْفَرِيقُ الرِّيَاضِيُّ إِلَى مَجْمُوعَتَيْنِ»: تەنتەربىيە ئەترىتى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى.

إِنْقَشَرَ يَنْقَشِرُ إِنْقِشَارًا الشَّيْءُ: سويۇلدى، شىلىندى، پوستىدىن ئاجرىتىلدى.

إِنْقَشَطَ يَنْقَشِطُ إِنْقِشَاطًا: ئېچىلدى، ئوچۇق بولدى.

إِنْقَشَطَتِ السَّمَاءُ: ھاۋا ئېچىلدى.

إِنْقَشَعَ يَنْقَشِعُ إِنْقِشَاعًا: تارقىلىپ كەتتى، تۈگىدى.

إِنْقَشَعَ الْحَرْبُ: ئۇرۇش توختىدى.

«إِنْقَشَعَ الْهَمُّ عَنِ الْقَلْبِ»: غەم دىلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

«إِنْقَشَعَ السَّحَابُ»: بۇلۇت تارقىلىپ كەتتى.

«سَحَابُ الصَّيْفِ عَنْ قَلِيلٍ يَنْقَشِعُ»: يازنىڭ بۇلۇتى بىردەمدە تارقاپ كېتىدۇ.

أَنْقَصَ يُنْقِصُ إِنْقَاصًا: كېمەيتتى، ئازلاتتى، كېمەيدى.

أَنْقَصُ: ئەڭ كەم، ئەڭ يېتەرسىز.

إِنْقَصَدَ يَنْقَصِدُ إِنْقِصَادًا: سۇندى؛ سۇندۇرۇلدى، ئۇشتۇلدى.

إِنْقَصَرَ يَنْقَصِرُ إِنْقِصَارًا: ئاقىرىپ قالدى، ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ قالدى؛ ئەسلىدىكى رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى.

إِنْقَصَّ يَنْقَصُّ إِنْقِصَاصًا: كېسىلدى، قىرقىلدى، ئۈزۈۋېتىلدى.

إِنْقَصَفَ يَنْقَصِفُ إِنْقِصَافًا: سۇندى، ئۇشتۇلدى.

إِنْقَصَمَ يَنْقَصِمُ إِنْقِصَامًا الشَّيْءُ: سۇندى، چاك كەتتى، ۋەيران بولدى.

«إِنْقَصَمَ ظَهْرُهُ إِثْرَ الْحَادِثِ»: ھادىسە بىلەن ئۇنىڭ بېلى سۇندى.

أَنْقَضَ يُنْقِضُ إِنْقَاضًا النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك زېمىننى يېرىپ چىقتى.

أَنْقَضَ أَصَابِعَهُ: قوللىرىنى قارسىلداتتى، قول-

دىن قاس چىقاردى.

أَنْقَضَ الْحِمْلُ الظَّهْرَ: ئېغىر يۈك بەلنى ئېگىۋەتتى.

«وَوَضَعْنَا عَنْكَ وِزْرَكَ الَّذِي أَنْقَضَ ظَهْرَكَ» (قرآن): سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق.

اِنْقَضَتِ الْعُقَابُ: قۇش ۋىچىرلىدى.

اِنْقِضَاءٌ: تۈگىمەك، ئاخىرلاشماق، تاماملانماق.

اِنْقِضَاءُ التَّعَهُّدَاتِ: ۋەزىپە ئورۇنلانماق.

طَائِرَةُ الْإِنْقِضَاءِ: قىرغۇچى ئايروپىلان، موللاقچى ئايروپىلان.

اِنْقَضَّ يَنْقَضُّ اِنْقِضَاضًا الشَّيْءُ: سۇندى.

اِنْقَضَّ الْجِدَارُ: تام يىقىلدى، تامغا دەز كەتتى، تامغا چاك كەتتى.

«فَوَجَدَ فِيهَا جِدَارًا يُرِيدُ أَنْ يَنْقَضَّ فَأَقَامَهُ» (قرآن): ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى.

اِنْقَضَّ الطَّائِرُ: قۇش شۇڭغىدى، شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

اِنْقَضَّ النَّسْرُ عَلَى فَرِيسَتِهِ: قارچىغا ئولجىسىغا ھوجۇم قىلدى.

«اِنْقَضَّ الْقِطُّ وَقَبَضَ عَلَى الْفَأْرِ»: مۈشۈك ئېتىلىپ بېرىپ چاشقاننى تۇتۇۋالدى.

«اِنْقَضَّ الْجَيْشُ عَلَى الْعَدُوِّ»: قوشۇن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلدى، شىددەتلىك زەربە بەردى.

«اِنْقَضَّ الْحَائِطُ»: تام ئۆرۈلدى، يىقىلىپ چۈشتى.

اِنْقَضَى يَنْقَضِي اِنْقِضَاءً الشَّيْءُ: تۈگىدى، تاماملاندى، ئاخىرلاشتى.

اِنْقَضَى عُمْرُهُ: ئۆمرى ئاخىرلاشتى، ئۆلدى.

اِنْقِطَاعٌ: ئايرىلماق، ئۈزۈلمەك، كېسىلمەك، توختاپ قالماق.

اِنْقِطَاعُ الْبَوْلِ: پېشاپ توسۇلۇپ قالماق، ئىدرار ماڭماسلىق.

بِلاَانْقِطَاعٍ. بِدُونِ انْقِطَاعٍ: ئۈزلۈكسىز، توختى-ماي، داۋاملىق.

«عَلَيْكَ أَنْ تُوَاظِبَ عَلَى الدِّرَاسَةِ بِلاَ انْقِطَاعٍ»: ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشۇڭ كېرەك.

اِنْقَطَعَ يَنْقَطِعُ اِنْقِطَاعًا الشَّيْءُ: ئۈزۈلدى، ئاجراپ كەتتى، ئايرىلىپ كەتتى.

اِنْقَطَعَ الْحَبْلُ: ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى.

اِنْقَطَعَ الْمَطَرُ: يامغۇر توختىدى.

اِنْقَطَعَ عَنِ الْعَمَلِ: ئىشتىن توختىدى، تەرك ئەتتى.

اِنْقَطَعَ لَهُ: ئۇنىڭغا بېرىلدى.

اِنْقَطَعَ لِكِتَابَةِ الْقِصَّةِ: ھېكايە يېزىشقا كىرىشتى.

اِنْقَطَعَ نَفَسُهُ: چارچاپ كەتتى، ھالسىراپ كەتتى.

اِنْقَطَعَ عَنْ كَذَا: توختاپ قالدى.

«اِنْقَطَعَ التَّيَّارُ الْكَهْرَبَائِيُّ»: توك قاچتى.

«لاَ أَنْقَطِعُ عَنِ الْمَدْرَسَةِ إِلاَّ إِذَا مَرِضْتُ»: كېسەل بولمىسام مەكتەپتىن قېپقالمايمەن.

اِنْقَطَفَ يَنْقَطِفُ اِنْقِطَافًا: يىغىۋېلىندى، ئۈزۈۋېلىندى.

اِنْقَطَمَ يَنْقَطِمُ اِنْقِطَامًا: چىشلەندى، چىشلەپ ئۈزۈۋېلىندى.

أَنْقَعَ يُنْقِعُ إِنْقَاعًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: نەرسىنى سۇدا ئېرىتتى.

أَنْقَعَ الشَّرَّ: يامانلىقنى يوشۇردى.

أَنْقَعَ الْمَيِّتَ: مېيىتنى دەپنە قىلدى، كۆمدى.

أَنْقَعَ الصَّارِخُ صَوْتَهُ: ۋارقىرىغۇچى ئاۋازىنى يۇقىرىلاتتى.

اِنْقِلاَبٌ ج اِنْقِلاَبَاتٌ: ئۆزگىرىش، ئۆزگەرمەك؛ ئىنقىلاب.

اِنْقِلاَبٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي ئۆزگىرىش.

اَلْإِنْقِلاَبُ الشَّتَوِيُّ: قىش پەسلىنىڭ بىرىنچى كۈنى.

اَلْإِنْقِلاَبُ الصَّيْفِيُّ: ياز پەسلىنىڭ بىرىنچى كۈنى.

اِنْقِلاَبٌ فِي دَاخِلِ الْقَصْرِ: ئوردا ئۆزگىرىشى.

إِنْقِلاَبِيٌّ: ئىنقىلابىي، ئىنقىلابقا مەنسۇپ.

حَرَكَةٌ إِنْقِلاَبِيَّةٌ: ئىنقىلابىي ھەرىكەت.

إِنْقِلاَعٌ: سۇغۇرۇلماق، قومۇرۇلماق.

اِنْقَلَبَ يَنْقَلِبُ اِنْقِلاَبًا الشَّيْءُ: ئۆزگەردى، يۆتكەلدى، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولدى.

اِنْقَلَبَ الْوِعَاءُ: قاچا كۆمتۈرۈلدى.

اِنْقَلَبَ عَلَيْهِ: قارشى چىقتى، قارشىلىق كۆرسەتتى.

اُنْقُلِبَ إِلَى: ئايلاندى، بۇرۇلدى.

اِنْقَلَبَ الشَّخْصُ: قايتتى.

«لَعَلَّهُمْ يَعْرِفُونَهَا إِذَا انْقَلَبُوا إِلَى أَهْلِهِمْ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ» ‹قرآن›: ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

«وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللّٰهَ شَيْئًا» ‹قرآن›: كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

اِنْقَلَبَ الْحُكْمُ: ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلدى.

«اِنْقَلَبَ عَلَى ظَهْرِهِ»: ئوڭدىسىغا ياتتى.

اِنْقَلَعَ يَنْقَلِعُ اِنْقِلاَعًا: قومۇرۇلدى، قومۇرۇپ تاشلاندى.

اِنْقَلَى يَنْقَلِي اِنْقِلاَءً: قورۇلدى، پىشۇرۇلدى.

اِنْقَمَعَ يَنْقَمِعُ اِنْقِمَاعًا فِي الْمَنْزِلِ: مۆكۈۋالدى، قىچىپ كىرىۋالدى.

أَنْقَى يُنْقِي إِنْقَاءً الشَّيْءَ: تىنىدۇردى، سۈزۈلدۈردى.

أَنْقَى التَّمْرَ: خورمىنى تازىلىدى.

أَنْقَى م نَقْوَى: ئەڭ پاكىز، ئەڭ ساپ، ئەڭ سۈزۈك.

إِنْقِيَادٌ: بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق.

إِنْقِيَادٌ أَعْمَى: قارىغۇلارچە ئەگەشمەك.

إِنْكَارٌ: ئىنكار قىلماق، تانماق.

إِنْكَارُ الذَّاتِ: ئۆزىنى ئۇنۇتماق، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش.

إِنْكَارِيٌّ: ئىنكارچىلىق.

سُؤَالٌ إِنْكَارِيٌّ: ئىنكارى سوئال.

اِنْكَبَّ يَنْكَبُّ اِنْكِبَابًا الشَّخْصُ عَلَى الشَّيْءِ: پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى.

اِنْكَبَّ عَلَى وَجْهِهِ: دۈم چۈشتى، دۈم ياتتى.

«اِنْكَبَبْتُ عَلَى الدَّرْسِ قَبْلَ الْاِمْتِحَانِ»: مەن ئىمتىھاندىن ئىلگىرى دەرسكە بېرىلدىم.

اِنْكَبَى يَنْكَبِي اِنْكِبَاءً لِوَجْهِهِ: دۈم چۈشتى، يۈزىچە يىقىلىپ چۈشتى، پۈتلاشتى.

اِنْكَتَمَ يَنْكَتِمُ اِنْكِتَامًا: مەخپىي بولدى، يوشۇرۇن بولدى.

أَنْكَحَ يَنْكِحُ إِنْكَاحًا الْمَرْأَةَ: ئايالنى پالانىغا ياتلىق قىلدى، ئايالنى پالانىغا نىكاھلاپ بەردى، بېشىنى ئوڭلاپ قويدى.

«وَأَنْكِحُوا الْأَيَامَى مِنْكُمْ وَالصَّلِحِيْنَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَآئِكُمْ» ‹قرآن›: ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە چۆرىلەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار.

اِنْكَحَتَ يَنْكَحِتُ اِنْكِحَاتًا: قىرىلدى، شىلىندى، سويۇلدى، ئاقلاندى.

أَنْكَدُ م نَكْدَاءُ ج نُكْدٌ: بىتەلەي، بەختسىز.

اِنْكَدَرَ يَنْكَدِرُ اِنْكِدَارًا فِي سَيْرِهِ: ئالدىرىدى، تېز ماڭدى.

اِنْكَدَرَ عَلَيْهِ الْقَوْمُ: ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى.

اِنْكَدَرَتِ النُّجُومُ: يۇلتۇز قاراڭغۇلاشتى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۆچتى، تۆكۈلدى.

«وَإِذَا النُّجُومُ انْكَدَرَتْ» ‹قرآن›: يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا.

أَنْكَرَ يُنْكِرُ إِنْكَارًا الْأَمْرَ: ئىنكار قىلدى، تېنىۋالدى.

«يَعْرِفُونَ نِعْمَةَ اللّٰهِ ثُمَّ يُنْكِرُونَهَا» ‹قرآن›: ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ.

أَنْكَرَ عَلَى فُلاَنٍ فِعْلَهُ: پالاننى ئەيىبلىدى، چەكلىدى، مەنئى قىلدى.

أَنْكَرُ: ئەڭ قەبىھ، ئەڭ سەت.

صَوْتُهُ أَنْكَرُ الْأَصْوَاتِ: ئۇنىڭ ئاۋازى ئەڭ سەت

ئاۋاز.

«إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيْرِ» ‹قرآن›: ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زىرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.

إِنْكِسَارٌ: سۇنماق، پاچاقلانماق، مەغلۇپ بولماق.

يَتَوَاضَعِ وَانْكِسَارٍ: كەمتەرلىك ۋە سۇنۇقلۇق بىلەن.

إِنْكِسَارُ الْقَلْبِ: بوشاپ قالماق، مەيۇسلەنمەك؛ دىلنىڭ سۇنۇقلۇقى.

إِنْكِسَافُ الشَّمْسِ: كۈننىڭ تۇتۇلۇشى.

إِنْكَسَرَ يَنْكَسِرُ إِنْكِسَارًا: سۇندى، چىقىلدى؛ يېڭىلدى، مەغلۇپ بولدى.

إِنْكَسَرَ التَّاجِرُ: تىجارەتچى ۋەيران بولدى.

إِنْكَسَرَ الْغَضَبُ: غەزەپ پەسەيدى.

إِنْكَسَرَ الْعَطَشُ: ئۇسسۇزلۇقى بېسىلدى.

إِنْكَسَفَ يَنْكَسِفُ إِنْكِسَافًا الشَّمْسُ: كۈن تۇتۇلدى.

إِنْكِشَافٌ: ئاشكارا بولماق، ئېچىلىپ قالماق.

إِنْكَشَحَ يَنْكَشِحُ إِنْكِشَاحًا: تارقالدى، چېچىلدى، بوشاپ كەتتى.

إِنْكَشَطَ يَنْكَشِطُ إِنْكِشَاطًا جِلْدُهُ: تېرىسى سويۇلدى، شىلىندى.

إِنْكَشَفَ يَنْكَشِفُ إِنْكِشَافًا الشَّيْءُ: ئېچىلىپ قالدى، ئاشكارىلىنىپ قالدى، پاش بولدى.

إِنْكَشَفَتِ الْحَقِيْقَةُ: ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى، ھەقىقەت نامايەن بولدى.

إِنْكِفَاءٌ: تەتۈر قويۇلماق، ئاستىن - ئۈستۈن قويۇلماق؛ چېقىلماق، سۇنماق.

إِنْكَفَأَ يَنْكَفِئُ إِنْكِفَاءً عَنِ الشَّيْءِ: قايتتى، ياندى، يالتايدى.

إِنْكَفَأَ الْقَوْمُ: سۇندى، مەغلۇپ بولدى.

إِنْكَفَأَ اللَّوْنُ: رەڭ ئۆڭدى، رەڭ ئۆزگەردى.

إِنْكَفَسَتْ يَنْكَفِسُ إِنْكِفَاسًا رِجْلُهُ: پۇتى مايماق بولۇپ قالدى.

إِنْكَفَّ يَنْكَفُّ إِنْكِفَافًا عَنِ الْأَمْرِ: قايتتى، ۋاز كەچتى، يالتايدى.

إِنْكَفَّ عَنِ الْمَكَانِ: كۆچۈپ كەتتى.

إِنْكِمَاشٌ: قورۇلماق، تۈرۈلمەك، پۈرلەشمەك.

«حَصَلَ إِنْكِمَاشٌ إِثْرَالْأَزْمَةِ الْإِقْتِصَادِيَّةِ»: ئىقتىسادىي كرىزىستىن كېيىن قەغەز پۇلدا پاخاللىشىش يۈز بەردى.

إِنْكِمَاشِيٌّ: تار، قورۇق، قاتلاشقان، پۈرلەشكەن.

إِنْكَمَشَ يَنْكَمِشُ إِنْكِمَاشًا: تۈرۈلدى، قورۇلدى، پۈرلەشتى.

إِنْكَمَشَ الثَّوْبُ: كىيىم قاتلاشتى.

«إِنْكَمَشَ الْإِنْسَانُ عَلَى نَفْسِهِ»: خىلۋەتتە بولدى، خىلۋەتتە تۇگمىلىۋالدى.

إِنْكَمَشَ الْخَجُولُ: ئۇياتچان ئادەم قورۇندى.

«إِنْكَمَشَ الْقُمَاشُ بَعْدَ غَسْلِهِ»: رەخت يۇيۇلغاندىن كېيىن پۈرلىشىپ قالدى.

«يَنْكَمِشُ الْخَشَبُ عِنْدَمَا يَكُونُ جَافًّا»: ياغاچ قۇرۇغاندا قورۇلۇپ قالىدۇ.

إِنْمَاءٌ: ئۆستۈرمەك، كۆپەيتمەك، پەرۋىش قىلماق، تەرەققىي قىلدۇرماق.

مَشْرُوعَاتٌ إِنْمَائِيَّةٌ: تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى.

إِنْمَحَصَتْ يَنْمَحِصُ إِنْمِحَاصًا - تِ الشَّمْسُ: كۈن تۇتۇلغاندىن كېيىن ئېچىلدى.

إِنْمَحَقَ يَنْمَحِقُ إِنْمِحَاقًا النَّبَاتُ: ئوت - چۆپ قۇرۇپ كەتتى، خازان بولدى.

إِنْمَحَى يَنْمَحِي إِنْمِحَاءً: ئۆچۈرۈلدى، يوقالدى، سۈرتىلدى.

أَنْمَرُ م نَمْرَاءُ ج نُمْرٌ و نَمْرَوَاتٌ: چېكىتلىك.

فَرَسٌ أَنْمَرُ: چىپار ئات، تاغىل ئات.

إِنْمَسَحَ يَنْمَسِحُ إِنْمِسَاحًا الشَّيْءُ: (ئۈستىدىكى) نەرسە چۈشۈپ كەتتى.

إِنْمَسَخَ يَنْمَسِخُ إِنْمِسَاخًا الْعَضُدُ: بىلىكى ياداپ كەتتى، جۇدەپ كەتتى.

أَنْمَشُ م نَمْشَاءُ ج نُمْشٌ و نَمْشَوَاتٌ: سەپكۈنلۈك.

أَنْمُلَةٌ ج أَنَامِلُ: بارماق ئۇچى.

«وَإِذَاخَلَوْا عَضُّوا عَلَيْكُمُ الْأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ» ‹قرآن›: ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ.

«لَمْ يَتَقَدَّمْ قَيْدَ أَنْمُلَةٍ» : جايىدىن قىمىرلىمىدى.

إِنْمَلَسَ يَنْمَلِسُ إِنْمِلاَسًا : قېچىپ كەتتى، غىپپىدە ئىككىۋەتتى.

إِنْمَلَصَ يَنْمَلِصُ إِنْمِلاَصًا الشَّيْءُ: سىرىلدى، تېيىلدى، سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

إِنْمَهَكَ يَنْمَهِكُ إِنْمِهَاكًا : يانجىلدى، سوقۇلدى، ئېزىلدى، مىجىلدى.

أُنْمُوذَجٌ ج نَمَاذِجُ: نەمۇنە، ئۈلگە، ئۆرنەك، ئەۋرىشكە، نۇسخا.

«يُعْتَبَرُ الْقُرْآنُ أُنْمُوذَجَ الْكَلاَمِ الْمُبِيْنِ» : قۇرئان كەرىم روشەن سۆزلەر ئۈلگىسى ھېساپلىنىدۇ.

«تَجِدُ فِي مَخْزَنِ التَّاجِرِ نَمَاذِجَ مِنَ السِّلَعِ الَّتِي يَتَاجِرُ بِهَا» : تىجارەتچىنىڭ ئامبىرىدا ئۇ تىجارەت قىلىدىغان ماللارنىڭ نۇسخىسىنى بايقايسەن.

أُنْمُوذَجِيٌّ: ئۈلگىگە تەۋە، نەمۇنىگە تەۋە، نەمۇنىغا ئائىت.

«هُوَ أُنْمُوذَجِيٌّ فِي عَمَلِهِ» : ئۇ ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئۈلگىدۇر.

أَنْمَى يُنْمِي إِنْمَاءً الشَّيْءَ: ئۆستۈردى، ئاشۇردى، كۆپەيتتى.

أَنْمَى الْكَرَمُ: تەك شۇڭ چىقاردى، شۇڭ تارتتى.

أَنْمَى ثَرْوَتَهُ: بايلىقىنى ئاشۇردى.

أَنْمَى الْحَدِيْثَ: سۆز ـ چۆچەكلەش قىلدى، گەپ توشۇدى.

«أَنْمَى الْمُخَطَّطُ إِقْتِصَادَ الْبِلاَدِ» : پىلان خەلق ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

أَنَّ يَئِنُّ أَنِيْنًا و أَنًّا و أَنَانًا و تَأْنَانًا: ئىڭىردى، نالە قىلدى.

أَنَّ الْمَرِيْضُ: كېسەل ئىڭىردى.

أَنَّ: مەسدەر خاراكتېرىدىكى كۈچەيتىش قوشۇمچىسى.

«عَلِمْتُ أَنَّ صَدِيْقَكَ يَسَاعِدُكَ» دوستۇڭنىڭ ساڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

عَلَى أَنَّ: (مەلۇم شەرت ئاساسىدا) شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن، بەلكى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

أَنَّ: تەكىتلەش ئۈچۈن بولۇپ، جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ.

«فَقَدَ بَصَرَهُ وَهُوَ طِفْلٌ عَلَى أَنَّ ذَلِكَ لَمْ يَمْنَعْهُ مِنْ مُوَاصَلَةِ الدِّرَاسَةِ» : ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىلا كۆزىدىن ئايرىلغان، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى توسۇپ قالالمىدى.

«بِمَا أَنَّكَ لَمْ تَحْضُرْ فِي الْمَوْعِدِ قَرَّرْنَا تَأْجِيْلَ النَّظَرِ فِي طَلَبِكَ إِلَى الْإِجْتِمَاعِ الْقَادِمِ» : سېنىڭ كېلىشكەن ۋاقىتتا كەلمىگەنلىكىڭگە ئاساسەن، سېنىڭ ئىلتىماسىڭغا كېلەركى يىغىندا كېچىكتۈرۈپ قاراپ چىقىرىشنى قارار قىلدۇق.

«عَلِمْتُ أَنَّ الْوَفْدَ قَادِمٌ غَدًا» : مەن ئۆمەكنىڭ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى بىلدىم.

بِمَا أَنَّ: ... ئۈچۈن، ... قاراپ.

إِلَى أَنَّ: غىچە، گىچە.

بِدُونِ أَنَّ. مِنْ غَيْرِ أَنَّ. لَكِنَّ: ئەمما، ھالبۇكى.

«يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ» «قرآن» : ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھدۇر.

إِنَّ: چوقۇم، ھەقىقەتەن، شەكسىز.

إِنَّمَا: پەقەت، بىراق، يالغۇز... لا.

إِنَّ: تەكىتلەش كۈچەيتىش قوشۇمچىسى بولۇپ، جۈملە بېشىدا كېلىدۇ.

«إِنَّ اللَّهَ لَعَلِيْمٌ حَلِيْمٌ» «قرآن» : ئاللاھ ھەقىقەتەن بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر.

«إِنَّهُمْ يَسِيْرُونَ عَلَى خُطَّةٍ مَدْرُوسَةٍ و إِلاَّ لَمَا حَقَّقُوا هَذَا النَّجَاحَ الْبَاهِرَ» : ئۇلار پىلان بويىچە ئىش كۆرىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇلار بۇنداق نەتىجە قازىنالمايدۇ.

إِنَّ: گۇمان قىلىشقا يول قالمايدىغان سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ.

«وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً» «قرآن» : ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن» دېدى.

إِنَّ: جۈملە بېشىدا كېلىدىغان أَلاَ سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ.

«أَلاَ إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللّٰهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَهُمْ يَحْزَنُونَ» «قۇرئان»: راستىنلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا قورقۇش، قايغۇرۇش يوقتۇر.

إِنَّ: «كَلاَّ» سۆزىدىن كېيىنلا كېلىدۇ.

«كَلاَّ إِنَّهَا تَذْكِرَةٌ» «قۇرئان»: ياق مۇقەررەركى ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.

«اِجْلِسْ حَيْثُ إِنَّ الْجُلُوسَ رَاحَةٌ»: ئولتۇرۇش راھەت بولغان يەردە ئولتۇر.

إِنَّ: قەسەمدىن كېيىن كېلىدۇ.

«وَاللّٰهِ إِنِّي أَرَدْتُ لَكَ الْخَيْرَ»: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن ياخشى نىيەتتە بولدۇم.

إِنَّ «نَعَمْ»: سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ.

«نَعَمْ إِنَّكَ عَلَى الْحَقِّ»: شۇنداق، سەن ھەقىقەت ئۈستىدىسەن.

أَنَّانٌ: كۆپ پەرياد چەككۈچى.

أَنَّبَ يُؤَنِّبُ تَأْنِيبًا: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

أَنَّبَ ضَمِيْرُهُ: ۋىجدان جەھەتتىن ئازابلاندى، ۋىجدان ئازابىغا قالدى.

أَنَّةٌ ج أَنَّاتٌ: نالە ـ پەرياد.

«كُنْتَ لاَ تَسْمَعُ بَعْدَ وُقُوعِ الْكَارِثَةِ إِلاَّ الأَنَّاتَ وَالآهَاتَ»: ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاھ ـ ئۇھتىن باشقا نەرسىنى ئاڭلىمايسەن.

أَنَّثَ يُؤَنِّثُ تَأْنِيثًا: مۇئەننەس قىلىپ قويدى، ئايال قىلىپ قويدى.

أَنَّثَ الْكَلِمَةَ: سۆزگە مۇئەننەس ئالامىتىنى قوشتى.

أَنَّسَ يُؤَنِّسُ تَأْنِيسًا الشَّخْصَ: مۇلايىم مۇئامىلە قىلدى، يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمىدى، ياتسىراتمىدى.

أَنَّقَ يُؤَنِّقُ تَأْنِيقًا الشَّيْءَ: گۈزەللەشتۈردى، نەپىس قىلدى، چىرايلىق قىلدى.

أَنَّى يُؤَنِّي تَأْنِيَةً: يېقىن بولدى، ئاز قالدى، يېقىنلاشتى.

أَنَّى: نەدە، قەيەردە، قەيەردىن، قاچان (سوراق ئالماش) قەيەر قانداق، قانداق ۋاقىتتا، قانداقمۇ.

«قَالَ رَبِّي أَنَّى يَكُونُ لِيْ غُلاَمٌ وَقَدْ بَلَغَنِيَ الْكِبَرُ وَامْرَأَتِي عَاقِرٌ» «قۇرئان»: ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغۇتتىن قالغان تۇرسا قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى.

«قَالَ يَامَرْيَمُ أَنَّى لَكِ هَذَا قَالَتْ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللّٰهِ» «قۇرئان»: ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دېيىتتى، مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى» دېيىتتى.

«فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّي شِئْتُمْ» «قۇرئان»: ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە (ۋاقىتتا) كېلىڭلار.

«أَنَّي تَبْحَثْ تَجِدْ فَائِدَةً»: ئەگەر سەن قەيەردىن ئىزدىسەڭ، شۇ يەردە پايدىنى بايقايسەن.

«كَانَ يُرِيْدُ أَنْ يُعْلِنَ عَنْ آرَائِهِ وَلَكِنْ أَنَّى لَهُ ذَلِكَ وَالرِّقَابَةُ تُسَيْطِرُ عَلَى مَا يَنْشُرُ»: ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلماقچى ئىدى، مەتبۇئات تەكشۈرۈشى قاتتىق تۇرسا، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

«أُدْرُسْ أَنَّى اتَّفَقَ لَكَ»: توغرا كەلگەن يەردە ئۆگىنىۋەرگىن.

اِنْهَارَ يَنْهَارُ اِنْهِيَارًا الْبِنَاءُ: بىنا ئۆرۈلدى، ۋەيران بولدى، يىقىلدى.

اِنْهَارَتِ الثُّلُوجُ: قار ئېرىپ كەتتى.

اِنْهَارَتْ قُوَاهُ مِنْ مَرَضٍ: كېسەلدىن ھالسىزلاندى.

اِنْهَاكٌ: ھارغۇزۇۋېتىمەك، چارچىتىۋېتىمەك، ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىمەك.

اِنْهَاكٌ عَصَبِيٌّ: نېرۋىنىڭ چارچىشى.

اِنْهَالَ يَنْهَالُ اِنْهِيَالاً الشَّيْءُ: چۈشتى، تۆكۈلدى، تاشلاندى.

«اِنْهَالَتِ الْحِجَارَةُ مِنَ الْجَبَلِ»: تاغدىن تاش دومىلىدى.

أَنْهَبَ يُنْهِبُ إِنْهَابًا الشَّيْءَ: بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇردى.

اِنْهَبَدَ يَنْهَبِدُ اِنْهِبَادًا: يىقىلدى، يىقىلىپ

چۈشتى، غۇلاپ چۈشتى.

إِنْهَبَطَ يَنْهَبِطُ إِنْهِبَاطًا: كېمەيدى، تۆۋەنلىدى، چۈشتى، پەسلىدى.

أَنْهَجَ يُنْهِجُ إِنْهَاجًا الْأَمْرَ: چۈشەندۈردى، ئىزاھات بەردى، شەرھلىدى.

أَنْهَجَ الْأَمْرُ: ئېنىق بولدى، روشەن بولدى، چۈشىنىشلىك بولدى.

أَنْهَجَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى مىنىپ هالسىرىتىۋەتتى.

أَنْهَكَ يُنْهِكُ إِنْهَاكًا ـ ہُ الْعَمَلُ: ئەمگەك ئۇنى چارچىتىۋەتتى.

أَنْهَكَهُ الْحُمَّى: قىزىتما ئۇنى هالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

إِنْهَبَلَ يَنْهَبِلُ إِنْهِبَالًا: گاڭگىراپ قالدى، تېڭىرقاپ قالدى.

إِنْهَتَكَ يَنْهَتِكُ إِنْهِتَاكًا: پارچىلاندى، يىرتىلدى.

إِنْهَجَمَ يَنْهَجِمُ إِنْهِجَامًا: غۇلاپ چۈشتى، ئۆرۈلدى، يىقىلدى.

إِنْهَجَمَ الدَّمْعُ: ياش ئاقتى.

إِنْهَجَمَ الرَّجُلُ: ئاجىزلاشتى، هالسىرىدى، دەرمانسىزلاندى، بوشاشتى.

إِنْهَدَّ يَنْهَدُّ إِنْهِدَادًا: غۇلىدى، يىقىلدى؛ ئۆرۈلدى، هالسىرىدى، زەئىپلەشتى.

إِنْهَدَّتْ صِحَّتُهُ: سالامەتلىكى ئاجىزلاشتى.

إِنْهَدَمَ يَنْهَدِمُ إِنْهِدَامًا: غۇلىدى، ئۆرۈلدى، يىقىلدى؛ بۇزۇلدى، ۋەيران بولدى.

إِنْهَرَسَ يَنْهَرِسُ إِنْهِرَاسًا: يانجىلدى، پاچاقلاندى.

إِنْهَرَى يَنْهَرِي إِنْهِرَاءً: يىرتىلدى، چىرىدى، تىتىلىپ كەتتى.

أَنْهَزَ يُنْهِزُ إِنْهَازًا ـ ہُ: ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

إِنْهِزَامٌ: يېڭىلماق، مەغلۇپ بولماق، سۇنماق، پاچاقلانماق.

إِنْهِزَامِيٌّ ج إِنْهِزَامِيُّونَ: مەغلۇبىيەتچىلىك، مەغلۇبىيەتچىلىكنىڭ.

«كَثُرَ الشُّبَّانُ الْإِنْهِزَامِيُّونَ فِي الْغَرْبِ»: غەربتە مەغلۇبىيەتچىل ياشلار كۆپەيدى.

إِنْهِزَامِيَّةٌ: مەغلۇبىيەتچىلىك مەيدانى، مەغلۇبىيەتچىلىك روھى، تەسلىمچىلىك روھى.

لَهُ آرَاءٌ إِنْهِزَامِيَّةٌ: ئۇنىڭ تەسلىمچىلىك ئىدىيىسى بار.

إِنْهَزَمَ يَنْهَزِمُ إِنْهِزَامًا: سۇندى، مەغلۇپ بولدى.

إِنْهَزَمَ الْجَيْشُ: قوشۇن يېڭىلدى.

إِنْهَشَمَ يَنْهَشِمُ إِنْهِشَامًا: ئۇشتۇلدى، سۇندى، پاچاقلاندى.

إِنْهَصَرَ يَنْهَصِرُ إِنْهِصَارًا: سۇندۇرۇلدى، ئۇشتۇلدى.

إِنْهَصَرَ الْأَسَدُ فَرِيسَتَهُ: يولۋاس ئولجىسىنى پارچىلىۋەتتى.

أَنْهَضَ يُنْهِضُ إِنْهَاضًا الرَّجُلَ: تۇرغۇزدى، قوپقۇزدى.

«أَنْهَضَ الرِّيْحُ السَّحَابَ»: شامال بۇلۇتنى سۈردى.

إِنْهَضَمَ يَنْهَضِمُ إِنْهِضَامًا: هەزىم بولدى، سىڭدى.

أَنْهَلَ يُنْهِلُ إِنْهَالًا الْعَطْشَانَ: چاڭقاقنى قانغىچە سۇغاردى، ئۇسسىغان ئادەمنى سۇغۇرۇپ سىراپ قىلدى.

إِنْهَلَكَ يَنْهَلِكُ إِنْهِلَاكًا: جان تىكتى، جان پىدا قىلدى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلىدى.

إِنْهَلَّ يَنْهَلُّ إِنْهِلَالًا الْمَطَرُ: يامغۇر شارقىراپ ياغدى.

إِنْهَلَّتِ الْعَيْنُ: ياش قۇيۇلدى، ياش تۆكۈلدى.

إِنْهِمَاكٌ: بېرىلىپ ئىشلىمەك، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك.

بِإِنْهِمَاكٍ: پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، پۈتۈنلەي بېرىلىپ.

إِنْهَمَرَ يَنْهَمِرُ إِنْهِمَارًا الْمَاءُ: سۇ شارقىراپ ئاقتى.

«إِنْهَمَرَتْ دُمُوعُهُ مِنْ شِدَّةِ الْحُزْنِ»: قاتتىق قايغۇدىن ياشلىرى تۆكۈلدى.

إِنْهَمَكَ يَنْهَمِكُ إِنْهِمَاكًا فِي الْأَمْرِ: باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى، بېرىلىپ ئىشلىدى.

«إِنْهَمَكَ فِي تَأْلِيفِ الْكِتَابِ»: كىتاب يېزىشقا بېرىلىپ كەتتى.

إِنْهَوَسَ يَنْهَوِسُ إِنْهِوَاسًا: نېرۋىسىدىن ئازدى، ئالجىپ قالدى.

إِنْهَوَى يَنْهَوِي إِنْهِوَاءً: چۈشۈپ كەتتى، تۆۋەنلىدى، يىقىلدى، پەسلىدى.

أَنْهَى يُنْهِي إِنْهَاءَ الشَّيْءَ: تاماملىدى، ئاخىرلاشتۇردى، تۈگەتتى.

أَنْهَى إِلَيْهِ الْخَبَرَ: خەۋەرنى يەتكۈزدى، خەۋەرنى ئۇقتۇردى.

أَنْهَى عَنِ الشَّيْءِ: توسۇلدى، چەكلەندى.

«أَنْهَى دَرْسَهُ» : دەرسنى تۈگەتتى.

«أَنْهَى عَنْ شُرْبِ الْخَمْرِ» : هاراقتىن چەكلەندى.

إِنْهِيَارٌ: يىمىرىلمەك، خانىۋەيران بولماق، ئۆرۈلۈپ چۈشمەك.

إِنْهِيَارُ الْأَسْعَارِ: باها بىردىنلا چۈشۈپ كەتمەك.

إِنْهِيَارٌ عَصَبِيٌّ: نېرۋا ئاجىزلىق.

أُصِيبَ بِانْهِيَارٍ عَصَبِيٍّ: نېرۋا ئاجىزلىق كېسەلىگە مۇپتىلا بولدى.

أُنُوثَةٌ: ئاياللىققا خاس سۈپەت، ئاياللىق.

«تَأْبَي الْمَرْأَةُ الْوَاعِيَةُ أَنْ تَكُونَ أُنُوثَتُهَاوَسِيْلَةً لِتَقَدُّمِهَا فِي الْمُجْتَمَعِ» : ئاڭلىق ئايال ئۆزىنىڭ ئاياللىق سۈپەتلىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئىلگىرىلەشىنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ قېلىشىدىن باش تارتىدۇ.

أَنْوَرَ يُنْوِرُ إِنْوَارًا الشَّيْءُ: ئاشكارا بولدى، ئوچۇق بولدى.

أَنُوقٌ ج أُنُقٌ: ئار - نومۇسلۇق، غۇرۇرى بار.

أَنُوقٌ: غىجىر سالۋا؛ تاز قارا؛ قۇماي.

أَعَزُّ مِنْ بَيْضِ الْأَنُوقِ: خورازنىڭ تۇخۇمىدىنمۇ ئەتىۋا.

أَنَى يَأْنِي أَنْيًا وَإِنًى: يېقىنلاشتى، يېقىن بولدى، ئاز قالدى.

أَنَى رَجُلٌ: مۇلايىملاشتى، تەمكىن بولدى.

أَنَى النَّبَاتُ: زىرائەت پىشتى، يېتىلدى.

«أَلَمْيَأْنِلِلَّذِيْنَآمَنُواأَنْ تَخْشَعَقُلُوبُهُمْ» «قرآن» : مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟

أَنَى: كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

أَنًى ج آنَاءٌ: ۋاقىت، چاغ.

آنَاءَ اللَّيْلِ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ: كېچە - كۈندۈز، كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ.

أَنِيْكٌ: ئوماق، گۈزەل، سۆيۈملۈك.

أَنِيْسٌ: كۆيۈمچان، خۇشخۇي، ئۇلپەت؛ ئەھەدى.

أَنِيْقٌ: نەپىس، گۈزەل، چىرايلىق.

غُرْفَةٌ أَنِيْقَةُ الْأَثَاثِ: سەرەمجانلىرى رەتلىك، ئوبدان، چىرايلىق ئۆي.

أَنِيْنٌ: ئىڭراش، نالە - پەرياد قىلىش، ئاھ ئۇرۇش.

أُهْ: ۋايجان، ۋايىەي، ئاھ.

أَهَابَ يُهِيبُ إِهَابَةً الرَّاعِي بِغَنَمِهِ: قويچى قويلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن توۋلىدى.

أَهَابَ بِصَاحِبِهِ إِلَى كَذَا: چاقىردى، دەۋەت قىلدى، مۇراجىئەت قىلدى.

إِهَابٌ: تېرە، خام تېرە.

إِهَابٌ «فى الاصطلاح العلمى» : سىرتقى پوستى.

كَادَ الْفَرَسُ يَخْرُجُ مِنْ إِهَابِهِ: ئات ئۇچقاندەك يۈگۈردى، ئات جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈردى.

أَهَاجَ يُهِيجُ إِهَاجَةً - هُ: قوزغىدى، قۇتراتتى.

أَهَاجَتِ الرِّيْحُ النَّبْتَ: شامال ئۆسۈملۈكنى قۇرۇتىۋەتتى.

أَهَالَ يُهِيلُ إِهَالَةً: ئېگىزدىن پەسكە ئىتتەردى.

أَهَالَ عَلَيْهِ الرَّمْلَ: ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمنى چاچتى.

أَهَانَ يُهِينُ إِهَانَةً: هاقارەتلىدى، خورلىدى.

أَهَانَ الْجُنْدِيُّ الْأَسِيْرَ: ئەسكەر ئەسىرنى خورلىدى.

«وَأَمَّا إِذَا مَاابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَهَانَنِ» «قرآن» : پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ.

«أَهَانَنِي إِهَانَةً لَمْ أَقْبَلْهَا» : مېنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدە خورلىدى.

أَهَبَّ يُهِبُّ إِهْبَابًا: تەييارلاندى، تەييارلىق

قىلدى.

أَهَبَّ اللّٰهُ الرِّيْحَ: ئاللاھ تائالا شامال چىقاردى.

أَهَبَّهُ مِنْ نَوْمِهِ: ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

أُهْبَةٌ: تەييارلىق، ھازىرلىق.

أُهْبَةُ السَّفَرِ: سەپەرگە چىقىش تەييارلىقى.

أُهْبَةُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش تەييارلىقى.

«أَخَذَ لِلْأَمْرِ أُهْبَتَهُ»: ئۇ ئىشقا ئۇچۇن تەييارلىق قىلىپ قويدى.

أَهْبَرُ: گۆشلۈك، خام سېمىز.

أَهْبَطَ يُهْبِطُ إِهْبَاطًا ــ هُ: چۈشۈردى، پەسەيتتى، تۆۋەنلەتتى.

أَهْبَطَ الثَّمَنَ: باھانى كېمەيتتى، باھانى چۈشۈردى.

«أَهْبَطَ الْعُمَّالُ الْبِضَاعَةَ مِنَ الْبَاخِرَةِ»: ئىشچىلار مالنى پاراخوتتىن چۈشۈردى.

«أَهْبَطَتِ الْحُكُومَةُ ثَمَنَ الزَّيْتِ»: ھۆكۈمەت ماي باھاسىنى چۈشۈردى.

أَهْبَلُ م هَبْلَاءُ ج هُبْلٌ: دۆت، مەتۇە، گالۋاڭ.

اِهْتَابَ يُهْتَابُ اِهْتِيَابًا: قورقتى، ۋەھىمە باستى، ئەيمەندى.

اِهْتَاجَ يَهْتَاجُ اِهْتِيَاجًا: روھلاندى، ھاياجانلاندى.

اِهْتَاجَ الْفُقَرَاءُ: كەمبەغەللەر قوزغالدى.

اِهْتَبَلَ يَهْتَبِلُ اِهْتِبَالًا: كەسىپ قىلدى.

اِهْتَبَلَ الْفُرْصَةَ: پۇرسەتتىن پايدىلاندى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى.

اِهْتَبَلَ بِـ: كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى.

اِهْتَبَلَ الصَّيْدَ: ئوۋنى ئالداپ تۇتتى.

اِهْتَبَلَ الشَّخْصَ: قايغۇردى.

«اِهْتَبَلَ عَلَى فَقْدِ أُمِّهِ»: ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇردى.

«اِهْتَبَلَ فُرْصَةَ انْخِفَاضِ الْأَسْعَارِ فَاشْتَرَى دَارًا»: باھانىڭ تۆۋەنلىگەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قورۇ سېتىۋالدى.

اِهْتِدَاءٌ: ھىدايەت تاپماق، توغرا يول تاپماق، ھىدايەت تەلەپ قىلماق.

اِهْتِدَاءٌ بِـ: چىڭ تۇتماق، ئەمەل قىلماق، قوللانما قىلىۋالماق.

اِهْتَدَبَ يَهْتَدِبُ اِهْتِدَابًا الثَّمَرَةَ: مېۋە يىغدى، مېۋە ئۈزدى.

اِهْتَدَى يَهْتَدِي اِهْتِدَاءً الرَّجُلُ: توغرا يول ئىزدىدى، ھىدايەت تاپتى.

اِهْتَدَى إِلَى الطَّرِيْقِ: توغرا يولنى تونىدى.

«مَنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدِي لِنَفْسِهِ» ‹قرآن›: كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ.

«اِهْتَدَى بِتَعَالِيْمِ الْإِسْلَامِ»: ئىسلام تەلىماتى بىلەن ھىدايەت تاپتى.

«اِهْتَدَى إِلَى الطَّرِيْقِ الْمُوصِلَةِ إِلَى الْبَحْرِ»: دېڭىزغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى تاپتى.

«اِهْتَدَى بِآرَاءِ أَسَاتِذَتِهِ»: ئۇستازلىرىنىڭ پىكرى بىلەن توغرا يولنى تونىدى.

أَهْتَرَ يُهْتِرُ إِهْتَارًا الرَّجُلُ: ئەقلىنى يوقاتتى.

أُهْتِرَ الرَّجُلُ: ئاقساقاللىق قىلدى، بىلەرمەنلىك قىلدى.

اِهْتَرَشَ يُهْتَرِشُ اِهْتِرَاشًا: چىشلەشتى، تالاشتى.

اِهْتَرَعَ يَهْتَرِعُ اِهْتِرَاعًا الْعُودَ: ياغاچنى سۇندۇردى، كۇشتىدى.

اِهْتِزَازٌ ج اِهْتِزَازَاتٌ: تەۋرىمەك، لىڭشىماق، سىلكىنمەك، تىترىمەك، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى.

اِهْتِزَازَاتٌ صَوْتِيَّةٌ: ئاۋازنىڭ تىترىشى.

اِهْتِزَازَاتُ الْأَرْضِ عِنْدَ الزِّلْزَالِ: يەر تەۋرىگەندە يەرنىڭ سىلكىنىشى.

اِهْتِزَازِيٌّ: ھەرىكەتلىنىشكە تەۋە، مىدىرلاشقا ئائىت.

مَوْجَاتٌ اِهْتِزَازِيَّةٌ: تەۋرەش دولقۇنلىرى.

حَرَكَةٌ اِهْتِزَازِيَّةٌ: تەۋرەش ھەرىكىتى.

اِهْتَزَّ يَهْتَزُّ اِهْتِزَازًا الشَّيْءُ: مىدىرلىدى، ھەرىكەتلەندى، تىترىدى جانلاندى.

اِهْتَزَّتِ الْأَرْضُ: زېمىن (ئۆسۈملۈكنى) ئۆستۈردى.

«فَلَمَّا رَآهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَانٌّ وَلَّى مُدْبِرًا» ‹قرآن›:

مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى.

«فَإِذَاأَنْزَلْنَاعَلَيْهَاالْمَاءَاهْتَزَّتْوَرَبَتْ» (قرآن): ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىيىشىدۇ.

اِهْتَزَّ إِلَيْهِ قَلْبُهُ: قەلبى ئۇنىڭغا تەلپۈندى، قىزىقتى.

اِهْتَزَّ الشَّخْصُ لِكَذَا: خۇشاللاندى، مەمنۇن بولدى.

اِهْتَزَّ فَرَحًا: خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

اِهْتَزَّ قَلْبُهُ فَرَحًا: خۇشاللىقتىن قەلبى يايراپ كەتتى.

اِهْتَصَرَ يَهْتَصِرُ اِهْتِصَارًا الْغُصْنَ: شاخ سۇنۇپ كەتتى، شاخ ئۈشتۈلۈپ كەتتى.

اِهْتَصَرَ الشَّيْءَ: سۇندۇردى، پاچاقلىدى.

اِهْتَصَرَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى چاتىدى.

اِهْتَضَمَ يَهْتَضِمُ اِهْتِضَامًا ـ هُ: ئۇنى خورلىدى، بوزەك قىلدى، زۇلۇم قىلدى، يەۋالدى.

اِهْتَضَمَ حَقَّ الْيَتِيمِ: يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋالدى.

اِهْتَقَّ يَهْتَقُّ اِهْتِقَاقًا: يالتىرىدى، چاقنىدى، ۋاللىدى، جىلۋىلەندى.

اِهْتَقَّ أُذُنُهُ: قۇلىقى غوڭۇلدىدى.

اِهْتَلَكَ يَهْتَلِكُ اِهْتِلاَكًا: (ئۆزىنى) ھالاكەتكە تاشلىدى، (ئۆزىنى) ھالاك قىلدى.

اِهْتَلَكَ الشَّيْءُ: ھالاك بولدى.

اِهْتَلَّ يَهْتَلُّ اِهْتِلاَلاً الْوَجْهُ: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

أَهْتَمُ م هَتْمَاءُ ج هُتْمٌ وَ هَتْمَوَاتٌ: ئۇدۇل چىشى چۈشۈپ كەتكەن، ئۇدۇل چىشى سۇنۇپ كەتكەن، كومىلاك.

اِهْتِمَامٌ ج اِهْتِمَامَاتٌ: كۆڭۈل بۆلۈش، دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قاراش، ئەھمىيەت بېرىش.

لَهُ اهْتِمَامَاتٌ أَدَبِيَّةٌ: ئۇ ئەدەبىياتقا قىزىقىدۇ.

بِمَزِيدِ الْاِهْتِمَامِ: زور قىزغىنلىق بىلەن، ئىنتىزار، تەشنا بولۇپ، ئىشتىياق باغلاپ.

بِلاَ اِهْتِمَامٍ: پەرۋاسىزلىق، سۇسلۇق.

عَدَمُ اِهْتِمَامٍ: سوغۇق مۇئامىلە قىلماق.

عَدِيمُ الْاِهْتِمَامِ: پەرۋاسىز، بىغەم، سۇس.

اِهْتَمَّ يَهْتَمُّ اِهْتِمَامًا: ئەندىشە قىلدى، ئەنسىرىدى، تەشۋىشلەندى، پەرىشان بولدى.

اِهْتَمَّ الشَّخْصُ بِالْأَمْرِ: غەمخورلۇق قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى.

اِهْتَمَّ لِفَقْدِ صَدِيقِهِ: دوستىدىن ئايرىلغانلىقىغا قايغۇردى.

«يَهْتَمُّ أَحْمَدُ بِالْأُمُورِ الْمُحِيطَةِ بِهِ»: ئەھمەد ئەتراپىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

اِهْتَوَى يَهْتَوِى اِهْتِوَاءً إِلَى: ئىشارەت قىلدى، كۆرسەتتى.

أَهْجَأَ يُهْجِئُ إِهْجَاءً جُوْعَهُ: ئاچلىقىنى بېسىقتۇردى.

أَهْجَدَ يُهْجِدُ إِهْجَادًا الرَّجُلُ: ئۇخلىدى.

أَهْجَدَ غَيْرَهُ: ئۇخلاتتى.

أَهْجَرَ يُهْجِرُ إِهْجَارًا الشَّخْصُ: پىژغىرىم ئىسسىقتا ماڭدى.

أَهْجَرَ فِي مَنْطِقِهِ: قالايمىقان سۆزلىدى، ئېگىز ـ پەس گەپ قىلدى.

أَهْجَعَهُ يُهْجِعُ إِهْجَاعًا: تىنجىتتى، بېسىقتۇردى، ئارام ئالدۇردى، ئۇخلاتتى، ئۇخلاتقۇزدى.

أَهْجَعَهُ الْجُوعُ: ئاچلىق ئۇنى جىمىقتۇرۇۋەتتى.

أَهْجَمَ يُهْجِمُ إِهْجَامًا: ھۇجۇم قىلدۇردى، قوزغاتتى.

أَهْجَنَ يُهْجِنُ إِهْجَانًا الْبِنْتَ: قىزنى كىچىكلا ئەرگە بېرىۋەتتى.

أُهْجُوَّةٌ ج أَهَاجِيُّ: ھەجۋىي ماقالە، ھەجۋىي شېئىر.

أَهْجَى يُهْجِي إِهْجَاءً الْقَوْلَ: ھەجۋىي دەپ بايقىدى.

أُهْجِيَّةٌ ج أَهَاجِيُّ: ھەجۋىي ماقالە، ھەجۋىي شېئىر.

إِهْدَاءٌ: ھەدىيە قىلماق، سوۋغات قىلماق، تەقدىم قىلماق.

أَهْدَأَ يُهْدِئُ إِهْدَاءً الشَّيْءَ: تىنچلاندۇردى، جىمىقتۇردى، بېسىقتۇردى.

أَهْدَأَ الشُّوْعَةَ: سۇرئەتنى ئاستىلاتتى.

أَهْدَأَ بَالَهُ: خاتىرجەم قىلدى، كۆڭلىنى تىندۇردى.

«أَهْدَأَ الْمُعَلِّمُ ضَجِيْجَ التَّلَامِيْذِ» : ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى بېسىقتۇردى.

أَهْدَبُ م هَدْبَاءُ ج هُدْبٌ: ئۇزۇن كىرپىكلىك، كىرپىكلىرى ئۇزۇن.

هُوَ أَهْدَبُ الْعَيْنَيْنِ: ئۇ كىرپىكلىرى ئۇزۇن ئادەم.

أَهْدَرَ يُهْدِرُ إِهْدَارًا دَمَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ خۇنىنى تۆكتى، ناھەق ئۆلتۈردى.

أَهْدَرَ حَقَّهُ: ئۇنىڭ ھەققىگە دەخلى - تەرۇز قىلدى، چېقىلدى، تاجاۋۇز قىلدى.

أَهْدَرَ الشَّيْءَ: بىكار قىلىۋەتتى، ئەمەلدىن قالدۇردى.

أَهْدَرَ كَرَامَةَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى.

أَهْدَفَ يُهْدِفُ إِهْدَافًا إِلَى: نىشانلىدى، مەقسەت قىلدى، كۆزلىدى، ئىنتىلدى، قارىغا ئالدى.

أَهْدَفَ الشَّخْصُ: يېقىن بولدى، يېقىنلاشتى.

أَهْدَفَ الشَّخْصُ إِلَيْهِ: سىغىندى، ئىنتىلدى، كۆزلىدى، ئىلتىجا قىلدى.

أَهْدَفَ الشَّخْصُ عَلَى الْمُرْتَفِعِ: ئېگىزلىككە چىقتى.

أَهْدَفَ لَهُ: قارشى ئالدى، يۈزلەندى.

أَهْدَفَ فُلَانٌ لِلْخَمْسِينَ: پالانى ئەللىككە يېرىپ قالدى، پالانى ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالدى.

إِهْدَوْدَرَ يَهْتَوْدِرُ إِهْدِيدَارًا الْمَطَرُ: يامغۇر قۇيۇلدى.

أَهْدَى يُهْدِي إِهْدَاءً إِلَيْهِ: سوۋغا ئەۋەتتى.

أَهْدَى الْهَدِيَّةَ: سوۋغا تەقدىم قىلدى.

«أَهْدَى الْأَبُ لِابْنَتِهِ كِتَابًا بِمُنَاسَبَةِ نَجَاحِهَا فِي الْإِمْتِحَانِ» : ئاتا قىزىغا ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن كىتاب تەقدىم قىلدى.

أَهْذَرَ يُهْذِرُ إِهْذَارًا الشَّخْصُ فِي كَلَامِهِ: جۆيلىدى، بىلجىرلىدى، قالايمىقان گەپ قىلدى.

مَنْ أَكْثَرَ أَهْذَرَ: گەپنى تولا قىلغان ئادەمنىڭ تۇتامى يوق.

إِهْرَاقٌ: ئاقماق؛ ئاقتۇرماق، تۆكمەك.

أَهْرَامٌ ج أَهْرَامَاتٌ: ئېھرام، پىرامىدا.

أَهْرَامُ مِصْرَ: مىسىرنىڭ ئېھراملىرى.

اَلْأَهْرَامُ: ئېھرام مۇنارى.

أَهْرَأَ يُهْرِئُ إِهْرَاءً الرَّجُلُ: قالايمىقان گەپ قىلدى، تاقا - تۇقا گەپ قىلدى.

أَهْرَأَ الْبَرْدُ فُلَانًا: سوغۇقتىن ئۆلەي دەپ قالدى.

أَهْرَأَ اللَّحْمَ: گۆشنى ئوبدان پىشۇردى.

أَهْرَعَ يُهْرِعُ إِهْرَاعًا الرَّجُلُ: ئالدىرىدى، يۈگۈردى.

أُهْرِعَ الرَّجُلُ: تېز ماڭدى، چاپتى، غەزەپ، قورقۇنچ، ئاجىزلىق ۋە قىزىتما قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن تىترىدى.

أَهْرَقَ يُهْرِقُ إِهْرَاقًا الْمَاءَ: سۇنى تۆكتى، سۇنى قۇيدى.

«أَهْرَقَ الْمُقَاتِلُ دِمَاءَ أَعْدَائِهِ» : جەڭچى دۈشمەنلىرىنىڭ قېنىنى تۆكتى.

أَهْرَمَ يُهْرِمُ إِهْرَامًا ـ هُ الدَّهْرُ: زامان ئۇنى قېرىتىپ ماغدۇرىدىن كەتكۈزىۋەتتى.

أَهْرَمَهُ الْمَرَضُ: كېسەل ئۇنى ئاجىزلىتىۋەتتى.

إِهْرَوْرَقَ يَهْرَوْرِقُ إِهْرِيْرَاقًا الدَّمْعُ: ياش ئاقتى، ياش قۇيۇلدى.

أَهْزَجَ يُهْزِجُ إِهْزَاجًا الشَّاعِرُ: شائىر ھەزەج ۋەزنىدە شېئىر يازدى.

أَهْزَلَ يُهْزِلُ إِهْزَالاً فَرَسَهُ: ئېتىنى ئورۇقلىتىۋەتتى، ئېتىنى جۇدىتىۋەتتى.

أُهْزُوجَةٌ ج أَهَازِيجُ: كەڭ تارقالغان ناخشا.

أَهَازِيجُ الأَعْرَاسِ: توي ناخشىلىرى.

أَهْضَبَ يُهْضِبُ إِهْضَابًا الشَّخْصُ: تاغ چوققىسىغا چىقتى.

أَهْضَبَ الشَّخْصُ فِي الْحَدِيْثِ: پاراڭغا بېرىلىپ، ئاۋازى بارغانچە كۆتۈرۈلدى.

أَهْطَعَ يُهْطِعُ إِهْطَاعًا: قورقۇپ چېپىپ كەلدى.

أَهْطَعَ الْبَعِيْرُ: تۆگە بويىنىنى سوزدى.

أُمْكُومَةٌ: مازاق، مەسخىرە، ساتىرا، ھەجۋى، كىنايە.

أَمَلَ يَأْمِلُ أَمْلاً و أُمُوْلاً الرَّجُلُ: ئۆيلەندى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى.

أَمَلَ اِمْرَأَةً: خوتۇن ئالدى.

أَهِلَ الْبَلَدُ: شەھەر نوپۇسى كۆپەيدى، ئاھالىسى كۆپ بولدى.

أَهِلَ يَأْهَلُ أَهَلاً: ئاۋاتلاشتى، ئاھالە بار بولدى.

أَهِلَ الْمَكَانُ: جاي يېقىن بولدى، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى.

أَهْلٌ ج أَهْلُونَ وأَهَالٌ وآهَالٌ وَأَهْلاَتٌ: ئائىلە كىشىلىرى، بالا ـ چاقا، ئۆي ئىچى، ئۇرۇق ـ تۇغقان.

«وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلاَةِ وَاصْطَبِرْعَلَيْهَا» «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن.

أَهْلُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ ئايالى، خوتۇنى.

«قَالَتْ مَاجَزَاءُ مَنْ أَرَادَ بِأَهْلِكَ سُوْءًا إِلاَّ أَنْ يُسْجَنَ» «قرآن»: ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «سېنىڭ ئەھلىيەڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى.

أَهْلُ الدَّارِ: ئائىلە تەۋەلىرى، پۈتۈن جەمەت، بالا ـ چاقىلار، ئائىلە ئەزالىرى.

«فَقَالَتْ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى أَهْلِ بَيْتٍ يَكْفُلُونَهُ لَكُمْ؟» «قرآن»: مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى ئوبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.

«وَلاَيَحِيْقُ الْمَكْرُ السَّيِّءُ إِلاَّ بِأَهْلِهِ» «قرآن»: ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلەرگە بولىدۇ.

«ثُمَّ ذَهَبَ إِلَى أَهْلِهِ يَتَمَطَّى» «قرآن»: ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

«قَالُوا إِنَّا مُهْلِكُوْا أَهْلِ هَذِهِ الْقَرْيَةِ إِنَّ أَهْلَهَا كَانُوا ظَالِمِيْنَ» «قرآن»: ئۇلار: «بىز بۇ شەھەر ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز، ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن زالىم ئىدى» دېدى.

أَهْلُ الأَمْرِ: باشلىق، رەھبەر، (ھۆكۈمەتنىڭ) ئىشى ئۈستىدىكىلەر.

أَهْلُ الْبَدَاوَةِ: كۆچمەن، قىر خەلقى.

أَهْلُ الْبَيْتِ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.

أَهْلُ الْحَلِّ وَالْعَقْدِ: ئىش ئۈستىدىكى گېپى ئۆتىدىغان نوپۇزلۇقلار.

أَهْلُ الْعِلْمِ: ئىلىم ئىگىلىرى، بىلىمدارلار.

أَهْلُ السُّنَّةِ: سۈننى مەزھىپىدىكىلەر.

أَهْلُ الْحَدِيْثِ: پەتىۋا ئىشلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئىش كۆرىدىغان فەقىھلەر.

أَهْلُ الرَّأْيِ: پەتىۋا ئىشلىرىدا، قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرگە قىياس قىلىپ ئىش كۆرىدىغان فەقىھلەر.

أَهْلُ الْكِتَابِ: كىتاب ئەھلى، يەھۇدى ۋە ناسارالار (يەھۇدى ۋە خرىستىيانلار).

«يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللّٰهِ» «قرآن»: ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر.

أَهْلُ الْخِبْرَةِ: مۇتەخەسسىس، ئىختىساس ئىگىلىرى.

أَهْلُ الْكَهْفِ: ئەسھابۇل كەھف.

«هُوَ أَهْلٌ لِكُلِّ خَيْرٍ»: ئۇ ھەر بىر ياخشىلىققا لايىقتۇر.

«أَسْرَعَ أَهْلُ «أَهَالِي» الْمَدِيْنَةِ إِلَى التَّرْحِيْبِ بِهِ»: شەھەر ئاھالىسى ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىرىدى.

«لَهُ فِي دَارِنَا أَهْلٌ وَسَهْلٌ» ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، ئۇنى ئوبدان كۈتۈۋالىمىز.

أَهْلاً وَسَهْلاً: خۇش كېلىپسىلەر، قارشى ئالىمىز، مەرھابا.

أَهْلاً بِكَ: سىزنى قارشى ئالىمىز، خۇش كەپسىز، مەرھەمەت.

«جِئْتَ أَهْلاً وَنَزَلْتَ سَهْلاً»: سىزنى قارشى ئالىمىز، خۇش كەپسىز، مەرھەمەت.

«إِنِّي لَسْتُ أَهْلاً بِهَذَا الْمَدْحِ»: مەن بۇنداق

ماختاشقا لايىق ئەمەس.

«لاَأَظُنُّنِي أَهْلاً لِلتَّدْرِيسِ» : ئۆزۈمنى دەرس ئۆتۈشكە لايىق دەپ ھېسابلىمايمەن.

«نَمْنَعُ الْمَعْرُوفَ لِمَنْ لَيْسَ أَهْلاً لَهُ» : ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلمايمىز.

إِهْلاَكٌ: ھالاك قىلماق، يوقاتماق، نابۇت قىلماق.

أَهْلَسَ يُهْلِسُ إِهْلاَسًا: مەسخىرە قىلدى، مازاق قىلدى، كىنايە قىلدى، سوغۇق كۈلدى.

أَهْلَكَ يُهْلِكُ إِهْلاَكًا ـ هُ: ھالاك قىلدى، يوقاتتى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

أَهْلَكَ الْمَالَ: مالنى تۈگەتتى.

«أَوَلَمْ يَعْلَمْ أَنَّ اللّٰهَ قَدْأَهْلَكَ مِنْ قَبْلِهِ مِنَ الْقُرُونِ مَنْ هُوَ أَشَدُّمِنْهُ قُوَّةً» «قۇرئان» : قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟

«يَقُولُ أَهْلَكْتُ مَالاً لُبَدًا» «قۇرئان» : ئۇ: «كۆپ مال سەرپ قىلدىم» دەيدۇ.

أَهْلَكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ: ھەممىنى يوق قىلدى.

أَهَلَّ يُهِلُّ إِهْلاَلاً الشَّخْصُ: يېڭى ئايغا قارىدى.

أَهَلَّ الشَّهْرُ: يېڭى ئاي كۆرۈندى.

أَهَلَّ الْقَوْمُ الْهِلاَلَ: كىشىلەر يېڭى ئاينى كۆرۈپ ئۈنلۈك توۋلاشتى.

أَهَلَّ الشَّخْصُ بِذِكْرِاللّٰهِ: (ئەجەبلىنەرلىك بىرەر نەرسىنى كۆرگەن چاغدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن) ئاللاھنى زىكرى قىلدى.

أُهِلَّ بِالذَّبِيْحَةِ: مالنى بوغۇزلاشتا ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ غەيرىنى ئاتىدى.

«إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالدَّمَ وَلَحْمَ الْخِنْزِيْرِوَمَاأُهِلَّ بِهِلِغَيْرِاللّٰهِ» «قۇرئان» : ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى.

أَهْلِيٌّ: ئائىلىۋى؛ يەرلىك، شۇ يۇرتلۇق؛ شۇ دۆلەتلىك.

قَرْضٌ أَهْلِيٌّ: زايوم، ئىچكى قەرز.

اَلْبَنْكُ الْأَهْلِيُّ: دۆلەتلىك بانكا.

أَهْلِيَّةٌ: قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق، لاياقەتلىك؛ سالاھىيەتلىك.

حَرْبٌ أَهْلِيَّةٌ: ئىچكى ئۇرۇش.

مَدَارِسُ أَهْلِيَّةٌ: خۇسۇسى مەكتەپلەر.

ذُوأَهْلِيَّةٍ: لاياقەتلىك، ئىقتىدارلىق.

عَدَمُ الْأَهْلِيَّةِ: لاياقەتسىز، ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز.

كَامِلُ الْأَهْلِيَّةِ: تولۇق لاياقەتلىك.

فُقْدَانُ الْأَهْلِيَّةِ: لاياقەتنىڭ يوق بولۇشى، لاياقەتسىزلىك.

إِهْمَالٌ: سەل قارىماق، كۆڭۈل بۆلمەسلىك، بىخوتلۇق قىلماق.

بِإِهْمَالٍ: بىپەرۋالىق قىلىپ، دىققەت قىلماي.

«تَنَدَّمَ عَلَى إِهْمَالِهِ تَنَدُّمًا» : بىپەرۋالىق قىلغانلىقىغا ئۆكۈندى.

أَهْمَدَ يُهْمِدُ إِهْمَادًا النَّارَ: ئوتنى ئۆچۈردى.

أَهْمَدَ الْخَصْمَ: دۈشمەننى ئۆلتۈردى.

أَهْمَلَ يُهْمِلُ إِهْمَالاً: سەل قارىدى، پەرۋا قىلمىدى، تەرك ئەتتى.

أَهْمَلَ دُرُوسَهُ: دەرسلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىدى.

أَهْمَلَ الشَّيْءَ: ئۇنتۇدى، بىخوتلۇق قىلدى.

أَهْمَلَ الْحَرْفَ: چېكىت قويمىدى.

يُهْمِلُ تَنْظِيفَ ثِيَابِهِ: كىيىملىرىنى تازىلاشقا ئېتىبارسىز قارايدۇ.

أَهَمَّ يُهِمُّ إِهْمَامًا ـ هُ: ئىت ـ تىت قىلدى، بىئارام قىلدى، ئىچىنى پۇشۇردى، ئەنسىرەتتى، پەرىشان قىلدى، قايغۇغا سالدى؛ قىزىقتۇردى، زوقىنى كەلتۈردى، ھەۋىسىنى قوزغىدى.

أَهَمُّ : ئەڭ مۇھىم، ئەڭ جىددى.

قَدِّمِ الْأَهَمَّ عَلَى الْمُهِمِّ: ئەڭ مۇھىم ئىشنى مۇھىمنىڭ ئالدىغا قوي.

أَهَمِّيَّةٌ: مۇھىملىق.

ذُو أَهَمِّيَّةٍ: مۇھىملىققا ئىگە، مۇھىم.

«قَدْ شَعَرَالنَّاسُ مُنْذُ قَدِيمِ الزَّمَانِ بِأَهَمِّيَّةِ تَعَلُّمِ الْقِرَاءَةِ وَالْكِتَابَةِ»: كىشىلەر قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان.

إِهْنَاقٌ: مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق، سوغۇق كۈلمەك، مەسخىرە، كىنايە قىلماق، كىنايە، ساتىرا.

أَهْنَقَ يُهْنِقُ إِهْنَاقًا: مەسخىرە قىلدى، مازاق قىلدى.

أَهْنَقَ الصَّبِيُّ: بالا يىغلاي دەپ قالدى، يىغلىغىلى تاس قالدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى.

أَهَّلَ يُؤَهِّلُ تَأْهِيلاً: تۇرمۇشلۇق قىلىپ قويدى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويدى.

أَهَّلَ وَلَدَهُ: بالىسىنى ئۆيلەپ قويدى.

أَهَّلَهُ لِلْأَمْرِ: ئۇنى تەييارلىدى، كەسىپ ئەھلى ھېسابلىدى، ئۇنىڭ لايىقى ھېسابلىدى.

«كَانَ الطَّالِبُ يَحْمِلُ شَهَادَةً تُؤَهِّلُهُ لِلْعَمَلِ فِي التَّدْرِيسِ»: ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دىپلومغا ئىگە ئىدى.

أَهَّلَ بِهِ: قارشى ئالدى.

أَهْوَجَهُ يُهْوِجُ إِهْوَاجًا: ئۇنى ئەخمەق تاپتى.

أَهْوَجُ م هَوْجَاءُ ج هُوْجٌ: شاللاق، گومۇش، مەتۇ، دۆت؛ قارام، تەۋەككۈلچى؛ قورقماس، باتۇر.

أَهْوَسُ م هَوْسَاءُ وهُوْسٌ: نېرۋىسى بۇزۇلغان، سەۋدايى، ئەسەبىيلەشكەن.

أَهْوَنُ: ئاسان، ئاسانراق، ئەڭ ئاسان.

«وَهُوَ الَّذِي يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ» «قرآن»: مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) ئاللاھقا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر.

مَاأَهْوَنَ الأَمْرُ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئىش نېمە دېگەن ئوڭاي تۇيۇلدى.

إِخْتَارَ أَهْوَنَ الشَّرَّيْنِ: ئىككى يامان ئىشنىڭ يامانراقىنى تاللىدى.

أَهْوَى يُهْوِي إِهْوَاءً الشَّيْءَ: چۈشۈپ كەتتى، ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

أَهْوَى الشَّخْصُ بِالشَّيْءِ: ئىشارەت قىلدى.

أَهْوَى بِيَدِهِ: قولىنى سۇندى.

أَهْوَى الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇقىرىدىن تاشلىدى.

أَهْيَفُ م هَيْفَاءُ ج هِيفٌ: غۇنچە بوي، زىلۋا

أَوْ: ياكى، يا، بەلكى، غەچە.

«سَافِرْ بِالْقِطَارِ أَوْ بِالسَّيَّارَةِ»: پويىز ياكى ماشىنا بىلەن سەپەر قىلغىن.

«وَأَرْسَلْنَا إِلَى مِائَةِ أَلْفٍ أَوْ يَزِيدُونَ» «قرآن»: 100 مىڭ بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق.

«أَقْرَأُ أَوْ أَنَامُ»: ئۇخلىغىچە ئوقۇيمەن.

أُوَارٌ: قىزىقلىق، ئۇسسۇزلۇق، تەشنالىق.

«كَادَ يُغْشَى عَلَيْهِ مِنَ الْأُوَارِ»: ئۇ تەشنالىقتىن ئاپلىنىپ كېتەي دەپ قالدى.

«لَفَحَنِي أُوَارُ الشَّمْسِ»: كۈننىڭ ئىسسىقى مېنى قىزىتىۋەتتى.

أَوَانٌ ج آوِنَةٌ: ۋاقىت، سائەت، زامان، چاغ.

آوِنَةً بَعْدَ أُخْرَى: بەزىدە، گاھى، ئاندا ـ ساندا.

بَيْنَ الْآوِنَةَ وَالْأُخْرَى: بەزىدە، ئارىلاپ، ئاندا ـ ساندا، گاھى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

«أُدْرُسْ قَبْلَ فَوَاتِ الْأَوَانِ»: ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆگەن.

سَابِقٌ لِأَوَانِهِ: ۋاقىتتىن بۇرۇن، پەيتىدىن ئىلگىرى.

فَوَاتُ الْأَوَانِ: ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ۋاقىتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى.

فِي آوَانِهِ: مۇۋاپىق پەيتتە، دەل ۋاقتىدا.

«تَطَرَّقَ إِلَى الْمَوْضُوعِ فِي غَيْرِ أَوَانِهِ»: مۇۋاپىق بولمىغان پەيتتە ماۋزۇ ئۈستىدە توختالدى.

فِي الْآوِنَةِ الأَخِيرَةِ: يېقىنقى كۈنلەر، كېيىنكى كۈنلەردە.

«اِنْتَشَرَتْ فِي الآوِنَةِالأَخِيْرَةِحَرَكَةُالشِّعْرِالْحُرِّ»: يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان ئەركىن شېئىر ھەرىكىتى قانات يايدى.

«حِيْنَ مَايَأْتِي أَوَانُ الْقُطُوفِ يَذْهَبُ الرِّجَالُ وَالنِّسَاءُ لِكَيْ يَقْطُفُوا الْعِنَبَ»: ئۈزۈم پىشقاندا ئەر - ئاياللار ئۈزۈم ئۈزۈشكە بارىدۇ.

«سَيَفْقُدُ قِيْمَتَهُ إِذَا فَاتَ أَوَانُهُ»: ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە قىممىتى يوقايدۇ.

أَوْبٌ: ئادەت؛ يول.

مَازَالَ هَذَا أَوْبَهُ: بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ كەلدى.

أَوْبٌ. أَوْبَةٌ: قايتماق، يانماق.

مِنْ كُلِّ أَوْبٍ وَ صَوْبٍ: تەرەپ - تەرەپتىن.

جَاؤُوا مِن كُلِّ أَوْبٍ: ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كەلدى.

أَوْبَاشٌ: لۈكچەك، قۇلاق كەستى، مۇتتەھەم.

أَوْبَرُ م وَبْرَاءُ ج وُبْرٌ: تۈكلۈك، مويلۇق، يۇڭلۇق.

بَعِيرٌ أَوْبَرُ: يۇڭلۇق تۆگە.

أَوْبَقَ يُوبِقُ إِيْبَاقًا: ھالاك قىلدى، ۋەيران قىلدى، يوق قىلدى؛ پەس كۆردى، خورلىدى، ھاقارەت قىلدى.

أَوْبَهَ يُوبِهُ إِيْبَاهًا: سەزگۈر بولدى، تۇيۇپ قالدى.

أَوْتَرَ يُوتِرُ إِيْتَارًا الْقَوْسَ: يانى كىرىدى، ئاچتى؛ تارا سالدى.

أَوْتَرَ فُلاَنًا: خارلىدى، زۇلۇم سالدى.

أَوْتَرَ الشَّخْصَ: ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇدى.

أَوْتَرَ الْعَدَدَ: سانىنى تاق قىلدى.

أَوْتَرَ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى چىڭىتتى.

أَوْثَبَ يُوثِبُ إِيْثَابًا: سەكرەتتى.

أَوْثَقَ يُوثِقُ إِيْثَاقًا: باغلىدى، چىگدى، تاڭدى، چىڭىتتى.

أَوْثَقَ الأَسِيرَ: ئەسىرنى باغلىدى.

أَوْثَقَ الْعَهْدَ: ۋەدىنى پۇختىلىدى، ۋەدىنى مۇستەھكەملىدى.

أَوْثَقُ م وُثْقَى: چىڭ، مۇستەھكەم، پۇختا.

أَوْجٌ: يۇقىرى پەللىسى، ئەۋجى، يىراق نۇقتا، ئاخىرقى نۇقتا، ئاخىرقى تۈچكا.

أَوْجٌ «فِي عِلْمِ الْفَلَكِ»: يەر شارىدىن ئاينىڭ يىراقلىقتىكى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى.

أَوْجَبَ يُوجِبُ إِيْجَابًا الأَمْرَ عَلَيْهِ: جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئارتتى، ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىدى.

أَوْجَبَ لَهُ حَقَّهُ: ھوقۇقىغا رىئايە قىلدى، ئېتىبارغا ئالدى.

أَوْجَبَ الشَّيْءَ وَلَهُ: تاپىلىدى، تاپشۇردى.

أَوْجَبَ لَهُ الْبَيْعَ: ئۇنىڭغا سېتىۋېتىشنى تاپىلىدى.

أَوْجَبَ اللهُ قَلْبَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىغا قورقۇنچ سالدى.

أَوْجَدَ يُوجِدُ إِيْجَادًا الشَّيْءَ: ياسىدى، ئىشلەپ چىقاردى، پەيدا قىلدى، ئىجاد قىلدى، كەشىپ قىلدى، شۇغۇللاندى، يولغا قويدى.

أَوْجَدَ مَطْلُوبَهُ: مۇرادىغا يەتكۈزدى.

أَوْجَدَ الشَّخْصَ: باي قىلدى، بېيىتتى.

أَوْجَدَ اللهُ الشَّيْءَ: ئۆرنەكسىز ياراتتى.

«أَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَوْجَدَنِي بَعْدَفَقْرٍ»: مېنى نامراتلىقتىن كېيىن باي قىلغان ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئېيتىمەن.

«أَوْجَدَتِ الْحُكُومَةُ عَمَلاً لِلْعَاطِلِيْنَ»: ھۆكۈمەت ئىشسىزلارغا ئىش تېپىپ بەردى.

أَوْجَرَهُ يُوجِرُ إِيْجَارًا: دورا يۇتقۇزدى.

أَوْجَرَ فُلاَنًا: نەپرەتلەندۈردى، بىزار قىلدى.

أَوْجَرَهُ الرُّمْحَ: نەيزە سانجىدى، نەيزە تىقتى.

أَوْجَزَ يُوجِزُ إِيْجَازًا الْكَلاَمَ أَوْفِيهِ: سۆزنى يىغىنچاقلىدى، ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك قىلدى، ئىخچام قىلىپ سۆزلىدى.

«إِذَا قُلْتَ فَأَوْجِزْ وَإِذَا وَعَدْتَ فَأَنْجِزْ»: سۆز قىلساڭ قىسقا قىل، ۋەدە قىلساڭ ۋاپا قىل.

أَوْجَزَ الْعَطِيَّةَ: سوۋغا - سالامنى ئاز بەردى، تېز بەردى.

أَوْجَزَ فِي الأَمْرِ: تېز ئىخچام قىلدى.

أَوْجَسَ يُوجِسُ إِيْجَاسًا: سەزدى، گۇمانلاندى.

أَوْجَسَ الشَّخْصُ: قورقۇنچ ھېس قىلدى.

«فَأَوْجَسَ فِي نَفْسِهِ خِيفَةً مُوسَى» (قرآن): (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى.

أَوْجَسَ الشَّخْصُ الْأَمْرَ: ئىشنى يوشۇردى، ئىچىدە بىلدى.

أَوْجَسَ الْمَلَلَ: زېرىكىش ھېس قىلدى.

أَوْجَسَ الْقَلْبُ شَيْئًا: تۇيدى، ھېس قىلدى.

أَوْجَسَ قَلْبُهَا فَزَعًا: يۈرىكى قورقۇنچ ھېس قىلدى.

أَوْجَسَتِ الْأُذُنُ: شەپىنى ئاڭلىدى، شەپىنى سەزدى.

أَوْجَعَ يُوجِعُ إِيجَاعًا فُلَانًا رَأْسَهُ: بېشىنى ئاغرىتتى، باش ئاغرىقى بولدى.

أَوْجَعَهُ: ئاغرىتتى، ئاغرىق پەيدا قىلدى.

أَوْجَعَهُ الضَّرْبُ: تاياق ئۇنى ئازابلىدى.

أَوْجَعَ فِي الْعَدُوِّ: دۈشمەننى قىردى.

أَوْجَعَتْهُ مَصَائِبُ الْبِلَادِ: يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ئۇنى ئازابلىدى.

أَوْجَفَ يُوجِفُ إِيجَافًا الشَّيْءَ: داۋالغۇتتى، چايقىدى، پۇلاڭلاتتى، مىدىرلاتتى، لەپىڭشىتتى.

أَوْجَفَ دَابَّتَهُ: ئۇلىغىنى تېز مېڭىشقا زورلىدى.

«وَمَا أَفَاءَ اللَّهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْهُمْ فَمَا أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ» (قرآن): ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىيمەتلەرنى سىلەر ئات - تۆگىلىرىنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا - مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس.

أَوْجَلَ يُوجِلُ إِيجَالًا: قورقۇتتى، قورقۇنچ سالدى.

أَوْجَنُ م وَجْنَاءُ: مەڭزى چوڭ، مانتا ئېڭەك.

الْأَوْجَهُ: ئابرۇيلۇق، ئەڭ يۈزى بار.

أَوْجٌ: يۇقىرى پەللىسى، ئەۋجى.

«بَلَغَتِ الْحَضَارَةُ الْإِسْلَامِيَّةُ أَوْجَهَا فِي الْعَصْرِ الْعَبَّاسِيِّ»: ئىسلام مەدەنىيىتى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن.

أَوْحَدُ ج أُحْدَانٌ: مىسلىسىز، تەڭدىشى يوق، كۆرۈلۈپ باقمىغان، يېگانە، بىردىنبىر.

أَوْحَدُ النَّاسِ: ھەرقانداق ئادەم. ھەر بىر ئادەم.

أَوْحَشَ يُوحِشُ إِيحَاشًا الْمَكَانُ: جاي قاقاسلىشىپ كەتتى، چۆللىشىپ كەتتى.

أَوْحَشَ الرَّجُلُ: ئاچ قالدى، ئوزۇقى تۈگىدى.

أَوْحَشَ الرَّجُلَ: زېرىكتۈردى، ئىچىنى پۇشۇردى، تىت - تىت قىلدى.

أَوْحَشْتَنَا: بىزنى غېرىبسىنىدۇردۇڭ، بىز سېنى بەك سېغىنىدۇق.

أَوْحَى يُوحِي إِيحَاءً إِلَيْهِ: يوشۇرۇن بىلدۇردى، بېشارەت بەردى، ۋەھيى قىلدى، ئىشارەت قىلدى، ئىلھام بىلەن بىلدۇردى.

«وَأَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّ مُوسَى أَنْ أَرْضِعِيهِ» (قرآن): مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۇردۇقكى، «مۇسانى ئېمىتكىن».

«فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ أَنْ سَبِّحُوا بُكْرَةً وَعَشِيًّا» (قرآن): ئۇلارنى ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى.

أَوْحَى اللَّهُ إِلَيْهِ: ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلدى.

أَوْحَى الشَّخْصُ إِلَى الشَّخْصِ رَأْيًا: پۇرىتىپ ئۆتتى، بېشارەت بەردى.

أَوْحَى إِلَيْهِ بِمَا يُرِيدُ: ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى پۇرىتىپ ئۆتتى.

أَوْحَاهُ اللَّهُ الشَّيْءَ: ئاللاھ ئىلھام بىلەن بىلدۇردى، ئاللاھ كۆڭلىگە سالدى.

أَوْحَى: ئەڭ تېز، ئەڭ چاققان.

أَوِدَ يَأْوَدُ أَوَدًا الْعُودُ: ياغاچ ئەگرى بولدى، قىڭغىر بولدى.

أَوَدٌ: ئەگرى، قىڭغىر.

أَقَامَ أَوَدَهُ: ئۇنىڭ قىڭغىرىنى تۈزىدى، رۇسلىدى.

قَامَ بِأَوَدِهِ: جېنىنى ساقلىغىدەك بىر نەرسە بەردى.

أَوْدَةٌ: يۈك، مەسئۇلىيەت.

أَوْدَةٌ ج أُوَدٌ وَأَوْدَاتٌ: بۆلمە، ئۆي، خانە، ھۇجرا.

أَوْدَةُ الْمَرْضَى: كېسەلخانا، بالنىست.

أَوْدَعَ يُودِعُ إِيْدَاعًا: ھاۋالە قىلدى، قويۇپ تۇردى، ئامانەت قويدى، تاپشۇردى.

أَوْدَعَهُ السِّرَّ: سىر ساقلاشنى تاپشۇردى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ھاۋالە قىلدى.

أَوْدَى يُودِي إِيْدَاءً الرَّجُلُ: ئۆلدى، ھالاك بولدى، يوقالدى، گۇمران بولدى.

أَوْدَى بِهِ: ئۆلتۈردى، يوقاتتى، ھالاك قىلدى، گۇمران قىلدى.

أَوْدَى بِهِ إِلَى الدَّمَارِ: ھالاكەتكە ئۇچراتتى.

أَوْدَى بِصِحَّتِهِ: سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزدى، زىيان سالدى، كېسەل قىلىپ قويدى.

أَوْدَى بِمَالِهِ: ئۇنىڭ مېلىنى خوراتتى، زايا قىلدى، ئىسراپ قىلدى.

أَوْدَى الرَّجُلُ: سېمىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈيدۈكىدىن ۋەدى چىقتى.

أَوْدَى بِهَا الْمَوْتُ: ئۆلۈم ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

أَوْرَثَ يُورِثُ إِيْرَاثًا الشَّخْصَ: ۋارىس قىلدى، ۋارىس قىلىپ بېكىتتى، مىراسخور قىلدى.

«تِلْكَ الْجَنَّةُ الَّتِي نُوْرِثُ مِنْ عِبَادِنَا مَنْ كَانَ تَقِيًّا» «قرآن»: بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ.

أَوْرَثَهُ كَذَا: ئېلىپ كەلدى، ئېلىپ باردى، قوزغىدى، پەيدا قىلدى، تەسىر قىلدى، مىراس قىلدى.

أَوْرَثَهُ شَيْئًا: ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى مىراس قىلىپ قالدۇردى.

«أَوْرَثَ الْمَطَرُ النَّبَاتَ نَعْمَةً»: يامغۇر ئۆسۈملۈكنى ياشارتىۋەتتى.

«أَوْرَثَهُ الْحُزْنُ هَمًّا»: قايغۇ ئۇنىڭغا غەمنى قالدۇردى.

أَوْرَثَهُ عِلْمًا: ئۇنىڭغا ئىلىمنى قالدۇردى.

أَوْرَدَ يُورِدُ إِيرَادًا الشَّخْصُ الشَّيْءَ: ھازىر قىلدى، تەييارلىدى، ئېلىپ كەلدى.

«فَأَوْرَدَهُمُ النَّارَ وَبِئْسَ الْوِرْدُ الْمَوْرُودُ» «قرآن»: فىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!

أَوْرَدَ الشَّخْصُ الْخَبَرَ: خەۋەرنى بايان قىلدى.

أَوْرَدَ كُلَّ مَا شَاهَدَهُ: كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

«أَوْرَدَ الشَّخْصُ الْحَيَوَانَ إِلَى مَكَانِ الْمَاءِ»: ھايۋاننى سۇ بار جايغا ھەيدەپ باردى.

أَوْرَدَ الْكَلَامَ: سۆزنى بايان قىلدى، نەقىل كەلتۈردى.

أَوْرَقَ يُورِقُ إِيْرَاقًا الشَّجَرُ: دەرەخ يوپۇرماق چىقاردى.

أَوْرَقَ الرَّجُلُ: بېيىدى، باي بولدى.

أَوْرَقَ الطَّالِبُ: مەقسەتكە يېتەلمىدى، ئارزۇسىغا قانمىدى، مەغلۇپ بولدى، يېڭىلدى.

أَوْرَقَ الصَّائِدُ: ئوۋچى ئوۋلىيالمىدى، ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتتى.

أَوْرَقُ م وَرْقَاءُ ج وُرْقٌ: كۈلرەڭ.

أَوْرَقُ مِنَ النَّاسِ: بۇغداي ئۆڭلۈك.

أَوْرَقُ مِنَ الْإِبِلِ: قوڭۇر تۆگە.

زَمَانٌ أَوْرَقُ: قەھەتچىلىك زامانى.

أَوْرَكُ م وَرْكَاءُ ج وُرْكٌ: ساغرىسى چوڭ، ساغرىلىق.

أَوْرَهُ م وَرْهَاءُ ج وُرْهٌ: دۆت، كالۋا، گالۋاڭ، قاباقباش، ھاماقەت، تەلۋە.

أَوْرَى يُورِي إِيْرَاءً الزَّنْدُ: چاقماق ئوت چىقاردى.

«أَفَرَأَيْتُمُ النَّارَ الَّتِي تُوْرُوْنَ؟» «قرآن»: سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟

أَوْزَاعٌ: كىشىلەر توپى، خەلق ئاممىسى، ئامما، ئاممۇۋى، جامائەت، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان جايدىن يىراق ئۆيلەر.

إِوَزَّةٌ ج إِوَزٌّ: غاز.

إِوَزُّ الْعِرَاقِ: ئاققۇ.

أَوْزَعَ يُوزِعُ إِيْزَاعًا الشَّيْءَ: ئېلىپ كەتتى، كەتكۈزدى.

أَوْزَعَ بَيْنَ الرَّجُلَيْنِ: ئارىنى تۈزىدى.

أَوْزَعَ الْمَالَ: مالنى تەقسىم قىلدى، بۆلدى.

أَوْزَعَ غَيْرَهُ بِكَذَا: قىزىقتۇردى، كۈشكۈرتتى.

أَوْزَعَ اللّٰهُ الْإِنْسَانَ: ئاللاھ ئىنسانغا ئىلھام قىلدى، ئىلھام بىلەن بىلدۈردى.

«رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ» ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن.

أَوْسَخَ يُوسِخُ إِيسَاخًا الشَّيْءَ: كىر قىلىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

أَوْسَطُ ج أَوَاسِطُ م وُسْطَى ج وُسَطٌ: ئوتتۇرا، ئوتتۇرىسى، ئوتتۇرالار.

هُوَ مِنْ أَوْسَطِ قَوْمِهِ: ئۇ قەۋمىنىڭ ياخشىلىرىدىندۇر.

«قَالَ أَوْسَطُهُمْ أَلَمْ أَقُلْ لَكُمْ لَوْلَا تُسَبِّحُونَ» ‹قۇرئان›: ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): «سىلەر نېمىشقا ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر، دېمىگەنىدىم؟» دېدى.

أَوَاسِطُ إِفْرِيقِيَا: ئوتتۇرا ئافرىقا.

أَوَاسِطُ الشَّهْرِ: ئاي ئوتتۇرىسى.

أَوْسَعَ يُوسِعُ إِيسَاعًا الشَّيْءَ: كېڭەيتتى.

أَوْسَعَ الشَّخْصُ: باي بولۇپ قالدى.

أَوْسَعَ اللّٰهُ عَلَيْهِ رِزْقَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بەردى.

أَوْسَعَهُ ضَرْبًا: ئۇنى كۆپ ئۇردى.

أَوْسَقَ يُوسِقُ إِيسَاقًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغقا يۈك ئارتتى.

أَوْسَقَتِ النَّخْلَةُ: خورما مول بولدى.

أَوْسَى يُوسِي إِيسَاءً رَأْسَهُ: چېچىنى چۈشۈردى.

أَوْشَعَ يُوشِعُ إِيشَاعًا الشَّجَرُ: دەرەخ چېچەكلىدى.

أَوْشَكَ يُوشِكُ إِيشَاكًا عَلَى الشَّيْءِ: يېقىنلاشتى، ئاز قالدى.

«أَوْشَكَ الْإِسْتِعْمَارُ أَنْ يَنْهَارَ»: مۇستەملىكىچىلىك گۇمران بولاي دېدى.

أَوْصَبَ يُوصِبُ إِيصَابًا: ئاغرىپ قالدى.

أَوْصَبَ اللّٰهُ فُلَانًا: ئاللاھ پالانىنى ئاغرىققا مۇپتىلا قىلدى.

أَوْصَبَ الشَّيْءُ: ھەمىشە بولدى، داۋاملىق بولدى.

أَوْصَبَ عَلَى الْأَمْرِ: ھەمىشىلىك قىلدى، داۋاملىق قىلدى.

أَوْصَدَ يُوصِدُ إِيصَادًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئەتتى، ياپتى.

أَوْصَدَ عَلَيْهِ: بېسىم ئىشلەتتى، تەخلىكتە قويدى.

أَوْصَدَ الْكَلْبَ بِالصَّيْدِ: ئىتنى ئوۋغا قويىۋەتتى.

أَوْصَلَ يُوصِلُ إِيصَالًا إِلَى: يەتكۈزدى، يەتكۈزۈپ بەردى، ئۇلاشتۇردى.

أَوْصَلَهُ حَقَّهُ: ئۇنىڭ ھەققىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

«طَلَبْتُ مِنْ أَخِي أَنْ يُوصِلَنِي بِسَيَّارَتِهِ إِلَى الْمَطَارِ»: بۇرادىرىمدىن مېنى ماشىنىسى بىلەن ئايرودرومغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم.

أَوْصَلَهُ: يېتەكلىدى، يېتەكچىلىك قىلدى.

أَوْصَى يُوصِي إِيصَاءً: تاپىلىدى، بۇيرۇدى، ۋەسىيەت قىلدى، جاكارلىدى.

أَوْصَى بِعَمَلٍ: خىزمەتكە بەلگىلىدى.

أَوْصَى بِـ: تەۋسىيە قىلدى، كۆرسەتتى، تاپشۇردى.

«وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا» ‹قۇرئان›: ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

أَوْصَى لَهُ كَذَا: ئىزباسار قىلدى، ۋارىس قىلدى.

أَوْصَاهُ بِكَذَا: نەسىھەت قىلدى، مەسلىھەت بەردى.

أَوْصَى إِلَيْهِ: ۋاكالەتچى قىلىپ بەلگىلىدى.

«أُوصِيكُمْ بِالْجَارِ» ‹حديث›: قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تەۋسىيە قىلىمەن.

أَوْضَةٌ ج أُوَضٌ و أُوَضَاتٌ: خانا، ئۆي، ھۇجرا، بۆلمە.

أَوْضَحَ يُوضِحُ إِيضَاحًا الْأَمْرُ: ئىش ئايدىڭلاشتى، ئىش ئوچۇق بولدى، ئىش ئېنىق بولدى.

أَوْضَحَ الْأَمْرَ: ئېنىقلىدى، ئوچۇق قىلدى.

أَوْضَحَهُ: چۈشەندۈردى، ئىزاھلىدى، شەرھلىدى، بىلدۈردى، ئىپادىلىدى، ئىزھار قىلدى.

أَوْضَعَ يُوضِعُ إِيضَاعًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى چاپتۇردى، ئۇلاغنى تېزلەتتى.

أَوْضَعَ الدَّابَّةُ: چاھارپاي تېز ماڭدى، چاپتى.

اَلْأَوْطَادُ: ئېگىز، چوڭ تاغلار.

أَوْطَأَ يُوطِئُ إِيطَاءً الْأَرْضَ: يەرنى دەسسىدى.

أَوْطَأَ الْفِرَاشَ: كۆرپىنى تەكشى سالدى.

أَوْطَأَ الْمَوْضِعَ: جاينى تۈزلىدى، جاينى تەكشىلىدى.

أَوْطَأَهُ عَلَى الْأَمْرِ: مۇۋاپىقلاشتۇردى، ماسلاشتۇردى.

أَوْطَأَ الشِّعْرَ: شېئىرنى تەكرارلىدى.

أَوْطَأُ: ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ پەس.

أَوْطَفُ م وَطْفَاءُ ج وُطْفٌ: قاشلىق، كىرپىكلىك.

بَعِيرٌ أَوْطَفُ: يۇڭلۇق تۆگە.

عَامٌ أَوْطَفُ: مولچىلىق يىلى.

عَيْشٌ أَوْطَفُ: پاراۋان تۇرمۇش.

أَوْطَنَ يُوطِنُ إِيطَانًا الْمَكَانَ: ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى، ماكان تۇتتى.

أَوْعَبَ يُوعِبُ إِيعَابًا الشَّيْءَ: ھەممىنى ئالدى.

أَوْعَبَهُ: يىغدى، توپلىدى.

أَوْعَبَ يُوعِبُ إِيعَابًا الْأَمْرَ: ئىشتىن بوشىدى.

أَوْعَبَ الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: ھەممىسىگە كىرگۈزدى، قاچىلىدى.

أَوْعَبَ الْقَوْمُ: پۈتۈنلەي چىقتى، ھېچكىم قالماي چىقتى.

أَوْعَثَ يُوعِثُ إِيعَاثًا الْمُتَكَلِّمُ: سۆزلىگۈچى سۆزلىيەلمەي قالدى.

أَوْعَثَ الرَّجُلُ: تەس يولدا ماڭدى.

أَوْعَثَ الْأَمْرَ: ئىشنى بۇزدى.

أَوْعَثَ فِي مَالِهِ: ئىسراپ قىلدى.

أَوْعَثُ: قىيىن، مۇشكۇل، تەس، ئوڭخۇل - دوڭخۇل.

أَوْعَدَ يُوعِدُ إِيعَادًا: ۋەدە قىلدى، ماقۇل بولدى.

أَوْعَدَهُ: قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

«وَلَا تَقْعُدُوا بِكُلِّ صِرَاطٍ تُوعِدُونَ وَ تَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللّٰهِ مَنْ آمَنَ بِهِ وَتَبْغُونَهَا عِوَجًا» «قرآن»: سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار.

أَوْعَرَ يُوعِرُ إِيعَارًا الطَّرِيقُ: يول ئوڭخۇل - دوڭخۇل بولدى.

أَوْعَرَ الرَّجُلُ: ئويمانغا چۈشۈپ كەتتى، مىيلى كېمىيىپ كەتتى.

أَوْعَرَصَدْرَغَيْرِهِ: باشقىلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈردى، غەزىپىنى كەلتۈردى.

أَوْعَزَ يُوعِزُ إِيعَازًا إِلَى الْأَمْرِ: ئىشنى قىلىش - قىلماسلىققا ئىشارەت قىلدى، يول كۆرسەتتى.

أَوْعَسُ م وَعْسَاءُ: قۇملۇق، قۇملۇق يەر.

أَوْعَى يُوعِي إِيعَاءً الشَّيْءَ: توپلىدى، جەملىدى، ھەممىنى ئالدى، قاچىلىدى، سىغدۇردى.

أَوْعَى الْكَلَامَ: سۆزنى يادلىۋالدى.

«تَدْعُوا مَنْ أَدْبَرَ وَتَوَلَّى وَجَمَعَ فَأَوْعَى» «قرآن»: ئۇ (ھەقتىن) يۈز ئۆرۈپ بورالغان ۋە پۇل - مال يىغىپ ساقلىغان (ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان)لارنى چاقىرىدۇ.

أَوْعَى الشُّحُّ: بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى.

أَوْغَرَ يُوغِرُ إِيغَارًا ـ هُ: غەزەپلەندۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

أَوْغَرَصَدْرَهُ: كۆكسىنى قايناتتى.

أَوْغَرَهُ إِلَى كَذَا: زورلىدى، مەجبۇرلىدى.

أَوْغَرَ الْقَوْمُ: ئىسسىق ۋاقىتتا دۈچ كەلدى.

أُغُسْطُسُ: ئاۋغۇست.

أَوْغَلَ يُوغِلُ إِيغَالًا فِي السَّيْرِ: تېز ماڭدى، ئىلگىرىلىدى.

أَوْغَلَ الْقَوْمُ: ئىچكىرىلەپ كىردى، چوڭقۇرلاپ كىردى.

«إِنَّ هَذَا الدِّينَ مَتِينٌ فَأَوْغِلْ فِيهِ بِرِفْقٍ» «حديث» : ئىسلام دىنى مۇستەھكەم دىندۇر، ئۇنىڭدا ئاستا-ئاستا چوڭقۇرلاشقىن.

اَلْأَوْقَاصُ: چۈپرەندىلەر، چاكىنا ئادەم، قاتاردا يوق ئادەم، بىر بۆلۈك جامائەت؛ ئاجىز پېقىرلار.

أَوْفَدَ يُوفِدُ إِيْفَادًا إِلَى الْأَمْرِ: ۋەكىل ئەۋەتتى، ئۆمەك ئەۋەتتى.

أَوْفَدَ الشَّيْءَ: يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى.

أَوْفَدَ الرَّجُلَ: ئالدىرىدى.

أَوْفَرَ يُوفِرُ إِيْفَارًا الشَّيْءَ: كۆپەيتتى، تولۇقلىدى، تاماملىدى.

أَوْفَزَ يُوفِزُ إِيفَازًا غَيْرَهُ: ئالدىراتتى.

أَوْفَضَ يُوفِضُ إِيفَاضًا الرَّجُلُ: ئالدىرىدى.

أَوْفَضَ لِلرَّجُلِ: سېلىنجا سالدى.

أَوْفَضَ غَيْرَهُ: قوغلىدى، يۈگۈردى.

«كَأَنَّهُمْ إِلَى نُصُبٍ يُوفِضُونَ» «قرآن» : ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغان قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ.

أَوْفَى يُوفِي إِيْفَاءً بِالْوَعْدِ: ۋەدىگە ۋاپا قىلدى، ۋەدىسىدە تۇردى.

«وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ» «قرآن» : ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار.

أَوْفَى الْكَيْلَ: ئۆلچەمنى تولدۇردى.

«وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ» «قرآن» : ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار.

أَوْفَى فُلَانًا حَقَّهُ: ھەققىنى تولۇق بەردى.

أَوْفَى الْمَكَانَ: مەلۇم جايغا كەلدى.

أَوْفَى الشَّخْصُ الْقَوْمَ: ئۇچراشتى.

أَوْفَى عُمْرُهُ الْآنَ عَلَى الْعَاشِرَةِ: ئۇنىڭ يېشى ئونىدىن ئاشتى.

أَوْقَدَ يُوقِدُ إِيْقَادًا النَّارَ: ئوت ياقتى، ئوت ياندۇردى، ئوت تۇتاشتۇردى.

«كُلَّمَا أَوْقَدُوا نَارًا لِلْحَرْبِ أَطْفَأَهَا اللَّهُ» : ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاغا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ.

أَوْقَرَ يُوقِرُ إِيْقَارًا وَقِرَةً الدَّابَّةَ: ھايۋانغا ئادەتتىن تاشقىرى يۈك ئارتتى، ھايۋانغا ئېغىر يۈك ئارتتى.

أَوْقَرَ الدَّيْنُ فُلَانًا: پالاننى قەرز بېسىۋالدى، پالانى قەرزگە بوغۇلدى.

أَوْقَعَ يُوقِعُ إِيْقَاعًا بِالْعَدُوِّ: دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، كۈچلۈك زەربە بەردى.

أَوْقَعَهُ صَرِيعًا: ئۇنى ئۆلتۈردى، قىردى.

أَوْقَعَ الدَّهْرُ بِهِ: ئۇنىڭغا زامان زۇلۇم سالدى.

أَوْقَعَهُ عَلَى الْأَرْضِ: ئۇنى يەرگە يىقىتتى، غۇلاتتى.

أَوْقَعَ فِي قَلْبِهِ الرُّعْبَ: ئۇنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالدى.

أَوْقَعَهُ فِي فَخٍّ: ئۇنىڭغا قىلتاق قۇردى، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدى.

أَوْقَعَ بَيْنَهُمْ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

أَوْقَعَ بِهِ الشَّرَّ: بېشىغا كۈلپەت سالدى.

أَوْقَعَ عَلَيْهِ الْقِصَاصَ: ئۇنىڭدىن قىساس ئالدى، جازالىدى.

أَوْقَفَ يُوقِفُ إِيْقَافًا ـ هُ: ئۇنى توختاتتى، تۇرغۇزدى.

أَوْقَفَ الشَّخْصَ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشتىن خەۋەردار قىلدى، ئۇقتۇردى.

أَوْقَفَهُ عِنْدَ حَدِّهِ: ئۇنى ئۆز دائىرىسىدە چەكلىدى، ئۇنىڭغا چەك قويدى.

أَوْقَفَ إِهْتِمَامَهُ عَلَى كَذَا: مەركەزلەشتۇردى.

أُوقِيَانُسٌ. أُوقِيَانُوسٌ ج أُوقِيَانُوسَاتٌ: دېڭىز - ئوكيان.

أُوقِيَانُوسُ الْأَطْلَنْطِيُّ: ئاتلانتىك ئوكيان.

أُوقِيَانُوسُ الْمُتَجَمِّدِ الشِّمَالِيِّ: شىمالىي مۇز ئوكيان.

أُوقِيَّةٌ ج أَوَاقٍ وَأَوَاقِيٌّ: ئۇقىيە (12 دىرھەم ياكى 374 گرامغا تەڭ).

أَوْكَدَ يُوكِدُ إِيْكَادًا: تەكىتلىدى، چىڭىتتى،

پۇختىلىمدى.

أَوْكَسَ يُوكِسُ إِيْكَاسًا الشَّيْءَ: باھاسىنى چۈشۈردى، تۆۋەن باھالىدى، چۈكتۈردى، سىندۇرۇۋەتتى، چۈشۈرۈۋەتتى.

أَوْكَسُ: ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئەرزان، ئەڭ بەختسىز.

أَوْكَفَ يُوكِفُ إِيْكَافًا السَّائِلُ: سۇ تامچىلاپ چۈشتى، ئۆيدىن تامچە ئۆتۈپ كەتتى.

أَوْكَفَ الْفَرَسَ: ئاتنى ئىگەرلىدى.

أَوْكَفَهُ: ئۇنى گۇناھقا دۇچار قىلدى.

أَوْكَفَتِ الْحَامِلُ: ھامىلدارنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشتى.

أَوْكَلَ يُوكِلُ إِيْكَالاً: بويسۇندى، تەسلىم بولدى، باش ئەگدى.

أَوْكَلَ عَلَى اللّٰهِ: ئاللاھقا يۆلەندى، ئاللاھقا تاياندى.

أَوْكَلَ الْعَمَلَ عَلَى فُلاَنٍ: ئىشنى پالانىغا تاپشۇردى.

أُولاَءِ. هَؤُلاَءِ. أُوْلَئِكَ: ئاشۇلار، ئاۋۇلار.

«هَاأَنْتُمْ أُوْلاَءِ تُحِبُّوْنَهُمْ وَلاَيُحِبُّوْنَكُمْ» ‹قرآن›: (ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ.

«إِنَّ هَؤُلاَءِ يُحِبُّوْنَ الْعَاجِلَةَ» ‹قرآن›: شۈبھىسىزكى، بۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ.

«أُوْلَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ» ‹قرآن›: ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر.

أَوْلَجَ يُولِجُ إِيْلاَجًا: كىرگۈزدى، سانجىدى.

أَوْلَجَ الْمِفْتَاحَ فِي الْقُفْلِ: قۇلۇپقا ئاچقۇچنى سالدى.

«يُوْلِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُوْلِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ» ‹قرآن›: ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ.

أَوْلَدَتِ يُولِدُ إِيْلاَدًا الْمَرْأَةُ: ئايالنىڭ تۇغۇش ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئايالنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ قالدى.

أَوْلَدَتِ الْقَابِلَةُ الْمَرْأَةَ: تۇغۇت ئانىسى ئايالنى تۇغدۇردى.

أَوْلَدَتِ الشَّاةُ: قوي تۇغدى، قوي قوزىلىدى.

أَوْلَسَ يُولِسُ إِيْلاَسًا بِالْحَدِيْثِ: ئەپلەپ - سەپلەپ قۇتۇلدى، گەپ يورغىلاتتى، ئالدىدى، ھىيلە ئىشلەتتى.

أَوْلَعَ يُولِعُ إِيْلاَعًا بِهِ: شەيدا بولدى، مەپتۇن بولدى، قىزغىن سۆيدى، چىن قەلبىدىن ياخشى كۆردى.

أُوْلِعَ بِهِ: ئاشىق بىقارار بولدى.

أَوْلَمَ يُولِمُ إِيْلاَمًا: مېھمانغا چاقىردى، زىياپەت بەردى، كۈتۈۋالدى.

أَوْلَمَ فُلاَنٌ: پالانى ھەر جەھەتتىن يېتىلدى.

أَوْلَهَ يُولِهُ إِيْلاَهًا ـ هُ: غەم ئۇنى قايغۇغا سالدى، روھىنى چۈشۈردى، مەيۈسلەندۈردى، ئالاقزادە قىلىۋەتتى، ھودۇقتۇرىۋەتتى.

أَوْلَهَهُ الْحُزْنُ: قايغۇغا سالدى، ئەس - ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتتى، ئەقلىدىن ئازدۇردى.

أَوْلَهَ الأُمَّ: ئانىسىنى ھەسرەتتە قالدۇردى.

أُوْلُوْ م أُوْلاَتٌ: ... نىڭ ئىگىسى.

«إِنَّ فِي ذَلِكَ لَذِكْرَى لِأُولِي الأَلْبَابِ» ‹قرآن›: ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار.

«إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُو الأَلْبَابِ» ‹قرآن›: (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ.

«وَأُوْلاَتُ الأَحْمَالِ أَجَلُهُنَّ أَنْ يَضَعْنَ حَمْلَهُنَّ» ‹قرآن›: ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ.

أُوْلُو الرَّأْيِ: ئەقىل ئىگىلىرى.

أُوْلُوالْحَلِّ وَالْعَقْدِ: ئىش ئۈستىدىكىلەر، ھۆكۈمرانلار.

أُوْلُو الأَمْرِ: باشلىق، قوماندان، مەسئۇل كىشى؛ ئۆلىمالار جامائەسى.

أَوْلَوِيَّةٌ: ئەۋزەللىك، ئۈستۈنلۈك، ئۈستۈن ئورۇن، ئەۋزەل شارائىت.

لَهُ أَوْلَوِيَّةٌ فِي هَذَا الْعَمَلِ: بۇ ئىشتا ئۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

«تَضْيِيعُ الْبِلَادِ مِنَ الْأُمُورِ الَّتِي أُعْطِيَتْ لَهَا الْأَوْلَوِيَّةُ» : دۆلەتنى ساناﺋەتلەشتۈرۈش بىرىنچى دەرىجىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلاردىندۇر.

أَوْلَى يُولِي إِيلَاءً فُلَانًا الْأَمْرَ: ۋالى قىلدى، باشلىق قىلدى، غوجىدار قىلدى.

أَوْلَاهُ عَلَى الْيَتِيمِ: يېتىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، يېتىمغا ئاتىدارچىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

أَوْلَى ثِقَتَهُ: ئۇنىڭغا ئىشەندى.

أَوْلَى لَكَ: بېشىڭغا ھېزى بول، ئېھتىيات قىل، ئاگاھ بول.

«أَوْلَى لَكَ فَأَوْلَى ثُمَّ أَوْلَى لَكَ فَأَوْلَى» «قرآن» : ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!

مَا أَوْلَاهُ لِلْمَعْرُوفِ: ئەجەب ياخشىلىق قىلدى.

أَوْلَاهُ كَذَا: پەيدا قىلدى، قوزغىدى.

أَوْلَاهُ مَعْرُوفًا: ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدى.

أَوْلَاهُ اِهْتِمَامًا: ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنىڭغا كۆيۈندى.

أَوْلَى مُؤَنَّثُهُ أَوْلَيَانِ ج أَوْلَوْنَ و أَوَالٍ م وُلْيَا ج وُلَى: ئەڭ لايىق، ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ھەقلىق.

مِنْ بَابِ أَوْلَى وَأَحْرَى: تېخىمۇ لايىق، تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ باب.

بِالْأَوْلَى، مِنْ بَابِ أَوْلَى: ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەۋزەل.

أَوْمَأَ يُومِئُ إِيمَاءً: ئىشارەت قىلدى، شەرەت قىلدى، شەرەتلىدى.

أَوْمَأَ إِلَى كَذَا: كۆرسەتتى.

أَوْمَأَ بِرَأْسِهِ: باش لىڭشىتتى، قوشۇلدى، باش چايقىدى.

أَوْمَأَ بِحَاجِبَيْهِ: قاش ئاتتى.

أَوْمَسَ يُومِسُ إِيمَاسًا الْمَرْأَةُ: ئايال پاھىشە بولدى، ئايال بۇزۇقچىلىق قىلدى، ئايال زىنا قىلدى.

أَوْمَضَ يُومِضُ إِيمَاضًا الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى.

أَوْمَضَتِ الْمَرْأَةُ بِعَيْنِهَا: ئايال ئوغرىلىقچە قارىدى، ئايال كۆز تاشلىدى، ئايال يوشۇرۇن ئىشارەت قىلدى.

أَوْهَبَ يُوهِبُ إِيهَابًا الشَّيْءَ لَهُ: كۆپ بولدى، كېڭەيدى، داۋاملاشتى.

أَوْهَبَ الشَّيْءَ: سوۋغا قىلىپ بەردى.

أَوْهَبَ الْأَمْرَ لِلشَّخْصِ: تەييارلىدى، ھازىرلاپ بەردى.

أَوْهَبْتُ لِكَذَا: قادىر بولالىدىم، كۈچۈم يەتتى.

أَوْهَجَ يُوهِجُ إِيهَاجًا النَّارَ: ئوت ياقتى، تۇتاشتۇردى.

أَوْهَدُ: ئويمان، پەس يەر.

أَوْهَقَ يُوهِقُ إِيهَاقًا الْحَيَوَانَ: ھايۋانغا سالما تاشلىدى، ھايۋاننى سالما بىلەن تۇتتى.

أَوْهَمَ يُوهِمُ إِيهَامًا ـ هُ: ئۇنى ئالدىدى، قايمۇقتۇردى، خىيال سۇردۇردى، ئويلاندۇردى.

أَوْهَمَ الشَّخْصُ: خىيال سۈردى، تەسەۋۋۇر قىلدى.

أَوْهَمَ الشَّخْصَ بِكَذَا: تۆھمەت قىلدى، تۆھمەت چاپلىدى.

أَوْهَنَ يُوهِنُ إِيهَانًا الْعَزْمَ: ئىرادىسىنى بوشاشتۇردى، روھىنى چۈشۈردى.

أَوْهَنَ الشَّخْصُ: زەئىپلەشتى، ئاجىزلاشتى، ھالسىرىدى.

أَوْهَنُ: ئەڭ ئاجىز، ئەڭ بوش.

«وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنْكَبُوتِ» «قرآن» : ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ھەقىقەتەن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر.

أَوْهَى يُوهِي إِيهَاءً الشَّخْصَ: ئاجىزلاتتى، ھالسىزلاندۇردى.

أَوْهَى الْيَدَ: قولىنى سۇندۇردى.

أَوَّابٌ: تەۋبە قىلغۇچى (ئاللاھ تەرەپكە) قايتقۇچى، خاتالىقىنى تونۇغۇچى، پەرياد چەككۈچى، ئىتائەت قىلغۇچى.

«إِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِرًا نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ» «قرآن» : بىز ئېييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھقا تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر.

أَوَّاهٌ ج أَوَّاهُونَ: كۆپ ئاھ چەككۈچى، كۆپ

يىلىنغۇچى، كۆپ ئىلتىجا قىلغۇچى.

«إِنَّ إِبْرَاهِيمَ لَأَوَّاهٌ حَلِيمٌ» «قۇرئان»: ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق، يەتكەن ئەزىيەتلەرگە چىدامىلىق ئىدى.

أَوَّدَ يُؤَوِّدُ تَأْوِيْدًا الْعُودَ: ياغاچنى ئەگدى، ئەگرى قىلدى.

أَوَّزَ يُؤَوِّزُ تَأْوِيْزًا: مازاق قىلدى، كولدۇرلاتتى.

أَوَّقَ يُؤَوِّقُ تَأْوِيْقًا: خورلىدى، قاخشاتتى، (ناچار ئىشتا) زورلىدى.

أَوَّلَ يُؤَوِّلُ تَأْوِيْلاً: چۈشەندۈردى، شەرھلىدى، ئىزاھلىدى.

أَوَّلَ يُؤَوِّلُ تَأْوِيلاً الْكَلَامَ: سۆزنى ئىزاھلىدى، چۈشەندۈردى، روشەنلەشتۈرۈپ بەردى.

أَوَّلَ الْمَوْقِفَ: مەيداننى چۈشەندۈرۈپ بەردى، ئەسلى مەقسەتنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى.

أَوَّلَ الرُّؤْيَا: چۈشكە تەبىر بەردى، چۈشنى يۇردى.

أَوَّلٌ ج أَوَائِلُ وَأَوَالٍ و أَوَّلُونَ م أُوْلَى ج أُوَلٌ و أُوْلَيَاتٌ: بىرىنچى، ئاۋۋال، ئىلگىرى، باشلىنىشى، دەسلەپكى، دەسلەپپى؛ مۇھىمى، ئاساسلىقى.

«إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِلْعَلَمِيْنَ» «قۇرئان»: ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر.

«قَالَتْ أُخْرَاهُمْ لِأُوْلَاهُمْ رَبَّنَا هَؤُلَاءِ أَضَلُّونَا» «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا قارىتىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. . . » دەيدۇ.

أَوَّلُ الْبَارِحَةِ: ئالدىنقى كۈن، ئۈلۈشكۈن، بۈرناكۈن.

مِنَ الْأَوَّلِ: باشتىن، يېڭىباشتىن.

أَوَّلَ وَهْلَةٍ: دەسلەپپى، باشتا، ئالدى بىلەن.

وَزِيْرٌ أَوَّلٌ: باش ۋەزىر.

لِأَوَّلِ مَرَّةٍ: بىرىنچى قېتىم، تۇنجى قېتىم.

أَمْسِ الْأَوَّلِ: ئۈلۈشكۈن، بۈرناكۈن.

أَوَّلُ مِنْ أَمْسِ: ئۈلۈشكۈن، بۈرناكۈن.

مِنْ أَوَّلِهِ إِلَى آخِرِهِ: باشتىن - ئاخىرغىچە.

«قَرَأْتُ الْكِتَابَ مِنْ أَوَّلِهِ إِلَى آخِرِهِ»: كىتابنى باشتىن - ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقتىم.

أَوَّلُ مَا: دەسلەپپىدىلا، ئالدىدىلا . . . ھامانلا.

«قُلْتُ لَهُ أَوَّلَ مَا رَأَيْتُهُ عَلَيْكَ بِالصَّبْرِ»: ئۇنى كۆرگەن ھامان سەۋرچان بولۇشلىق كېرەكلىكىنى دېدىم.

مُنْذُ الزَّمَنِ الْأَوَّلِ: قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپ.

«كَانَ أَوَّلَ الْأَمْرِ مُتَرَدِّدًا ثُمَّ قَرَّرَ أَنْ يَشْتَرِكَ مَعَهُمْ»: ئۇ دەسلەپپىدە ئىككىلەنگەن ئىدى، كېيىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قاتنىشىش قارارىغا كەلدى.

«كَانَ أَبُو بَكْرٍ الصِّدِّيْقُ أَوَّلَ خَلِيْفَةٍ بَعْدَ النَّبِيِّ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ سَلَّمَ»: ئەبۇ بەكرى سىددىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۇنجى خەلىپىدۇر.

تَشْرِيْنٌ أَوَّلُ: ئۆكتەبىر.

كَانُونٌ أَوَّلُ: دېكابىر.

أَوَّلاً: بىرىنچى، تەرتىپ بويىچە، ئالدى بىلەن.

أَوَّلاً فَأَوَّلاً: بىردىن - بىردىن، بىر ۋاراقى، رەت بويىچە.

«لَمْ تَكُنِ السُّلْطَةُ تُسَلِّمُهُمْ مِنْ مَالِهِمْ إِلَّا بِمِقْدَارِ مَا يَلْزِمُهُمْ أَوَّلاً فَأَوَّلاً لِضَرُورَةِ الْمَعِيْشَةِ»: ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن ئۇلارغا پەقەت تۇرمۇشقا ئەڭ ئېھتىياج بولغان مىقداردا بىر ۋاراقى بېرەتتى.

أَوَّلاً وَأَخِيرًا: ئاساسىي جەھەتتىن، ئاساسەن، باشتىن - ئاخىر.

«يَعْتَمِدُ الْأَمْرُ أَوَّلاً وَأَخِيْرًا عَلَى قَرَارِ الرَّئِيْسِ»: ئىش باشتىن - ئاخىر رەئىسنىڭ قارارىغا باغلىق.

أَوَّلاً وآخِرًا: ئاساسەن، باشتىن - ئاخىر.

مُلَازِمٌ أَوَّلٌ: لېيتېنانت، جۇڭۋېي.

اَلْأَوَّلُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ھەممىنىڭ ئەۋۋىلى» دېگەن مەنىدە.

أَوَائِلُ الْخَمْسِينَاتِ: 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرى.

أَوَائِلُ الشَّهْرِ: ئاي بېشى.

اَلْأَوَّلُونَ وَالْآخِرُونَ: بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەر.

أَوَّلِيٌّ: مۇھىمى، ئاساسلىقى، ئاساس، ئاساسىي، ئەسلى، دەسلەپكى، ئىپتىدائىي، باشلانغۇچ، تۈپ.

عَدَدٌ أَوَّلِيٌّ: تۈپ سان.

تَعْلِيمٌ أَوَّلِيٌّ: باشلانغۇچ مائارىپ.

عَقْدٌ أَوَّلِيٌّ: دەسلەپكى كېلىشىم.

أَوَّلِيَّةٌ ج أَوَّلِيَّاتٌ: قائىدە، پرىنسىپ، مەشھۇر قائىدە، چۈشىنىشلىك، ئېنىق، ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك، بىرىنچى بولۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال، پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

اِنْتِخَابَاتٌ أَوَّلِيَّةٌ: دەسلەپكى سايلام؛ 1 ـ قېتىملىق سايلام.

أَلْوَانٌ أَوَّلِيَّةٌ: ئاساسىي رەڭلەر (يېشىل، كۆك، قىزىل رەڭلەر).

أَعْدَادٌ أَوَّلِيَّةٌ: تۈپ سان، سانلار.

اَلْمَوَادُّ الْأَوَّلِيَّةُ: خام ماتېرىيال، ئەسلى ماتېرىيال.

«مِنَ الْأَوَّلِيَّاتِ قَوْلُنَا إِنَّ الْكُلَّ أَكْبَرُ مِنَ الْجُزْءِ»: بىر پۈتۈنلۈك جۇزئىيلىكتىن چوڭدۇر دېگەن سۆزىمىز پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

أَوَّهَ يُؤَوِّهُ تَأْوِيهًا: ئاھ ئۇردى، خۇرسىندى.

أَوَى يَؤُوِي تَأْوِيَةً إِلَى الْمَكَانِ: جاي بەردى، ئورۇن بەردى، قونۇپ قالدى.

أَوَى يَأْوِي أُوِيًّا وَإِوَاءً الْبَيْتَ: ئۆيگە چۈشتى، قوندى، ئورۇنلاشتى، ئولتۇراقلاشتى.

«سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاءِ» «قۇرئان»: مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن.

أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ: ئۇ كارىۋاتتا ئۇخلىدى.

أَوَى إِلَى الْمَكَانِ: ئىلتىجا قىلدى، سىغىندى.

أَوَى اللَّاجِئَ: ئۇ مۇساپىرغا جاي بەردى.

«لَمْ يَجِدِ اللَّاجِئُونَ مَكَانًا يَأْوُونَ إِلَيْهِ»: مۇساپىرلار سىغىنىدىغان جاي تاپالمىدى.

أُوَيْقَاتٌ: ئەڭ قىسقا ۋاقىت، كىچىككىنە ۋاقىت، ئازغىنە ۋاقىت.

أَيْ: يەنى.

«كَانَ يَقُولُ رَأْيَهُ بِصَرَاحَةٍ أَيْ أَنَّهُ لَمْ يَكُنْ يُجَامِلُ النَّاسَ»: ئۇ ئۆز پىكرىنى كەسكىن ئېيتاتتى يەنى كىشىلەرگە مادارا قىلمايتتى.

«أَيْ بُنَيَّ لَعَلَّ أَهَمَّ مَا يَتَمَيَّزُ بِهِ جِيلُكُمْ عَنْ جِيلِنَا هُوَ حَيْرَتُكُمْ وَاطْمِئْنَانُنَا»: ئوغلۇم، سىلەرنىڭ دەۋرىڭلار بىلەن بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ پەرقى شۇكى، سىلەر تېڭىرقاپ قېلىۋاتىسىلەر، بىز خاتىرجەم تۇرىۋاتىمىز.

إِيْ: ھەئە، شۇنداق.

«إِيْ وَاللّٰهِ إِنَّكَ عَلَى الْحَقِّ»: شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەت شۈبھىسىز سەن تەرەپتە.

«وَيَسْتَنْبِئُونَكَ أَحَقٌّ هُوَ قُلْ إِيْ وَرَبِّي إِنَّهُ لَحَقٌّ» «قۇرئان»: ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلىنغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر» دېگىن.

أَيَا: ھوي!

إِيَابٌ: كەلمەك، كېلىش، قايتماق.

«إِنَّ إِلَيْنَا إِيَابَهُمْ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُمْ» «قۇرئان»: ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز.

ذِهَابًا وَإِيَابًا: بېرىش ـ كېلىش.

تَذْكِرَةُ الذِّهَابِ وَالْإِيَابِ: بېرىش ـ كېلىش بېلىتى.

أَيَارُ: ماي ئېيى، بەشىنچى ئاي.

إِيَاسٌ: ئۈمىدسىزلەنمەك، ئۈمىد ئۈزمەك.

إِيَالَةٌ ج إِيَالَاتٌ: ئۆلكە، ئوبلاست، ۋىلايەت.

أَيْأَسَ يُوئِسُ إِيئَاسًا: ئۈمىدسىزلەندۈردى، روھـ

نى چۈشۈردى، چۈشكۈنلۈككە ئۇچراتتى.

أَيْأَسَ اللهُ الْمَرْأَةَ: ئاللاھ ئايالنى بالا تۇغۇشتىن مەھرۇم قىلدى.

أَيْبَسَ يُوبِسُ إِيْبَاسًا الشَّيْءَ: قۇرۇتتى.

أَيْتَمَ يُوتِمُ إِيْتَامًا: يېتىم قالدۇردى.

أَيْتَمَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالنىڭ بالىلىرى يېتىم بولۇپ قالدى.

إِيْثَارٌ: شەخسىيەتسىزلىك، باشقىلارنىڭ مەنپەئە-تىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش، ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلاش.

إِيْجَابٌ: ۋەزىپە يۈكلىمەك، ۋەزىپە ئارتماق، ۋەزى-پە تاپشۇرماق.

إِيْجَابِيٌّ: ئىجابىي، ئاكتىپ، پائال، ئىجابىي تەرەپ، مۇسبەت، مۇسبەتلىق.

جِيَادٌ إِيْجَابِيٌّ: ئاكتىپ بېتەرەپلىك.

تَصَرُّفٌ إِيْجَابِيٌّ: پائال ھەرىكەت.

رَجُلٌ إِيْجَابِيٌّ فِي مَشَارِيعِهِ: پىلانلىرىدا ئاكتىپ ئادەم.

إِيْجَابِيًّا: پائال، ئاكتىپ.

كَمِّيَّةٌ إِيْجَابِيَّةٌ: مىقدار سان.

اَلْمَوَاقِفُ الْإِيْجَابِيَّةُ: ئىجابىي مەيدان، مۇۋەپپەقىيەتلىك مەيدان.

اَلْإِيْجَابِيَّاتُ: ئىجابىي ئىشلار، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار.

إِيْجَادٌ: ئىجادىيەت، بەرپا قىلماق، ياراتماق.

«أَنَّهُ قَادِرٌ عَلَى إِيْجَادِ الْحَلِّ»: ئۇ چارە - تەدبىر تاپالايدۇ.

إِيْجَارٌ ج إِيْجَارَاتٌ: ئىجارە ھەققى.

عَقْدُ الْإِيْجَارِ: ئىجارە توختىمى، ئىجارە خېتى.

«وَقَّعَ بَكْرٌ عَقْدَ الْإِيْجَارِ»: بەكرى ئىجارە توختىمىنى ئىمزالىدى.

غُرْفَةٌ لِلْإِيْجَارِ: ئىجارىگە قويۇلىدىغان ئۆي.

«عَرَضَ بَيْتَهُ لِلْإِيْجَارِ»: ئۇ ئۆيىنى ئىجارىگە قويدى.

«اِرْتَفَعَتِ الْإِيجَارَاتُ فِي السَّنَوَاتِ الْأَخِيرَةِ»: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجارە ھەققى ئۆسۈپ كەتتى.

إِيْجَازٌ: قىسقارتماق، يىغىنچاقلىماق.

بِالْإِيْجَازِ: قىسقىچە، ئاددىي، يىغىنچاق.

إِيْجَازٌ (فِي الْبَلَاغَةِ): ئاز ئىبارە بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلەش.

تَكَلَّمَ فِي إِيْجَازٍ: يىغىنچاقلاپ سۆزلىدى، قىسقىچە سۆزلىدى.

بِطَرِيقِ الْإِيْجَازِ: قىسقىچە، ئاددىي، يىغىنچاق.

إِيْحَاءٌ: ۋەھىي، بېشارەت، ئىما - ئىشارەت.

أَيْدٌ: كۈچ - قۇۋۋەت.

«وَاذْكُرْعَبْدَنَا دَاوُودَ ذَاالْأَيْدِإِنَّهُأَوَّابٌ» (قرآن): كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى.

إِيْدَاعٌ: ئامانەت قويۇش، ساقلاپ بېرىشكە قويۇش.

بِطَاقَةُ الْإِيْدَاعِ: تۇرمىگە قاماش ھۆكۈمنامىسى.

حُجْرَةُ الْإِيْدَاعِ: كىيىم ساقلاش ئورنى.

أَيْرٌ ج أُيُرٌ و آيَارٌ: ئەرلىك، جىنسىي ئەزا.

إِيْرَادٌ ج إِيْرَادَاتٌ: كىرىم، مەھسۇلات، (كۆچمەس مۈلۈكنىڭ).

إِيْرَادُ الشَّرِكَةِ: شىركەتنىڭ كىرىمى.

إِيْرَادَاتٌ جُمْرُكِيَّةٌ: تاموژنا كىرىمى.

صَافِي الْإِيْرَادَاتِ: ساپ كىرىم.

إِيْرَادَاتُ النِّفْطِ: نېفىتتىن كىرگەن كىرىم.

أَيِسَ يَأْيَسُ إِيَاسًا: ئۈمىدسىزلەندى، ئۈمىد ئۈزدى، مەيۇسلەندى.

أَيْسَرَ يُوسِرُ إِيْسَارًا: بېيىدى، باي بولدى.

أَيْسَرَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ئاسان يەڭگىدى.

أَيْسَرُ: ئەڭ ئاسان، ئەڭ ئوڭاي.

أَيْسَرُ م يُسْرَى: سول، سول تەرەپ.

أَيْسَرُ مِنَ الْأَشْخَاصِ: سولخاي.

أَيْسَرُ مِنَ الْجِهَاتِ: سول تەرەپ.

أَعْسَرُ أَيْسَرُ: قولنى ئوڭ - سول ئىشلىتەلەيدىغان ئادەم.

«كَانَ عُمَرُ رَضِيَ اللَّهُعَنْهُ أَعْسَرَأَيْسَرَ»: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوڭ - سول ئىككىلا قولنى

ئىشلىتەتتى.

إِيصَاءٌ: تەۋسىيە قىلماق، تاپىلىماق، ۋەسىيەت قىلماق.

إِيصَالٌ: ئۇلىماق، يەتكۈزۈپ بەرمەك.

إِيصَالٌ ج إِيصَالَاتٌ: تىلخەت، ھۆججەت.

إِيصَالِيَّةٌ: ئۆتكۈزۈشچانلىق، ئۆتكۈزۈش نىسبەتى، بىرىكتۈرگۈچى، تۇتاشتۇرغۇچى.

أَيْضًا: ھەم ، يەنە.

«تُرْجِمَ الْكِتَابُ إِلَى الْإِنْجِلِيزِيَّةِ وَكَانَ قَدْتُرْجِمَ إِلَى الْفَرَنْسِيَّةِ وَالْإِيطَالِيَّةِ أَيْضًا» : كىتاب ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە يەنە فرانسۇزچە ۋە ئىتالىيىچىگىمۇ تەرجىمە قىلىنغانىدى.

إِيضَاحٌ: چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلىماق، بايان قىلماق، ئاشكارىلىماق.

أَيْطَلٌ: بەل.

إِيفَاءٌ: لەۋزىدە تۇرماق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماق.

أَيْفَعَ يُوفِعُ إِيفَاعًا الْغُلَامُ: ياش بالا بالاغەتكە يەتتى.

إِيقَادٌ: ئوت ياقماق، ئوت تۇتاشتۇرماق، ئوت ياندۇرماق.

إِيقَاعٌ: ئاھاڭ، ئاھاڭداشلىق، مۇزىكا، ئاۋازلارنىڭ ماسلىشىشى.

اَلْإِيقَاعُ: گارمونىيە (مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاھاڭ ئاكورد تۈزۈلۈشىنى بايان قىلىدىغان قىسمى).

إِيقَاعِيٌّ: رىتىم، رىتىملىق، مېلودىيە، ئاھاڭ رىتىمى.

رَقْصٌ إِيقَاعِيٌّ: رىتىملىق ئۇسسۇل.

رِيَاضَةٌ إِيقَاعِيَّةٌ: رىتىملىق ھەرىكەت.

إِيقَافٌ: توختاتماق، مەنئىي قىلماق، توسماق، ۋەخپە قىلماق.

أَيْقَظَ يُوقِظُ إِيقَاظًا مِنْ نَوْمِهَا: ئۇيقۇدىن ئويغاتتى، ھوشىغا كەلتۈردى.

أَيْقَظَ الشَّيْءَ: قوزغىدى.

أَيْقَظَ الشَّخْصَ: قوزغىدى، ھاياجانلاندۇردى.

أَيْقَظَ الْفِتْنَةَ: پىتنە ـ پاساتنى قوزغىدى.

أَيْقَظَ شَهِيَّتَهُ: ئىشتىھاسىنى ئاچتى.

أَيْقَنَ يُوقِنُ إِيقَانًا الْأَمْرَ وَ بِهِ: ھەقىقى ئىشەندى، جەزمى قىلدى، تونىدى.

أَيْقَنَ بِأَنَّهُ كَاذِبٌ: ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

«هَذَا بَصَائِرُ لِلنَّاسِ وهُدًى وَرَحْمَةٌ لِقَوْمٍ يُوْقِنُوْنَ» «قرآن» : بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن روشەن پاكىتلاردۇر، ھىدايەتتۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن رەھمەتتۇر.

«لَعَلَّكُمْ بِلِقَاءِ رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ» «قرآن» : سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقەت بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ.

أَيْقُونَةٌ ج أَيْقُونَاتٌ: بىرەر دىنىي شەخسنىڭ سۈرىتى ياكى ھەيكىلى بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

أَيْكَةٌ ج أَيْكٌ: ئورمانلىق، قويۇق ئورماق.

إِيلَاقٌ: بىرلىشىش، بىردەكلىك.

إِيلَامٌ: ئاغرىتماق.

«مَا لِجُرْحٍ بِمَيِّتٍ إِيلَامُ» : ئۆلۈك يارىلانسا ئاغرىق ھېس قىلمايدۇ.

أَيْلُولٌ: سىنتەبىر، 9 ـ ئاي.

أَيْلُولَةٌ: بەر خىتى.

أَيْلُولَةُ الْمِيرَاثِ: مىراس بېجى.

أَيْلَوْلَةٌ : قايتماق، تۆگىمەك، يېتىپ بارماق، ئۆزگەرمەك، ئايلانماق؛ چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلىماق.

أَيْمٌ ج أَيُومٌ: يىلان.

أَيْمُ اللّٰهِ: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

إِيمَاءٌ: ئىشارەت قىلماق، ئىما قىلماق.

فَنُّ الْإِيمَاءِ: ئاۋازسىز تىياتىر سەنئىتى.

إِيمَاءَةٌ ج إِيمَاءَاتٌ: قول، ئىېغىز، قاش، كۆز بىلەن ئىشارەت قىلىش.

إِيمَائِيٌّ: ئىما ـ ئىشارەت، ئىشارەتلىك.

اَلتَّمْثِيلُ الْإِيمَائِيُّ: گاچا تىياتىر، ئاۋازسىز تىياتىر.

إِيمَانٌ: ئېتىقاد، ئىشەنچ، ئىمان (شەرىئەتتە ئىمان دېگەن دىل بىلەن ئىشىنىش، تىل بىلەن ئېيتىشتىن ئىبارەت).

«وَمَنْ يَتَبَدَّلِ الْكُفْرَ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ» «قۇرئان» : كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

«إِنَّ الْإِيمَانَ بِاللّٰهِ يَمْلَأُ فَرَاغَ النَّفْسِ وَيُوحِي بِالطُّمَأْنِينَةِ» : ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش دىلدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ.

«ظَلَّ إِيمَانُهُمْ بِعَدَالَةِ قَضِيَّتِهِمْ رَاسِخًا بِالرَّغْمِ مِنَ الْإِنْتِكَاسَاتِ الَّتِي حَلَّتْ بِهِمْ» : مەغلۇپ بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچى مۇستەھكەم بولۇپ كەلدى.

أَيِّمَةٌ ج أَيُومٌ: بويتاقلىق ، يالغۇز ئۆتۈش (تۇرمۇشتا).

أَيَمَنَ يُومِنُ إِيمَانًا: ئوڭغا بۇرۇلدى، ئوڭ تەرەپكە ماڭدى.

أَيْمَنُ م يَمْنَاءُ ج يُمْنٌ وأَيَامِنَ: ئوڭ تەرەپ.

اَلشَّارِعُ الْأَيْمَنُ: ئوڭ تەرەپتىكى كوچا.

أَيْنَ: قەيەردە؟ نەدە؟

«يَقُولُ الْإِنْسَانُ يَوْمَئِذٍ أَيْنَ الْمَفَرُّ» «قۇرئان» : ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دېيدۇ.

«أَيْنَ تَذْهَبُ أَذْهَبْ» : سەن قەيەرگە بارساڭ، مەن شۇ يەرگە بارىمەن.

«مِنْ أَيْنَ لَكَ هَذَا؟» : بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟

أَيْنَ الثَّرَى مِنَ الثُّرَيَّا؟ : ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار.

«أَيْنَ هُوَ مِنْكَ؟» : سەن بار يەردە ئۇ نېمە ئىش قىلىسۇن؟ (ئۇ ساڭا قانداق يېتىشەلەيتتى؟)

«أَيْنَ أَكْمَلْتَ دِرَاسَتَكَ؟» : ئوقۇشۇڭنى قەيەردە تاماملىدىڭ؟

«أَيْنَ مَكْتَبُ الْبَرِيدِ؟» : پوچتىخانا قەيەردە؟ پوچتىخانىغا قايسى يول بىلەن بارىدۇ.

أَيْنَمَا: قەيەردە، قەيەرگە، ھەرقانداق جايدا.

«أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكْكُمُ الْمَوْتُ» «قۇرئان» : قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ.

«أَيْنَمَا تَذْهَبْ فِي الْعَاصِمَةِ تَجِدْ حَرَكَةَ الْبِنَاءِ تَجْرِي عَلَى قَدَمٍ وَسَاقٍ» : پايتەختتە قەيەرگە بارمىغىن، قۇرۇلۇش ھەرىكىتىنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

أَيْنَعَ يُونِعُ إِينَاعًا الثَّمَرُ: مېۋە پىشتى، مېۋە يېتىلدى، مېۋە تەييار بولدى.

أَيْنَعَ الْبُرْتُقَالُ: ئاپېلسىن پىشتى.

أَيْهِ: نېمە، ھە.

إِيهِ إِيهٌ: بولدى قىل، يېتەرلىك ھە، ھە (سۆزلەۋېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ).

أَيْهَمُ م يَهْمَاءُ ج يُهْمٌ: ئېلىشىپ قالغان، سارالڭ؛ گاس، ئېگىز تاغ؛ قەھرىمان، باتۇر.

لَيْلٌ أَيْهَمُ: قاراڭغۇ كېچە، يۇلتۇزسىز كېچە.

إِيوَاءٌ: قوندۇرۇپ قالماق، ئۆي بەرمەك.

إِيوَا. أَيْوَةْ: ھەئە، توغرا، شۇنداق.

إِيوَانٌ ج إِيوَانَاتٌ وأَوَاوِينُ: پېشايۋان؛ زال، ساراي، بىنا، مېھمانخانا، كۆپ لەمپە قەۋەتلىك ئىمارەت.

أَيٌّ: نېمە؟ قايسى؟ ھەرقانداق.

يَأَيُّهَا م يَأَيَّتُهَا: ھەي.

«إِنَّهُ يَقْرَأُ أَيَّ كِتَابٍ» : ئۇ ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇيدۇ.

«ثُمَّ لَنَنْزِعَنَّ مِنْ كُلِّ شِيْعَةٍ أَيُّهُمْ أَشَدُّ عَلَى الرَّحْمَانِ عِتِيًّا » «قۇرئان» : ئاندىن ھەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز.

«فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ» «قۇرئان» : ئۇلار (كالامۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟

«إِنَّ لَهُ شَأْنًا أَيَّ شَأْنٍ» : ئۇ، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەم!

«فِي أَيِّ جَامِعَةٍ دَرَسْتَ؟» : سەن قايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان؟

عَلَى أَيِّ حَالٍ: يىغىپ ئېيتقاندا.

«لَا يَخْضَعُ لِأَيِّ رِقَابَةٍ» : ئۇ ھەرقانداق نازارەت قىلىشقا بويسۇنمايدۇ.

«أُحْضُرْ أَيَّ وَقْتٍ» : ھەرقانداق ۋاقىتتا كېلىۋەر.

«قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُوْنَ لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُوْنَ» «قۇرآن» : (ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كۇففارلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن».

«يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَرْضِيَّةً» «قۇرآن» : ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن.

«أَيًّا تَذْهَبْ أَذْهَبْ» : سەن قەيەرگە بارساڭ، شۇ يەرگە بارىمەن.

«أَيًّا مَا تَدْعُوا فَلَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى» «قۇرآن» : قايسىنى ئاتىساڭلار ھەممىسى ياخشىدۇر، چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار.

أَيًّا كَانَ: قانداقلىكى ئادەم بولسۇن، كىم بولمىسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداقلا بولمىسۇن.

إِيَّاكَ: ساڭىلا، ساڭا، سېنى، ساقلان.

«إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِيْنُ» «قۇرآن» : (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.

«إِيَّاكَ أَنْ تَتَأَخَّرَ» : كېچىكىپ قېلىشتىن ساقلانغىن.

«إِيَّاكَ وَالْفَرَاغَ فَإِنَّهُ مُفْسِدَةٌ لِلْمَرْءِ» : بىكار چىلىقتىن ساقلان، ئۇ كىشىنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

إِيَّاكَ «إِيَّاكُمْ» أَنْ تَفْعَلَ كَذَا: ئېھتىيات قىل، پەخەس بولۇڭ، دىققەت قىلىڭ.

«إِيَّاكَ وَالظُّلْمَ» : زۇلۇم قىلىشتىن ساقلانغىن!

«إِيَّاكَ وَضَيَاعَ الْوَقْتِ» : ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشتىن ساقلان.

إِيَّايَ: ماڭا، ماڭىلا، مېنى.

«وَإِيَّايَ فَاتَّقُوْنِ» «قۇرآن» : ماڭىلا تەقۋالىق قىلىڭلار.

أَيَّانَ: قاچان.

«يَسْئَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا» «قۇرآن» : (مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

«أَيَّانَ تَأْتِهِ تَجِدْهُ مُرَحِّبًا» : قاچان كەلسەڭ، ئۇ قارشى ئېلىۋېرىدۇ.

إِيَّانَا: بىزنى.

أَيَّدَ يُؤَيِّدُ تَأْيِيدًا: كۈچەيتتى، قوللىدى، ياردەم بەردى، ئىسپاتلىدى.

«فَأَيَّدْنَا الَّذِيْنَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِيْنَ» «قۇرآن» : مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىپ بولدى.

أَيَّدَ الرَّجُلَ: ياردەم بەردى، قوللىدى.

«تُؤَيِّدُ الشُّعُوبُ كِفَاحَ الْفِلَسْطِيْنِيِّيْنَ فِي سَبِيْلِ اسْتِرْدَادِ حُقُوقِهِمْ» : خەلقلەر پەلەستىنلىكلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشىنى قوللايدۇ.

أَيَّدَ الطَّلَبَ: قوللىدى.

أَيِّلٌ. أَيِّلٌ. أُيَّلٌ ج أَيَائِلُ: قىزىل بۇغا.

أَيِّمٌ ج أَيَائِمُ وَأَيَامَى وَأَيِّمُوْنَ وَأَيِّمَاتٌ: بويتاق ئەر، تۇل خوتۇن.

أَيِّمَةٌ ج أَيَامَى وَأَيِّمَاتٌ: بويتاق ئەر؛ تۇل خوتۇن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ۋە ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر.

«وَأَنْكِحُوا الْأَيَامَى مِنْكُمْ» «قۇرآن» : ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر - ئاياللارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار.